215
I210.2/1/:8



# لۇشۇن ئەسەرلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى : توختى باقى ئارتىشى

كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى

شېئىرلار

ئ... ر

م...

8

21500009806

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## لۇشۇن ئەسەرلىرى

1- توم
قەبرە
ياۋا گىياھ
2- توم
چۇقان
تېڭىرقاش
يېڭى يېزىلغان كونا ھېكايە
3- توم
ئىسسىق شامال
سايىۋەن
سايىۋەننىڭ داۋامى
«سايىۋەننىڭ داۋامى»نىڭ داۋامى
4- توم
ئۈچ «بىكار»
ئالا كۆڭۈل
5- توم
تاغدىن - باغدىن
ساختا ئەركىنلىكنامە
6- توم
گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىگارە
چىلتەكلىك ئەدەبىيات
7- توم
خالاس
كونس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى
8- توم
كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى
شېئىرلار
ئىككى يەردىن مەكتۇپلار
مەكتۇپلار

# مۇندەرىجە

## كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى


مۇقەددىمە ........................................ 3
ئىت، مۈشۈك، چاشقان ........................................ 6
ئاچاڭ ۋە «تاغ ۋە دېڭىز دەستۇرى» ........................................ 21
«24 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى» ........................................ 31
بەش پاسقىنىڭ سەيلىسى ........................................ 42
ئەزرائىل ........................................ 49
چىمەنباغدىن سەنۋېي مەدرىسىسىگە ........................................ 62
دادامنىڭ كېسىلى ........................................ 70
ئۇششاق خاتىرىلەر ........................................ 79
تېڭيې ئەپەندى ........................................ 91
فەن ئەينۇڭ ........................................ 101
خاتىمە ........................................ 115
ئىزاھلار ........................................ 139


## شېئىرلار


كىچىككىنە سۈرىتىمگە ئىلاۋە ........................................ 157
«خالاس توپلىمى» غا بېغىشلىما ........................................ 158
ماۋزۇسىز ........................................ 159





图书在版编目(CIP)数据

鲁迅文集. 8/鲁迅著；托呼提·巴克译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006. 3
ISBN 7—228—09897—8

Ⅰ. 鲁… Ⅱ. ①鲁… ②托… Ⅲ. 鲁迅著作—选集—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I210. 2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 018420 号

责任编辑：艾合买提·伊明
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
牙生·扎衣都，外力
封面设计：买买提·乃拜提

**鲁迅文集**（8）（维吾尔文）

鲁迅 著
托呼提·巴克 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 15.375 印张 2 插页
2006 年 3 月第 1 版 2006 年 3 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN 7—228—09897—8 定价：28.00 元

ماۋزۇسىز …………………………… 160
ماۋزۇسىز …………………………… 161
مەسخىرە …………………………… 162
ياڭ چۈەنگە تەزىيە …………………… 163
ماۋزۇسىز …………………………… 164
توڭگۇز يىلى كەچ كۈزدە يېزىلدى ئۈشتۈمتۇت ………… 165
ئىزاھلار …………………………… 166

## ئىككى يەردىن مەكتۇپلار

250311 شۈي گۇاڭپىڭغا …………………… 177
250318 شۈي گۇاڭپىڭغا …………………… 183
250331 شۈي گۇاڭپىڭغا …………………… 187
250408 شۈي گۇاڭپىڭغا …………………… 193
261023 شۈي گۇاڭپىڭغا …………………… 198
260117 شۈي گۇاڭپىڭغا …………………… 203
261115 شۈي گۇاڭپىڭغا …………………… 207
271011 شۈي گۇاڭپىڭغا …………………… 212
ئىزاھلار …………………………… 218

## مەكتۇپلار

180705 چيەن شۈەنتۇڭغا …………………… 227
190416 فۇسىنيەنگە …………………… 229



200504 سۇڭ چۇنيىگە …………………… 232
210103 خۇ شىغا …………………… 235
270925 تەي جىڭنۇڭغا …………………… 236
280722 ۋېي سۇيۈەنگە …………………… 238
300327 جاڭ تىڭچيەنگە …………………… 240
300920 ساۋجىڭخۇاغا …………………… 244
310202 ۋېي سۇيۈەنگە …………………… 247
310204 لى بىڭجۇڭغا …………………… 249
310218 لى بىڭجۇڭغا …………………… 251
320509 زېڭتيەنشېغا …………………… 253
320618 تەي جىڭنۇڭغا …………………… 255
320815 تەي جىڭنۇڭغا …………………… 259
شاۋلىندۇشىئېرنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا (تەزىيە تېلېگرامما)
…………………………………… 262
330504 لى لېيۋېنگە …………………… 263
330504 لى لېيۋېنگە …………………… 264
330618 ساۋ جۇيرېنگە …………………… 265
330620 «گۈلنار» سەنئەت ئۇيۇشمىسىغا …………… 270
330625 شەنبېن چۇجى خانىمغا …………………… 272
330708 لى لېيۋېنگە …………………… 274
330714 لى لېيۋېنگە …………………… 276
330801 خۇ جىنشۇيگە …………………… 279
331007 خۇ جىنشۇيگە …………………… 281
331018 تاۋ كاڭدېغا …………………… 282

331031 ساۋ جىڭخۇاغا .................... 283
331105 ياۋ كېغا .................... 285
331220 شۇي ماۋيۈڭغا .................... 291
340211 ياۋ كېغا .................... 295
340306 ياۋ كېغا .................... 299
340506 ياڭ جىيۈنگە .................... 302
340522 ياڭ جىيۈنگە .................... 306
340531 ياڭ جىيۈنگە .................... 309
340602 ساۋ جۈيرېنگە .................... 311
340603 ياڭ جىيۈنگە .................... 313
340609 ياڭ جىيۈنگە .................... 317
340621 جېڭ جېندوغا .................... 319
340711 شەنبېن چۈجى خانمغا .................... 324
340729 ساۋ جۈيرېنگە .................... 326
340813 ساۋ جۈيرېنگە .................... 329
341013 قوشما باسمىخانىغا .................... 332
341101 دۇ يىنفۇغا .................... 333
341128 لىيۇ ۋېيمىڭغا .................... 336
341206 شياۋجۈن بىلەن شياۋخۇڭغا .................... 338
341210 شياۋجۈن بىلەن شياۋخۇڭغا .................... 343
341216 ياڭ جىيۈنگە .................... 347
341218 ياڭ جىيۈنگە .................... 350
341225 جاۋ جيابىغا .................... 352
341226 شياۋجۈن بىلەن شياۋخۇڭغا .................... 354



341231 لىيۇ ۋېيمىڭغا .................... 357
350104 شياۋجۈن بىلەن شياۋخۇڭغا .................... 360
350207 ساۋ جىڭخۇاغا .................... 364
350209 شياۋجۈن بىلەن شياۋخۇڭغا .................... 369
350423 شياۋجۈن بىلەن شياۋخۇڭغا .................... 373
350629 لەي شاۋچىغا .................... 376
350824 شياۋجۈنگە .................... 378
350824 خۇ فېڭغا .................... 381
350912 خۇ فېڭغا .................... 383
351004 شياۋجۈنگە .................... 386
360203 زېڭ تيەنشېغا .................... 390
360210 خۇاڭ پىڭسۈنغا .................... 392
360221 ساۋجۈيرېنگە .................... 393
360321 ساۋ بەيگە .................... 395
360326 ساۋ بەيگە .................... 396
360401 ساۋبەيگە .................... 399
360402 يەن لىمىنگە .................... 402
360405 ۋاڭ يېچيۇغا .................... 405
360415 يەن لىمىنگە .................... 408
360423 ساۋ جىڭخۇاغا .................... 411
360424 خې جياخۇيگە .................... 413
360502 شۇي ماۋيۈڭغا .................... 414
360504 ۋاڭ يېچيۇغا .................... 416
360508 لى جىيېگە .................... 418

# كەچە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى


360514 ساۋ جىڭخۇاغا ...... 419
360523 ساۋ جىڭخۇاغا ...... 421
360525 شى دەيگە ...... 423
360706 لۇ رۇيگە ...... 426
360806 شى دەيگە ...... 428
360828 ياڭ جىيۇنگە ...... 430
360915 زېڭ تيەنشېغا ...... 433
360915 ۋاڭ يېچيۇغا ...... 434
360928 لى لېيۋېنغا ...... 436
361015 تەي جىڭنۇڭغا ...... 437
ئىزاھلار ...... 439
تەرجىماندىن ...... 476

# مۇقەددىمە[1]

كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ تۇرغاندا، بىرئاز ئارام تېپىشنى ئارزۇ قىلىمەن، لېكىن بۇنداق ئارامىلىقنى تېپىش ھەقىقەتەن تەس ئىكەن. مانا ھازىر ئەھۋال شۇنچە غەلىتە، كۆڭلۈم پەرىشان. ئادەم ئۇچۇن پەقەت ئۆتمۈشنى ئەسلەشتىن باشقا نەرسە قالمىسا، ئۇنىڭ ھاياتى ھەرھالدا مەنىسىز ئۆتىدۇ، بىراق بەزىدە ھەتتا شۇنداق ئەسلىمىلىرىمۇ قالمايدىغان چاغلار بولىدۇ. جۇڭگودا يېزىقچىلىقنىڭ قېلىپ - مىزانى بار، ئالەمدىكى ئىشلارمۇ بۇرما شەكلىدە دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كېتىدىغان ۋاقتىمدىكى ئەھۋاللار ئېسىمگە چۈشتى، يەنى ئايروپىلانلارنىڭ بېشىمدا غۇڭۇلداپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى بېيجىڭ شەھىرى ئۈستىدە ھەر كۈنى ئايلىنىپ يۈرگەن ئايروپىلانلار[2] كۆز ئالدىمغا كەلگەندى. شۇ چاغدا «بىر تەسىرات»[3] سەرلەۋھىلىك بىر پارچە قىسقا ماقالىمۇ يازغانىدىم. مانا ئەمدى مەندە شۇنداق «بىر تەسىرات»مۇ قالمىغان.

گۇاڭجۇدا ھاۋا ناھايىتى تېز ئىسسىپ كەتتى، كۈنپېتىشتىكى دېرىزىدىن چۈشكەن كەچكى ئاپتاپ دەستىدىن ئادەمگە بىر قۇرلا يېلىك كىيىم كىيىشمۇ ئېغىر تۇيۇلاتتى. ئۈستىلىم ئۈستىدە تۇرغان بىر تەشتەك «سۆگەتگۈل»نى ئىلگىرى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن: سۇغا چىلاپلا قويسا شاخ - يوپۇرماقلىرى ناھايىتى چىرايلىق كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. ئەنە شۇ يېشىل يوپۇرماقلارغا قاراپ ئۆلتۈ-

رۇپ، كونا يازمىلىرىمنى رەتلىسەك شۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەرھالدا بىر
مەشغۇلات بولىدىكەن، جان ئىگىسىنىڭ كۈنلىرى گويا ئۆلۈكنىڭ
يىلىدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھازىرقى كۈندە شۇنداق ئىشلار بىلەن
شۇغۇللىنىش كىشىنى تومۇز ئىسسىقتىن خېلىلا خارىج
قىلىدىكەن.

ئالدىنقى كۈنى «ياۋا گىياھ»نى رەتلەپ بولغانىدىم، ئەمدى
«دەشت - باياۋان»[4] غا داۋاملىق بېسىلغان «قايتا كەلگەن كونا
ئىشلار»غا نۆۋەت كەلدى؛ بۇنىڭ ئىسمىنى «كەچتە ئۈزۈلگەن
سەھەر غۇنچىسى» دەپ ئۆزگەرتتىم. گۈل - غۇنچىلارنى شەبنەملىد-
رى بىلەن ئۈزۈش ناھايىتى ياخشى ئىش ئىدى، لېكىن ماڭا ئۇنداق
قىلىش مۇمكىن بولمىدى. ھەتتا ھازىر كۆڭلۈمدە ساقلىنىۋاتقان
غەلىتىلىك ۋە مالىمانچىلىقنىمۇ دەرھال غەلىتە ۋە چېچىلاڭغۇ
ماقالىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكە قادىر بولالمىدىم. ئېھتىمال، ئۇ كې-
يىنكى كۈنلەردە ئاسماندا ئېقىپ كېتىۋاتقان بۇلۇتلارغا قاراپ تۇر-
غىنىمدا، پاللىدە قىلىپ كۆز ئالدىمغا كېلەر.

قايسىبىر چاغلاردا بالا ۋاقتىمدا يۇرتۇمدا يېگەن مېۋە - چېۋى-
لەر — سۇ ياڭىقى، نوقۇت، شېكەر قومۇشى، چىلگە پات - پات
كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ئۇلار تولىمۇ شېرىن، لەززەتلىك بولۇپ،
ئېزىتقۇدەك ماڭا يۇرتۇمنى سېغىندۇراتتى. كېيىن ئۇزاققىچە يې-
يىش نېسىپ بولمىغان شۇ نەرسىلەرنى يەنە تېتىپ كۆرۈش نېسىپ
بولدى، قارىسام بىرلا تەمى ئۇدا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەي كەلگەنلى-
كىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە شۇ چاغلىق نەرسىلەر ئىكەن.
ئېھتىمال ئۇلار مېنى ئۆمۈر بويى ئالداپ، دائىم ئەسلەشكە سېلىشى
مۇمكىن.

مانا بۇ 10 پارچە ماقالە دەل ئەسلىمىلىرىمدىن كۆچۈرۈۋېلىن-
غان، بۇلار ئەمەلىيەتتىن بىرئاز پەرق قىلىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن
ھازىر ئېسىمگە كەلگەنلىرى شۇنچىلىك. بۇ ماقالىلەر ئارىلاپ -





ئارىلاپ يېزىلىپ، توققۇز ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا پۈتكەنلىكى ئۈ-
چۈن، ئۇسلۇب جەھەتتە خېلىلا چۇۋالچاق. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىل-
غان شارائىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس: ئالدىنقى ئىككى پارچىسى بېي-
جىڭدىكى ياتاقخانامنىڭ[5] شەرقىي تېمى ئالدىدا يېزىلغان؛ ئوتتۇ-
رىدىكى ئۈچ پارچىسى سەرسانچىلىقتا [6]— دوختۇرخانىدا، ياغاچ-
چىخانىدا يېزىلغان، ئاخىرقى بەش پارچىسى شيامېن ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ كۇتۇپخانا بىناسىدا، ئالىملار[7] تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغى-
نىمدىن كېيىن يېزىلغان.

1927 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
گۇاڭجۇدىكى «ئاق بۇلۇت» راۋىقىدا[8]، لۇشۈن.

# ئىت، مۈشۈك، چاشقان(9)

بۇلتۇردىن بۇيان، لۇشۈن مۈشۈككە ئۆچ ئىكەن، دېگەن گەپ قۇلىقىمغا كىرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ گەپكە مېنىڭ «توشقان ۋە مۈشۈك» سەرلەۋھىلىك ماقالەمنىڭ(10) ئاساس بولۇپ قالغانلىقى تەبىئىي. بۇ مېنىڭ ئۆز ئىقرارىم بولغاچقا ئۇ ھەقتە لام - جىم دېمىدىم، ئۇ گەپتىن رەنجىپمۇ كەتمىدىم. لېكىن بۇ يىل بىر ئاز ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم. مەن بولسام دائىم قەلەم تەۋرىتىدىغان ئادەم، يازغانلىرىم بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن، تولا چاغلاردا بەزى ئادەملەرنىڭ قىچىشقان يېرىگە ئەمەس، ئېچىشقان يېرىگە تېگىپ كېتىدىكەن. مۇبادا ئېھتىيات قىلمايدىغان بولسام، ھەتتا مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ياكى پروفېسسورلار(11) نىڭ ۋە ياكى ھەتتا «ياشلارغا يېتەكچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان پېشقەدەم» (12) لەرنىڭ زىتىغا تېگىپ قويسام، تولىمۇ خەۋپلىك بولىدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇ كاتتا ئادەملەرگە «چېقىلىش» (13) مۇمكىن ئەمەس. نېمىشقا «چېقىلىش» مۇمكىن ئەمەس؟ چۈنكى ئۇلار ئوغىسى قايىنىغاندىن(14) كېيىن، گېزىتكە بىرەر پارچە خەت يېزىپ: «قاراڭلار! ئىت مۈشۈككە ئۆچ ئەمەسمىدى؟ لۇشۈن ئەپەندى مۈشۈككە ئۆچ ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئېتىراپ قىلغان تۇرۇقلۇق، يەنە ‹سۇغا چۈشكەن ئىت›نى ئۇرۇش كېرەك! دەۋاتىدۇ» دەپ ئېلان قىلىشى ئېھتىمال. بۇ «لوگىكا»نىڭ سىرى شۇكى، ئۇلار مېنى ئىت ئىكەن، دەپ ئۆز سۆزۈم بىلەن تىللايدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھەرقانداق سۆزۈمنى پۈتۈنلەي





ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، ھەتتا ئىككى كەرە ئىككى تۆت، ئۈچ كەرە ئۈچ توققۇز دېسەممۇ خاتاغا چىقىرىۋېرىدۇ. بۇلار خاتا بولۇپ چىققان يەردە تۆرە - خوجاملار ئىككى كەرە ئىككى بولىدۇ يەتتە دېسىمۇ، ئۈچ كەرە ئۈچ بولىدۇ 1000 ۋەھاكازا دېسىمۇ توغرا بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ.

شۇنىڭ ئۈچۈن گاھىدا ئۇلارنىڭ ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ ئۆچەكىشىشىدىكى «مۇددىئا»لىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە دىققەت قىلىدىغان بولدۇم. بۇنداق قىلىشتىكى نىيىتىم ھازىرقى كۈندىكى ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى مۇددىئا بىلەن چۆكۈرىدىغان(15) مۇددىئالىرىنى دوراش ئەمەس، پەقەت ئۆزۈمنى ئالدىنئالا ئاقلاش. مەن ئويلايمەنكى، ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ ئۆچەكىشىپ قالغانلىقىدىكى مۇددىئاسىنى بىلىش، ھايۋانلار پسىخولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ ئەمەس، بىراق مېنىڭ ئۇنداق بىلىمىم يوق. ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ ئۆچەكىشىشىنىڭ سەۋەبىنى كېيىنكى كۈنلەردە دوكتور دىنخارت(16) (Dr. o. Dahnhardt) نىڭ «تەبىئەت تارىخىدىن خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن كىتابىدىن تېپىۋالدىم. ئۇ كىتابتا يېزىلىشىچە، ئەھۋال مۇنداق ئىكەن: ھايۋانلار مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشمەكچى بولۇپ يىغىن ئېچىپتۇ، بۇ يىغىنغا ئۇچارقاناتلار، بېلىق، ھايۋانلار جەم بولۇپ كەپتۇ، پەقەت پىل كەلمەپتۇ. شۇ چاغدا، پىلنى باشلاپ كېلىشكە بىرەرىنى ئەۋەتىش قارارىغا كېلىشىپتۇ ۋە بۇ ۋەزىپە توغرىسىدىكى چەك ئىتقا چىقىپ قاپتۇ. ئىت: «پىلنى قانداق تاپارمەن، ئۇنى كۆرمىگەن تۇرسام ياكى تونۇشمىسام؟» دەپتۇ. باشقىلار: «تېپىش ئاسان، ئۇ دۈمچەك» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىت ئىزدەپ مېڭىپتۇ، يولدا بىر مۈشۈك ئۇچراپ، دەرھال تۈگۈلۈپ دۈمبىسىنى چىقارغىنىكەن، ئىت ئۇنى تەكلىپ قىلىپ، يىغىنغا ئەكەپتۇ ۋە دۈمبىسىنى

چىقىرىپ تۇرغان مۈشۈكنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇپ: «مانا پىل
كەلدى!» دەپتۇ. لېكىن باشقىلار ئىتنى مازاق قىلىپ كۈلۈپتۇ.
شۇنىڭدىن تارتىپ، ئىت بىلەن مۈشۈك دۈشمەنلىشىپ قاپتۇ.
گېرمانلارنىڭ ئورمانزارلىقتىن چىققىنىغا ئانچە ئۇزۇن بول-
مىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتتە خېلىلا
تەرەققىي تاپقان. ھەتتا، ئۇلارنىڭ كىتابلارغا باغلىغان شىرازلىرى-
مۇ، ئويۇنچۇقلىرىنىڭ نەپىسلىكىمۇ كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ. لې-
كىن مۈشۈ چۆچەكنى ھەقىقەتەن قاملاشمىغان، بۇنىڭدا توقۇلغان
ئاداۋەتمۇ مەنىسىز بولۇپ قالغان. مۈشۈكنىڭ دۈمبىسىنى چىقى-
رىشتىن مەقسىتى ئۆزىنى پىلدەك كۆرسىتىش، ئىتنىڭ ئالدىدا
تەكەببۇرلۇق قىلىش بولمىسا كېرەك؛ ئەيىب ئىتنىڭ ئۆزىنىڭ
پىلىنى تونۇمىغانلىقىدا. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى ھەرھالدا بىر
باھانە - سەۋەب دەپ قاراشقا بولار. مېنىڭ مۈشۈككە ئۆچ بولۇپ
قېلىشىم ئۇنىڭغا زادىلا ئوخشاشمايدۇ.
ئەمەلىيەتتە ئادەم بىلەن ھايۋاننى ئۇقەدەر قاتتىق پەرقلەپ
كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھايۋانات دۇنياسى قەدىمكىلەرنىڭ
تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئەركىن، ئازادە بولمىسىمۇ، لېكىن ئىنسا-
نىيەت دۇنياسىدىكىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بىمەنە قىلىقلىرى ھەر-
ھالدا ئاز. ئۇلار ئۆز مەيلى بويىچە ئىش قىلىدۇ، توغرىسىنى
توغرا، خاتاسىنى خاتا دەيدۇ، خاتاسىنى ئاقلايمەن، دەپ گەپدانلىق
قىلىپ يۈرمەيدۇ. قۇرت پاك بولمىسا كېرەك، لېكىن ئۇلار ئۆز-
لىرىنى چوڭ تۇتمايدۇ؛ يىرتقۇچ قۇشلار ۋە ھايۋانلار ئۆزلىرىدىن
ئاجىزراق ھايۋانلارنى يەم قىلىپ يەيدۇ، ئۇلارنى قانخور دېيىشكە
بولار، لېكىن ئۇلارنىڭ «ئادالەت»، «ھەققانىيەت» (17) دېگەن تۇغ-
نى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆز قۇربانىنى تاكى يەم قىلىپ يېگەنگە
قەدەر ئاپىرىن - تەشەككۇر ئېيتىشقا مەجبۇر قىلغىنىنى كۆرگىنى-
مىز يوق. ئىنسانچۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆرە ماڭالايدىغان بولغانلىقى،





تەبىئىيكى، زور تەرەققىيات؛ گەپ قىلالايدىغان بولغانلىقىمۇ، تە-
بىئىيكى، زور تەرەققىيات؛ خەت - يېزىق يازالايدىغان بولغانلىقى
يەنە بىر چوڭ تەرەققىيات. لېكىن بۇ چاغدا قۇرۇق گەپ سېتىشقا
كىرىشكەنلىكى ئۇچۇن چۈشكۈنلىشىشكە باشلايدۇ، قۇرۇق گەپ
ساتىسىغۇ ھېچ گەپ يوق، ئەگەر ئۆزىنىڭ قارىسىغا گەپ قىلىۋاتقان-
لىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بولسا، ھۆركىرەشنىلا بىلىدىغان ھاي-
ۋانلارغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن «چەم يۈزلۈك» بولىدۇ. ئەگەر ئۇس-
تىمىزدە راستتىن ھەممىنى بىر كۆزدە كۆرىدىغان پەرۋەردىگار
بولىدىغان بولسا، خۇددى ھايۋانات باغچىسىدا مايمۇننىڭ موللاق
ئاتقىنىنى، چىشى پىلنىڭ تاماشىچىلارغا سالام بەرگەنلىكىنى كۆر-
گىنىمىزدە چىرايىمىزنى ئېچىپ كۈلسەكمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن
تەڭ، بۇنداق بىھۇدە چېچەنلىكنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى-
كەن دەپ، ئوڭايسىزلانغىنىمىزغا، ھەتتا مەيۈسلەنگەنلىكىمىزگە
ئوخشاش، ئىنسانلارنىڭ بۇ ئەخمەقلىقىنى مەقبۇل كۆرمەسلىكى
ئېھتىمال. لېكىن ئۇلار ئىنسان بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ «ئۆز بى-
لەن بىرلىشىپ، ئۆزگىلەرگە پەشۋا بېرىشى» (18)، باشقىلارنى دو-
راپ سوقا - سۆھبەت قىلىشى، ئۆز ئادەتلىرى بويىچە پاراڭلىشىشى
بەس - مۇنازىرە قىلىشى تۇرغان گەپ.
ئەمدى ئۆزۈمنىڭ مۈشۈككە ئۆچ بولۇپ قېلىشىمنىڭ سەۋەب-
لىرىگە كېلەي. مەن ئويلايمەنكى، مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاساسلى-
رىم تولۇق ۋە ئوچۇق - ئاشكارا.
(1) ئۇنىڭ مىجەزى باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشىمايدۇ،
ئۇ مەيلى قۇشقاچنى، چاشقاننى تۇتۇۋالسۇن، بىر بوغۇپلا ئۆلتۈرۈ-
ۋەتمەي، بىر قويۇۋېتىپ، بىر تۇتۇۋېلىپ، يەنە قويۇۋېتىپ، يەنە
تۇتۇۋېلىپ، تاكى خۇماردىن چىققۇچە ئويناپ زېرىككەندە ئاندىن
يەۋېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئادەملەرنىڭ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە
تەپمەك قىلىدىغان، ئاجىزلارنى قىينايدىغان يامان مىجەزگە ناھايى-

تى ئوخشايدۇ.
(2) مۇشۇك شىر ۋە يولۋاس بىلەن نەسلداش ئەمەسمۇ؟
بىراق ئۇ كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ! لېكىن بۇمۇ تەقدىردىن بولسا
كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ قەددى - قامىتى ھازىرقىدىن 10 ھەسسە
چوڭ بولىدىغان بولسا، ئۇنداق مىجەز - خۇلقى قانداق بولاركىن.
تاڭ. مانا بۇ ۋەجلەر ئۆز ۋاقتىدا خىيالىمغا كەلگەندەك قىلغان
بولسىمۇ، لېكىن مانا ئەمدى قەلەمنى تەۋرىتىپ تاپقان بولسام
كېرەك. ئاساسلىقراق قىلىپ ئېيتسام، ئۇنى يامان كۆرۈشۈمنىڭ
سەۋەبىنى مۇنداق دېسەم تۇزۇك بولار: ئۇلار جۈپلەشكۈسى كەلگەن
چاغدا. شۇنداق مىياڭلايدۇكى، ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەي-
دۇ، بولۇپمۇ كېچىدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان، ئۇخلاش ئۈچۈن
ياتقان چاغدا. شۇنداق چاغلاردا، مەن ئۇلارنى ئۇزۇن تاياق بىلەن
قوغلايمەن. ئىتلار چوڭ كوچىلاردا جۈپلىشىپ - ئېلىشىپ قالغان-
دا، بىكار تەلەپ ئادەملەر ئۇلارنى كالتەكلەيدۇ. د. ئا. بىروگىل
(PBruegeld. A)[19] نىڭ مىسقا ئويۇلغان Allegorie derwollust
ناملىق رەسىمىدىمۇ شۇنداق ئەھۋالنىڭ سىزىلغانلىقىنى كۆرگەنى-
دىم. دېمەك، بۇنداق ھەرىكەت جۇڭگودىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ،
قەدىمكى زاماندىمۇ، ھازىرمۇ ئوخشاش. ئاۋستىرىيىلىك كاج ئالىم
فرئۇد (S. Freud)[20] روھىي ھالەت توغرىسىدا ئانالىز تەلىما-
تىنى - Psychoanalysis، بۇنى جاڭ شىجاۋ ئەپەندى «قەلب ئانال-
زى» دەپ تەرجىمە قىلغانمىش، بۇ تەرجىمە ئىخچام ۋە قەدىمىي
بولسىمۇ، لېكىن چۈشىنىش تەس، ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان،
بىزنىڭ مەشھۇر ئەربابلىرىمىز، داڭلىق پروفېسسورلىرىمىزمۇ
چاندۇرماستىن قوللىنىپ كۆرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ تەتبىقلىرى جىنسىي
تەلەپكە چېتىلىشتىن خالىي بولالماس. ئىتنى كالتەكلەشنىڭ مەن
بىلەن ئالاقىسى يوق؛ مۈشۈكنى بولسا ئۇلارنىڭ مىياڭلاپ خاپا
قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇرىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا يامان غەرىزىم يوق؛





مېنىڭدە ئۇقەدەر چوڭ قىزغانچۇقلۇقنىڭ يوقلۇقىغا ئىمانىم كا-
مىل، «ھە دېگەندىلا قۇربان قىلىنىدۇ»غان ھازىرقى ۋاقىتتا بۇنى
ئالدىن ئىزھار قىلىپ قويمىسام بولمايدۇ. ئادەملەرمۇ نىكاھلى-
نىشتىن ئىلگىرى بەزى رەسمىيەتلەرنى ئۆتەيدۇ، يېڭى پاسوندىكى
ئادەملەر ئاز دېگەندە بىر تۇتام، كۆپ دېگەندە بىر باغلام مۇھەببەت
خەتلىرى يېزىشىدۇ؛ كونا پاسوندىكى ئادەملەر «ئېغىز ئاچقۇ»،
«چاي ئىچۈرۈش» دېگەندەك رەسمىيەتلەرنى ئورۇنداپ، تەزىم قى-
لىدۇ، قول باغلايدۇ. بۇلتۇر بېيجىڭدا خەيچاڭ بىلەن جياڭ خا-
نىمنىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئۇلار توپتوغرا ئۈچ كۈن
تەزىم قىلىشىپتۇ، ھەتتا قىزىل تاشلىق «توي مەرىكىسى مۇبارەك-
نامىسى»مۇ بېسىپ تارقىتىپتۇ، ئۇنىڭ «مۇقەددىمە» سىدە: «ئۇ-
زىنى توختىتىپ ئېيتقاندا، مەرىكە دەپ ئاتالغانىكەن، ئۇنىڭ ئې-
غىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈش كېرەك، ئېغىرچىلىقتىن قېچىدىشقا
ئۇرۇنغان ئادەمگە مەرىكىنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن؟... بىزنىڭ
زامانداشلىرىمىزنىڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىغانلىرى ھەشە-
مەت بىلەن ئۆتكۈزسۇن! ئۆزلىرىنى ئەدەپ - يوسۇن جايىز بولماي-
دىغان رەئىيلەر قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويمىسۇن!» دېگەن گەپلەر بار
ئىكەن. بۇ گەپلەرنى كۆرۈپ تېرىكىپ كەتمىدىم، چۈنكى مېنىڭ
مەرىكىگە بېرىشىم شەرت ئەمەس ئىدى. دېمەك، مانا بۇنىڭدىنمۇ
مېنىڭ مۈشۈكنى يامان كۆرۈشۈمنىڭ سەۋەبى ھەقىقەتەن ئاددىي
ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇلارنىڭ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە مىياڭلاۋەرگەنلى-
كى سەۋەب بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. كىشىلەر تۇرلۇك
مەرىكە - مۇراسىملارنى ئۆتكۈزسە، باشقىلار ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىسا
قىلماۋېرىدۇ، مېنىڭغۇ پەقەتلا كارىم يوق؛ لېكىن ئەگەر مەن
كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان ياكى ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان چاغدا بىرەر
ئادەم يېنىمغا كېلىپ، مېنى مۇھەببەت خەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىش-
كە، قول باغلاپ تەزىم قىلىشىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىدىغان

بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كالتەك بىلەن
تاقابىل تۇرىمەن. يەنە، ئادەتتە ئانچە تونۇشلۇقۇم بولمىغان بىرەر
ئادەم ئۇشتۇمتۇتلا ماڭا «سىڭلىمنى ياتلىق قىلماقچى»، «ئوغلۇم-
نى ئۆيلىمەكچى»، «توي مەرىكىمىزگە مەرھەمەت قىلىشلىرىنى
سورايمەن» ياكى «قەدەم تەشرىپ قىلۇرلەر» دېگەنگە ئوخشاش
«قەستەن بېشارەت» (21) بېرىدىغان سۆزلەر بېسىلغان باغاقنى ئەۋەت-
كەن بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل خەجلىمەي دېسەم، كۆڭلۈم ئۇند-
مايدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئانچە خۇشال بولۇپ كەتمەيمەن.

لېكىن بۇلار يېقىنقى گەپ. يەنە ئەسلەپ كەلسەم، مېنىڭ
مۈشۈكنى يامان كۆرۈشۈم ئەنە شۇنداق ۋەجلەرنى ئېيتىپ بېرىشكە
مۇۋەپپەق بولالىشىمدىن ئىلگىرى بولغان ئىش، ئېھتىمال 10 ياش
چاغلىرىمدا بولغان ئىش بولسا كېرەك.

ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مۈشۈككە ئۆچ بولۇپ
قېلىشىمنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى ئاددىي: مۈشۈك چاشقاننى يەپ
كەتكەن، يەنى مەن ئاسراپ بېقىۋاتقان ئارزۇلۇق ئۆي چاشقىنىمنى
يەپ كەتكەن.

ياۋروپالىقلار قارا مۈشۈكنى ئانچە ياقتۇرمايمىش، راست شۇن-
داقمۇ، بۇنىسىنى بىلمەيمەن؛ لېكىن Edgar All anPoe(22) نىڭ
ھېكايىسىدە تەسۋىرلەنگەن قارا مۈشۈك ھەقىقەتەن كىشىنىڭ قورق-
ۇسىنى كەلتۈرىدۇ. ياپونلارنىڭ مۈشۈكلىرى جىن - شەيتانغا
ئايلىنىپ كېتىدىكەن، ئۇلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە «مۈشۈك مو-
ماي» (23) لارنى ئۇچرىتىپ قالىمىز، ئۇلار ئادەملەرنى تۇتۇپ يەيدى-
كەن، ئۇلارنىڭ ئادەمخورلۇقىنىڭ دەھشىتى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق.
جۇڭگودا قەدىمكى زامانلاردا «مۈشۈك شەيتان» دېگەن بىرنېمىلەر
بولغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىندىن بۇيان مۈشۈكنىڭ شەيتانلىق
قىلغانلىقىنى ئانچە كۆپ ئاڭلىغىنىمىز يوق، ئېھتىمال ئۇلار كونا
ھۈنىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، ياۋىشىپ قالغان بولسا كېرەك. مەن





بالا ۋاقتىمدا ئۇلارنى، بىرئاز شەيتانلىقى بار دەپ ئويلاپ، ئانچە
ياخشى كۆرمەيتتىم. مېنىڭ گۆدەك ۋاقتىم ئىدى، ياز كۈنلىرىنىڭ
بىر كېچىسىدە دەپنە دەرىخى تۈۋىدىكى كات ئۈستىدە سالقىنداپ
ياتقانىدىم، چوڭ ئانام بانان يوپۇرمىقىدىن قىلىنغان يەلپۈگۈچ
بىلەن يېنىمدا ئولتۇرۇپ يەلپۈگەچ تېپىشماق، ھېكايە ئېيتىپ
بېرىۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە دەپنە دەرىخىدىن بىرنەرسىنىڭ يامى-
شىپ ماڭغان ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭلا قاراڭغۇدا
بىر جۈپ كۆز پال - پۇل قىلىپ تۆۋەن چۈشۈپ كەتتى، بۇنىڭدىن
چۆچۈپ كەتتىم، چوڭ ئانامۇ سۆزىنى توختىتىپ، مۈشۈك توغرى-
سىدا ھېكايە قىلىپ بەردى:

«بىلەمسەن؟ مۈشۈك بولسا يولۋاسنىڭ ئۇستازى، — دېدى
چوڭ ئانام، — سىلەر، كىچىك بالىلار نەدىن بىلسۇن، يولۋاس
ئەسلىدە ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولۋاس
مۈشۈكنىڭ ئالدىغا قول بېرىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۈشۈك
ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزىنىڭ چاشقان تۇتقىنىدەك، ئېتىلىشنى، قامال-
لاپ تۇتۇشنى، ماچىلدىتىپ يېيىشنى ئۆگىتىپتۇ. يولۋاس بۇلارنى
ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممە ھۈنەرنى دەستىمگە ئالدىم،
ھېچكىم ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ، پەقەت ئۇستازىم مۈشۈكلا مەندىن
ئۈستۈن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەملا، مەندىن قاۋۇل مەخلۇق قالماي-
دۇ، دېگەن خىيالغا كەپتۇ - دە، بېلىنى باغلاپ، مۈشۈككە ئېتى-
لىپتۇ. مۈشۈك ئۇنىڭ غەرىزىنى بۇرۇنلا بايقىغانىكەن، شۇڭا بىر
سەكرەپلا دەرەخكە چىقىۋاپتۇ. يولۋاس بولسا دەرەخ تۈۋىدە چەكچەي-
گىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. مۈشۈك ھۈنىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتمىگە-
نىكەن، دەرەخكە يامىشىشنى ئۆگەتمىگەنىكەن.

مېنىڭ تەلىيىم بار ئىكەن، بەختىمگە يارىشا، يولۋاس
سەۋر - تاقەتسىز ئىكەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، دەپنە
دەرىخىدىن يولۋاس يامىشىپ چۈشكەن بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ،

ھەرھالدا قورقۇنچلۇق بولغاچقا، ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىدىم. تۈن تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، دەپنە دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلىغىلى تۇردى، دېمەك، سەلكىن شامال چىقتى، ئاستىمغا سالغان بورىيامۇ سالقىنداپ قالغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالدىم.

سىلىنغىنىغا بىرنەچچە يۈز يىل بولغان كونا ئۆي قارا چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقى چاشقانلار ئۈچۈن ئودىكوم ئوينايدىغان ماكان ئىدى، چاشقانلار پەگاھدا شىپىرلاپ چاپاتتى، چىرىلدايتتى. ئۇلار ھەتتا «مەشھۇر ئەرباب، داڭلىق پروفېسسور» لاردىنمۇ تەكەببۇر ئىدى. ئۆيدە بېقىلغان مۈشۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۈشۈك تەييارغا ئاشىق ئىدى. چوڭ ئانام ۋە باشقىلار چاشقانلارنىڭ ساندۇقلىرىنى تېشىپ، ئۇنى ـ بۇنى قىرىپ يەپ كەتكەنلىكتىن قاتتىق ئۆكۈنۈپ كەتسىمۇ، مەن چاشقانلارنى ئانچە بەك ئەيىبلەپ كەتمەيتتىم؛ ئۇ ئەھۋاللار مەن بىلەنمۇ ئالاقىسىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنداق ئەسكىلىكلەرنى ياۋا چاشقان قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ياخشى كۆرىدىغان كىچىك ئۆي چاشقىنىغا تۆھمەت قىلىشقا بولمايتتى. بۇنداق كىچىك چاشقان كۆپىنچە پەگاھدا يۈرىدۇ، ئۇ پەقەت ئادەمنىڭ باش بارمىقىچىلىكلا كېلىدۇ، ئادەمدىنمۇ ئانچە قاچمايدۇ، بۇنداق چاشقان بىزنىڭ يۇرتىمىزدا «ئۆي چاشقىنى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار تورۇسنى ماكان قىلىدىغان چوڭ چاشقانلارغا ئوخشىمايدۇ. مېنىڭ كارىۋىتىمنىڭ ئالدىدا ئىككى پارچە رەڭدار رەسىملىك قەغەز چاپلاقلىق تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى، «جۇباجيېنىڭ ئىچ كۈيئوغۇل بولۇشى»، بۇ رەسىم پۈتۈنلەي ئۇزۇن تۇمشۇق ۋە سالپاڭ قۇلاقلار بىلەن تولغان؛ مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ رەسىم ئانچە ياخشى ئەمەس. يەنە بىرى، «چاشقانلارنىڭ تويى»، بۇ رەسىم يارايدۇ، بۇنىڭدا يىگىت، قىز، قولداشلار ھەتتا مېھمانلار، يىگىتـ ۋېشى بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇمشۇقى ئۇزۇن، پاچاقلىرى ئىنچىكە





قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، ئۇلار بەئەينى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرگە ئوخشايدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەلپەر كۆڭلەك، پىياز كۆكى ئىشتان كىيگەن. مەن ئويلايمەنكى، بۇنداق كاتتا مۇراسىمنى پەقەت مەن ياخشى كۆرىدىغان ئۆي چاشقانلىرىلا ئۆتكۈزەلىسە كېرەك. ھازىر مەن بىئەدەپ بولۇپ كەتتىم، كوچىلاردا ئىنسانلارنىڭ توي كۆچۈرۈش مۇراسىملىرىنى ئۇچرىتىپ قالسام، ئۇ مۇراسىمنى جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئېلانى تەرىقىسىدە كۆرۈپ، ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالدىم؛ ئۆز ۋاقتىدا بولسا «چاشقانلارنىڭ تويى» غا ئوخشاش مۇراسىملارنى كۆرۈشكە تولىمۇ خۇشتار ئىدىم، ھەتتا خەيچاڭ بىلەن جياڭ خانىمغا ئوخشاش ئۈچ كېچە تەزىم قىلىشسىمۇ، ئۇنى كۆرۈشتىن زېرىكمىسەم كېرەك. 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېچىدە ئۆي چاشقانلىرىنىڭ مەرىكىچىلىرىنىڭ كارىۋات ئاستىدىن چىقىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئۇخلىماي ياتاتتىم، بىراق، كۆزۈمگە پەگاھدا نامايىش قىلىپ يۈرگەن بىرنەچچە يالىڭاچ ئۆي چاشقىنى كۆرۈندى، ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن توي ئويناۋاتقاندەك بىر ئالامەت كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر قاتتىق ئۇيقۇ بېسىپ، كۆزۈم يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقاندا كۆزۈمنى پاللىدە ئېچىپ قارىسام، تاڭ يورۇپ قاپتۇ، پانۇس بايرىمى يېتىپ كەپتۇ. چاشقانلار توي ـ تۆكۈن قىلغاندا، سوۋغا ـ يارىشىق يىغىۋېلىش مۇددىئاسى بىلەن تەكلىپ قەغىزى تارقاتمىسا كېرەك، راستىنىلا «مەرىكە ـ مۇراسىم تاماشىسى» ئۈچۈن كەلگەنلەرنىمۇ ھەرگىز ئالقىشلىمىسا كېرەك. مېنىڭچە، بۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئادىتى، بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

چاشقاننىڭ ھەممىدىن چوڭ دۈشمىنى ئەمەلىيەتتە مۈشۈك ئەمەس. باھارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە چاشقاننىڭ: «چىر! چىر! چىر ر ر ر!» قىلغان ئاۋازىنى، كىشىلەر: «چاشقان داچەن پۇل ساناۋاتىدۇ» دەپ ئاتايدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسىڭىز، شۇنى بىلـ

لىپ قويۇشكى، ئۇلارنىڭ قورقۇنچلۇق پوكانچىلىرى يېتىپ كەلگەن بولىدۇ. بۇ ئاۋاز ئۇلارنىڭ جان خەۋپىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇلار مۈشۈككە يولۇقۇپ قالغان چاغلىرىدىمۇ ئۇنداق چىرىلدىمايدۇ. چاشقاننىڭ مۈشۈكتىن قورقىدىغانلىقى تەبىئىي، لېكىن تۆشۈككە كىرىۋالسا، مۈشۈك ھېچقانداق قىلالمايدۇ، دېمەك، چاشقاننىڭ جان قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتى كۆپ. لېكىن چاشقان خەتەرلىك پوكانچىدىن — يىلاندىن ناھايىتى بەك قورقىدۇ، يىلان ئىنچىكە ئۇزۇن بوي بولۇپ، ئۇنىڭ توملۇقى چاشقاننىڭ ۋۇجۇدىدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ، ئۇ چاشقان بارالىغانلىكى يەرگە بارالايدۇ، ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئىز باستۇرۇپ قوغلايدۇ، چاشقاننىڭ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ ئامان قېلىشىمۇ تەس. ئۇنىڭ «پۇل ساناش»قا چۈشكەن ۋاقتى جان قۇتقۇزۇشقا ئامال قالمىغان ۋاقتى بولسا كېرەك.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بىر قۇرۇق ئۆيدىن چىققان شۇنداق «پۇل ساناش» ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم ـ دە، ئىشىكنى ئېچىپ كىرسەم، بىر يىلان تورۇستىكى لىمغا چىرمالغان ھالدا يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ، يەردە بىر دانە ئۆي چاشقىنى جاۋغايلىرىدىن قان ئاققان ھالدا يېتىپتۇ، لېكىن ئىككى بىقىنى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ، بىر قەغەز كوروپكىغا سېلىپ قويدۇم، بىرھازادىن كېيىن ئەس ـ ھوشىغا كېلىپ، بىرنەرسە يەيدىغان، ماڭىدىغان بولدى. ئەتىسى پۈتۈنلەي ئوڭلىنىپ قالغاندەك بولدى، لېكىن قېچىپ كەتمىدى. يەردە قويۇپ قويسام، بەزىدە ئالدىمغا كېلىدىغان، ھەتتا پۇتۇمغا يامىشىپ، تاكى تىزىمغىچە چىقىدىغان بولدى. تاماق جوزىسى ئۈستىگە قويۇپ قويسام، چېچىلىپ كەتكەن سەيلەرنى يەيدىغان، چىنە ـ قاچىنىڭ گىرۋەكلىرىنى يالايدىغان بولدى. يېزىق ئۈستىلى ئۈستىگە قويۇپ قويسام، بەھۇزۇر ئايلىنىپ يۈرىدىغان، دۇۋەتتىكى كۆرسە سىياھنى





يالايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. دادامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، جۇڭگودا پەقەت ئادەمنىڭ باشمالتىقىچىلىكلا كېلىدىغان قارا مايمۇن دەپ ئاتىلىدىغان بىر جانىۋار بار ئىكەن، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنىڭ مويى تۇم قارا بولۇپ، يالتىراپ تۇرىدىكەن، ئۇ ئادەتتە قەلەم دەستىسى ئىچىدە ياتىدىكەن، سىياھ ئەزگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان سەكرەپ چىقىپ، كۈتۈپ تۇرىدىكەن، ئادەم يازىدىغان خەتلىرىنى يېزىپ بولۇپ، قەلەمنى قەلەمدانغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن، دۇۋەتتە قالغان سىياھنى يالاپ تۈگىتىپ، يەنە قەلەم دەستىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىكەن. مەن ئەنە شۇنداق قارا مايمۇندىن بىرەرنى تېپىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن نېسىپ بولمىدى؛ نەدە بارلىقىنى، قەيەرلەردە سېتىلىدىغانلىقىنى سورىسام، ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمىگەن. «ئەرمەك بولىدىغان نەرسىنىڭ بولغىنى يوقتىن ياخشى» دېگەندەك، ھېلىقى ئۆي چاشقىنى مەن ئۈچۈن قارا مايمۇن بولۇپ قالدى، ئۇ سىياھنى يالىسىمۇ، مېنىڭ يازىدىغان نەرسىلىرىمنى يېزىپ بولۇشۇمنى كۈتۈشكە تاقەت قىلىپ تۇرمايتتى.

ھازىر ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەنە شۇ ھالدا بىر ـ ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى خۇددى «بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك» ، ئۇشتۇمتۇتلا ئىچىم پۇشۇپ قالدى. ئادەتتە مېنىڭ ھېلىقى ئۆي چاشقىنىم كۆز ئالدىمدا ياكى جوزا ئۈستىدە ۋە ياكى يەردە ئويناپ يۈرەتتى. لېكىن شۇ كۈنى يېرىم كۈندەك ۋاقىت كۆزۈمگە چېلىقمىدى، ھەممىمىز چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغان چاغدىمۇ كۆرۈنمىدى، ئادەتتە شۇنداق چاغلاردا چوقۇم پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇنى يەنە يېرىم كۈن كۈتتۈم، كۆرۈنمىدى.

چاڭ ئانا — مېنى بېقىپ كەلگەن خىزمەتكار ئايال. ئۇ مېنى تولا كۈتۈپ تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، قۇلىقىمغا بىر گەپنى ئېيتىپ قويدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ

ئوغام قايندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلۈم يېرىم بولدى ـ دە،
مۈشۈكلەر بىلەن ئېلىشىشقا بەل باغلىدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە،
ئۆي چاشقىنىنى تۈنۈگۈن ئاخشام مۈشۈك يەپ كېتىپتۇ!
 ياخشى كۆرىدىغان نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن
ئىچىم تىتىلداپ قالغاندا، بۇ ئىچ پۇشۇقىنى، ئىنتىقام ئالماي
قويمايمەن، دېگەن يامان نىيەت بىلەن چىقىرىدىغان بولدۇم!
 مېنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىم ئۆيىمىزدە بېقىلغان ئالا مۈشۈكتىن
باشلىنىپ، بارا ـ بارا كۆزۈمگە چېلىققانلىكى مۈشۈكنىڭ ھەممى-
سىگە كېڭەيدى. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇلارنى قوغلىدىم، تۇيۇقسىز
پەشۋا بەردىم؛ كېيىنچە تېخىمۇ ئەپچىل چارىنى قوللىنىدىغان
بولدۇم. ئۇلارنىڭ بېشىغا تاش ئاتىدىغان بولدۇم، گاھىدا قۇرۇق
ئۆيگە گوللاپ ئەكىرىپ، راسا ئۇرىدىغان بولدۇم. بۇ جەڭنى خېلى
ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە داۋاملاشتۇردۇم، شۇنىڭدىن كېيىن مۈشۈك
ماڭا يېقىن يولىمايدىغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۈستىدىن شۇنچە
غالىب كەلگەن بولسامىمۇ، ھەرھالدا قەھرىمان دەپ ئاتىلىشقا مۇنا-
سىپ ئەمەس ئىدىم. جۇڭگودا ئۆمۈر بويى مۈشۈك بىلەن ئېلىشقان
ئادەم كۆپ بولمىسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق جەڭ تەدبىرلى-
رى، جەڭ نەتىجىلىرى جەڭنامىلەرگە كىرگۈزۈلمىگەن بولسا
كېرەك.
 لېكىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئېھتىمال يېرىم يىلدىن
كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسا كېرەك، ئۈشتۈمتۇتلا كۈتۈلمىگەن
بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم: ھېلىقى ئۆي چاشقىنىنى مۈشۈك
نابۇت قىلغان ئەمەس ئىكەن. بەلكى ئۇ چاڭ ئانىنىڭ پۇتىغا يامى-
شىپ كېتىۋاتقاندا، چاڭ ئانا ئۇنى گاچچىدە دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋەتكە-
نىكەن.
 بۇ ئەھۋالنى ئىلگىرى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىكەن-
مەن. شۇ چاغدا قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىمنى ھازىر كۆز





ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم، شۇنداق بولسىمۇ، مۈشۈكتىن قايتقان
رايىمنى زادىلا ياندۇرالمىدىم. كېيىن بېيجىڭغا كەلدىم، بۇ يەردى-
مۇ مۈشۈك توشقان بالىلىرىنى بوغۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، كونا
دەردلىرىمگە يېڭى ئەلەملەر قوشۇلدى ـ دە، تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق
قىلىدىغان بولدۇم. «مۈشۈككە ئۆچ» دېگەن گەپمۇ ئەنە شۇنىڭ
بىلەن يېيىلىپ كەتكەن. ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشتىكى
بىر ئىش بولۇپ قالدى، ئاچچىقىممۇ яندى، مۈشۈككە سەل رەھىم
قىلىدىغان بولۇپ قالدىم؛ زادىلا بولالمىغان چاغلىرىمدا، ئۇلارنى
قوغلاپلا قويىمەن، ئۆلتۈرۈۋېتىش بۇياقتا تۇرسۇن ئۇرۇپ ـ سوقى-
دىغان ئىشنىمۇ ھەرگىز قىلمايدىغان بولدۇم. مانا بۇ مەندىكى
يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ياخشى بۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىم
كۆپەيگەنلىكتىن، ئەقىل پەيدا بولۇپ، شۇنى چۈشىنىپ قالدىمكى،
مۈشۈك گۆش ـ پۆشلەرگە چېپىلىپ، چۈجىلەرنى بوغۇپ قويىدى-
غان، كېچىلىرى قاتتىق مىياڭلايدىغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ
ئۇندىن توققۇزىنىڭ مۈشۈكنى يامان كۆرىدىغانلىقى تەبىئىي، ئەگەر
مەن كىشىلەر يامان كۆرىدىغان نەرسىنى يوقىتىپ بېرەي دېگەن
نىيەت بىلەن ئۇنى ئۇرىدىغان ياكى ئۆلتۈرىدىغان بولسام، كىشىلەر
مۈشۈككە ئىچ ئاغرىتىپ، مېنى ئەكسىچە يامان كۆرۈشى تۇرغان
گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر شۇنداق ئامال تاپتىمكى، مۈشۈك
چاتاق چىقىرىپ قويسا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن رەنجىپ تۇرسا، مەن
دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ: «پەش!
پەش!» دەپ تۈۋلاپ قويۇپ، غۇلغۇلا بىرئاز جىمىققاندا ھۇجرامغا
كىرىپ كېتىدىغان، دېمەك، خورلۇققا قارشى تۇرۇپ، ئۆز روزغا-
رىمنى ساقلاش لاياقىتىمنى دائىم ساقلايدىغان بولدۇم. ئەمەلىيەتتە
بۇ ئۇسۇلنى جۇڭگونىڭ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئاللىقاچان قوللى-
نىدى، ئۇلار باسمىچىلارنى تازىلاشنى ياكى دۈشمەنلەرنى يوقى-
تىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا نەزەر ـ ئېتىباردىن

قالدۇ، ھەتتا ئەمدى ئۇنىڭ رولى قالمىدى دېگەن سەۋەب بىلەن قىسقارتىلىدۇ، بوشىتىلىدۇ. مەن ئويلايمەنكى، ئەگەر مۇشۇنداق ئۇسۇلنى كەڭ قوللىنىدىغان بولسام، ھەرھالدا «ياشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ»غان «پېشقەدەم»گە ئايلىنىپ قېلىشىم مۇمكىن. بىراق بۇنى ئەمەلدە جارى قىلىشقا ھازىر تېخى بەل باغلىمىدىم، بۇ ھەقتە ھازىر تەتقىق قىلىۋاتىمەن ۋە ئويلىنىۋاتىمەن.

1926 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى





# ئاچاڭ ۋە «تاغ ۋە دېڭىز دەستۇرى»[24]

چاڭ ئانا[25]، ئىلگىرى ئېيتقىنىمدەك، مېنى بېقىپ كەلگەن خىزمەتكار ئايال، تەرپىلەپرەك ئېيتسام، مېنىڭ ئىنىكئانام. ئانامۇ ۋە باشقىلارمۇ ئۇنى شۇنداق ئاتايتتى، بۇنىڭدا ھەرھالدا بىر ئاز ھۆرمەت مەنىسى بولسا كېرەك. پەقەت چوڭ ئاناملا ئۇنى ئاچاڭ دەيتتى. مەن ئادەتتە ئۇنى «چاڭ» ھەرپىنى تاشلىۋېتىپ، «ئاپا» دەپ قىچقىراتتىم؛ لېكىن يامانلاپ قالغان چاغلىرىمدا، مەسىلەن، مېنىڭ ھېلىقى ئۆي چاشقىنىمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە ئۇنى ئاچاڭ دەپ قىچقىراتتىم.

بىزنىڭ يۇرتىمىزدا «چاڭ» دېگەن فامىلە ئۇچرىمايتتى. «ئۇزۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «چاڭ» سۆزى ئۇنىڭ سېمىز ۋە پاكىنەك قەددى - قامىتىگىمۇ مۇناسىپ سۈپەت ئەمەس. «چاڭ» سۆزى ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئىسمى بىرنېمە قىز ئىكەن. زادى نېمە قىز دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ھازىر ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، ھەرھالدا چاڭ قىز ئەمەس. دېمەك، ئۇنىڭ فامىلىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ «ئاچاڭ» دېگەن ئىسمىنىڭ تارىخى توغرىسىدا قايسىبىر چاغدا ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىزنىڭ ئائىلىدە بوي - تۇرقى چوڭ ۋە ئېگىز بىر خىزمەتكار ئايال بولغانىكەن، ئەنە شۇ ئايال «ئاچاڭ» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ ئايال كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېلىقى نېمە، بىرنېمە

قىز دېگەن كەلگەنىكەن؛ لېكىن ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزى «ئاچاڭ» دېگەن سۆزگە ئۆگىنىپ قالغاچقا ئۆزگەرتەلمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى نېمە، بىرنېمە قىزنىمۇ چاڭ ئانىغا ئايلاندۇرۇشۇۋاپتۇ.

كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس، لېكىن بىراۋلار، چىن كۆڭلۈڭدىكى سۆزۈڭنى قىلىپ باققىنا، دەيدىغان بولسا، مەن: مەن ئۇنى ئانچە ياراتمايتتىم، دەيمەن. ماڭا ھەممىدىن بەك يامان كۆرۈنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ سۇخەنچى ئىدى، دائىم ئۇنىڭ - بۇنىڭغا كۇسۇلداپ - پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى. ھەتتا باشمالتىقى بىلەن باشقىلارغا جونۇيتتى ياكى ئۆزىنى كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىمىزدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قالسا، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى ھامان شۇ سۇخەنچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ گۇمان قىلاتتىم. ئۇ مېنىڭ ئۇيان - بۇيان بېرىشىمغا يول بەرمەيتتى؛ بىرەر تال ئوتنى يۇلۇپ قويسام، بىرەر تاشنى ئورنىدىن قوزغىۋەتسەم، بەڭۋاشلىق قىلدىڭ دەپ، ئانامغا چاقاتتى. ياز كۈنلىرى ئۇخلاپ ياتسا، پۇت - قوللىرىنى ئېچىلىپ تۇرغان قايچىدەك كېرىپ، كارىۋاتنى بىرلا ئالاتتى - دە، ماڭا ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلگۈدەكمۇ جاي قالدۇرمايتتى، مەن نائىلاج كارىۋاتتىكى بورىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ياتاتتىم ۋە ئىسسىقنىڭ دەستىدىن پىشىپ كېتەتتىم، ئۇنى ئىتتىرىپ باقسام، قىمىر قىلمايتتى؛ توۋلىسام ئاڭلىمايتتى.

— چاڭ ئانا، سىز سېمىز بولغاچقا، ئىسسىقتىن قورقسىڭىز كېرەك؟ كېچىدىكى ئۇيقۇڭىزمۇ بىسەرەمجان بولسا كېرەك؟...— ئارزۇ - ھالىمنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئانام ئۇنىڭدىن شۇنداق سورىغانىدى، بۇنىڭدىن ئانامنىڭ ماڭا كەڭرى ئورۇن چىقارتتۇرۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ تۇراتتىم، لېكىن ئۇ ئېغىز ئاچمىدى. كېچىسى ئىسسىقتىن ئويغىنىپ كەتكەن چاغلىرىمدا قارىسام، ئۇ يەنىلا ئېچىلىپ تۇرغان





قايچىدەك كېرىلىپ، كارىۋاتنى بىرلا ئالاتتى، ھەتتا، بىر بىلىكى مېنىڭ بوينۇمدا تۇراتتى. بۇنىڭغا ئامال يوق ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالاتتىم.

لېكىن ئۇ بىر مۇنچە قائىدە - يوسۇنلارنى بىلەتتى؛ بۇ قائىدە - يوسۇنلارمۇ ماڭا ياقمىسا كېرەك. ھەممىدىن كۆڭۈللۈك ۋاقىت، تەبىئىيكى، يېڭى يىل چاغىنىنىڭ ھارپىسى. كونا يىلنى ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، چوڭلار ھېيتلىق پۇل بېرەتتى، ئۇلار پۇلنى قىزىل قەغەزگە ئوراپ، ياستۇقىمىزنىڭ يېنىغا قويۇپ قوياتتى، تۈنەك تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ پۇلنى ئىختىيارىمىزچە خەجلەيتتۇق. ياستۇققا بېشىمنى قويۇپ، قىزىل بولاققا قاراپ، ئەتىسى سېتىۋالىدىغان كىچىككىنە دۇمباقنى، نەيزىنى، لاي قونچاقنى، شېكەر بۇتنى... ئويلاپ ياتاتتىم. ئەنە شۇ چاغدا، ئاچاڭ كىرىپ كېلەتتى - دە، بىر دانە بەخت ئاپېلسىنىنى(26) ياستۇقۇمنىڭ يېنىغا قويۇپ قوياتتى.

— غوجام، ئېسىڭىزدە بولسۇن! — دەيتتى ئۇ ناھايىتى جىددىي بىر قىياپەتتە، — ئەتە نورۇز كۈنى، سەھەردە ئۇيقۇدىن ئويغىنىش بىلەنلا ماڭا: «ئاپا، قۇتلۇق بولسۇن!» دەڭ جۇمۇ! ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ ھەربىر ئادەمنىڭ بىر يىللىق بەخت - تەلىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئۇنىڭدىن بۆلەك گەپنى قىلسىڭىز بولمايدۇ! شۇنداق مۇبارەكلەپ بولغاندىن كېيىن، بەخت ئاپېلسىنىنى يەيسىز، — ئۇ ھېلىقى ئاپېلسىننى قولىغا ئېلىپ كۆز ئالدىمدا كۆرسىتىپ قوياتتى، — ئەنە شۇنداق قىلغاندا، يىل بويى ھەممە ئىشىمىز ئاقار سۇدەك راۋان بولىدۇ...

نورۇز كۈنى چۈشۈمدىنمۇ چىقمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىسى ناھايىتى بالدۇر ئويغىنىپ كېتەتتىم. ئويغىنىش بىلەنلا ئورۇن - كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇراتتىم، ئاچاڭ دەرھال قولى بىلەن نوقۇپ قوياتتى. مەن ھەيران بولۇپ قارىسام، ئۇنىڭ خەۋپسىرىگەن ھالدا

ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم.

ئۇ يەنە يىلىنغان ھالدا يەلكەمدىن تۇتۇپ تەۋرىتەتتى، شۇ چاغدا بىردىنلا ئېسىمگە ئالاتتىم ـ دە:

— ئاپا، قۇتلۇق بولسۇن! ··· — دەيتتىم.

— قۇتلۇق بولسۇن! ھەممىمىزگە قۇتلۇق بولسۇن! ئەقىللىقلىقىڭىزدىن ئايلىناي! قۇتلۇق بولسۇن! — دەيتتى ئۇ ۋە ناھايىتى خۇرسەن بولغاندەك كۈلۈپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ مۇزدەك سوغۇق بىرنەرسىنى ئاغزىمغا سېلىپ قوياتتى. مەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ھېلىقى بەخت ئاپىلىسىنى دېگەن نەرسىنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالاتتىم. نورۇز كۈنى ھەممىدىن ئاۋۋال يولۇققان مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلغان بولاتتىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئويىنغىلى چىقىپ كېتەتتىم.

ئاچاڭ ماڭا يەنە بىرمۇنچە بىرنېمىدىن تەلىم بەرگەنىدى. مەسىلەن، ئۇ: بىرەر ئادەم ئۆلگەن بولسا، ئۆلدى دېمەسلىك كېرەك، «قازا تاپتى» دېيىش كېرەك؛ ئۆلۈملۈك، تۇغۇتلۇق ئۆيگە كىرمەسلىك كېرەك؛ يەرگە ئاش ـ ناننىڭ ئۇۋاقلىرى چېچىلىپ كەتكەن بولسا، تېرىۋېلىش كېرەك، ئەڭ ياخشىسى يەۋېتىش كېرەك؛ ئىشتان ـ تامبال يايغان بالداق ياغاچنىڭ ئاستىدىن ھەرگىز ئۆتمەسلىك··· دەيتتى. بۇلاردىن باشقىلىرىنى ھازىر ئومۇمەن، ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، پەقەت نورۇز كۈنى بولىدىغان ئاجايىپ ـ غەلىتە مۇراسىملارلا يادىمدا ئېنىق تۇرۇپتۇ. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئەرزىمەس ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاركى، ھەتتا ھازىرقى كۈندە خىيالىمغا كېچىپ قالسىمۇ بىزار بولىمەن.

شۇنداق بولسىمۇ، قايسىبىر چاغلاردا ئۇنى ناھايىتى قەدىرلىگەنىدىم. ئۇ دائىم ماڭا «ئۇزۇن چاچلىقلار»(27) نىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ يالغۇز خۇڭ شيۇچۇەن لەشكەرلىرىنىلا ئە-





مەس، ھەتتاكى كېيىنكى چاغلاردىكى باسمىچى ـ قاراقچىلارنىمۇ «ئۇزۇن چاچلىقلار» دەپ ئاتايتتى. لېكىن ئىنقىلابچىلار ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرمەيتتى، چۈنكى ئۇ چاغدا ئىنقىلابچىلار تېخى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇزۇن چاچلىقلار ناھايىتى دەھشەتلىك ئىمىش. ئۇلارنىڭ سۆزىنى چۈشەنگىلى بولماسمىش. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرىكى چاغلاردا ئۇزۇن چاچلىقلار شەھەرگە بېسىپ كىرگەندە، بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىز بويىغا قېچىپ كېتىپ، پەقەت بىر نەپەر ئىشىكباقارنى ۋە ياشىنىپ قالغان بىر ئاشپەز مومايىنى ئۆي بېقىشقا قويغانمىش. ھېلىقى ئاشپەز موماي ئۇلارنى «ئۇلۇغ خوجام» دەپ ئاتاپ — ئۇلارنى ئۇز ۋاقتىدا شۇنداق ئاتاش شەرت ئىكەن — ئۆزىنىڭ ئاچ قالغانلىقىدىن دەرد ئېيتىپتۇ. ئۇزۇن چاچلىقلار كۈلۈپ: «ئۇنداق بولسا، مانا، يە!» دەپ، تاۋۇزدەك يۇپيۇمىلاق بىرنەرسىنى تاشلاپ بېرىپتۇ: قارىسا، بىر تال ئۆرۈمە چېچىمۇ سۆرىلىپ تۇرغۇدەك، بۇ دەل ھېلىقى ئىشىكباقارنىڭ كاللىسى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاشپەز مومايىنىڭ قورققانلىقتىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ھەقتە گەپ چىقىپ قالسىلا، ئۇنىڭ چىرايلىرى تاتارغان ھالدا، ئۆزىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ: «يائاللا، قورقۇپ ئۆلگۈدەك بولدۇم، ئۆلگۈدەك قورقتۇم···» دەيدىكەنمىش.

مەن ئۇ چاغدا بۇ گەپلەردىن قورقۇپ كەتمەيتتىم، چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ئىشلار مەن بىلەن قىلچىلىكمۇ ئالاقىسىز ئىدى، مەن ئىشىكباقار ئەمەس ئىدىم. لېكىن ئاچاڭمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىمنى پەملەپ قالغان بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ:

— ئۇزۇن چاچلىقلار سىزگە ئوخشاش كىچىك بالىلارنىمۇ تۇتۇپ كېتىپ، ئۆز قاتارىغا قوشۇۋالىدىكەن. چىرايلىقراق قىزلار-

نىمۇ تۇتۇپ كېتىدىكەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، سىزگە ھېچ گەپ يوق ئىكەن، — دېدىم. چۈنكى مەن: ئۇنىڭغا خەۋپ يەتمەس، ئۇ ياكى ئىشىكباقار ئەمەس، ياكى كىچىك بالا ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايلىقمۇ ئەمەس، بويىندا داغلاپ داۋالىغان بىرمۇنچە داغمۇ بار، دەپ ئويلىدىم.

— نەدىكىنى؟! — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە، — بىزنى لازىم قىلمايدۇ دەمسىز؟ بىز دەككەلەرنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن. چېرىكلەر سېپىل ئەتراپىغا بېسىپ كەلگەندە، ئۇزۇن چاچلىقلار بىزنىڭ ئىشتانلىرىمىزنى سالدۇرۇپ، سېپىل ئۈستىگە قاتار تىزىپ قويغانىدى، سېپىل ئەتراپىدىكى توپ - زەمبىرەكلەر ئېتىلماي قالغان؛ ئەگەر ئېتىلىدىغان بولسا، ئۇ زەمبىرەكلەر يېرىلىپ كېتەتتى!

بۇ كۈتۈلمىگەن ئەھۋال مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. مەن ئۆز كۆڭلۈمدە، ئاچاڭنىڭ مېڭىسى كىشىنى بىزار قىلىدىغان پەتىۋالار بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، ئۇنىڭ بۇنداق چوڭ كارامىتىمۇ بارلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇنىڭ قورسىقىدا خېلى ئۇمچى بار ئىكەن دەپ، ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغان بولدۇم؛ كېچىسى پۇت - قولىنى كېرىپ پۈتۈن كارىۋاتنى بىرلا ئالسىمۇ، خەيرىيەت دەيدىغان، ئۇنىڭغا يول قويسام بولىدىكەن دەيدىغان بولدۇم.

ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم بارا - بارا ئازىيىپ بارغان بولسىمۇ، بۇ ھۆرمىتىمنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشى ئۇنىڭ ئۆي چاشقىنىمنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكىنىنى بىلگىنىمدىن كېيىن بولغان بولسا كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن قاتتىق سۈرۈشتۈردۈم ھەتتا ئۇنى يۈزىدىن - يۈزىگە: «ئاچاڭ» دەپ ئاتىدىم. چۈنكى، كىچىك ئۇزۇن چاچلىقلاردىن ئەمەسمەن، سېپىلگە ھۇجۇم قىلغىنىم يوق، توپ - زەمبىرەكمۇ ئاتمايمەن، زەمبىرەكنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىنمۇ ئەنسىرەپ كەتمەيمەن. ئۇنىڭ نېمىسىدىن قورقاتتىم!





دەپ ئويلىدىم.

لېكىن ئۆي چاشقىنىنى يادلاپ، ئۇنىڭ ئەنتىنى ئاچاڭدىن ئېلىش كويىدا چۈشكىنىمدە، رەسىملىك «تاغ ۋە دېڭىز دەستۇرى»[28] گە زوقلىنىپ قالدىم. بۇ زوقنىڭ پەيدا بولۇشىغا يىراق تۇغقانلىرىمىزدىن بىرى[29] سەۋەب بولدى. ئۇ گۆلخۇمار سېمىز، مۇلايىم بىر بوۋاي ئىدى، خۇش پۇراقلىق چاي چېچەكى، قىزىلگۈل ۋە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان، ئاڭلىشىمچە شىمال تەرەپتىن ئالغاچ كەلگەن مەجنۇن دېگەندەك گۈل ۋە دەرەخلەرنى يېتىشتۈرەتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى بولسا غەلىتە بىر ئايال ئىدى، ئۇ كىيىم يايىدىغان بالداقنى خۇش پۇراق چاي چېچەكنىڭ شاخلىرى ئۈستىدە قويۇپ، شاخنى سۇندۇرۇۋەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەردە بىلەن: «قۇرۇپ كەتكۇر!» دەپ تىللىغانىدى. بوۋاي بولسا كەم گەپ بىر ئادەم ئىدى، مۇڭداشقۇدەك ئادەم بولمىغاچقا، كىچىك بالىلار بىلەن ئارىلىشاتتى، بەزىدە بىزنى «كىچىك بۇرادەر» دەپمۇ ئاتايتتى. بىز قوۋم - قېرىنداشلار بىر قورۇدا ئولتۇراتتۇق، شۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت شۇ بوۋايدىلا غەلىتە كىتابلار كۆپ ئىدى. كىتاب - نامىلەرنىڭ شەرھلىرى، مەنسەپ ئىمتىھانىغا بېغىشلانغان ئەشئارلارمۇ بار ئىدى. لېكىن لۇجى يازغان «گىياھ، ئۇچار قانات، ھايۋان، ھاشارات، بېلىق توغرىسىدا نەزمىلەر» دېگەن كىتابنى ۋە يەنە ئىسمى ئانچە تونۇش بولمىغان بىرمۇنچە كىتابلارنى پەقەت شۇ بوۋاينىڭ كىتابخانىسىدىلا ئۇچراتقانىدىم. شۇ چاغلاردا بىرمۇنچە رەسىملەر قىستۇرۇلغان «گۈللەر ئەينىكى» دېگەن كىتابنى ھەممىدىن بەك ياراتتىم. ئۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىلگىرىكى چاغلاردا رەسىملىك «تاغ ۋە دېڭىز دەستۇرى» دېگەن بىر كىتاب بار ئىكەن، ئۇنىڭدا ئادەم باشلىق ھايۋان، توققۇز باشلىق يىلان، ئۈچ پۇتلۇق قۇش، قاناتلىق ئادەم، بېشى يوق ئەمما ئىككى ئەمچىكىنى كۆز قىلغان غەلىتە مەخلۇق ۋەھاكازالارنىڭ

سۈرىتى بار ئىكەن، ئەپسۇسكى ھازىر قەيەردە قويغانلىقىنى بىلمەيدىكەن.

ئەنە شۇنداق رەسىملەرنى كۆرۈپ بېقىش ئارزۇيۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى، تېپىپ بېرىڭ، دەپ قىستاشقا خىجىل بولاتتىم، چۈنكى ئۇ تولىمۇ ھۇرۇن - ئېرىنچەك بىر ئادەم ئىدى. باشقىلاردىن سورىسام، ھېچكىم راستىنى بىلەن جاۋاب بەرمىگەنىدى. ھېيتلىق پۇلۇمدىن يەنە بىرنەچچە يۈز تىيىن بار ئىدى. سېتىۋالاي دېسەم، سېتىۋالغۇدەك پۇرسەتمۇ چىقمىدى. كىتاب دۇكانلىرى بار بازار بىزنىڭ ئۆيدىن ناھايىتى يىراق ئىدى. يىل بويى پەقەت 1 - ئايدىلا بىر قېتىم بېرىپ ئويناپ كېلەتتىم، ئۇ چاغدا كىتاب ساتىدىغان ئىككى دۇكاننىڭ ھەر ئىككىسىلا تاقاقلىق ئىكەن.

ئويۇن - تاماشا بىلەن بولۇپ كەتكەن چاغدا ھېچ گەپ يوق ئىدى، لېكىن بىكار ئولتۇرغان چاغلاردا رەسىملىك «تاغ ۋە دېڭىز دەستۇرى» خىيالىمغا كىرىۋالاتتى.

تولىمۇ خەقىش قىلغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، ھەتتا ئاچاڭمۇ «تاغ ۋە دېڭىز دەستۇرى»غا قىزىقىپ، زادى نېمە گەپ، دەپ سوراپ قالدى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا زادىلا بىرنەرسە دېمىگەنىدىم، ئۇنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى، ئېيتساممۇ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلەتتىم. لېكىن سوراپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم.

10 نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئېھتىمال بىر ئاي ۋاقىت ئۆتكەن بولسا كېرەك؛ ھازىرمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇ رۇخسەت بىلەن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ تۆت - بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى لەمبۇق كۆڭلەك كىيگەن ھالدا قايتىپ كەلدى، مېنى كۆرۈپلا بىر بولاق نەرسىنى ماڭا بەردى ۋە خۇشاللىق بىلەن:

— خوجام، رەسىمى بار «تاغ ۋە دېڭىز دەستۇرى»دىن بىرنى سىزگە ئاتاپ ئەكەلدىم! — دېدى.





خۇددى بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك، پۈتۈن ئەزايىم جۇغۇلداپ كەتتى، دەرھال قولۇمغا ئېلىپ، بولاقنى ئېچىپ قارىسام، تۆت نۇسخا كىتابچە ئىكەن، ئاندا - ساندا ۋاراقلاپ قارىسام، دەرۋەقە ئادەم باشلىق ھايۋان، توققۇز باشلىق يىلان••• دېگەن بىرنېمىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن.

باشقىلار ئورۇنداشنى خالىمىغان ياكى ئورۇنداشقا قادىر بولالمىغان ئىش ئاچاڭنىڭ قولىدىن كەپتۇ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قالتىس كارامىتى بار ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى. ئۆي چاشقىنىمغا قەست قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاداۋىتىم شۇنىڭدىن باشلاپ تامامەن يوقىلىپ كەتتى.

شۇ تۆت كىتاب مېنىڭ قولۇمغا ھەممىدىن ئاۋۋال چۈشكەن، ھەممىدىن بەك سۆيۈندۈرگەن قەدىرلىك كىتاب بولدى.

شۇ كىتابنىڭ تەقى - تۇرقى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ. لېكىن ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرغان تەقى - تۇرقى بويىچە ئېيتسام، تولىمۇ ناچار بېسىلغان كىتاب ئىدى. قەغەزلىرى ساپسېرىق، رەسىملىرىمۇ ناھايىتى ناچار، ھەتتا رەسىملىرىنىڭ تولىسى قاغا پۈتى قىلىپ سىزىلغان، ھەتتا ھايۋانلارنىڭ كۆزلىرىمۇ ئۇزۇنچاق تۆت چاسا قىلىپ سىزىلغان. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۈچۈن ناھايىتى قەدىرلىك كىتاب ئىدى. قارىسىڭىز ھەقىقەتەن ئادەم باشلىق ھايۋان؛ توققۇز باشلىق يىلان؛ بىر ئاياغلىق كالا؛ بەئەينى تۇلۇمغا ئوخشايدىغان ئالتە ئاياغلىق، تۆت قاناتلىق ھايۋان؛ بېشى يوق ۋە لېكىن «ئەمچەكلىرىنى كۆز، كىندىكىنى ئېغىز» قىلغان، «نەيزە بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ»غان شەيتان سىزىقلىق تۇرغان.

شۇنىڭدىن كېيىن رەسىملىك كىتابلارنى تېخىمۇ ئىزدەيدىغان بولدۇم، شۇنداق قىلىپ تاش مەتبەئەدە بېسىلغان «لۇغەت تەلقىنى»، «شەرھ رەسىملىك غەزەلىيات»، «دىيەنشىجەي رەسىملىرى»(30) ۋە «گۈلدار كېمە ئەشئارلىرى» دېگەن كىتابلارنى تاپ-

تىم. «تاغ ۋە دېڭىز دەستۇرى»نىڭ تاش مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىسىنىمۇ سېتىۋالدىم، ئۇنىڭ ھەربىر جىلتىدا رەسىم ۋە مەزمۇنى بار بولۇپ، رەسىملىرى يېشىل، خەتلىرى قىزىل بېسىلغان، ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىسىدىن كۆپ نەپىس ئىدى. شۇ نۇسخىسى ھەتتا ئالدىنقى يىلغىچە قولۇمدا بار ئىدى، ئۇنى خاۋ يىشىڭ[31] شەرھلىگەن بولۇپ، كىچىكلىتىپ بېسىلغان. ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىسىنىڭ قاچان يوقىلىپ كەتكەنلىكى ئېسىمدە يوق.

مېنىڭ ئىنىكئانام، يەنى چاڭ ئانا ۋە يەنى ئاچاڭنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ھازىر 30 يىل بولغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى، تەرجىمىھالىنى زادىلا بىلمىدىم، پەقەت ئۇنىڭ بىرلا ئۆگەي ئوغلى بارلىقىنى بىلەتتىم، ئۇ چوكان ۋاقتىدىلا تۇل بولۇپ قالغان بولسا كېرەك.

رەھىم - شەپقەتلىك، زۇلمەت باسقان يەر ئانا، ئۇنىڭ روھىنى ئۆز قوينىڭدا مەڭگۈ ئامان ساقلىغايسەن!

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى





## «24 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى»[32]

جانلىق تىلغا قارشى تۇرىدىغان، پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقانلارنى قارغاش ئۈچۈن ناھايىتى ئۆتكۈر، تولىمۇ ئۆتكۈر بىر ئەپسۇن تاپسام، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قارغىسام دەپ، ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمەن. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، راستتىن ئۇنىڭ روھى تىرىك قالىدىغان بولسا، ئەنە شۇنداق يامان نىيىتى تۈپەيلىدىن دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدىغان بولساممۇ، ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن؛ نېمە بولسا بولسۇن، جانلىق تىلغا قارشى تۇرغۇچىلارنى، پۇتلىكاشاڭ بولغۇچىلارنى قارغىسام بولدى.

«ئەدەبىيات ئىنقىلابى»[33] دىن بۇيان بالىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلىۋاتقان كىتابلار ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىگە قارىغاندا ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ھەرھالدا ئوقۇيالىسىلا چۈشىنەلەيدىغان سۈرەتلىرىمۇ، سۆزلىرىمۇ بار كىتابلار يوق ئەمەس، ئەمما باشقا غەرەزدىكى بىر تۈركۈم ئادەملەر شۇنداق كىتابلارغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار بالىلار دۇنياسىدا ئازغىنىمۇ لەززەت قالدۇرماسلىق كويىدا بولماقتا. بېيجىڭدا ھازىرمۇ كىچىك بالىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن «ما خۇزى كەلدى» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ «دەريا چېپىش خاتىرىسى»[34] دا بايان قىلىنغان، سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياڭدىغا دەريا چاپتۇرغان، كىچىك بالىلارنى قاسقاندا پىشۇرۇپ يېگەن ما شۇمۇنىڭ ئۆزى شۇ؛ توغرىراقى «ما خۇزى» بولسا كېرەك. بۇ رىۋايەتكە قارىغاندا، ماشۇمۇ دېگەن ئادەم ھونلار[35] دىن بولسا كېرەك. مەيلى ئۇ كىم بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ كىچىك بالىلارنى يېيىشى ھەرھالدا، چەكلىك بولغان، يەنى

پەقەت بىر ئۆمۈرلا شۇنداق قىلالىغان. لېكىن جانلىق تىلغا پۈتلە-
كاشاك بولۇۋاتقانلارنىڭ تارقاتقان زەھەرلىرى كەلكۈن سۇ ۋە يىرتـ-
قۇچ هايۋاندىنمۇ كۈچلۈك، ئۇنىڭ تەسىرى تولىمۇ كەڭ ۋە ئۇزۇنـ-
غىچە داۋام قىلىشى، پۈتۈن جۇڭگونى چوڭ بىر «ما خۇزى» غا
ئايلاندۇرۇپ قويۇشى، شۇنىڭ بىلەن كىچىك باللارنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭ قورسىقىدا ئۆلۈپ تۈگىشى مۇمكىن.

جانلىق تىلنىڭ كۈشەندىلىرى يەر بىلەن يەكسان بولسۇن!

بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىغان تۆرىلەر، تەبىئىيكى، قۇلاقلىرىنى
ئېتىۋالماي قالمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ بۇ گەپلىرىم «چىچاڭلاپ
ئاسمانغا سەكرەتكەن، تىللاپ ئەبجىقىنى چىقارغان، شۇنداق بولسىـ-
مۇ يەنە پەسكويغا چۈشمىگەن» [36] گەپ ـ دە، ئەدىبلەرمۇ «تىل
ئۇسلۇبى» غا تىل تەگكۈزگەنلىك «ئىنسانىي سۈپەت» نى بۇلغىغاـ-
لىق بولىدۇ، دەپ تىللىماي قويمايدۇ. چۈنكى «تىل بولسا يۈرەكـ-
نىڭ ساداسى» ئەمەسمۇ؟ «تىل» بىلەن «ئىنسان» بىر ـ بىرىگە
ئالاقىدار، ئەلۋەتتە. ئىنسانىيەت دۇنياسى ئەسلىدە ئاجايىپ ـ
غارايىپ ئەھۋاللار بىلەن تولغان، پروفېسسورلارنىڭ ئىچىدىمۇ
ئاپتورنىڭ ئىنسانىي سۈپىتىنى «قەدىرلىمەي» ، «ئۇنىڭ هېكايىـ-
لىرى ياخشى دەيدۇ» [37] غان ئالاھىدە مەخلۇقلارمۇ يوق ئەمەس.
لېكىن مەن ئۇلارغا پەرۋا قىلىپ ئولتۇرمايمەن، چۈنكى بەختكە
يارىشا، مەن «پىل چىشى مۇنارى» [38] غا چىققىنىم يوق، شۇنىڭ
ئۈچۈن پەخەس بولۇشۇمنىڭ هاجىتى يوق. ئەگەر پەخەس بولماي
ئۇسۇپ سىلىپ يىقىلىپ چۈشسەم مەيلى. لېكىن يىقىلىپ كېتىپ
يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە يەنە بىر قېتىم دەيمەن.

جانلىق تىلنىڭ كۈشەندىلىرى يەر بىلەن يەكسان بولسۇن!

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قوپال بېسىلغان «بالىـ-
لار دۇنياسى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى زوق بىلەن ئوقۇپ
تۇرغانلىقىنى كۆرسەم، باشقا ئەللەرنىڭ باللار كىتابلىرىنىڭ نە-





پىسلىكىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو باللىرىغا تەبىئىي
هالدا ئىچ ئاغرىتىمەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ ۋە مەن بىلەن
بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلارنىڭ باللىق دەۋرىنى ئەسلىگىنىمدە،
يەنە بۇلارنى بەختلىك هېس قىلاتتىم ـ دە، ئۆزىمىزنىڭ مەڭگۈ
قايتىپ كەلمەيدىغان گۈزەل باهارىمىزنى ھەسرەت بىلەن يادلىماي
تۇرالمايمەن. ئۇ چاغدا بىزدە ئوقۇغۇدەك نېمە بولسۇن دەيسىز،
ئاز ـ پاز رەسىملىرى بار كىتاب بولسىلا، خەلپىتىم، يەنى ئۆز
ۋاقتىدىكى «ياشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان پېشقەدەم» لەر مەنئى
قىلاتتى، تىللايتتى ھەتتا ئالىقانغا پالاق ئۇراتتى. مېنىڭ ساۋاقـ-
داشلىرىم «ئادەم يارىتىلىشىدىن خۇش تەبىئەتلىكتۇر» دېگەن بىرـ-
نېمىلەرنىلا ئوقۇۋېرىپ، تولىمۇ زېرىككەنلىكتىن، نائىلاج بىرىنـ-
چى ۋارىقىنى ئوغرىلىقچە ئېچىپ، «قەلەم پىرى نۇر چاچماقتا»
دېگەن سۆزلەر يېزىلغان، ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان قەلەم پىرىنىڭ
رەسىمىگە قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ گۆدەك، گۈزەللىككە تەلپۈنۈش
خۇسۇسىيىتىنى تەمىن قىلاتتى. ئۇلار تۈنۈگۈنمۇ شۇنى كۆرگەن،
بۈگۈنمۇ شۇنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن
ئويغىنىش ۋە خۇرسەنلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

مەدرىسىدىن باشقا يەرلەردە ئۇنداق مەنئى قىلىدىغان ئىشلار
ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، لېكىن بۇ مېنىڭ ئەھۋالىم، ھەر كەچۈرـ-
مىشلىرى ئوخشاش بولمىسا كېرەك. مېنىڭ باشقا ئادەملەر ئالدىدا
بىمالال كۆرەلەيدىغانلىرىم «پەرىشتە كاتىپنىڭ ساۋابلىق توغرىسىـ-
دىكى خاتىرىلىرى ئۈچۈن ئىزاهلىق سۈرەتلەر» [39] ۋە «ئەزرائىل
ۋە جەبرائىل قىسسىسى» دېگەن كىتابلار بولۇپ ئۇلاردا ئۇ دۇنيادا
ياخشىلارغا مۇكاپات، يامانلارغا جازا بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى
هېكايە رەسىملىرى بار ئىدى: گۈلدۈر ئاتا بىلەن چاقماق ئانا بۇلۇت
ئارىسىدا تۇرغان، كالا باش ئەرۋاھ، ئات يۈز ئەرۋاھلار تۆۋەندە
سايىنىڭ تېشىدەك تۇرغان؛ ئۇ يەردە «چىچاڭلاپ سەكرەش» لا تەڭـ-

ـرىنىڭ قانۇنىغا خىلاپ بولۇپ قالماستىن، ھەتتا بىرەر ئېغىز
سۆز، بىرەر خىيال جايىدا بولماي قالسىمۇ، ئۆز لايىقىدا جازاغا
لايىق بولۇپ قالىدىكەن. ئۇ جازامۇ «كۆز ئالايتىپ قويغانىنىڭ
گۇناھى»(40) غا بېرىلگەن جازا ئەمەس ئىكەن، چۈنكى ئۇ يەر
جىن ـ ئەرۋاھلار ۋە پەرىشتىلەر ھاكىملىق قىلىدىغان، «ئادالەت»
ھۆكۈم سۈرىدىغان بىر جاي بولغاچقا، زىياپەت بېرىش، تىزلىنىپ
يېلىنىشلاردىن پايدا چىقمايدىكەن. دېمەك، ئامال يوق ئىكەن.
جۇڭگو ئالىمىدە ئادەم بولۇپ ياشىماق بۇ يەردە تۇرسۇن، ھەتتا
روھ ـ ئەرۋاھ بولماقمۇ ناھايىتى مۇشكۇل. شۇنداق بولسىمۇ ھەر
ھالدا پانىي ئالەمدىنمۇ ياخشىراق يەر يوق ئەمەس، ئۇ يەردە «تۆرە»
دېگەن بىرنېمە يوق، «ئۆسەك سۆز»مۇ يوق.

بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ قالماي دېسەڭ، باقىي ئالەمنى تەرىپلىد-
مە، بولۇپمۇ پات ـ پات قەلەم تەۋرىتىدىغان ئادەم ھازىرقى جۇڭگو-
دا، ئۆسەك سۆزلەر ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان شارائىتتا، ئۇنىڭ
ئۈستىگە «سۆز بىلەن ھەرىكەتنىڭ بىرلىكى»(41) تەكىتلىنىپ تۇر-
غان بىر ۋاقىتتا، ئىبرەت بولغۇدەك ساۋاقلار ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ،
ئارسىباشېۋ(42) بىر قىزنىڭ سوئالىغا: «تىرىكچىلىك ئەمەلىيەت-
لىرىنىڭ ئۆزىدىن خۇرسەنلىكنى تاپالىغانلار ھايات ياشىيالايدۇ.
ئەگەر شۇ ئەمەلىيەتتىن ھېچ نەرسىنى ئۇچرىتالمايدىكەن، ئۇنداق
ياشىغاندىن كۆرە ئۆلگەن ياخشى» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. شۇنىڭ
بىلەن مىخايلوف دېگەن بىر ئادەم ئۇنىڭغا خەت يېزىپ: «...
شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە تولۇق سەممىيەت بىلەن شۇنداق
مەسلىھەت بېرىمەنكى، ئۆز ھاياتىڭىزنى ئۆلۈۋېلىش يولى بىلەن
تامام قىلىشىڭىز كېرەك، چۈنكى بۇ بىرىنچىدىن لوگىكىغا ئۇي-
غۇن، ئىككىنچىدىن سۆزىڭىز بىلەن ھەرىكىتىڭىز بىر ـ بىرىگە
خىلاپ بولمايدۇ» دەپ تىللىغانىكەن.

ئەمەلىيەتتە بۇنداق گەپ — جانغا قىلىنغان قەست، ئۇ ئۆز





ھاياتىدا خۇرسەنلىكنى ئەنە شۇنداق يول بىلەن تاپقان، ئارسىباشېۋ
شۇنداق قاقشىغان ـ زارلانغان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋال-
مىغان. مىخايلوف ئەپەندىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا قانداق بولغانلىقى
نامەلۇم، ئېھتىمال ئۇ بىر خۇرسەنلىكتىن مەھرۇم قالغاندا، بەلكى
باشقا قانداقتۇر يەنە بىر «نېمە»نى تاپقان بولۇشى مۇمكىن. دەر
ھەقىقەت، «ئەنە شۇنداق چاغلاردا باتۇرلۇق قىلىشتىن خەۋپ تۇ-
غۇلمايدۇ؛ قىزغىنلىقتىن ئەندىشە چىقمايدۇ.»

لېكىن مەن باقىي ئالەمنى تەرىپلەپ قويدۇم، ئەمدى ئۇنى
تۈزىتىشىم مۇمكىن ئەمەس؛ «سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىر ـ
بىرىگە ماس كەلمەيدۇ» دېگەن گۇمانغا قالغان بولساممۇ، لېكىن
ئەزرائىلدىن ياكى جىن ـ ئەرۋاھلاردىن بىرەر يېرىم ـ تىيىن ھەق
ئالغىنىم يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئاقلىيالايمەن. قىسقىسى،
يەنە داۋاملىق يېزىۋېرەي:

مەن كۆرگەن باقىي ئالەم رەسىملىرى ئائىلىمىزدە تەۋەررۇك
بولۇپ ساقلىنىپ كەلگەن كىتابلار بولۇپ، ماڭىلا تەئەللۇق ئەمەس
ئىدى. مېنىڭ قولۇمغا ھەممىدىن ئاۋۋال چۈشكىنى چوڭ جەمەتلىد-
رىمىزدىن بىرى ھەدىيە قىلغان «24 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى» دېگەن
رەسىملىك كىتاب. ئۇ كىتاب ناھايىتى يۇققا بولسىمۇ، لېكىن
ئاستىدا سۈرەتلىرى، ئۈستىدە سۆزلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدا
جىن ـ ئەرۋاھلار ئاز، ئىنسان كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق
كىتاب يالغۇز مەندىلا بولغاچقا، ئۆزۈم ناھايىتى خۇشال ئىدىم.
ئۇ كىتابتىكى ھېكايىلەرنى ھەممە ئادەم بىلىسە كېرەك: ھەتتا
خەت ـ ساۋاتى يوق ئادەملەرمۇ، مەسىلەن، ئاچاڭغا ئوخشاش
ئادەملەرمۇ، كىتابتىكى سۈرەتلەرگە قاراپلا ئۇنىڭدىكى ھېكايىنى
دۇدۇقلىماي سۆزلەپ كېتەلەيتتى. لېكىن مېنىڭ خۇشاللىقىمنى
ئەندىشە قاپلىدى، چۈنكى «ۋاپادار» بولۇشنىڭ شۇقەدەر قىيىن
ئىكەنلىكىنى شۇ كىتابتىكى 24 ھېكايىنى بىراۋغا سۆزلەتتۇرگەن-

دىن كېيىنلا بىلدىم ـ دە، ئىلگىرىكى شېرىن خىياللىرىم، ۋاپادار
بولـۇش پىلانلىرىم پۈتـۈنلەي كۆز يەتـمەيدىغان بىرنەرسە بولۇپ
قالدى.

«ئادەم يارىتىلىشىدىن خۇش تەبىئەتلىكتۇر» مۇ؟ بۇ، ھازىر
تەتقىق قىلىدىغان مەسىلە ئەمەس. لېكىن ھازىرمۇ چالا ـ پۇچۇق
ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، گۆدەك چاغلىرىمدا تۇزكورلۇق قىلىش نىيىتىد-
دە بولغان ئەمەسمەن، ئاتا ـ ئانامغا ۋاپا قىلىشنى ناھايىتى ئارزۇ
قىلاتتىم. بىراق گۆدەك، نادان بولغانلىقىم ئۈچۈن، «ۋاپا» دار
بولۇشنى پەقەت ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىمچە ئىزاھلاپ، «گەپ ئاڭلىد-
سام» ، «ئىتائەت قىلسام» ۋە چوڭ بولغاندىن كېيىن، قېرىپ
قالغان ئاتا ـ ئانامنىڭ قورسىقىنى ئوبدان باقسام بولدى، دەپ
يۈرگەنىكەنمەن. مانا بۇ ۋاپادارلار دەرسلىكى قولۇمغا چۈشكەندىن
كېيىن، ۋاپادار بولۇشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى، بەلكى
نەچچە ئون، نەچچە يۈز ھەسسە قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ
كىتابتا تىرىشسىلا دورىغىلى بولىدىغان ئىشلارمۇ، مەسىلەن، «زىد-
لۇنىڭ ئاشلىق توشۇشى» [43] ، «خۇاڭ شياڭنىڭ تەكىيە تۈۋىدە
ئولتۇرۇپ يەلپۈشى» [44] دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارمۇ بار، ئەلۋەت-
تە. ئەگەر دۆلەتمەن ئادەملەر مېنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىدىغان
بولسا، مېنىڭمۇ «لۇجىنىڭ ماندارىننى بەلۋېغىغا تۇگۈۋېلىشى» [45]
نى دورىشىممۇ قىيىن ئەمەس. «لۇشۈن ئەپەندى، مېھماندارچىلىق-
تا ئولتۇرۇپ، ماندارىننى بەلۋېغىڭىزغا تۈگۈۋېلىپ نېمە قىلىد-
سىز؟» دەيدىغان بولسا، مەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ: «ئانامنىڭ
مېھرى. قايتقاندىن كېيىن ئانامغا بەرمەكچىمەن» دەپ جاۋاب بېرد-
مەن ـ دە، دۆلەتمەن ئادەمگە مەنزۇر بولىمەن، شۇنىڭ بىلەن
بىمالال ۋاپادار بولۇپ قالىمەن، بۇنىڭدا ئاۋارىگەرچىلىكمۇ تارتمايد-
مەن. «نوتا چىقىرىپ بەر دەپ بامبۇكقا يىغلاش» [46] لىرىم ناتاد-
يىن، چۈنكى مېنىڭ ئىخلاسىم تەڭرىنى ئۇنداق تەسىرلەندۈرەلد-





مەس. مېنىڭ كۆز يېشىم بامبۇك نوتىسىنى پەيدا قىلالمىسا،
يۈزۈمنى ئۆرۈپ ئۆز يولۇمغا كېتىۋېرىمەن. «مۇزدا يېتىپ بېلىق
تىلەش» [47] تىن جانغا خەۋپ كېلىدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ھاۋا
ئىسسىق، قارا قىشتىمۇ سۇنىڭ يۈزى ناھايىتى يۇققا مۇز تۇتىدۇ،
ھەتتا كىچىك بالىلار شۇنچە يېنىك بولسىمۇ، ئەگەر مۇز ئۈستىدە
ياتىدىغان بولسا، بېلىق ئۈزۈپ كەلگۈچە مۇزنىڭ چېقىلىشى بىلەن
پولتۇقلاپ سۇغا چۈشۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ئېھتىمال، جان
خەۋپىگە قارىمىغاندا، تەڭرىم ئېرىپ كېتىپ ئۆز كارامىتىنى كۆر-
سىتىشى، كۈتۈلمىگەن مۆجىزىلەرنى يارىتىشى مۇمكىن، لېكىن
ئۇ چاغلاردا مەن تېخى گۆدەك بولغاچقا، ئۇنداق ئەھۋاللارنى
بىلمەيتىكەنمەن.

كىتابتا ماڭا ھەممىدىن بەك چۈشىنىكسىز بولغىنى، ھەتتا
ئوغامنى قايناتقىنى «لاۋ لەيزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى
ئېچىشى» [48] ۋە «گوجۈينىڭ ئۆز بالىسىنى كۆمۈشى» [49] دېگەن
ئىككى ھېكايە.

ھازىرمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ياتقان
بىر چال، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا تـۇرغان بىـر كىچىك بالا مەندە
بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان تەسىراتنى پەيدا قىلغان. قارىسىڭىز
ئۇلار قولىغا بىردىن «تاڭگىر» نى تۇتقان. بۇ نەرسە ھەقىقەتەن
كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ، بېيجىڭلىقلار بۇنى كىچىك دۇمباق دەپ
ئاتايدۇ. جۇ شى [50] : «تاڭگىر — كىچىك دۇمباق؛ ئىككى يېنىدا
قۇلىقى بار؛ ساپىقىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىككى يانغا پىرقىراتسا،
ياندىكى قۇلاقلىرى دۇمباقنى تاراڭلىتىدۇ» دېگەنىكەن. لېكىن بۇ
نەرسە لاۋلەيزىغا مۇناسىپ ئەمەس، ئۇنىڭغا ھاسا تاياق تۇتۇشقا
لايىق. ئۇنىڭ ناغرىنى كۆتۈرۈۋالغانلىقى ھارامزادىلىك، بالىلار
ئۈچۈن ئاھانەت. مەن ئۇنى بىر كۆردۈم ـ دە، ئىككىنچى قېتىم
كۆرۈشكە رايىم بارمىدى، ھەرقاچان كىتابنىڭ شۇ ۋارىقىغا كۆزۈم

چۈشۈپ قالسا، دەرھال ۋاراقلاپ ئۆتۈپ كېتەتتىم.

ئەنە شۇ چاغلاردىكى «24 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى» ناملىق كىتابىمنىڭ نەدە قالغانلىقىنى بىلمەيمەن، ھازىر قولۇمدا قالغىنى ياپونىيىلىك شىياۋتيەن خەيشيەن سىزغان نۇسخىسى. ئۇنىڭدا لاۋ لەيزى توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «يېشى 70، قېرىلىقىنى ئېتىراپ قىلمايسىلەر؛ دائىم ئالا - بۇلىماچ كىيىم كىيىپ، كىچىك بالا بولۇۋېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا ئوينايدۇ. بەزىدە ئايۋانغا سۇ كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ، يالغاندىن يىقىلغان بولۇپ يەردە يېتىۋېلىپ، گۆدەك بالىدەك يىغلايدۇ، ئەنە شۇ يول بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ.» بۇ كىتابنىڭ كونا نۇسخىسىدىمۇ شۇنداق بولسا كېرەك، لېكىن «يالغاندىن يىقىلىش»لىرى ماڭا ياقمايتتى. بالىلار مەيلى تۈزكور بولسۇن، مەيلى ۋاپادار بولسۇن، «يالغانچىلىق» قىلىشنى خالىمايدۇ، ھېكايە ئاڭلىغان چاغدىمۇ ئۆسەك سۆزلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بالىلارنىڭ روھىي ھالىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەرقانداقى بۇ ئەھۋالنى بىلىدۇ.

كونىراق كىتابلارنى تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئۇلاردا يېزىلغانلىرى بۇ قەدەر ساختا ئەمەس. شى پروفېسسورنىڭ «ۋاپادارلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق گەپلەر بار: «لاۋ لەيزى··· دائىم ئالا - بۇلىماچ كىيىم كىيىدىكەن، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا سۇ ئەكېتىۋېتىپ ئايۋاندا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ئاتا - ئانامنىڭ دىلى سۇنمىسۇن، دەپ يەردە يېتىۋېلىپ، بوۋاق بالىغا ئوخشاش يىغلاپتۇ.» («تەيپىڭ شاھنامىسى»نىڭ 413 - بابىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن). بۇ رىۋايەت ھازىرقى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەقىلگە خېلى يېقىن كۆرۈنىدۇ. نىمە ئۈچۈندۇر، كېيىنكى چاغلاردىكى ئەھلى موللىلار بۇ رىۋايەتنى «يالغان»لاشتۇرۇپ، ئۆز كۆڭلىنى ئارام تاپتۇرغان. دىڭ بوداۋ ئۆز بالىسىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، تاغىسىنىڭ بالىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغانىكەن، بۇ-





نىڭدىكى ئاساسىي گەپ پەقەت «مېھرىدىن كېچىش» دېگەن سۆزدىنلا ئىبارەت، لېكىن ئالجىپ قالغان ئادەملەر بۇنىمۇ: ئۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنى دەرەخكە باغلاپ، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بارالمايدىغان قىلىپ قويغانىكەن، دەپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئۇلار «شەرمەندىلىكنى ھۇزۇر دەپ بىلگەن»گە ئوخشاش، ئىنساپسىزلىقنى پەزىلەت دەپ بىلىپ، قەدىمكى ئادەملەرنى قارىلىغان، كېيىنكى ئەۋلادلارنىمۇ يامان يولغا باشلىغان. لاۋ لەيزى ھەققىدىكى رىۋايەت ئەنە شۇنىڭ بىر مىسالى. ئىلمىي تەرىقەتچى جانابلار لاۋ لەيزىنى غۇبارسىز جانان دەپ قاراۋاتقاندا، لاۋ لەيزى بالىلارنىڭ قەلبىدىن ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن.

«تاڭگىر» ئوينايدىغان گوجۈينىڭ بالىسى ھەققىدە ئىچ ئاغرىتىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا خۇشال كۈلۈپ تۇرماقتا؛ دادىسى بولسا ئۇنى كۆمۈشكە ئورەك كولىماقتا. بۇ سۈرەتنىڭ ئىزاھاتىدا: «خەن زامانىسىدىكى گو جۈي كەمبەغەل ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق بىر بالىسى بار ئىكەن، گو جۈينىڭ ئانىسى دائىم ئۆزىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى قىسىپ، شۇ بالىغا بېرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە گو جۈي ئۆز خوتۇنىغا: ‹كەمبەغەللىك دەردىدە ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلالمايۋاتسام، بالىمىز ئانامنىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە شېرىك بولۇۋاتىدۇ. بۇ بالىنى كۆمۈپ تاشلىمايلىمۇ؟› دەپتۇ» دەپ يېزىلغان. لېكىن لىيۇ شاڭ يازغان «ۋاپادارلار تەزكىرىسى»دە بولسا: گو جۈي ئەسلىدە باي ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ئىككى ئۇكىسىغا بېرىۋەتكەنىكەن، بالىسى بولسا، ئۈچ ياش ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇغۇلغانىكەن، دەپ باشقىچە يېزىلغان. لېكىن بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرى ئومۇمەن ئوخشاش: «ئورەكنى ئىككى چى چوڭقۇرلۇقتا كولىغاندا، بىر كوزا ئالتۇن چىقىپتۇ، كوزىدا: ‹تەڭرىم گو جۈيگە ئېھسان قىلدى، مەنسەپدارلارنىڭ ئېلىۋېلىشى، رەئىيىنىڭ تارتىۋېلىشى ھا-

رام!〉 دېگەن گەپلەر بار ئىكەن.»

مەن دەسلەپتە ھېلىقى كىچىك بالىنىڭ قايغۇسىنى قىلىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدىم، كېيىن بىر كوزا ئالتۇن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئاندىن يۈرىكىم ئورنىغا چۈشكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈم ۋاپادار بولۇش نىيىتىگە كېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، دادامنىڭمۇ ۋاپادارلاردىن بولۇشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولدۇم: ھال ـ كۈندىمىز ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاتا ـ ئانام دائىم يېمەك ـ ئىچمەكتىن قىسىلىپ قالغانلىقىمىزدىن قايغۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئاناممۇ قېرىپ قالدى، ئەگەر دادام گو جۈيىنى دورايدىغان بولسا، كۆمىدىغىنى دەل مەن ئەمەسمۇ؟ مۇبادا ئەھۋال شۇ تەقلىدتە بولۇپ، دادام كولىغان ئورەكتىنمۇ بىر كوزا ئالتۇن چىقىپ قالسا، ئۇ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بولاتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇ چاغدا ياشتا كىچىك بولساممۇ، جاھاندا ئۇنداق ئاسان ئىش يوقلۇقىنى پەملىسەم كېرەك.

ھازىر ئويلاپ كەلسەم، شۇ چاغلاردا ناھايىتى ئەخمەق ئىكەنمەن. چۈنكى ھازىر شۇنى بىلىپ قالدىمكى، ئۇنداق كونا سەنەملەرگە ئەسلىدە ھېچكىممۇ دەسسىمەيدىكەن. پەزىلەت ۋە ئەدەپنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى ماقالە، تېلېگراممىلارنى دائىم كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، لېكىن تۆرىلەرنىڭ داق مۇزدا قىپيالىڭاچ ياتقىنىنى، قوماندانلارنىڭ پىكاپتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئاشلىق توشۇغىنىنى كۆرگىنىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر چوڭ بولۇپ قالدىم، «تەيپىن شاھنامىسى»، «قەدىمكى ۋاپادارلار تەزكىرىسى» دېگەندەك كونا كىتابلارنى ئوقۇدۇم؛ «نوپۇس مەسىلىسى»، «تۇغۇتنى چەكلەش»، «XX ئەسىر بولسا بالىلار دۇنياسى» دېگەندەك يېڭى كىتابلارنىمۇ سېتىۋالدىم، كۆمۈلۈشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئاساسلىرىم ئاز ئەمەس. لېكىن ئۇ چاغ بولسا ئۇ چاغ، ھازىر بولسا ھازىر؛ ئۇ چاغلاردا: ئورەكنى كولاپ بولسا، ئالتۇن چىقمى-





سا، «تاڭگىر» بىلەن قوشۇپ ئورەككە تىقىپ، تۆپەمدىن توپا تاشلاپ، دەسسەپ چىڭدىۋەتسە، ئۇنىڭغا نېمە ئامال بولسۇن، دەپ راستتىن قورقاتتىم. ئۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭدىن تارتىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ كەمبەغەللىكتىن قاقشىشىنى ئاڭلاشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدىم؛ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن چوڭ ئانامنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنۈشىدىن قورقىدىغان، ئۇنى دۈشمەن كۆرىدىغان، ھېچبولمىغاندا جېنىمغا بىر ئاز زامىن بولىدىغان ئادەم دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. كېيىنچە بۇنداق تەسىراتلار بارغانسېرى كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، شۇنداق بولسىمۇ بەزى قالدۇقلىرى تاكى شۇ چوڭ ئانام ئالەمدىن ئۆتكۈچە ساقلىنىپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى «24 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى»نى ماڭا بەرگەن رايىش موللا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

# بەش پاسقىنىڭ سەيلىسى[51]

باللار، ھېيت - بايرامدىن باشقا چاغلاردا، تاۋاپ سەيلىسى ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە تەلمۈرسە كېرەك. لېكىن بىزنىڭ ئۆيىمىز ناھايىتى چەت - ياقا يەردە بولغاچقا، سەيلىچىلەر بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە كۆن قايرىلغان ۋاقىت بولۇپ قالاتتى، تاۋاپچىلارمۇ[52] بارا - بارا ناھايىتى ئازلاپ قالاتتى. تولا چاغلاردا كۆز تىكىپ خېلى كۆپ ۋاقىت ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىنلا ئاندىن سېرىق يۈزلۈك ياكى كۆك يۈزلۈك ۋە ياكى قىزىل يۈزلۈك بىر مەبۇدنى كۆتۈرگەن 10 نەچچە ئادەمنىلا كۆرۈپ قالاتتىم، ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتەتتى - دە، تۈگەيتتى.

مەن دائىم، بۇ نۆۋەت كۆرىدىغان سەيلە ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن قىزىق بولسا ئىكەن، دېگەن ئۈمىدتە بولاتتىم. لېكىن نەتىجىسى «ھېچقانچە ئەمەس» بولۇپ چىقاتتى ۋە پەقەت خاتىرە ئۈچۈن بىرلا نەرسە قالدۇراتتى، ئۇ بولسىمۇ تاۋاپچىلار مەبۇدنى كۆتۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى بىر تىيىن خەجلەپ سېتىۋالغان، ئازغىنە لاي، ئازغىنە رەڭدار قەغەز ۋە بىر تال بامبۇك تاياقچە، ئىككى - ئۈچ تال توخۇ پېيىدىن ياسالغان، پۈۋلىسە قۇلىقنى زىڭىلدىتىدىغان ئاۋاز چىقىدىغان، «ئىسقىرتما» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دانە ئۇشتەك. ئۇنى ئىككى - ئۈچ كۈن چېلىپ ئوينايتتىم.

ئەمدى «مازار ئەسلىمىلىرى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ، شۇ چاغدىكى سەيلىلەرنىڭ ھەقىقەتەن قالتىس ھەشەمەتلىك بولغانلىقىنى بىلدىم، بۇ كىتابنى مىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ياشىغان ئادەم يازغانلىقتىن، بىرئاز مۇبالىغە قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. سۇ





مۇئەككىلىدىن يامغۇر تىلەيدىغان ئادەت ھازىرمۇ بار، لېكىن بۇ مۇراسىم ھازىر ناھايىتى ئاددىيلىشىپ كەتكەن؛ 10 نەچچە ئادەم بىر ئەجدىھانى ئايلاندۇرىدۇ، يېزا باللىرى دېڭىز جىنلىرىنىڭ رولىنى ئورۇندايدۇ، خالاس. ئىلگىرىكى چاغلاردا بولسا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قىزىق ھېكايىلەرمۇ ئويناپ بېرىلىدىكەن. «مازار ئەسلىمىلىرى» نىڭ ئاپتورى «سۇ بويىدا» ناملىق ئەسەردىكى قەھرىمانلارنىڭ رولىنى ئويناپ بېرىش ئەھۋاللىرى توغرىسىدا مۇنداق يازغان: «... شۇنداق قىلىپ ئۇلار لياڭشەنبو قەھرىمانلىرىنىڭ رولىنى ئورۇندايدىغان ئادەملەرنى — قارىمۇتۇق ۋە لېكىن پاكار كەلگەن ئادەملەرنى، خادىدەك دارازىلارنى، دەرۋىشلەرنى، سېمىز خاراچانلارنى، قاۋۇل ئاياللارنى، غۇنچە بوي ئاياللارنى، تەرى سەت، بويىنى قىڭغىر، قىزىل بۇرۇت، جىڭگىلەك ساقال ئادەملەرنى ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە كېتىشەتتى. شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنىمۇ قويماي ئىزدەيتتى. ئۇيەردىن تاپالمىسا، شەھەر ئەتراپىدىن، يېزىدىن، يىراق تاغلاردىن، قوشنا ئۆلكە، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىن ئىزدەيتتى. نۇرغۇن ھەق تۆلەپ تەكلىپ قىلاتتى، شۇنداق قىلىپ 36 ئادەمنى ھازىر قىلاتتى، لياڭشەنبو ئەزىمەتلىرى جۇشقۇن ھالدا زەبەردەس بولۇپ ماڭاتتى...» مۇشۇنداق ئاددىي تەسۋىرلەنگەن تىرىك قەدىمىي ئادەملەرنى كىمنىڭمۇ كۆرگۈسى كەلمىسۇن؟! ئەپسۇسكى، بۇنداق تەنتەنە مىڭ سۇلالىسى بىلەن بىللە ئاللىقاچان يوقالدى.

سەيلە، ھازىرقى كۈندە شاڭخەيدە زىنانە تون (ئۇزۇن چاپان)، بېيجىڭدا دۆلەتنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر مەنئى قىلىنغاندەك[53]، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەنئى قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئاياللارنىڭ نارەسىدىلەرنىڭ سەيلە - تاماشىسىغا بېرىشىغا ئىجازەت بېرىلمەيدۇ؛ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر، يەنى موللىلارمۇ ئومۇمەن بارمايدۇ. پەقەت بىكار تەلەپلەرلا بۇتخانا ياكى خانىقا

ئالدىغا بېرىپ تاماشا كۆردۇم. مەن سەيلە توغرىسىدىكى ساۋاتنىڭ تولىسىنى ئەنە شۇنداق تاماشىچىلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن بىلىۋالغان؛ ئۇ ساۋات مەنبەچىلەر ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان ۋە «ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش» نەتىجىسىدە ھاسىل قىلىنغان ساۋات ئەمەس. لېكىن قايسىبىر چاغدا خېلى تەنتەنىلىك بىر سەيلىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىكىممۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: ئاۋۋال بىر كىچىك بالا ئاتلىق كەلدى. ئۇ «خەۋەرچى» دەپ ئاتىلىدىكەن؛ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، «تۇغ» يېتىپ كەلدى، ئۇ بىر تال ئۇزۇن بامبۇك خادىغا ئېسىلغان ناھايىتى ئۇزۇن بىر تۇغ بولۇپ، ئۇنى قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن يوغان، سېمىز بىر ئادەم ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈۋالغان؛ ئەگەر بۇ ئادەم خالىسا، خادىنىڭ تۈۋىنى بېشىغا ياكى چىشىغا ھەتتا بۇرنىنىڭ ئۇچىغا قوياتتى. ئاندىن كېيىن «ياغاچ ئاياغ»، «تەختىراۋان»، «ئاتلىق بالا» دېگەنلەر كەلدى؛ جىنايەتچىلەر رولىدا چىقىپ، بوينىغا شال سېلىنغان، قىزىل چاپان كىيدۈرۈلگەن جىنايەتكارلار كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە كىچىك بالىلارمۇ بار. شۇ چاغلاردا بۇنداق ئىشلار ماڭا شان - شەرەپلىك ئىشلاردەك كۆرۈنەتتى، شۇ ئىشلارغا قاتناشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تەلەيلىك بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ئېھتىمال مەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىغا زوقلانغان بولسام كېرەك. مەن: قاتتىق بىر كېسەل بولۇپ قالسام، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاناممۇ مازارغا بېرىپ، مېنى «جىنايەتكار» رولىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەۋەتىشكە نىيەت قىلسا ئىكەن، دەپ ئويلايتتىم… لېكىن سەيلە - تاۋاپچىلار قاتارىغا كىرىش ماڭا زادىلا نېسىپ بولمىدى.

ئاخىر، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۇڭگۇەندە[54] ئۆتكۈزۈلگەن بەش پاسىقنىڭ سەيلىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن بارماقچى بولۇپ قالدىم. ئۇ سەيلە مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمدە كەم ئۇچرىغان تەنتەنە.





چۈنكى ئۇ سەيلە پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھەممىدىن تەنتەنىلىك بولدى. دۇڭگۇەن دېگەن جاي بىزنىڭ ئۆيدىن ناھايىتى يىراق بولۇپ، شەھەردىن چىققاندىن كېيىن، كېمە بىلەن يەنە 60 نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، ئۇ يەردە باشقىچىلا ئىككى مازار بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى — «لياۋجەي رىۋايەتلىرى»دە بايان قىلىنغان مېيگۇ مازارى. مېيگۇ مەھرەم قىزلىق ئىپپىتىنى ساقلاپ ئۆلتۈرگەن، ئۆلگەندىن كېيىن مالائىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن ۋە لېكىن باشقا بىر ئايالنىڭ ئېرىنى تارتىۋالغانىكەن. ھازىر بۇ مازارنىڭ مېھرابىدا چىرايلىرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان بىر قىز بىلەن بىر يىگىتنىڭ بۇتى بولۇپ، ئۇلار شەرىئەت ئالدىدا نامەھرەم بولۇشتىن تارتىنماي تۇرۇپتۇ. يەنە بىرى — بەش پاسىقنىڭ مازارى. بۇ ئىسمىنىڭ ئۆزىمۇ غەلىتە. مەنبە خۇمار ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلار بەش نەپەر مەبۇد ئىكەن. لېكىن بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ ئېنىق دەلىل - ئاساسلىرىنى كۆرگىنىم يوق. مەبۇدلار بەش نەپەر ئەركەك ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئەپتى - تۇرقىدىن ھېچقانداق پاسىقلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بەش نەپەر ئايال مەبۇد قاتار بولۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ، ئۇلارنىڭ سورۇنى ئەركەكلەردىن «ئايرىم» ئەمەس، دېمەك، ئۇ يەردە ئەركەكلەر بىلەن ئاياللارنىڭ سورۇنىنى ئايرىۋېتىش بېيجىڭدىكى چاڭچىلىخانىلاردىكىدەك چىڭ ئەمەس ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەھۋال «شەرىئەت» ئالدىدا دۇرۇس بولمىسا كېرەك. بىراق ئۇلار بەش نەپەر پاسىق بولغاچقا، نېمە ئامال بولسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭمۇ «باشقا گەپ» بولۇشى تەبىئىي.

دۇڭگۇەن شەھەردىن يىراق بولغاچقا، سەھەردىلا ئورنىمىزدىن تۇردۇق. بىر كۈن ئىلگىرى سۆزلىشىپ قويغان ئۈچ ئەينەك پەنجىرىلىك چوڭ كېمە لىماندا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا كېمە ئورۇندۇقى، ئوزۇق - ئوقەت، چىنە - چەينەك، توقاچ - نان

قاتارلىق نەرسىلەرنى توشۇدۇق. مەن خۇشاللىقىمدىن قىنىمغا پاتمىغان ھالدا، كېمىچىلەرنى، تېزرەك توشۇڭلار، دەپ ئالدىراتتىم. دەل شۇ ئەسنادا كېمىچىلەرنىڭ رەڭگىرويى بىردىنلا بىر قىسما بولۇپ قالدى، بىرئاز ھەيران بولۇپ ئەتراپىمغا قارىسام، دادام ئارقامدا تۇرۇپتۇ.

— ماڭ، كىتابىڭنى ئەكەل، — دېدى ئۇ ئالدىرىماستىن.

دادامنىڭ «كىتاب» دېگىنى ساۋات ئېچىشقا يېڭى كىرىشكەن چاغلىرىمدا ئوقۇغان «تارىخ مۇختەسەر» دېگەن كىتاب ئىدى. چۈنكى مەندە ئۇنىڭدىن باشقا كىتاب يوق ئىدى. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا مەكتەپكە كىرىش يېشىمىز كۆپىنچە تاق بولاتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ يەتتە ياش ئىكەنلىكىم يادىمدا تۇرۇپتۇ.

كۆڭلۈم دەككە - دۈككە بولۇپ، كىتابىمنى ئەكەلدىم. دادام مېنى ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جوزا ئالدىغا باشلاپ كېلىپ ئولتۇرغۇزدى:

— دەرسىڭنى بىرمۇبىر ئوقۇ، — دېدى ئۇ. دەككە - دۈككە بىلەن جۈملىمۇجۈملە ئوقۇدۇم.

دەرسنىڭ ئىككى مىسراسى بىر قۇر ئىدى، تەخمىنەن 20 — 30 قۇرنى ئوقۇغان بولسام كېرەك.

— ماڭا ياخشى ئوقۇپ بەر. يادلاپ بېرەلمىسەڭ، سەيلىگە ئەۋەتمەيمەن، — دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

خۇددى بېشىمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ قالدىم. لېكىن ئامالىم قانچە؟ تەبىئىيكى، ئوقۇدۇم، تەكرارلىدىم، ھەتتا يادلىدىم.

ھەزرىتى پەنگۇ ئەلمىساقتا ئاپىرىدە بولدى؛
شۇندىن باشلاپ كائىناتقا مۇرەببى بولدى؛
بارچە مەخلۇقاتنى رەتلىك يولدا سالدى.





مانا بۇ كىتابنىڭ بېشىدىكى ئەنە شۇ بىرنەچچە جۈملىسىلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، قالغانلىرى يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇ چاغلاردا ئاران يادلىغان 20 — 30 مىسرانىمۇ ئۇنتۇپ قالغانلىقىمدا گەپ يوق. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغلاردا ئاڭلىشىمچە، «تارىخ مۇختەسەر»نى ئوقۇغاننىڭ «1000 سۆزلۈك كىتاب»، «100 فامىلە» دېگەن كىتابلارنى ئوقۇغانغا قارىغاندا پايدىسى كۆپ ئىمىش، چۈنكى ئۇنىڭدىن قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ھازىرقى زامانغىچە بولغان ئەھۋاللارنى ئومۇمەن دېگۈدەك بىلىۋالغىلى بولارمىش. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئەھۋاللارنى ئومۇمەن بىلىۋېلىش ناھايىتى ياخشى ئىش، ئەلۋەتتە؛ لېكىن مەن ئۇ كىتابنىڭ بىرەر ئىبارىسىنىمۇ چۈشەنمەيتتىم. «ھەزرىتى پانگۇ ئەلمەساقتا» دېگەن سۆز «ھەزرىتى پانگۇ ئەلمىساقتا» دېگەن بولىدۇ دەپ ئوقۇۋېرەتتىم؛ «ھەزرىتى پانگۇ ئەلمىساقتا ئاپىرىدە بولدى» دەپ يادلاۋېرەتتىم!...

ئاخىر، لازىملىق نەرسىلەر كېمىگە توشۇلۇپ بولدى، ئۆي ئىچىدىكى قاتىلاڭچىلىق بېسىقتى. ئەتىگەندە چىققان قۇياشنىڭ نۇرى كۈنپېتىشتىكى تاملارغا چۈشۈپ تۇراتتى، ھاۋامۇ ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. ئانام، يىللىقچى، چاڭ ئانا يەنى ئاچاڭمۇ مېنى بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئامال تاپالمىدى. ئۇلار ئىلاجسىز قاراپ تۇرۇشتى، مەن بولسام دەرسىمنى پىششىقلاۋەردىم، يادلىدىم. شۇ جىمجىتلىقتا گويا مېڭەمدە بىرمۇنچە ئامبۇر پەيدا بولۇپ، «ئەلمەساقتا ئاپىرىدە بولدى» دېگەن بىرنېمىلەرنى قىسىۋالغاندەك، ئۆزۈمنىڭ قارىيچىلاپ ئوقۇغان ئاۋازىمنىمۇ، خۇددى كۈز ۋاقتىدىكى چېكەتكىنىڭ كېچىدە چىرىلدىغىنىغا ئوخشاش، تىترەپ چىقىۋاتقاندەك بولدى.

ئۇلار كۈتۈپ ئولتۇرۇشماقتا؛ قۇياشمۇ نەيزە بويى كۆتۈرۈلدى.

مەن بىردىنلا خېلى ئىشەنچلىك هالدا ئورنۇمدىن دەس تۇ-
رۇپ، كىتابنى كۆتۈرگىنىمچە دادامنىڭ هۇجرىسىغا كىردىم - دە،
شارىلداپ يادقا ئوقۇپ بەردىم.

— دۇرۇس. بارغىن، — دېدى دادام بېشىنى لىڭشىتىپ.

هەممەيلەنگە تەڭلا جان كىردى، چىرايلىرىمۇ ئېچىلدى، لى-
مانغا قاراپ ماڭدۇق. يىللىقچىمىز، خۇددى مېنىڭ ئۇتۇقۇمنى
تەبرىكلىگەندەك، مېنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە هەممىنىڭ ئالدىدا
تېز - تېز ماڭاتتى.

لېكىن مەن ئۇلارچىلىك خۇشال بولۇپ كەتمىدىم. كېمە يولغا
راۋان بولغاندىن كېيىن يول بويىدىكى مەنزىرىلەر، زەللە - توقاچ-
لار ۋە دۇڭگۇەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بەش پاسىق سەيلىسى-
نىڭ قىزغىن شاۋقۇنلىرى مېنىڭ نەزىرىمدە هېچقانچە نەرسە بول-
ماي قالدى.

تاكى هازىرغىچە، باشقا هەممىسى يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەت-
كەن بولسىمۇ، پەقەت «تارىخ مۇختەسەر»نى قارىيچىلاپ ئوقۇغان-
لىقىم تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېنىق يادىمدا تۇرۇپتۇ.

بۈگۈنكى كۈندە خىيالىمغا كەچسىمۇ، دادامنىڭ نېمىشقا شۇ
چاغدىلا ماڭا كىتابنى ياد ئوقۇشقا زورلىغىنىغا هەيران بولىمەن.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى





# ئەزرائىل[55]

تاۋاپ سەيلىسى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى، سەيلە قىلىپ چىقىدىغان
پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىش ياكى ئۆلتۈرۈش هوقۇقى بولارمىش —
ياق، يارىتىش ياكى ئۆلتۈرۈش هوقۇقى دېگەن سۆزۈم ئانچە مۇۋا-
پىق ئەمەس. جۇڭگودا پەرىشتىلەرنىڭ هەرقاندىقىنىڭ ئۆز مەيلىچە
ئادەم ئۆلتۈرۈش هوقۇقى بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن كۆرە ئۇلارنى،
شەھەر مۇئەككىلى[56] ۋە تەيشەن پىرىمگە[57] ئوخشاش، خەلقنىڭ
هايات - ماماتىغا ئائىت چوڭ ئىشلارنى ئۆز قولىدا تۇتىدۇ، دېگەن
تۈزۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەيلىگە چىققان پەرىشتىلەرنىڭ پەخرى
قاراۋۇللىرى ئىچىدە جىن ئەسكەر، جىن شاھ ۋە تىرىك
ئەزرائىل[58] دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە ئالاھىدە رولدا چىقىدى-
غان ئادەملەرمۇ بار.

بۇ جىنلارنىڭ رولىنى تامامەن سوكال - سولتەكلەر ۋە سەھ-
رالىقلار ئورۇندايتتى. جىن ئەسكەر ۋە جىن شاهلار ئالىيىشىل
كىيىنگەن، يالاڭ ئاياغ بولاتتى؛ كۆك يۈزلىرىگە بېلىق قاسىراقلى-
رى سىزىلغان؛ ئېھتىمال ئەجدىھانىڭ ياكى باشقا قانداقتۇر بىرنې-
مىلەرنىڭ قاسىراقلىرى بولسا كېرەك، ئۇنى مەن ئانچە بىلىپ
كېتەلمىدىم. جىن ئەسكەرلەرنىڭ قوللىرىدا پولات ئارا، ئارىنىڭ
هالقىلىرى جاراڭلاپ تۇرىدۇ. جىن شاهلارنىڭ قوللىرىدا كىچىك-
كىنە بىر يولۋاس باشلىق سىپەر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جىن
شاهلار بىر پۇتى بىلەن ماڭىدىكەن؛ لېكىن ئۇ رولنى سەھرالىقلار
ئالغانلىقى ئۈچۈن، يۈزىگە بېلىق ياكى باشقا بىر نەرسىنىڭ قاسى-
راقلىرىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولسىمۇ، ئىككى پۇتى بىلەن مې-

ڭىشقا مەجبۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تاماشىچىلار ئۇلاردىن ئانچە ئەيمىنىپ كەتمەيدۇ ۋە ئېتىبارمۇ قىلمايدۇ، پەقەت بۇددا ئايەتلىرىنى ئوقۇيدىغان بۇۋىلەر ۋە ئۇلارنىڭ نەۋرىلىرىلا كۆڭلى قالمىسۇن ئۈچۈن، ئۇلارغا «پەرمانلىرىنى ئېھتىرام بىلەن كۈتۈپ تۇرۋاتىمىز» دېگەندەك مۇراسىم بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

بىز — مەن ئىشىنىمەنكى، مەن ئۆزۈم ۋە باشقا بىرمۇنچە ئادەملەر — بولساق تىرىك ئەزرائىلنى كۆرۈشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلاتتۇق. تىرىك ئەزرائىل شوخ ۋە قىزىقچى ئىدى. ئۇ ئالىيېشىلچىلىق ئىچىدە پەقەت ئۆزىنىڭ قارىدەك ئاپئاق ئۇستىۋېشى بىلەنلا توخۇ ئارىسىدا تۇرغان «قاقىر»غا ئوخشاش ئالاھىدە كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاق قەغەزدىن ياسالغان ئۇزۇن كۇلالىسىنى ۋە قولىدىكى بانان يوپۇرمىقىدىن ياسالغان پۇچۇق يەلپۈگۈچىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا دىققەت قىلاتتى ۋە سۆيۈنەتتى.

خەلق ئەنە شۇنداق جىنلار بىلەنلا ناھايىتى تونۇش ۋە ئۇلارغا ناھايىتى كۆڭلى يېقىن، ئۇلارنى ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، شەھەر مۇئەككىلى مازىرىنىڭ ياكى تەيشەن پىرىم مازىرىنىڭ چوڭ ئايۋىنىنىڭ ئارقىسىدا «ئاخىرەت ھۇجرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان قاراڭغۇ ئۆي بار، ئۇ يەردىكى ئېسىلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ جىنى، يىقىلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ جىنى، يولۋاس يەپ كەتكەنلەرنىڭ جىنى، ئىمتىھاندا ھالاك بولغانلارنىڭ جىنى… دېگەندەك ھەر خىل جىنلارنىڭ ھەيكىلىنى غۇۋا كۆرگىلى بولىدۇ. شۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىش بىلەنلا كۆزگە تاشلىنىدىغان ئۇزۇن ۋە ئاق نەرسە ئەنە شۇ تىرىك ئەزرائىلنىڭ ئۆزى. قايسىبىر چاغدا شۇ «ئاخىرەت ھۇجرىسى»نى زىيارەت قىلغان بولساممۇ، لېكىن ئۇ چاغدا قورقۇنچاق بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئوبدان سەپسالماپتىكەنمەن. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ بىر قولىدا سىم ئارغامچا بار ئىكەن، چۈنكى ئۇ ئۆلگۈچىلەرنىڭ روھىنى ئارغامچا بىلەن سۆرەپ ئەكېلد-





دىغان ئەلچى ئىمىش. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، فەنجياڭدىكى[59] تەيشەن پىرىم مازىرىدىكى «ئاخىرەت ھۇجرىسى» ئەسلىدە ناھايىتى غەلىتە ياسالغانىكەن؛ بوسۇغىسىدا بىر دانە لىڭگىرتاقتاق تاختا بار ئىكەن، ئىشىكتىن كىرگەن ئادەم بۇ تاختىنىڭ بىر بېشىغا دەسسەش بىلەنلا، تاختىنىڭ ئۇ بېشىغا قوندۇرۇپ قويۇلغان تىرىك ئەزرائىل ئېتىلىپ كېلىپ، قولىدىكى سىم ئارغامچىنى شۇ ئادەمنىڭ بوينىغا كىيدۈرۈۋالىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا مۇشۇنداق ئادەملەردىن بىرى قورقۇپ ئۆلۈپ كەتكەچكە، تاختىنى مەھكەم مىخلاپ قويۇشقانىكەن، شۇڭا مېنىڭ گۆدەك چاغلىرىمدىلا، ئۇ تىرىك ئەزرائىل قىمىرلىماس بولۇپ قالغانىكەن.

ئەگەر ئېنىق كۆرگۈڭىز بولسا، «ئەزرائىل - جەبرائىل قىسسىسى»دە ئۇنىڭ سۈرىتى بار. بىراق ئۇ قىسسەنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى ئوخشاش ئەمەس، مۇرەككەپ ۋە ئاددىي نۇسخىلىرى بار؛ مۇرەككەپ نۇسخىسى تېپىلسا، ئۇنىڭ سۈرىتى چوقۇم ئۇنىڭدىن تېپىلىدۇ. ئۇ ئۇستىگە ماتادىن ئېتەكلىرى تىكىلمىگەن ماتەم كىيىمى كىيگەن؛ بېلىگە كۇلا ئارغامچا باغلىۋالغان، ئايىغىغا پاخالدىن توقۇلغان كېپىش كىيگەن؛ بوينىغا بولسا قەغەز داچەنلەرنى ئېسىۋالغان. قولىدا بانان يوپۇرمىقىدىن ئىشلەنگەن يىرتىق يەلپۈگۈچ، سىم ئارغامچا، سەنپەن. ئۇنىڭ ئىككى دولىسى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك تىك چىقىپ تۇرىدۇ، چاچلىرى بولسا سىلىنىپ تۇرىدۇ؛ قاش - قاپاقلىرىنىڭ تاشقى جىيەكلىرى « ٨ » شەكلىدە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. بېشىدا تۆۋى يوغان، ئۈچى ئۇچلۇق، نىسبەت بويىچە ھېسابلىغاندا، ئېگىزلىكى ئىككى چى كېلىدىغان ئۇزۇن كۇلا؛ ئۇ كۇلانىڭ ئالدى تەرىپىدە، يەنى سارقىندى قېرىلار ۋە سارقىندى ياشلارنىڭ شاپاق دوپپىسىنىڭ بىرەر دانە مەرۋايىت ياكى ياقۇت قوندۇرۇۋالىدىغان يېرىدە «بىر كۆرسەڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. يەنە بىر خىل نۇسخىسىدا بولسا

«سەنمۇ كەپسەن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. بۇ سۆزلەر بەزىدە «ئادىل سوراقچى» باۋگۇڭنىڭ مازىرىنىڭ دەرۋازا بېشىغىمۇ يېزىلىدىكەن. ئەزرائىلنىڭ كۇلاسىغا كىم يازغان، ئۇ ئۆزى يازغانمۇ، جەھەننەمنىڭ شاھى يازغانمۇ، بۇنى تەتقىق قىلىپ چىقالمىدىم.

«ئەزرائىل - جەبرائىل قىسسىسى» دېگەن كىتابتا تىرىك ئەزرائىل قاتارىدا يەنە بىر خىل جىن بار، ئۇنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ تىرىك ئەزرائىلغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇ «ئەجىلى مۇتلەق» دەپ ئاتىلىدۇ. تاۋاپ سەيلىسىگە ئۇمۇ ئىشتىراك قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمى باشقىچە قىلىپ «ئۆلۈك ئەزرائىل» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۇنىڭ رەڭگىرويى، كىيىملىرى تۇم قارا بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ: ئۇمۇ «ئاخىرەت ھۇجرىسى» دا بار، ئۇ كۆكرىكىنى تامغا يېقىپ، ناھايىتى سۇرلۇك ھالدا تۇرىدۇ؛ «بۇرۇنغا يېدى» [60] دېگەن گەپ ئەنە شۇ. كۇجە كۆيدۇرۇش ئۇچۇن كەلگەن ئادەملەر ئۇنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ ئۆتۈشى شەرت، شۇنداق قىلغاندا بالا - قازادىن ساقلىنىپ قالارمىش. مەنمۇ بالا ۋاقتىمدا ئۇنىڭ دۇمبىسىنى سىلىغاندىم، لېكىن بالا - قازالاردىن زادىلا خالىي بولالمىغاندەك تۇرىمەن. ئېھتىمال شۇ چاغدا سىلىمىغان بولسام، ھازىرقى كۇندە بېشىمغا كېلىپ تۇرغان بالا - قازالار تېخىمۇ ئېغىر بولارمىدۇكى؛ بۇنىمۇ تەتقىق قىلىپ بىر يەرگە ئاپىرالمىدىم.

خىنايانا مەزھىپىدىكى[61] بۇددا كىتابلىرىنىمۇ تەتقىق قىلغىنىم يوق؛ لېكىن ئاندا - ساندا ئاڭلىغانلىرىمغا قارىغاندا، ھىندىلارنىڭ بۇددا كىتابلىرىدا «ئاغزىدىن ئوت چاچىدىغان جىن» بار ئىكەن، «كالا باش ئافان» [62] مۇ بار ئىكەن، ئۇلار جەھەننەمدە مۇدىرلىق قىلىدىكەن. ئۆلگۈچىلەرنىڭ روھىنى سۆرەپ ئەكېتىدىغان ئەلچى، يەنى ئەزرائىل ئەپەندى توغرىسىدا قەدىمدىن تارتىپ دەلىل - ئاساس بولمىسا كېرەك، دائىم ئاڭلايدىغانلىرىمىز پەقەت «ئۆمۈر مەڭگۈلۈك ئەمەس» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەردىنلا ئىبا-





رەت. بۇ گەپ جۇڭگوغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى كونكرېتلاشتۇرغان بولسا كېرەك، بۇ ھەقىقەتەن بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىجادىيىتى.

كىشىلەر نېمىشقا ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدۇ ۋە سۆيۈنىدۇ؟

مەيلى قانداقلا بىر جاي بولسۇن، ئەگەر شۇ جايدىن بىرەر موللا، ئالىم ياكى مەشھۇر ئەرباب چىقىدىغان بولسا، ئۇ ئۆز قولىدىكى قەلەمنى بىر ئوينىتىش بىلەن شۇ جاينى ناھايىتى ئاسانلا «ئۆلگىلىك ناھىيە» [63] گە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. مېنىڭ يۇرتۇمنى خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە يۈ جۇڭشياڭ ئەپەندىم تەرىپلىگەنىكەن، بىراق ئۇ تولىمۇ كونا گەپ. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ يەر دېگەندەكلا «شاۋشىڭلىق ئاقساقال» [64] دېگەنلەرنى پەيدا قىلىپ تۇردى، بىراق ئەر - ئايال، قېرى - ياشلارنىڭ ھەممىسىلا «شاۋشىڭلىق ئاقساقال» ئەمەس، ئۇ يەردە باشقا «پېقىر» لەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنداق «پېقىر» لەرگە «بىز — ھازىر خەۋپلىك چىغىر يولدا كېتىۋاتىمىز، سول تەرىپىمىز بىپايان سازلىق، ئوڭ تەرىپىمىزمۇ پايانى يوق دەشت، ئالدى تەرىپىمىز بولسا — تۇمان قاپلىغان كۆز يەتمەس مەنزىل» [65] دېگەندەك ئالجىغان، مۇلاھىزىلەرنى يېزىڭلار دەيدىغان بولسا، بۇنى يېزىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، لېكىن ئۇلار «كۆز يەتمەس مەنزىل» گە يېتىپ بېرىشنىڭ يوللىرىنى، يەنى رەپىق تېپىش، تۇرمۇش قۇرۇش، پەرزەنتلىك بولۇش، ئاخىر ئۆلۈش يوللىرىنى ئىختىيارسىزلا ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. لېكىن مەن بۇ گەپنى پەقەت ئۆز يۇرتۇم نۇقتىسىدىنلا ئېيتىۋاتىمەن، «ئۆلگىلىك ناھىيە» خەلقى نەزىرىدە باشقىچە بولۇشى تۇرغان گەپ. ئۇلار كەمىنىلىرىگە يۇرتداش «پېقىر» لەرنىڭ تولىسى تىرىكچىلىك قىلماقتا، جەبىر - جاپا تارتماقتا، ئۆسەك سۆزلەرگە قالماقتا، بوھتانغا ئۇچرىماقتا، ئۇلار نۇرغۇن

تەجرىبىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىكتىن، پانىي ئالەمنىڭ «ئادالەت» لىكىنى قوغدايدىغان بىرلا ئۇيۇشما[66] بارلىقىنى ۋە بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئۆزى «كۆز يەتمەيدىغان» بىرنەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باقىي ئالەمگە ئىنتىلىشكە مەجبۇر. ئادەم، ئومۇمەن ئاز - پاز دەرد - ئەلەمدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. تىرىك «ئالىيجاناب» لار پەقەت پالان نېمەمنىلا ئالدىيالايدۇ؛ ئەگەر «نادان ئادەملەر» دىن سورايدىغان بولسا، ئۇلار ھېچبىر ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا: ئادىل ھۆكۈم ئاخىرەتتە! دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن.

ھاياتلىقنىڭ لەززىتىنى ئويلىغاندا، ھاياتلىقتىن مېھرىنى ئۈزگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن ھاياتلىقنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى ئويلىغان ئادەمگە ئەزرائىلنىڭ شۇم ئاياغ مېھمان بولۇپ كۆرۈنۈشىمۇ ناتايىن. ئەنە شۇنداق شۇم ئاياغ مېھمان يېتىپ كەلگەندە، مەيلى ئېسىلزادە ياكى پېقىر بولسۇن، مەيلى گاداي ياكى باي بولسۇن، «تىغ جېنى بىلەنلا ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ»، دەردمەنلەر دەردتىن قۇتۇلىدۇ، جىنايەتكارلار جازاسىنى تارتىدۇ. «پېقىر» لەرمۇ ئۆز ھاياتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىدىن ھېساب بەرمەي قالارمۇ؟ بىر ئۆمۈر قانداق ئىنسان بولۇپ ياشىدىم؟ «چىدچاڭلاپ ئاسمانغا سەكرىگەن» چاغلىرىم بولمىغاندۇرمۇ؟ «تەنە ئوقى»[67] ئاتمىغاندۇرمەنمۇ؟ دەپ ھېساب بەرمەي قالمايسەن. ئەزرائىلنىڭ قولىدا ھېساب ئالىدىغان يوغان سەنپەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرقانچە غادىيىپ تۇرساڭمۇ بىكار. ئۆزگىگە قىل سىغمايدىغان ئادالەتنى پەش قىلىش، ئۆزگە ھەتتا ئاخىرەتتە بولسىمۇ، ياخشىراق ئاز - تولا رەھىم - شەپقەت تېپىۋېلىش ھەرھالدا ياخشى ئىش بولسا كېرەك. لېكىن ئاخىرەت بەرىبىر ئاخىرەت، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغان جەھەننەم سۇلتانى، كالا باش ئافان ۋە جۈڭگولۇقلار ئۆزلىرى ئويلاپ تاپقان ئات يۈز[68] لەر بولسا قوشۇ-





چە ۋەزىپە ئۆتمەيدۇ، ئادالەتنى ھەق جايىغا قارار تاپتۇرىدۇ، ئۇلار گېزىت - ژۇرناللاردا چوڭ ماقالىلەر ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ. روھ - ئەرۋاھقا ئايلىنىشتىن ئىلگىرى، ھارامخورلۇق قىلمىغان ئادەملەر يىراق كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈتۈن ئادالەتتىن ئاز - پاز رەھىم - شەپقەت تېپىش كويىدا بولماي قالمايدۇ، ئەنە شۇ چاغدا بىزنىڭ جانابىي تىرىك ئەزرائىلىمىز ئۇلارنىڭ كۆزىگە بەك ئىسسىق كۆرۈنىدۇ ۋە پايدىنىڭ چوڭىغا، زىياننىڭ كىچىككىگە تۇرىدۇ، بىزنىڭ قەدىمكى ھەكىمىمىز موزى[69] جانابىنىڭ «كىچىككىگە تۇر» دېگىنى ئەنە شۇ.

تىرىك ئەزرائىلنىڭ مېھرى ئىسسىق ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ مازار - ئىبادەتخانىدىكى لاي ھەيكىلىدىن، كىتابلارغا بېسىلغان كۆرۈنۈشىدىن بىلگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى، چاڭچىلىدىن كۆرۈش كېرەك. لېكىن ئادەتتىكى چاڭچىلىلەرمۇ بولمايدۇ، «چوڭ چاڭچىلە» ياكى «مۇلىيەن چاڭچىلىسى»[70] نى كۆرۈش كېرەك. مۇلىيەن چاڭچىلىسىنىڭ قىزىقلىقى توغرىسىدا جاڭ دەي ئۆزىنىڭ «ئەسلىمىلىرىم» دېگەن كىتابىدىمۇ، ئۇدا ئىككى - ئۈچ كۈن ئوينىلىدۇ، دەپ مەدھىيىلىگەنىكەن. لېكىن مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدا ئەھۋال باشقىچە ئىدى، ئۇ خۇددى باشقا چوڭ چاڭچىلىلەرگە ئوخشاشلا كەچقۇرۇندا باشلانسا، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە تۈگەيتتى. ئۇ چاڭچىلىلەر روھ - ئەرۋاھلارغا سېغىنىش، بالايىئاپەتلەردىن خالىي بولۇش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان دۇئا - تەلەپلەر ۋاقتىدا ئوينىلاتتى، سەھنە ئەسىرىدىكى قەھرىمانلار ئىچىدە جەزمەن رەزىل ئادەملەردىن بىرەرى بولۇشى كېرەك، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەن ۋاقىت ئەنە شۇنداق رەزىل ئادەملەر يىغىشتۇرۇلىدىغان ۋاقىت ئىدى، ئۇنىڭ «جىنايەت - قىلمىشلىرى چېكىگە يەتكەن» دە، جەھەننەم سۇلتانى ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشقا ئەمر قىلاتتى، ئەنە شۇ چاغدا ھېلىقى تىرىك ئەزرائىل سەھنىدە

پەيدا بولۇپ قالاتتى.

ئەنە شۇنداق چاڭچىلە سەھنىسى ئالدىدا كىمدە ئولتۇرغان چىغىمدىكى ئەرۋاھلار ھازىرمۇ ئېسىمدە بار، تاماشىچىلارنىڭ تاڭ سۇزۇلگەن چاغدىكى روھىي ھالىتى ئادەتتىكىدىن باشقىچە بولاتتى. ئادەتتە تاماشىچىلار تۈن كېچە بولغانسېرى ئېزىلىپ - ئەسنەپ ئولتۇرغان بولسا، تاڭ ۋاقتىدا باشقىچىلا جانلىنىپ قالاتتى. تىرىك ئەزرائىل بېشىغا كىيىدىغان ئۇزۇن قەغەز كۇلا ئەسلىدە سەھنىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئېسىقلىق تۇرىدىكەن، تاڭ ۋاقتىدا ئۇنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كېتىدىكەن. بىر خىل غەلىتە سازمۇ بولۇشچە چېلىشقا ھازىر تۇرىدىكەن. بۇ ساز ئىنچىكە، يەتتە - سەككىز چى ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، كانايغا ئوخشايدىكەن، بۇنداق سازنى جىن - ئەرۋاھلار زوق بىلەن ئاڭلىسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن جىن - ئەرۋاھلار بىلەن ئالاقىسىز چاغلاردا چېلىنمايتتى. ئۇنىڭدىن Nhatu,nhatu, nhatu tu u, دېگەن ئاۋاز چىقاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى «مۇلىيەنىنىڭ كانىيى» دەيتتۇق.

تاماشىچىلار رەزىل ئادەمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغاندا، تىرىك ئەزرائىل سەھنىدە پەيدا بولاتتى، ئۇنىڭ كىيىنىشى رەسمىدىكىدىن ئاددىي بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا سىم ئارغامچىمۇ، سەنپەنمۇ بولمايتتى، ئۇ يۈزىگە ئۇپا، كالپۇكىغا ئەڭلىك سۈرتۈلگەن، تۇم قارا قاشلىق، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بولاتتى. كۈلگەنلىكىنى ياكى يىغلىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاپئاق بىرنەرسە ئىدى. لېكىن ئۇ سەھنىگە چىقىش بىلەنلا 108 قېتىم چۈشكۈرىدىكەن، 108 قېتىم ئوسۇرىدىكەن، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى سۆزلەيدىكەن. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ سۆزلىرى ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ بىر قىسمى مۇنداق بولسا كېرەك:





«......

ئەمر قىلدى سۇلتانىم ئېلىپ كەل دەپ،
يان قوشنانىڭ تازنى تۇتۇپ كەل دەپ.
ئەسلىدە ئۆز تۇغقىنىمنىڭ بالىسى ئىكەن ئۇ،
سورىسام، كىم ئىكەن ئۇ، دەپ.

سورىدىم ئۇنىڭدىن، نېمە كېسەل دەپ،
بەردى جاۋاب، تولغاق ئارىلاش كېزىك، دەپ.
سورىدىم، قايسى تېۋىپقا كۆرسەتتىڭ، دەپ،
بەردى جاۋاب، چىن نيەنيىنىڭ ئوغلى، دەپ.

سورىدىم، بەرگىنى نېمە دورا دەپ،
بەردى جاۋاب، فۇزى، دارچىنغا قوشۇپ لېپەكگۈل دەپ.
دېدى ئۇ: سوغۇق تەر چىقتى بىرىنچى قېتىم يەپ،
ئىككى پۇتۇم تۈزلەندى ئىككىنچى قېتىم يەپ.

يەڭگەمنىڭ يىغا - زارىغا بولۇپ بىتاقەت،
قالدۇرۇپتىمەن پانىي دۇنيادا بىردەم ياشىسۇن دەپ.
سۇلتانىم قىرىق كالتەك ئۇردى باغلاپ،
پارە ئالمىغان بولساڭ قالدۇرارمىدىڭ دەپ!»

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان چىن نيەنيى شاۋشىڭلىق مەشھۇر تېۋىپ ئىكەن. يۇ جۇڭخۇا ئۇنى ئۆزىنىڭ «باسمىچىلارنىڭ بېسىقتۇرۇلۇشى» ناملىق ھېكايىسىدە ئۇنى ئەۋلىيا قىلىپ تەسۋىرلىگەنىكەن. لېكىن ئۇنىڭ ئوغلى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىر ئادەم بولۇپ چىققان بولسا كېرەك.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان جەھەننەم سۇلتانىمۇ ئانچە پەملىك

بولمىسا كېرەك، ئۇ تىرىك ئەزرائىلنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى — ياق، شەيتان پەزىلىتى — نى توغرا چۈشەنمىگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ «پانىي دۇنيادا بىردەم قالدۇرۇلغان» لىقىنىمۇ بىلىۋالغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ «زېرەك ۋە توغرا پەرىشتە» لىكىنى ھەرھالدا يوقاتمىغان. بىراق ئۇنىڭ بەرگەن جازاسى بىزنىڭ تىرىك ئەزرائىلىمىزنى ئۆچمەس داغ - ھەسرەتتە قالدۇرغان. شۇڭا ئۇ، بۇ ئەھۋال تىلغا ئېلىنغاندا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بانان يوپۇرمىقىدىن ئىشلەنگەن پۈچۈق يەلپۈگۈچىنى قولىدا چىڭ تۇتۇپ، يۈزىنى يەرگە قىلغىنىچە، خۇددى ئۆردەك سۇ ئۈزگەندەك، ئۇسسۇل ئوينايتتى.

«مۇلىيەنىڭ كانىيى»مۇ nhatu, ngatu, nhatu, nhatu nhatu, tu tu u! قىلىپ، دەرد - ھەسرەتكە چىدىمىغاندەك چېلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىرىك ئەزرائىل ئۆزىنىڭ قارارىنى بايان قىلاتتى:

مەيلى سەن بېكىنگىن پولات ئىستىھكامغا،
مەيلى سەن تۇغقان بول شاھۇسۇلتانغا!
ئەمدى قويۇپ بەرمەيمەن مەن سېنى ئەسلا!
......

«قەھرى بار، زەھرى يوق» دېگەندەك، تىرىك ئەزرائىل شۇنىڭدىن كېيىن رەھىم - شەپقەت قىلمايدىغان بولىدۇ. بۇنىڭغا جەھەننەمنىڭ خوجىسىنىڭ كايىشى سەۋەب بولغان؛ دېمەك، ئىلاجسىزلىقتىن بولغان. بارلىق جىن - ئەرۋاھلار ئىچىدە پەقەت تىرىك ئەزرائىللا بىرئاز رەھىمدىل. بىز جىن - ئەرۋاھقا ئايلانمىساقۇ مەيلىدى، ئەگەر جىن - ئەرۋاھقا ئايلىنىپ قالىدىكەنمىز، بىز ئۈچۈن پەقەت شۇنىڭغىلا بىرئاز يېقىنچىلىق قىلىش مۇمكىن





بولىدىغانلىقى تۇرغان گەپ.

ھازىرچە ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، يۇرتۇمدىكى چاغدا، جىن دېسىمۇ، ئىنسان دېسىمۇ بولىدىغان، ھەم ئادىل، ھەم رەھىمدىل، ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم يېقىملىق بولغان، بۇ ئەزرائىل ھەققىدە «پېقىر»لەر بىلەن پاراڭلاشقىنىمدا، ئۇنىڭغا زوق بىلەن قارايتتىم، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ يىغا ياكى كۈلكىسىدىن، قاتتىق گەپ ۋە خۇش چاقچاقلىرىدىنمۇ ھوزۇرلىناتتىم...

لېكىن تاۋاپ سەيلىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئەزرائىل سەھنىسىدىكىسىگە ئانچە ئوخشاشمايدۇ. ئۇ ھەرىكەت قىلىشىنىلا بىلىدۇ، گەپ - سۆز قىلمايدۇ، بىر پەتنۇس غىزانى كۆتۈرۈۋالغان، كەمەك ھەييارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرىنىڭ كەينىگە چۈشۈۋالىدۇ، غىزانى يەيمەن دەيدۇ، لېكىن ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا بەرمەيدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە «پەزىلەتلىك ئالىيجاناب»لار[71] نىڭ نەزىرىدىكى «خوتۇن - بالا»[72] دېگەن ئىككى رولمۇ قوشۇلغان. ئومۇمەن «پېقىر»لەردە ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر ئىشنى باشقىلارغىمۇ سايە قىلىدىغان ئەيىب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار جىنلارنىڭمۇ يالغۇز قېلىشىنى خالىمايدۇ، جىن - ئەرۋاھلارنىمۇ ئىككىدىن - ئىككىدىن قىلىپ قويىدۇ. ئەزرائىللارمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن روللارنىڭ بىرىدە چىرايلىق ئايال چىقىدۇ، ئۇ يېزا ئاياللىرىغا خېلىلا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنى ھەممە ئادەم ئەزرائىل قۇشناچىم دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، ئەزرائىل بىز بىلەن بىر دېمەتلىك، شۇڭا ئۇ پروفېسسور ئەپەندىلەردەك گىدەيمەيدىكەن. يەنە بىر كىچىك بالا؛ ئۇ كىچىك ئۇزۇن كۆلا، كىچىك ئاق كىيىم كىيگەن؛ ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئىككى يەلكىسى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك چىقىپ قالغان، ئۇنىڭمۇ قاش - قاپاقلىرىنىڭ تاشقى جىيەكلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ چۈشكەن. بۇ كىچىك بالىنىڭ ئەزرائىل بايۋەچچە ئىكەنلىكى تۇرغان گەپ. ئۇنى

ھەممە ئادەم «ئۆگەي بالا» دەپ ئاتايدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئانچە ئىلتىپات قىلمىسا كېرەك. مېنىڭ گۇمانىمچە، ئۇ ئەزرائىل قۇشناچىمنىڭ ئىلگىرىكى ئېرىدىن قالغان بالا بولسا كېرەك. لېكىن نېمىشقا ئۇنىڭ قامىتى ئەزرائىلغا شۇنچە ئوخشايدىغاندۇر؟ ئېھ! جىن - ئەرۋاھلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىرنەرسە دېيىش تەس، ھازىرچە بۇ ھەقتە سۆزلىمەي تۇرايلى. ئەزرائىلنىڭ ئۆز پەرزەنتىنىڭ يوقلۇقىنىڭ سەۋەبىنى يېشىش بۇ يىل ئاسان گەپ بولۇپ قالدى: جىن - ئەرۋاھلار كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى بىلىدۇ، ئۇلار، بالىلىرىم كۆپ بولۇپ كەتسە، پىتنىخورلار گەپ يورغىلىتىپ، رۇبلى ئالىدۇ، دېگەن بەتنامغا قالدۇرمىغىيدى، دەپ ئېھتىيات قىلىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تەتقىق قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، بەلكى ئالدىقاچان «تۇغۇتنى چەكلەپ» قويغان.

ھېلىقى غىزا كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان كۆرۈنۈش «ئەزرائىلنى ئۇزىتىش». چۈنكى ئۇ جان ئالغۇچى ئەلچى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەل ئىچىدە بىرەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئەزرائىل ھەققىگە داستىخان سېلىنىدۇ. ئۇنىڭغا غىزانىڭ بېرىلمىگەنلىكى تاۋاپ سەيلىسىدىكى چاقچاق، ئەمەلىيەتتە بولسا بېرىلىدۇ. لېكىن ئەزرائىلغا چاقچاق قىلىش ھەممە ئادەمنىڭ خاھىشى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى تۈز، گەپدان، رەھىمدىل، چىن دوست تۇتماقچى بولغان ئادەمگە ئەنە شۇ ئەزرائىل مۇۋاپىق.

بەزىلەر ئۇنى، باقىي ئالەمگە تىرىك كىرىپ كەتكەن، ئەسلىدىنلا ئادەم، بىراق چۈشىدە باقىي ئالەمگە خىزمەتكار بولۇش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرئاز ئىنسانپەرۋەر، دەيدۇ. ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ، بىزنىڭ ئۆيىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان كىچىككىنە بىر ئۆيدىكى بىر ئەر كىشى «ئەزرائىلنىڭ خىزمىتىنى قىلغۇچىمەن» دەپ دائىم ئىشىكىنىڭ ئالدىغا نۆكچە يېقىپ قوياتتى. لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇنىڭ چىرايىدا جىن-





لارنىڭ ئالامىتى تىرىك ئەزرائىلغا قارىغاندا كۆپ ئىدى. باقىي ئالەمگە جىن بولۇپ كىرىپ كەتكەنلەرنىڭ ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرى كۆپىيىپ قالامدىكىنتاڭ؟ ئېھ! جىن - ئەرۋاھلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بىرنەرسە دېيىش تەس. بۇ توغرىدىمۇ ھازىرچە گەپ قىلماي قوياي.

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

# چىمەنباغدىن سەنۋىي مەدرىسىسگە[73]

بىزنىڭ ئۆينىڭ ئارقىسىدا ناھايىتى چوڭ بىر باغ بار ئىدى،
ئۇ چىمەنباغ دەپ ئاتىلاتتى. ھازىر ئۆيلىرى بىلەن قوشۇپ جۇ
ھەزرەتنىڭ نەۋرىلىرىگە سېتىپ بېرىۋېتىپتۇ، ئۇ باغنى ئاخىرقى
قېتىم كۆرگىنىمگىمۇ يەتتە - سەككىز يىل بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدا
ھەقىقەتەن بەزى ئوت - چۆپ باردەك قىلاتتى، شۇنداق بولسىمۇ
ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ جەننىتىم ئىدى.
زۇمرەتتەك ياپيېشىل كۆكتاتلىقلارنى، ئەينەكتەك سىلىق
تاش بۇلاقنىڭ قاشالىرىنى، سۇۋادان تېرەكلەرنى، قىزغۇچ ئۈجمە
كۆتەكلىرىنى قويۇپ تۇرايلى، تومۇزغىلارنىڭ يوپۇرماقلار ئارىسىدا
تىنماي چىرىلداشلىرىنى، تويۇنۇپ قالغان سېرىق ھەرىلەرنىڭ ئوت-
ياش چېچەكلىرى ئارىسىدا دەم ئېلىپ ياتقانلىقىنى، شوخ قۇشقاچ-
لارنىڭ ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن غۇرقىراپ ئۇچۇپ، بۇلۇت
ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ قالغانلىقىنىمۇ قويۇپ تۇرايلى. ئەتراپتى-
كى پاكار لاي تامنىڭ تۈۋىمۇ كىشىنى چەكسىز زوقلاندۇراتتى.
بۇ يەردە چېكەتكىلەر تۆۋەن ئاۋاز بىلەن سايرىسا، پاختا قوڭغۇزلار
نەغمە قىلاتتى. پۇچۇق كېسەكلەرنى كۆتۈرسىڭىز، بەزىدە ئۇنىڭ
ئاستىدىن سازاڭ قۇرتلار چىقاتتى؛ چىپار قۇرتمۇ ئۇچراپ قالاتتى،
ئەگەر بارمىقىڭىز بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن بېسىۋالسىڭىز قۇيرۇ-
قى تەرىپىدىن پىرت قىلىپ تۈتۈن چىقىراتتى. چىڭگىلەك بىلەن
نېلۇپەر ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ تۇراتتى، نېلۇپەرنىڭ ئۆزىگە
خاس مېۋىسى بولاتتى، چىڭگىلەكنىڭ توم يىلتىزى بولاتتى. چىڭ-
گىلەكنىڭ يىلتىزى ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇنى يېگەن ئادەم مالائى-





كىگە ئايلىنىدۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم، شۇڭا ئۇنى دائىم
يىلتىز - پىلتىزلىرى بىلەن قومۇراتتىم، شۇنىڭ بىلەن لاي تام-
نىڭ ئۇيەر - بۇ يېرى بۇزۇلۇپمۇ كېتەتتى، لېكىن ئادەمگە ئوخ-
شايدىغان يىلتىزنى زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئەگەر تىكەنلىرى-
دىن قورقمىساق، مايمۇنجاننىمۇ ئۈزۈۋالاتتۇق، ئۇنىڭ مارجانغا
ئوخشايدىغان ھەم چۇچۇك، ھەم تاتلىق مېۋىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ
رەڭگى ۋە تەمى ئۈجمىنىڭكىنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى.
ئۆسكىلەڭ ئوتلارنىڭ ئىچىگە بارمايتتۇق، چۈنكى بۇ باغدا
ناھايىتى يوغان بىر چار يىلان بارمىش.
چاڭ ئانا ماڭا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:
بۇرۇنىسىدا بىر موللا ئادەم كونا ئىبادەتخانىدا ئىبادەت قىلىپ
ئولتۇرىدىكەن، كەچقۇرۇنلۇقى ھويلىدا سالقىنلاپ ئولتۇرسا،
ئۇشتۇمتۇتلا بىراۋ ئۇنى چاقىرىپتۇ. ئۇ لەببەي دەپ ئەتراپىغا
قارىسا، بىر پەرىزات تامنىڭ نېرىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ-
غا قاراپ بىر كۈلۈپ قويۇپلا غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. موللا ناھايى-
تى خۇشال بوپتۇ. لېكىن ئاخشامدا پاراڭلاشقىلى كەلگەن قېرى
شەيخ سىرنى بىلىپ قاپتۇ. ئۇ: بەشىرىڭىزدىن بىرئاز جادۇلۇق
چىقىپ تۇرىدۇ، «پەرىزات يىلان»غا يولۇقىدىكەنسىز؛ ئۇ بېشى
ئادەمگە، تېنى يىلانغا ئوخشايدىغان دىۋە، ئادەمنىڭ ئېتىنى ئاتاپ
قىچقىرالايدۇ، ئەگەر لەببەي دەپ قويسا، كېچىدە كېلىپ شۇ
ئادەمنىڭ گۆشىنى يەيدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى موللىنىڭ
قورقۇپ جېنى چىققۇدەك بوپتۇ، لېكىن قېرى شەيخ ھېچ گەپ يوق
دەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر دانە قۇتىنى بېرىپ، ياستۇقىڭىزنىڭ يېنىدا
قويۇپ قويسىڭىز، غەم - غۇسسىدىن خالىي بولالايسىز، دەپتۇ.
ئۇ شۇنداق قىلغان بولسىمۇ زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ — كۆزىگە ئۇيقۇ
كەلمەيدۇ - دە، ئەلۋەتتە. يېرىم كېچە بولغاندا، دەرۋەقە كەپتۇ.
تالادىن خۇددى بوران - يامغۇرنىڭ ئاۋازىدەك، گۇر! گۇر! شار!

شار! قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. موللىنى تىترەك بېسىپ تۇرغاندا، ياستۇقنىڭ يېنىدىن ۋال - ۋۇل قىلىپ نۇر چاقناپ چىقىپتۇ - دە، تالادىكى ئاۋازمۇ يوقىلىپ كېتىپتۇ، ھېلىقى نۇرمۇ قايتىپ كېلىپ قۇتىغا كىرىپ كېتىپتۇ. كېيىنچۇ؟ كېيىن قىبرى شەيخ: بۇ بولسا ئۇچار سازاڭ قۇرت، ئۇ يىلاننىڭ مېڭىسىنى شورىيالايدۇ، پەرىزات يىلاننى ئەنە شۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئاخىرىدا: ئەگەر يات ئاۋاز ئىسمىڭنى چاقىرسا، ھەرگىز جاۋاب بەرمە، دەپ پەند - نەسىھەت قىپتۇ.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئادەمنىڭ ياشىمىقى خەۋپلىك ئىكەن دەپ ئويلاپ، ياز كۈنلىرى سالقىنلىغاندا ئەندىشە قىلىدىغان، تامغا يېقىن بېرىپ ئۇنىڭ ئۇستىگە قاراشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغاندىم، قىبرى شەيخنىڭكىدەك بىرەر قۇتا ئۇچار سازاڭ قۇرت تېپىۋالسام بولاتتى، دەپ ناھايىتى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالغاندىم. چىمەنباغدىكى ئوت - چۆپلەر يېنىغا بارسام، شۇ ئارزۇ خىيالىمغا كىرىۋالاتتى، لېكىن تاكى ھازىرغىچە تاپالمىدىم، چار يىلانمۇ، پەرىزات يىلانمۇ ئۇچراپ باقمىدى. ئىسمىمنى قىچقىرىدىغان يات ئادەملەر پات - پات ئۇچراپ تۇردى، لېكىن ئۇلار پەرىزات يىلان ئەمەس.

قىش كۈنلىرى چىمەنباغنىڭ ئانچە مەززىسى قالمايتتى. لېكىن قار ياغسىلا ئىش باشقىچە بولاتتى. قار ئادەم چىقىرايلى (قارغا يېتىپ پۈتۈن گەۋدىمىزنىڭ ئىزىنى چىقىرايلى)، قار بوۋاي ياسايلى دېسەك، ئۇنى كۆرۈپ تاماشا قىلىدىغان ئادەم بولمىسا بولمايدۇ، باغ چۆلسىرەپ قالغاچقا ئادەم ئاز كېلەتتى، شۇڭا ئۇنداق ئويۇننى لايىق كۆرمەي، قۇشقاچ تۇتۇشقا كىرىشەتتۇق. قار نېپىز بولسا بولمايتتى، قار بىر - ئىككى كۈن يېغىپ، يەر يۈزىنى قۇشقاچلار دانلىغۇدەك يەرنى تاپالمىغۇدەك كۆمۈۋەتكەندە بولاتتى،





ئەنە شۇنداق چاغلاردا بىرەر پارچە يەرنىڭ يۈزىنى سۈپۈرۈپ، ئۇ يەرگە كىچىككىنە بىر تال تاياق بىلەن يوغان غەلۋىرنى تىكلەپ قويۇپ، ئاستىغا دان چېچىپ قوياتتۇق، ھېلىقى تاياققا بىر تال ئۇزۇن شوينىنى باغلاپ، ئۆزىمىز يىراقتا شويننىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ تۇراتتۇق، قۇشقاچلار دان ئىزدەپ غەلۋىرنىڭ تېگىگە بارغاندا، شويننى بىر تارتاتتۇق - دە، غەلۋىر قۇشقاچلارنى كۆمتۈرۈۋالاتتى. لېكىن ئاق قۇشقاچ كۆپرەك چۈشەتتى، ئالا قۇشقاچمۇ چۈشەتتى، بىراق ئاسان قولغا ئاسان كۆنمەيدىغان بولغاچقا، بىرەر كۈنمۇ بېقىپ كۆندۈرۈۋالغىلى بولمايتتى.

بۇ ئۇسۇلنى ماڭا رۇڭتۇ[74] نىڭ دادىسى ئۆگىتىپ قويغاندى، لېكىن تازا جايىدا ئىشلىتەلمەيتتىم. قۇشقاچنىڭ غەلۋىر ئاستىغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، شويننى بىر تارتىپلا يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسام، ھېچ نەرسە يوق بولۇپ چىقاتتى، يېرىم كۈن ئاۋارە بولۇپ تۇتقىنىم ئۈچ - تۆتتىن ئاشمايتتى. رۇڭتۇنىڭ دادىسى بولسا بىر ئاش پىشىم ۋاقىتنىڭ ئىچىدە نەچچە ئونىنى تۇتۇپ، چىرىلداپ تۇرغىنىنى قارىماي خالتىسىغا سالاتتى. ئۇنىڭدىن بەزىدە تۇتالماسلىقىمنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىسام، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ: تولىمۇ ئالدىراڭغۇ ئىكەنسەن، غەلۋىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بارغۇچە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىكەنسەن، دەيتتى.

ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ مېنى نېمىشقا مەدرىسىگە، يەنە كېلىپ پۈتۈن شەھەر بويىچە تالىپلارنى ھەممىدىن چىڭ تۇتىدىغان مەدرىسىگە ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمىدىم. ئېھتىمال بۇنىڭغا چېڭگىلەكنى قومۇرمەن دەپ تامنى زېدە قىلىۋەتكەنلىكىم ياكى يان قوشنىمىز لياڭنىڭ ئۆيىگە تاش ئاتقانلىقىم ۋە ياكى تاشبۇلاقنىڭ قاشاسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئوينىغانلىقىم… سەۋەبچى بولغاندۇر، زادى نېمە سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلمىدىم، قىسقىسى، چىمەنباغقا بارالمايدىغان بولدۇم. Ade[75] چېكەتكىلىرىم! Ade،

مېنىڭ مايمۇنجانلىرىم ۋە نېلۇپەرلىرىم…

بىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپ شەرققە قاراپ يېرىم چاقىرىممۇ كەلمەيدىغان يولنى بېسىپ، تاش كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىلا خەلپىتىمنىڭ ئۆيى ئىدى. قارا سىرلانغان بامبۇك دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن، ئۈچىنچى ئۆي مەدرىسە ئىدى. مەدرىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا «سەنۋېي مەدرىسىسى»[76] دېگەن سۆزلەر يېزىلغان تاختا ئېسىقلىق تۇراتتى، تاختىنىڭ ئاستىدا قېرى دەرەخ تۈۋىدە ياتقان ناھايىتى چوڭ بىر دانە چىپار بۇغىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. كۇڭزىنىڭ نىشانى بولمىغاچقا، ھېلىقى تاختىغا ۋە بۇغىغا قاراپ تەزىم قىلدىم. بىرىنچى تەزىمىم كۇڭزىغا، ئىككىنچى تەزىمىم خەلپىتىمگە ھېساب بولدى.

ئىككىنچى قېتىم تەزىم قىلغىنىمدا، خەلپىتىم[77] مۇلايىملىق بىلەن بىر چەتتە تۇرۇپ جاۋاب تەزىم قىلدى. ئۇ زىلۋا، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان، يوغان كۆزەينەك تارتىۋالىدىغان قېرى ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ ناھايىتى ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلاتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ مۇشۇ شەھەر بويىچە ناھايىتى توغرا، ئاق كۆڭۈل، ئىلمى كۆپ ئادەم ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم.

قەيەردىن ئاڭلىغانلىقىم ئېسىمدە يوق، دۇڭ فاڭساۋ[78] مۇ كۆپنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەنمىش. ئۇ «ئىست»[79] دەپ ئاتىلىدىغان، ئاھۇپىغاندىن تۆرەلگەن، ھاراقنى ئۈستىگە تۆكسە غايىب بولۇپ كېتىدىغان بىر خىل قۇرتنى تونۇيدىكەنمىش. بۇ ھېكايىنى تەپسىلىي بىلىۋېلىشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلغان بولساممۇ، لېكىن ئاچاڭ ئۇنى بىلمەيدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ بىلىمى ئاز ئىكەن. مانا ئەمدى خەلپىتىمدىن سوراش پۇرسىتى چىقىپ قالدى.

— خەلپىتىم، «ئىست» دېگەن قۇرت زادى قانداق گەپ؟ — تاپشۇرۇقلارنى تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىش ۋاقتىمدا دەرھال سورىدىم.





— بىلمەيمەن! — ئۇ ناھايىتى خاپا بولغاندەك قىلدى، چىرايىدىمۇ خاپىلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

تالىپ بولغان ئادەمگە ئۇنداق ئىشلارنى سوراشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى، ئوقۇش بىلەنلا بولۇشى لازىم ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇ چاغدىلا بىلدىم. ئۇ چوڭقۇر ئىلىملىك مۆرەككەپ موللا بولغاچقا، ئۇنى بىلمەي قالمايدۇ؛ بىلمەيمەن دېگىنى ئېيتىپ بېرىشنى خالىمىغانلىقى. يېشى مەندىن چوڭ ئادەملەر كۆپىنچە شۇنداق بولىدىكەن، شۇنداق ئادەملەرنى بىرقانچە قېتىم ئۇچرىتىپ قالدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ كەتتىم، چۈش ۋاقتىدا خەت يېزىشنى مەشىق قىلدىم، كەچقۇرۇنلۇقى نەزمىگە سۆز تىزىدىغان[80] بولدۇم. خەلپىتىم دەسلەپكى كۈنلىرى ماڭا قاپىقىنى تۈرۈپلا يۈردى، كېيىن ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ماڭا بېرىدىغان دەرسلىرىنى بارا ـ بارا كۆپەيتىۋەتتى، نەزىم تاپشۇرۇقلىرىنىمۇ كۆپەيتىپ ئۈچ سۆزلۈك نەزمىنى بەش سۆزلۈك نەزمىگە يەتكۈزدى، ئاخىر يەتتە سۆزلۈك نەزمىگىمۇ يەتكۈزدى.

«سەنۋېي مەدرىسىسى» نىڭ ئارقىسىدىمۇ بىر گۈللۈك بار ئىدى، ئۇ يەردىمۇ يومچاقلارغا ئارتىلىپ چىقىپ سېرىق ھەپىرەڭگۈللىرىنى ئۈزۈۋېلىش، يەردىن ياكى دالچىن دەرىخىدىن سەرەتان پوستى ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن ئىدى. چۈمۈلىگە چىۋىن تۇتۇپ بېرىش ھەممىدىن ياخشى ئىش ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ غەلۋىسى، داۋرىڭى يوق ئىدى. بىراق، ساۋاقداشلىرىم گۈللۈككە كۆپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خەلپىتىم مەدرىسىدە تۇرۇپ:

— قېنى، نەگە كېتىشتىڭ! — دەپ توۋلايتتى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز بىر ـ بىرلەپ قايتىپ كىرەتتۇق، بىللە قايتىپ كىرسەكمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ بىر دانە پالىقى بار

ئىدى، لېكىن ئانچە كۆپ ئىشلەتمەيتتى؛ تىزلاندۇرۇپ قويۇش چارىسىمۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇنىمۇ ئانچە كۆپ قوللانمايتتى. ئۇ تولىراق كۆزلىرىنى ئالايتىپ: «ئوقۇش!» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ئۈنلۈك توۋلاپ ئوقۇيتتۇق، ئاۋازىمىز مەدرىسىنى بىر ئالاتتى. بەزىمىز «مېھىر ـ شەپقەت يىراقتىمۇ؟ ئەگەر مېھىر ـ شەپقەتنى ئارزۇ قىلسام، ئۇ دەرھال ئالدىمغا كېلىدۇ» نى ئوقۇيتتۇق؛ بەزىمىز «كوماكنىڭ ئالدىدا ئىت سۆڭگىچىنىڭ ھاڭدەك ئېچىلىپ تۇرغىنى نېمىسى؟» نى ئوقۇيتتۇق؛ بەزىمىز «يامانلار باش كۆتۈرگەندە، ياخشىلار ھەزەر ئەيلىسۇن» نى ئوقۇيتتۇق؛ بەزىبىرلىرىمىز «قەيەرنىڭ يەرلىرى تۆۋەن دەردجىدىكى يەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن ناچارراق بولسا، شۇ يەر ياساققا ئادراسمان ۋە جۇزە ـ يۈزى مېۋىسى بېرىدۇ» نى ئوقۇيتتۇق··· خەلپىتىممۇ كىتاب ئوقۇيتتى، كېيىن بىزنىڭ ئاۋازىمىز پەسىيىپ، جىمىقىپ قالغاندا، ئۇنىڭ: «چويۇن توقماق شۇنداق سۇرۇپ ـ توقاي قىلدىلەركى، ئەل ـ خالايىق ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئەيلىدى··· تاشقىچە تولدۇرۇپ مىڭلاپ قەدەھ مەي قۇيۇلسىمۇ، ئالتۇن جام ھېچ مەست بولمىدى···»(81) دەپ ئۈنلۈك ئوقۇغان ئاۋازى چىقىپ تۇراتتى.

مەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى يېزىلغان ماقالە بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم، چۈنكى ئۇ شۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىدا ھەردائىم كۈلۈمسىرەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بېشىنى كۆتۈرۈپ، چايقاپ، ئارقىسىغا تولغايتتى.

خەلپىتىمنىڭ كىتاب ئوقۇشقا تازا بېرىلىپ كەتكەن ۋاقتى بىز ئۈچۈن غەنىيمەت ئىدى. بىرنەچچەيلەن بارمىقىغا قەغەز بۆك كىيدۈرۈپ ئوينايتتى، مەن رەسىم سىزاتتىم، «جىڭچۈەن قەغىزى» دېگەن قەغەزنى ھېكايە كىتابلاردىكى رەسىملەرنىڭ ئۇستىگە قو-





يۇپ، خۇددى ئىملانى ئۇستىدىن سىزىپ ئۆگەنگەندەك، ئۇستىدىن سىزاتتىم. ئوقۇيدىغان كىتابلار كۆپەيگەنسېرى سىزغان رەسىملىرىممۇ كۆپىيىپ كەتتى؛ ئوقۇپ موللا بولالمىدىم، لېكىن رەسىم سىزىش نەتىجىلىرىم كۆپەيدى؛ پۈتۈنرەك چىققانلىرى «قاراقچىلارنى يوقىتىش قىسسىسى» بىلەن «غەرب ساياھىتى» دىكى رەسىملەر بولۇپ، بىر دەستە كېلەتتى. كېيىن پۇل لازىم بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر باي ساۋاقدىشىمغا سېتىپ بەردىم. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مىنجۇما قەغەز دۇكىنى بار ئىدى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى شۇ دۇكانغا خوجايىن بولۇپ قالدى، تۆرلىك مەرتىۋىسىگىمۇ چىقىپ قالاي دېدى، دەپ ئاڭلىغانىدىم، ھېلىقى نەرسىلەر ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەندۇر.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

# دادامنىڭ كېسىلى[82]

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 نەچچە يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، S شەھىرىدە[83] مەشھۇر بىر تېۋىپ توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغانىدى:

ئۇ ئەسلىدە بىراۋنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش ئۈچۈن بارسا، 1 تەڭگە 40 تىيىن ئالىدىكەن، ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن بارسا 10 تەڭگە ئالىدىكەن، يېرىم كېچىدە بارسا بىر ھەسسە ئارتۇق ئالىدىكەن، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقسا يەنە ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ ئالىدىكەن. شەھەر سىرتىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئادەمنىڭ قىزى بىر كۈنى كېچىدە ئۇشتۇمتۇتلا ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇ ئادەم تېۋىپنى تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. شۇ چاغلاردا تېۋىپ خېلىلا ھاللىنىپ قالغاچقا بارغىلى خۇشياقماي، 100 تەڭگە بەرمىسەڭ بارمايمەن دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم نائىلاج بۇنىڭغا كۆنۈپتۇ. تېۋىپ كېسەلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئانچىكىلا قاراپ قويۇپ: «ھېچ گەپ يوق ئىكەن» دەپ، بىر پارچە دورا قەغىزى يېزىپ بېرىپ، 100 تەڭگە پۇلنى ئاپتۇ - دە، بەدەر قايتىپ كېتىپتۇ. كېسەل بار ئائىلىمۇ پۇلدار بولسا كېرەك، ئەتىسى يەنە تېۋىپنى تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. تېۋىپ كېسەلنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بارغىنىدا، ئۆي ئىگىسى كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «ۋاي ھېكىم، تۈنۈگۈن ئاخشام ئۆزلىرى بەرگەن دورىنى يەپ، كۆپ ياخشى بولۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىگە يەنە بىر قېتىم كۆرسەتكىمىز كەلدى» دەپ، ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. موماي كېسەلنىڭ قولىنى چىمىلدىقتىن





چىقىرىپ بېرىپتۇ. تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ قارىسا، قوللىرى مۇزدەك تۇرغۇدەك، تومۇرلىرىمۇ سوقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېۋىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ: «دۇرۇس، بۇ كېسەلنى چۈشەندىم» دەپ، بىمالال ھالدا جوزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دورا قەغىزىنى چىقىرىپ، قەلەمنى قولىغا ئاپتۇ - دە: «مۇشۇ ھۆججەت بويىچە 100 تەڭگە بېرىلسۇن» دەپ يېزىپتۇ ۋە ئىمزاسىنى قويۇپ، مۆھۈرىنى بېسىپتۇ.

— ھېكىم، بۇ كېسەلنىڭ ھالى ئېغىردەك تۇرىدۇ، يەنە بىرئاز قىممەترەك دورا كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان ئۆي ئىگىسى.

— بولىدۇ، — دەپتۇ تېۋىپ ۋە يەنە بىر پارچە قەغەز يېزىپتۇ:

«مۇشۇ ھۆججەتكە ئاساسەن 200 تەڭگە بېرىلسۇن.»

ئۇ بۇنىڭ ئاخىرىغىمۇ ئىمزاسىنى يېزىپ، مۆھۈرىنى بېسىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۆي ئىگىسى قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، تېۋىپنى ئىززەت بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

مەن بۇ مەشھۇر تېۋىپ بىلەن توپتوغرا ئىككى يىل مۇناسىۋەت قىلدىم. چۈنكى ئۇ كۈن ئارىلاپ دادامنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى كېلەتتى. شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ خېلىلا داڭقى چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقىدەك خۇشياقماس دەرىجىدە ھاللىق ئەمەس ئىدى، بىراق كېسەل كۆرۈش ھەققىگە 1 تەڭگە 40 تىيىن ئېلىپ تۇراتتى. ھازىر شەھەردە كېسەل كۆرۈش ھەققىگە بىر قېتىمدا 10 تەڭگە ئېلىش ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، لېكىن ئۇ ۋاقىتتا 1 تەڭگە 40 تىيىن قالتىس كۆپ پۇل ئىدى، ئۇنى ھازىرلاش خېلى گەپ ئىدى، كۈن ئارىلاپ بىر قېتىم ئېلىپ تۇرمىسا كاشكى. ئۇ ھەققەتەن بىرئاز باشقىچىرەك بولسا كېرەك، بەزى گەپ - سۆز-

لەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇيرۇغان دورىلىرى باشقىلارنىڭكىگە ئوخ-
شاشمايدىكەنمىش. مېنىڭ دورا ـ دەرمەكتىن خەۋىرىم يوق، لې-
كىن «سىڭدۇرگە»[84] نى تېپىشنىڭ تەسلىكىدىن قاقشايتتىم،
دورا قەغىزىنى بىر قېتىم يېڭىلاپ بەرسە، ئۇ دورىلانى تاپىمەن
دەپ پالاقلاپ سەرسان بولۇپ كېتەتتىم. ئاۋۋال دورىلارنى سېتىۋا-
لاتتىم، ئاندىن كېيىن «سىڭدۇرگە» نى ئىزدەيتتىم. ئۇ ئىككى
ياپراق «توم زەنجىۋىل»، ئۈچى كېسىپ تاشلانغان 10 ياپراق
بامبۇك يوپۇرمىقى دېگەن دورىلارنى ياراتمايتتى. ھېچبولمىغاندا
قومۇش يىلتىزىنى بۇيرۇيتتى، بۇنى دەريا بويىغا بېرىپ كولاش
توغرا كېلەتتى؛ ئۈچ يىل قىرو كۆرگەن شېكەر قومۇشنى ئاز
دېگەندە ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىزدەش توغرا كېلەتتى. شۇنداق
بولسىمۇ، ھەرھالدا ئاخىر تېپىلماي قالمايتتى.

خەقنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كارامىتىمۇ مانا
مۇشۇ يەردە ئىكەن. ئىلگىرىكى چاغلاردا بىر كېسەل ئادەم بار
ئىكەنمىش، ئۇنىڭغا ھېچقانداق دورا شىپالىق بەرمەپتۇ، كېيىن
يې تيەنشى ھېكىم[85] دەمدۇ، بىر ھېكىم ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇ
ئىلگىرىكى كونا دورا قەغىزىگە بىر خىل سىڭدۇرگىنى، يەنى چىنار
يوپۇرمىقىغىنىلا قوشۇپ قويۇپتۇ. ھېلىقى كېسەل ئادەم بۇنى ئى-
چىش بىلەنلا سەللىمازا بولۇپ كېتىپتۇ. «تېبابەت دېگەن سۆز
ئىقبال دېگەن سۆز» مىش. شۇ ۋاقىت دەل كۈز ۋاقتى ئىكەن،
چىنار بولسا كۈزنىڭ ئەلچىسى بولىدىكەن، ئىلگىرىكى تۈرلۈك
دورىلار خىل كەلمەپتۇ، كېيىن كۈز پەسلىنىڭ مىجەزى بىلەن
تەسىر ئۆتكۈزۈپتىكەن، مىجەز مىجەزىگە يېقىپ قاپتۇ. دېمەك...
مەن بۇ گەپلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن بولساممۇ، ناھايىتى
قايىل بولۇپ، كارامەت قىلىدىغان دورىلارنى تېپىش چوقۇم ئاسان
بولمىسا كېرەك، ئەۋلىيا بولۇشنى تىلەيدىغان ئادەملەر ھەتتا بۇ
يولدا جېنىنىمۇ پىدا قىلىپ، شۇنداق كارامەت قىلىدىغان دورىلار-





نى تېپىش ئۈچۈن تاغ ئىچىگىمۇ كىرسە كېرەك، دەپ ئويلايتتىم.

ئىككى يىل شۇنداق ئۆتتى، تېۋىپ بىلەن بارا ـ بارا تونۇش
ھەتتا دوست بولۇپ قالدىم. دادامنىڭ ئىستىسقا كېسىلى
كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئورنىدىن تۇرالمايدىغان ھالغا
بېرىپ قالاي دەپ قالدى؛ ئۈچ يىل قىرو كۆرگەن شېكەر قومۇشى
دېگەندەك بىرنېمىلەرگە بولغان ئىخلاسىمۇ بارا ـ بارا كېتىپ
قالدى، سىڭدۇرگىنى تېپىشقا ئىلگىرىكىدەك ھەپىلەم قالمىدى.
دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى تېۋىپ كېلىپ قالدى ۋە
كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن ناھايىتى سەمىمىي
ھالدا:

— قورسىقىمدا بار ئىلمىمنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ بول-
دۇم. بۇ يەردە چېن ليەنخې دەيدىغان يەنە بىر ھېكىم بار، ئۇ
مەندىن ئۇستا. شۇنى سايە قىلىپ، بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي،
شۇنىڭغا كۆرسىتىپ بېقىڭلار، ھەرھالدا كېسەلگىزنىڭ ئەندىشە
قىلغۇچىلىكى يوق، ئۇنىڭغا كۆرسەتسىڭىز تېخىمۇ تېز ئوڭلىنىپ
كېتەلەيسىز، — دېدى.

شۇ كۈنى ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى بىرئاز لەت يېگەن بولسىمۇ،
يەنە ئىلگىرىكىدەكلا ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ، تەختىراۋان
بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇق. ئۇ تېۋىپ ئۆيگە كىرگەندە، دادامنىڭ
چىرايىنىڭ بۆلەكچە بولۇپ قالغانلىقىنى، دادامنىڭ باشقىلارغا،
كېسەلدىن ساقىيىپ كېتىشكە كۆزۈم يەتمەيدۇ، دېگەندەك پاراڭلار-
نى قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ كېسەلنى ئىككى
يىل داۋالاپ، قىلچىلىكمۇ مەنپەئەت بېرەلمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ
ئۇستىگە تولىمۇ تونۇش بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، بىرئاز خىجىل
بولغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بولالمىغان چېغىدا باشقا
بىر ناتونۇشنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا تونۇشتۇرۇپ، ئۆزى كېسەل بىلەن
ئالاقىسىنى ئۈزۈش نىيىتىگە كەلگەن بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن
باشقا نېمە ئىلاجى بولسۇن؟ بۇ شەھەردە ئۇنىڭدىن باشقا راستىنلا

چېن لىيەنخې دېگەن بىر داڭلىق تېۋىپ بار ئىدى. ئەتىسى شۇ چېن لىيەنخېنى تەكلىپ قىلدۇق.

چېن لىيەنخې كېسەل كۆرۈش ھەققىگە 1 تەڭگە 40 تىيىن ئالاتتى. لېكىن ئىلگىرىكى مەشھۇر تېۋىپنىڭ يۈزى دومىلاق، خام سېمىز ئىدى، بۇنىڭ يۈزى بولسا سوزۇق، خام سېمىز. مانا بۇ تەرىپى زادىلا ئوخشاشمايتتى، بۇيرۇغان دورىلىرىمۇ ئوخشاشمايتتى. ئىلگىرىكى مەشھۇر تېۋىپ بۇيرۇغان دورىلارنى بىرلا دورىپۇرۇشتىن تاپقىلى بولاتتى؛ بۇنىڭكىنى بولسا بىرلا دورىپۇرۇشتىن تېپىش بىرئاز تەس ئىدى، چۈنكى بۇ بىر پارچە دورا قەغىزىگە ھەرقاچان بىرەر خىل ئالاھىدە كۆملاچ، ئۈۋاق دورىلارنى، بىرەر خىل غەلىتە سىڭدۈرگىنى قوشۇپ قوياتتى.

قومۇشنىڭ يىلتىزى، ئۈچ يىل قىرو كۆرگەن شېكەر قومۇشى دېگەن نەرسىلەرنى ئۇ زادىلا بۇيرۇمايتتى. ئۇنىڭ دائىم بۇيرۇيدىغىنى «چېكەتكە — بىر جۈپ» ئىدى، گويا بويتاق بولۇپ قالغانلىرى قايتا ئۆيلەنسە ياكى تۇل قالغانلىرى قايتا ياتلىق بولسا ھەتتا دورا بولۇش سالاھىيىتىنىمۇ يوقىتىپ قويىدىغاندەك. شۇڭا قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭمۇ ئىپپەتلىكلىرى شىپا بولىدىغاندەك، ئۇنىڭ يېنىغا «ئەسلىي جۈپتى، ئەسلىي بىر ئۇۋىدىن چىققىنى بولسۇن» دەپ كىچىك ھەرپ بىلەن ئىزاھلاپ قوياتتى. لېكىن بۇ خىزمەت ماڭا تەس كەلمەيتتى، چىمەنباغقا كىرسەم، 10 جۈپنى تېپىشمۇ ئاسان ئىدى. ئۇلارنى يىپ بىلەن باغلاپ، قايناپ تۇرغان سۇغا تىرىكلا تاشلايتتىم ـ دە، ئىش تۈگەيتتى. بىراق «پىڭدىمۇ 10 تۇپ» دېگىنىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، دورىپۇرۇشتىن، يېزىلىقلاردىن، دورا ـ دەرمەك ئەكېلىپ ساتىدىغانلاردىن، قېرىلاردىن، مولللاردىن، ياغاچچىلاردىن سوراپ باقتىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى چايقىشاتتى. ئاخىر ئاز ـ پاز گۈل تېرىپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدىغان يىراقتىكى چوڭ تاغام ئېسىمگە چۈشتى ـ دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ





سورىسام، دەرۋەقە ئۇ بىلىدىكەن، ئۇ تاغدىكى دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە بولىدىغان، خۇددى ئۇششاق مارجانغا ئوخشاش قىزىل مېۋە سالىدىغان كىچىك ئۆسۈملۈك ئىكەن، ئادەتتە ئۇ «چوڭماس» دەپ ئاتىلىدىكەن.

«ئىزدەپ يۈرۈپ تۆمۈر ئايىغىم تېشىلدى ۋە لېكىن ئاسانلا قولغا كەلدى» دېگەندەك، سىڭدۈرگە تېپىلدى، لېكىن «يىرتىق دۇمباق قۇملىقى» دەيدىغان ئالاھىدە بىر خىل قۇملاق دورا قالدى. «يىرتىق دۇمباق قۇملىقى» يىرتىلىپ كەتكەن دۇمباقنىڭ تېرىسىدىن تەييارلىنىدىكەن. ئىستىسقا كېسىلى «دۇمباق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭغا يىرتىق دۇمباقنىڭ شىپا بولۇشى تەبىئىي. مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلغان «پەرەڭ ئالۋاستى»لاردىن ئەنتىنى ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىغان لەشكەرلىرىنى «يولۋاس، مالائىكە لەشكەر» — يولۋاس قوينى يەيدۇ، مالائىكە ئالۋاستى بەند قىلالايدۇ — دەپ ئاتىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ، ئەپسۇسكى، ئۇنداق كارامەت دورا پۈتۈن شەھەر بويىچە بىرلا دورىپۇرۇشلۇق دۇكىنىدا سېتىلىدىكەن، ئۇ دۇكان بىزنىڭ ئۆيدىن بەش چاقىرىم كېلەتتى. لېكىن بۇنى تېپىش ئۈچۈن پىڭدىمۇنى ئىزدىگەندەك خۇپىيانە ئىزدەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىكەن، چېن لىيەنخې ھېكىم دورا قەغىزىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، بۇنى بىزگە تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى.

— مەندە بىر خىل قۇملاق دورا بار، — دېدى چېن لىيەنخې ھېكىم بىر كۈنى، — تىلىڭىزغا تەگكۈزسىڭىز پايدا قىلىپ قېلىشى مۇمكىن، چۈنكى تىل بولسا يۈرەكنىڭ تارىسى… پۇلىمۇ قىممەت ئەمەس، بىر قۇتىسى ئىككى تەڭگە…

دادام بىرئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن، بېشىنى چايقىدى.

— مېنىڭ دورىلىرىم ئانچە كار قىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى چېن لىيەنخې ھېكىم يەنە بىر كۈنى، — باشقىلارغا قارىتىپ باقسىڭىز بولارمىكىن، بىرەر پېشكەللىك بارمىكىنتاڭ… تېۋىپ

كېسەلگە سەۋەب قىلالايدۇ، تەقدىرگە سەۋەب قىلالمايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇمۇ تەقدىر - ئىرادە…

دادام بىرئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن، بېشىنى چايقىدى.

مەملىكەت بويىچە داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدىكەن — بىز دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتكەن تېۋىپلارنىڭ دەرۋازىسى بېشىدا دائىم شۇنداق مەزمۇندىكى تاختىلارنى كۆرۈپ تۇراتتۇق. مانا ئەمدى ئۇلار بىرئاز يول قويىدىغان بولدى، ھەتتا تېۋىپنىڭ ئۆزىمۇ: «دوختۇر تاشقى كېسەلگە ئۇستا، تېۋىپ ئىچكى كېسەلگە» دەيدىغان بولدى. بىراق شۇ چاغلاردا S شەھىرىدە دوختۇر يوق ئىدى. دۇنيادا دوختۇر دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنى ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى ھەرقانداق كېسەل بولسۇن، شۈەنيۈەن ھېكىم[86] نىڭ ئەۋرە - چەۋرە شاگىرتلىرى كۆتۈرە قىلىۋالاتتى. شۈەنيۈەن زامانىسىدا تېۋىپ ۋە داخان دەپ ئايرىلمايدىكەنمىش، شۇڭا تاكى ھازىرغا قەدەر ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى كۆز بوياپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار «تىل بولسا دىلنىڭ تارىسى» دەپ كېلىۋاتىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەتتا داڭلىق تېۋىپلارمۇ سەۋەب قىلالمايدىغان «تەقدىرى» ئەنە شۇ.

كارامەت قىلىدىغان قۇملاق دورىنى تىلغا تەگكۈزگىلى ئۇنىمىسا «پېشكەللىك» نىمۇ ئويلاپ تاپالمىسا، 100 نەچچە كۈن «يىرتىق دۇمباق قۇملىقى» نىلا يېگەندىن نېمە پايدا كېلەتتى؟ ئىستىسقا يەنىلا يانمىدى، دادام ئاخىر دەمسىقما بولۇپ يېتىپ قالدى. چېن ليەنخې ھېكىمنى يەنە تەكلىپ قىلدۇق، بۇ نۆۋەت ئالاھىدە تەكلىپ قىلغاچقا، 10 تەڭگە تۆلىدۇق. ئۇ يەنە ئىلگىرىكىدەكلا پەرۋاسىز ھالدا بىر پارچە دورا قەغىزى يازدى، لېكىن يىرتىق دۇمباق قۇملىقىنى ئاللىقاچان توختىتىپ قويغانىدى، سىڭدۈرگىمۇ ئانچە مەنپەئەت قىلمىغانىدى. يېرىم كۈن ئاۋارە بولۇپ قاينات-





قان دورىنى ئىچۈرسەك، جاۋغىيىدىن ئېقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن تارتىپ چېن ليەنخې ھېكىمنى ئىزدىمەيدىغان بولدۇم. بەزىدە، كوچىدا ئۈچ نەپەر تەختىراۋانچى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپمۇ قالاتتىم. ئاڭلىشىمچە ئۇ ھازىرمۇ ساغلام ئىكەن، تېۋىپلىك قىلغاچ، تېبابەتچىلىك توغرىسىدا قانداقتۇر ئىلمىي ژۇرنالمۇ چىقىرىپ، تاشقى كېسەللەرگىلا ئۇستا كەلگەن دوختۇرلۇققا قارشى كۈرەش قىلىۋېتىپتۇ.

جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىدىيە جەھەتتە ھەقىقەتەن بىرئاز پەرق قىلىدۇ. ئاڭلىشىمچە، جۇڭگودىكى ئاتا - ئانىسىغا ئەقىدە قىلىدىغان ئادەملەر «ئۆزىنىڭ گۇناھىنىڭ كاساپىتى ئاتا - ئانىسىغا تېگىدۇ»غان چاغلاردا بىرنەچچە جىڭ ئادەمگىياھ سېتىۋېلىپ، ئاتا - ئانام يېرىم كۈن بولسىمۇ كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرسۇن، دېگەن ئارزۇ بىلەن قايىنىتىپ ئىچۈرىدىكەن. ماڭا تېبىبي ئىلىمدىن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى دوختۇرلۇق كەسپىنى ئۆگەتكەندە، ساقايتقىلى بولىدىغانلارنى داۋالاپ ساقايتىش كېرەك، ساقايتقىلى بولمايدىغانلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۆلۈمنى بېرىش كېرەك، دەيتتى. لېكىن ئۇ ئوقۇتقۇچى دوختۇر ئىدى.

دادامنىڭ دېمى سىقىلىدىغان بولۇپ قالغىنىغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ قالدى، مەنمۇ خىرىلداپ ياتقىنىنى كۆرۈپ ناھايىتى بىئارام بولىدىغان بولدۇم، لېكىن ھېچقايسىمىز ياردەم بېرەلمەيتتۇق، بەزىدە: «پاتراق سىقىلىپ تۈگەشسىمۇ بوپتىكەن…» دېگەن خىيال خۇددى چاقماقتەك لىپ قىلىپ كۆز ئالدىمغا كېلەتتى، لېكىن شۇ ئاندىلا، بۇنداق خىيالنى ھارام، گۇناھ، دەپ ئويلايتتىم. شۇنداق بولسىمۇ يەنە بۇ خىيالنى توغرا دەپ بىلەتتىم، چۈنكى دادامغا ناھايىتى كۆيۈنەتتىم. ھەتتا ھازىرمۇ شۇنداق

خىيالدىمەن.

سەھەر ۋاقتى ئىدى، بىر ھويلىدا ئولتۇرىدىغان يەن تەتەي[87] كىرىپ كەلدى. ئۇ قائىدە - يوسۇننى ئوبدان بىلىدىغان ئايال ئىدى. ئۇ بىزگە، بىكار قاراپ ئولتۇرماسلىق كېرەك، دېدى - دە، دادامنىڭ ئېگىن - ئاياغلىرىنى يۆتكەپ قويدى؛ قەغەز پۇلنى ۋە «ئىسمىئەزەم»[88] دېگەن بىرنېمە پۈتۈلگەن قەغەزنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈلىنى قەغەزگە ئوراپ دادامنىڭ چاڭگىلىغا تۇتقۇزۇپ قويدى...

— توۋلا! داداڭنىڭ تىنىقى تۈگەي دەۋاتىدۇ! تېز قىچقىر! — دېدى يەن تەتەي.

— دادا! دادا! — دەپ توۋلىغىلى تۇردۇم.

— ئۈنلۈك قىچقىر! ئاڭلىمىدى. ۋاي بول، تېز قىچقىر!

— دادا! دادا!

دادامنىڭ ئارامىغا چۈشۈپ قالغان چىرايى بىردىنلا پۈرۈشۈپ كەتتى، ئۇ كۆزىنى سەل - پەل ئاچتى، ئاغرىقى بىرئاز تۇتقان بولسا كېرەك.

— قىچقىر! تېز قىچقىر! — يەن تەتەي مېنى ئالدىراتتى.

— دادا!!

— نېمە؟... ۋارقىرىماڭلار... ۋا ... — دادام پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى ۋە يەنە تېز - تېز خىرىلداشقا باشلىدى. بىرھازادىن كېيىن ئەسلىي ھالىغا كېلىپ، تىنچىپ قالدى.

— دادا!! — تاكى دادامنىڭ نەپسى ئۈزۈلگۈچە توۋلاۋەردىم.

ئۆزۈمنىڭ شۇ چاغدىكى ئاۋازىم ھازىرمۇ قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ، ھەر قېتىم شۇ ئاۋازىمنى ئاڭلىغىنىمدا، بۇنى دادام ئالدىدا قىلغان ناھايىتى چوڭ گۇناھىم دەپ ئويلاپ قالىمەن.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى





# ئۇششاق خاتىرىلەر[89]

يەن تەتەي ھازىر چوڭ ئانا بولۇپ قاپتۇ، بەلكىم ئانىكا بولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ تېخى ياش ئىدى، ئۇنىڭ بار - يوق بىرلا ئوغلى بولۇپ، مەندىن ئۈچ - تۆت ياش چوڭ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىغا باغرى تاش بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ بالىلىرىغا ياخشىلىق قىلاتتى، باشقىلارنىڭ بالىلىرى مەيلى ھەرقانداق چاتاق چىقىرىپ قويسىمۇ، ھەرگىز ئاتا - ئانىسىغا چېقىپ قويمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىدە ياكى ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئويناشنى ياخشى كۆرەتتۇق.

بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرەي: قىش كۈنلىرى كۆپتىكى سۇ چىلىمدان مۇز تۇتقاندا، بىز سەھەردە كۆزىمىز چۈشۈش بىلەنلا ئېلىپ يەيتتۇق. بىر كۈنى شىنىسى تەتەي[90] كۆرۈپ قېلىپ، «يېمەڭلار، قورسىقىڭلارنى ئاغرىتىدۇ!» دەپ توۋلىغانىدى. بۇنى ئانام ئاڭلاپ قاپتۇ، ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ، ھەممىمىزنى تىللىدى ۋە يېرىم كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت بىزنىڭ ئوينىشىمىزغا يول قويمىدى. بىز بۇنىڭغا كىمنىڭ زامىن بولغانلىقى ئۈستىدە پەرەز قىلىپ، شىنىسى تەتەي زامىن بوپتۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىلغا ئېلىنسىلا، ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك ئىسمىنى ئاتىمايدىغان بولدۇق، ئۇنىڭغا «قورساق ئاغرىقى» دەپ لەقەم قويۇپ قويدۇق.

يەن تەتەي بولسا ئۇنداق قىلمايتتى، ئەگەر ئۇ بىزنىڭ مۇز يەۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالسا، مۇلايىمغىنا كۈلۈپ: «ھە، قېنى، يەنە بىر پارچە يە. قېنى قايسىڭلار كۆپ يەيسىلەر» دەيتتى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭدىن رەنجىيدىغان يەرلىرىمىزمۇ بار ئىدى.
خېلى بۇرۇن، مەن تېخى كىچىك ئىدىم، بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا
ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن كىتاب
ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن. مېنىڭ كىرىشىم بىلەنلا، ئۇ كىتابنى ماڭا
كۆرسىتىپ: «قاراڭ، مانا بۇ نېمە؟» دېدى. قارىسام، ئۇ كىتابقا
ئۆي ـ ئىمارەت سىزىلغان، ئىككى ئادەم خۇددى سوقۇشۇۋاتقاندەك
يالىڭاچلىنىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن ئانچە ئوخشاشمايدۇ. تازا ئاڭقىرال-
ماي تۇراتتىم، ئۇلار قاقاقلاپ كۈلدى، شۇنىڭ بىلەن خۇددى
ناھايىتى بەك خورلانغاندەك خىجىل بولدۇم ـ دە، ئۇ يەرگە 10
نەچچە كۈن بارماي قويدۇم. 10 نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە بىرنەچچە بالا بىلەن بىللە پىرقىراپ مۇسابىقىلىشىپ
تۇراتتۇق. يەن تەتەي يېنىمىزدا ساناپ بەردى: «ھە، 82! يەنە
بىرنى پىرقىراڭ، 83! يارايسىز، 84!…» لېكىن پىرقىراۋاتقان
ئاشياڭ بىردىنلا يىقىلىپ چۈشتى، ئۇنىڭ ھامما ئاچىسىمۇ كىرىپ
كەلدى ـ دە، «قارا، يىقىلىپ چۈشۈپسەنغۇ؟ گېپىمنى قۇلىقىڭدا
تۇتمايسەن. پىرقىرىما، پىرقىرىما دەپ ئېيتىپ تۇرسام…» دەپ
سۆزلەپ كەتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، باللار ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئويناشنى
ياخشى كۆرەتتى. ئەگەر ئۇسۇۋېلىپ بېشىنى ئىششىتىۋېلىپ، ئاند-
سىنىڭ ئالدىغا بارىدىغان بولسا، ياۋاشراقلىرى بىر ـ ئىككى ئېغىز
كايىپ، ئاندىن كېيىن دورا چېپىپ قوياتتى؛ يامانراقلىرى دورا
سۈرتۈپ قويۇش بۇياقتا تۇرسۇن، پېشانىسىگە بىرنەچچىنى نوقۇپ
قوياتتى ۋە تىللايتتى. لېكىن يەن تەتەي ھەرگىز تاپا ـ تەنە
قىلماي، دەرھال ھاراققا ئۇپىنى چىلىپ، ئىششىغان يەرگە چېپىپ
قوياتتى ۋە ئەمدى ئاغرىقى بېسىلىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن تاتۇق بولۇپمۇ
قالمايدۇ، دەيتتى.

دادام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، مەنمۇ پات ـ پات





ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولدۇم، بىراق باللار بىلەن ئويناش
ئۈچۈن ئەمەس، يەن تەتەي ياكى ئۇنىڭ ئېرى بىلەن پاراڭلاشقىلى
باراتتىم. شۇ چاغلاردا خېلى كۆپ بىرنەرسىلەرنى، ئوقۇيدىغان،
يەيدىغان نەرسىلەرنى ئالغۇم كېلەتتى، لېكىن پۇلۇم يوق ئىدى،
بىر كۈنى شۇ ھەقتە گەپ بولغاندا، يەن تەتەي: «ئانىڭىزنىڭ
پۇلىنى ئېلىپ خەجلەۋېرىڭ، ئۇمۇ سىزنىڭكىغۇ!» دېدى. ئانام-
نىڭ پۇلى يوق دېسەم، سوكە ـ سىرغىلىرىنى ئاچقىپ ساتسىڭىز-
مۇ بولىدۇ، دېدى. سوكە ـ سىرغىسى يوق دېسەم، «سەپسالمىغان
ئوخشايسىز. ئىشكاپ غەلىسىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا قارىسى-
ڭىز، ھەرھالدا ئاز ـ پاز مەرۋايىت دېگەندەك بىرنەرسىلەر تېپى-
لىپ قالار…» دېدى.

بۇ سۆزلەر ماڭا غەلىتە تۇيۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭ يېنىغا بارماي-
دىغان بولدۇم. لېكىن بەزىدە ئىشكاپنى ئېچىپ، ئوبدان ئاختۇ-
رۇپ باققۇممۇ كېلەتتى. شۇنىڭدىن بىرەر ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەيلا
ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ چىقىپ سېتىپتۇ دېگەن گەپ قۇلى-
قىمغا كىرىپ قالدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇددى مۇزدەك سوغۇق
سۇغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولدۇم. بۇ گەپنىڭ نەدىن چىققانلىقى
ماڭا مەلۇم ئىدى. ھازىرقى ۋاقتىم بولىدىغان بولسا، ماقالەمنى
بېسىپ چىقىرىدىغان يەر بولىدىغانلا بولسا، شۇ سۆز ـ چۆچەكنىڭ
يىغىرىنى ئېچىۋەتكەن بولاتتىم. لېكىن ئۇ چاغدا تولىمۇ ياش
ئىدىم، سۆز ـ چۆچەكنى ئاڭلىسام، ھەتتا ئۆزۈممۇ راستتىن
گۇناھ قىلغاندەك، خەقنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشتىن، ئانامنىڭ
تەسەللىسىدىن قورقاتتىم.

خەير، ئۇنداق بولسا، كېتەيچۇ!

لېكىن، نەگە باراي؟ S شەھىرىدىكى ئادەملەرنىڭ چىرايىنى
ئوبدان بىلىمەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكىنىمۇ بىرئاز چۈشى-
نىمەن. ھەرھالدا باشقا بىرخىل ئادەتلەرنى، S شەھىرىدىكى ئادەم-

لەر نەپرەت قىلىدىغان ئادەملەرنى تاپاي، ئۇلار ھايۋان بولسىمۇ ياكى جىن ـ ئالۋاستى بولسىمۇ مەيلى. شۇ چاغلاردا پۈتۈن شەھەردىكىلەر يېڭى ئېچىلغان بىر مەكتەپنى يامان كۆرەتتى، ئۇ «جۇڭگو ۋە چەت ئەلچە مەكتەپ»(91) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭدا خەنزۇ تىلىدىن باشقا، چەت ئەل تىلى ۋە ھېسابمۇ ئوقۇتۇلىدىكەن، لېكىن ئۇ ھەممە ئادەم نەپرەتلىنىدىغان بىر جاي بولۇپ قالغانىكەن؛ ئەۋلىيا ۋە ئەنبىيالارنىڭ كىتابلىرىنى پىششىق بىلىدىغان مولللار «چاھار كىتاب»نىڭ ئىبارىلىرىدىن باگۇ(92) چە ماقالە يېزىپ، ئۇنىڭغا تەنمۇ قىلغانىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ مەشھۇر ماقالىسى پۈتۈن شەھەرگە يېيىلغان، ھەممە ئادەم ئۇنى قىزىق پاراڭغا ئايلاندۇرۇۋالغانىكەن. مەن ئۇنىڭ مۇنداق بىسمىللاسىنىلا بىلەتتىم:

> «شۇيېزى بەدەۋىلەرگە: شىيا ئىقلىمىنىڭ بەدەۋىلەرنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن، لېكىن بەدەۋىلەرنىڭ شىيا ئىقلىمىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن دەپتىكەن. ھازىر ئەھۋال باشقىچە: قارلىغاچ تىللىقلارنىڭ زۇۋانىمۇ ئوبدان چىقىدىكەن…»

ئۇنىڭ ئاخىرىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئېھتىمال ھازىرقى ۋاقىتتىكى مىللىي تەۋەررۈكلەرنى قوغدىغۇچى ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىدىن ئانچە پەرق قىلمىسا كېرەك. لېكىن مەنمۇ بۇ جۇڭگوچە ـ چەت ئەلچە مەكتەپتىن رازى ئەمەس ئىدىم، چۈنكى ئۇنىڭدا پەقەت خەنزۇ تىلى، ھېساب، ئىنگلىز تىلى ۋە فرانسۇز تىلىلا ئوقۇتۇلىدىكەن. خاڭجۇدىكى «ھەقىقەت» مەكتىپى(93) نىڭ دەرسلىرى خېلى پەيزىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇش خىراجىتى كۆپ ئىكەن.

ئوقۇش خىراجىتى كەتمەيدىغان مەكتەپ نەنجىڭدا بار ئىكەن،





شۇنىڭ ئۈچۈن نەنجىڭغا قاراپ ماڭدىم. بىرىنچى قېتىم كىرگەن مەكتەپنىڭ(94) نېمىدەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ھازىر ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، قۇتۇلۇشتىن كېيىن بىر مەزگىل «چاقماق» مەكتىپى دەپ ئاتالغاندەك تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىسمى «مالائىكە تۇمارى»(95) دىكى «رەتلىك سەپ»، «رەتسىز سەپ» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. قىسقىسى، دەھلىز تامدىن كىرگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ 20 غۇلاچ ئېگىز موما ياغىچى ۋە تولىمۇ ئېگىز تۇرخۇنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەرسلىرىمۇ ئاددىي ئىدى، ھەپتىگە تولۇق تۆت كۈن ئىنگلىز تىلى ئۆتۈلەتتى؛ «Is it a rat?» «It is a cat»(96) . تولۇق بىر كۈن خەنزۇ تىلى ئۆتۈلەتتى: «موللام ئېيتىدۇرلەركى: يىن كاۋشۇ ھەقىقەتەن ئەقىدىلىك ۋاپادار ئادەم؛ ئۇنىڭ ئانىسىغا ۋاپا قىلغانلىقى جۇاڭ ھەزرەتكىمۇ تەسىر قىلغان.»(97) تولۇق بىر كۈن خەنزۇچە ماقالە يازدۇراتتى: «ئۆزۈڭنى بىلسەڭ، ئۆزگىنىمۇ بىلسەڭ، ھەر جەڭدە غەلىبە قىلىسەن توغرىسىدا»، «يىن كاۋشۇ توغرىسىدا»، «بۇلۇت سۇمۇرغقا، شامال يولۋاسقا باقىدۇ توغرىسىدا»، «كۆكتاتنىڭ يىلتىزىنى يېيەلىگەن ئادەمنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ توغرىسىدا».

مەكتەپكە يېڭى كىرگەندە 3 ـ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇش مۇمكىن ئىدى. ياتاقخانىدا بىر جوزا، بىر بەندىڭ، بىر كارىۋات بار ئىدى، كارىۋاتنىڭ ئاران ئىككى دانىلا تاختىيى بار ئىدى. ئالدىنقى ئىككى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى باشقىچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياتاقخانىلىرىدا ئىككىدىن جوزا، ئىككىدىن بەندىڭ ياكى ئۈچتىن بەندىڭ، بىردىن كارىۋات بار ئىدى، كارىۋات تاختىسى ئۈچ ئىدى. دەرسخانىغا كىرگەندە قولتۇقىدا بىر دەستە قېلىن ۋە چوڭ ئەجنەبىيچە كىتابلار بولاتتى، ئۇلار ھەيۋەت ماڭاتتى، ئۇلارغا ئاران بىر نۇسخا «فرىمېر»(98) ۋە تۆت نۇسخا «زو چيۇمىڭ يىلنامىسى»(99) بار 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى تىكىلىپ قارىيال-

مايتتى. قولىدا ھېچ نەرسە بولمىغان تەقدىردىمۇ، خۇددى قىسقۇچپاقىغا ئوخشاش كېرىلىپ ماڭاتتى. تۆۋەن سىنىپتىكىلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭاتتى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى. ئەنە شۇنداق قىسقۇچپاقىغا ئوخشاش مەشھۇر جانابلار بىلەن ئايرىلىشىپ كەتكىنىمگە ھازىر ئۇزۇن بولدى، بۇنىڭدىن تۆت - بەش يىل ئىلگىرى مائارىپ ۋازارىتىنىڭ سۇنۇق دىۋانىدا شۇنداق بىر قىياپەت كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى، لېكىن ئۇ جاناب «چاقماق» مەكتىپىدىن چىققان ئەمەس؛ دېمەك، قىسقۇچپاقا قىياپىتى جۇڭگودىمۇ خېلى ئومۇملىشىپ قاپتۇ.

كىشىنى زوقلاندۇرىدىغىنى موما ياغاچ. لېكىن ئۇنىڭ زوقلاندۇرۇشى «شەرقىي قوشنا» مىزدىكى «چىن شۇناس»[100] نىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇنىڭ «دىڭگىيىپ تۇرغان» لىقىدىن، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ سىمۋولى بولغانلىقىدىن ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ئېگىزلىكى، قاغا ۋە سېغىزغانلارنىڭ ئۇنىڭ قاپ بېلىدىكى قونداقلارغا قونالايدىغانلىقى؛ ئەگەر ئۇنىڭ ئۇچىغا چىقىدىغان بولسىڭىز، يېقىندىكى ئارسلان تېغىنى، يىراقتىكى قايغۇسىز كۆلنى كۆرەلەيسىز، لېكىن راستتىنلا شۇقەدەر يىراق يەرنى كۆرگىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى ھازىر ھەقىقەتەن ئېنىق ئېسىمدە يوق؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەۋپلىك ئەمەس، مومىنىڭ ئاستىدا تور بار، يىقىلىپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ، خۇددى بېلىجان تورغا چۈشكەندەك بولىدۇ؛ تور يېيىپ قويۇلغاندىن كېيىن، بىرەر ئادەمنىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىمىدىم.

ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بىر كۆلچەك بار ئىكەنمىش، ئۇنىڭدا ئىككى ياش ئوقۇغۇچى غەرق بولۇپ ئۆلگەنىكەن. مەن مەكتەپكە كىرگەن چاغلاردا تىندۇرۇۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا كىچىككىنە بىر بۇتخانا سېلىنغانىكەن. بۇتخانىنىڭ يېنىدا قەغەزلەرنى كۆيدۈرىدىغان بىر





خىش ئوچاق بار ئىكەن، ئوچاقنىڭ بېشىدا توغرىسىغا يېزىلغان «ئىملا - قەغەزلەرنى قەدىرلەيلى» دېگەن سۆز بار ئىكەن. ئەپسۇسكى، ھېلىقى غەرق بولۇپ كەتكەن ئىككىيلەننىڭ ئەرۋاھى كۆلچەكتىن مەھرۇم بولۇپ قالغاچقا، قايتا تىرىلىش ئۈچۈن ئىسقات بولىدىغانلارنى تاپالماي[101]، «جىن - ئەرۋاھلارنى بەند قىلغۇچى مەبۇد» ھازىر بولۇپ بۇتخانىدا ئولتۇرغان بولسىمۇ، ھەرقاچان بۇتخانىنىڭ سول تەرىپىدە ئايلىنىپ يۈرىدىكەن. مەكتەپ ئاچقان ئادەم ياخشى نىيەتلىك ئادەم بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بىرقالچە شەيخنى «يامغۇرلۇق كۈندە مەشىق قىلىدىغان مەيدان» غا «ئەپسۇن»[102] ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرىدىكەن. قىزىل بۇرۇن، تولۇمدەك سېمىز ۋە بەستلىك بىر شەيخ كۇلا كىيگەن ھالدا[103] تەسۋىسىنى سىيرىپ، دۇرۇت ئوقۇيتتى: «خىزىرۇ، پۇمىيخۇن! ئەنىيخۇن! ئەن! يى! خۇن[104]!!!»

مېنىڭ سابىق ساۋاقداشلىرىم ئەرۋاھلارنى بەند قىلغۇچى مەبۇد قولىدا توپتوغرا بىر يىل بەند بولغانىكەن، ئۇلار دۇرۇت ئوقۇيدىغان كۈنلەردىلا بىرئاز ياخشىلىققا ئېرىشىدىكەن — قانداق ياخشىلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلمەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقاچان شۇنداق كۈنلەردە، بىر ئوقۇغۇچى بولغان ئادەم ئۆزىگە پەخەس بولۇش كېرەك ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالاتتىم.

قانداقتۇر بىر خىل قاملاشماسلىقنى ھېس قىلاتتىم، لېكىن بۇ قاملاشماسلىقنى سۈپەتلەپ بېرەلمەيتتىم. ھازىر ئومۇمەن يېقىنراق كېلىدىغان سۆزنى تاپتىم، «ئادەمنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان ھاۋا قاپلاپ كەتكەن» دېسەم بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا كېتىشمۇ ئاسان بولماي قالدى، «پەزىلەتلىك ئالىيجاناب» مىجەز ئادەملەر سىزگە، ئادەم تىللايدىغان، ھەتتا تەكلىپنامىنىمۇ تىللايدىغان بو-

لۇپ قالدى، دەپ ياكى «مەشھۇر ئەرباب»[105] لارچە مىجەزگە
كىرىۋالدى، دەپ ھەزىل قىلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۆز
ۋاقتىدا بۇنىڭ كارايىتى يوق ئىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىدىغان
ياردەم پۇلى بىرىنچى يىلدا ئاران ئىككى سەر تەڭگە ئىدى، دەسلەپ-
كى ئۈچ ئايلىق سىناق مەزگىلىدە بولسا، پارچە خىراجەت ئۈچۈن
500 داچەن ئالالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كان يولى مەكتىپىگە[106]
ئىمتىھان بېرىشكە كېتىشىمگە قىلچە گەپ كەتمەيدىغان بولدى.
ئېھتىمال كان يولى مەكتىپى بولسا كېرەك، ھازىر ئېسىمدە ئېنىق
قالماپتۇ، دىپلومىمۇ قولۇمدا بولمىغاچقا، ئېنىقلاپ بېرىشىم تې-
خىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئىمتىھانى قىيىن بولمىغاچقا ئۆتۈپ
كەتتىم.

بۇ يەردە ئوقۇغىنىم Dermann, ئەمەس DieWeib, Itisacat
Kind[107] بولدى. خەنزۇچىسى يەنىلا «يىن كاۋشۇ ھەقىقەتەن
ئەقىدىلىك ۋاپادار ئادەم» دېگەندىن ئىبارەت بولدى، بىراق ئۇنىڭ
ئۈستىگە «باشلانغۇچ مەلۇماتلارنىڭ تەپسىرى»[108] قوشۇلدى. يا-
زىدىغان ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇلىرىمۇ بىرئاز باشقىچە. مەسىلەن،
«ئىشىڭنى ساز قىلاي دېسەڭ، ئاۋۋال قورالىڭنى ساز قىل توغرى-
سىدا»، بۇ ھەقتە ئىلگىرى ماقالە يازدۇرۇپ باقمىغانىدى.

بۇلاردىن باشقا، ئىلمىي ھېكمەت[109]، ئىلمىي زېمىن، ئىل-
مىي مەدەن... دېگەندەك ناھايىتى يېڭى - يېڭى دەرسلەر ئۆتۈلدى.
لېكىن بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ قويايكى، كېيىنكى ئىككى ئىلىم
يەر - زېمىن ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ مەدەن قوڭغۇراقلىرى، تاش
لەۋھەلىرى توغرىسىدىكى بىرنەرسە ئەمەس، ھازىرقى گېئولوگى-
يە، مىنېرالوگىيە دېگەن ئىلىم. بۇ نەرسىلەرنى ئوقۇغاندا، تۆمۈر
يول رېلىسلىرىنىڭ توغرىسىغا كەسمە يۈزىنى سىزىش بىرئاز قى-
يىن ئىدى، پاراللېل سىزىقلارنى سىزىش تېخىمۇ چاتاق ئىدى.
لېكىن ئىككىنچى يىلى بىر جەدىت[110] زوڭبەن[111] بولدى، ئۇ





پوچتا بىلەن ماڭغىنىدا دائىم «ئېقىم گېزىتى»[112] نى ئوقۇيتتى،
خەنزۇ تىلىنىڭ ئىمتىھان سوئاللىرىنى ئۆزى چىقىراتتى، مۇئەل-
لىملەرنىڭ چىقارغان سوئاللىرىغا ئانچە ئوخشاشمايتتى. بىر كۈنى
«ۋاشىنگتون توغرىسىدا» دېگەن سوئالنى چىقارغانىكەن، خەنزۇ
تىلى مۇئەللىمى خىجىل بولغان ھالدا بىزدىن: «ۋاشىنگتون دېگەن
قانداق نەرسە ئىكەن؟...» دەپ سورىدى.

يېڭى كىتابلارنى ئوقۇش ئادىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى، مەنمۇ
جۇڭگودا «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى»[113] دەيدىغان كىتاب
بارلىقىنى بىلىۋالدىم، يەكشەنبە كۈنى شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە
بېرىپ سېتىۋالدىم، تاش مەتبەئەدە سۇت قەغەزگە بېسىلغان قېلىن
بىر كىتاب ئىكەن، نەرخى توپتوغرا 500 داچەن؛ ۋاراقلاپ قارىسى-
سام، خۇشخەت بىلەن يېزىلغانىكەن، ئۇنىڭدا گەپ مۇنداق
باشلانغان:

«گېكىسلى بىر ئۆيدە يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆيى
لوندون شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئارقا تەرىپى تاغ، ئال-
دى تەرىپى دالا ئىدى، قاشاسىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا مانا مەن
دەپ ئېنىق كۆرۈنەتتى. بىر كۈنى گېكىسلى 2000 يىل
بۇرۇنقى، رىم سەردارى قەيسەر[114] بۇ يەرگە كەلمەستىن
ئىلگىرىكى ئەھۋاللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى: بۇ يەرلەردە
نېمىلەر بولغان بولغىيدى؟ بۇ يەرلەر تەبىئىي يارىتىلغان
ھالدا بولسا كېرەك...»

پاھ! دۇنيادا گېكىسلى دېگەن ئادەم ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇپ،
شۇنداق خىياللارنى سۈرگەنىكەن - دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قالتىس
يېڭى خىيال ئىكەن - دە؟ كىتابنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇۋەر-
دىم، «مەخلۇقاتلارنىڭ رىقابىتى»، «تەبىئىي تاللىنىش» دېگەن
گەپلەرمۇ بار ئىكەن، سوقرات، ئەپلاتونمۇ بار ئىكەن، ئىستوئىت

مۇ[115] بار ئىكەن. مەكتەپتە گېزىت ئوقۇش بۆلۈمىمۇ تەسىس قىلىنغانىدى، «ئېقىم گېزىتى» بۇ ياقتا تۇرسۇن، «تەرجىمە قىلىنغان كىتابلار مەجمۇئەسى»[116] مۇ بار ئىدى، بۇنىڭ مۇقاۋىسىدىكى كۆك رەڭدە بېسىلغان جاڭ لىيەنچىڭ[117] دېگەن ھەرپلەر كۆزگە ناھايىتى ئىسسىق كۆرۈنەتتى.

«بالام، بىرئاز يولدىن ئېزىۋاتىسەن، مانا ماۋۇ ماقالىنى ئوقۇ، كۆچۈرۈۋېلىپ ئوقۇ.» — ئۆز ئۇرۇقىمىزدىن بولغان پېشقەدەملەردىن بىرى ماڭا جىددىي قىياپەت بىلەن ئېيتتى ۋە بىر پارچە گېزىتنى قولۇمغا بەردى. ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ قارىسام، «كەمىنەلىرى شۈي يىڭكۈي[118] تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەنكى...» دېگەن گەپلەر بار ئىكەن، ئۇ ماقالىدىكى سۆزلەر ھازىر ئېسىمدە قالماپتۇ، ئومۇمەن، كاڭ يۇۋېينىڭ قانۇننى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان ماقالە ئىدى. ئۇنى كەچۈرمىگەنلىكىمۇ ئېسىمدە يوق.

ئۆزۈمنىڭ يولدىن قانداق «ئازغان»لىقىمنىمۇ بىلەلمىدىم. بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا ئاۋۋالقىدەكلا قورسىقىمغا نان، خاسىڭ، لازا يەپ، «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى»نى ئوقۇپ يۈرۈۋەردىم.

شۇنداق بولسىمۇ، بىزدە ناھايىتى ئەنسىزلىك ۋاقىتمۇ بولۇپ ئۆتتى. مەكتەپكە كىرگىنىمىزنىڭ ئىككىنچى يىلى ئىدى، مەكتەپنى يېپىۋەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدۇق. بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكىمۇ يوق، چۈنكى، بۇ مەكتەپنى ئەسلىدە جياڭنەن - جياڭشى زۇڭدۇسى[119] (ئېھتىمال ليۇكۈنيى[120] بولسا كېرەك) چىڭلۇڭسەن تېغىدىكى كۆمۈر كانىدا بەرىكەت بار ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، ئېچىشقا كىرىشكەنىكەن؛ مەكتەپ رەسمىي ئېچىلغاندا، كۆمۈر كان تەرەپ ئىلگىرىكى تېخنىكنى ۋەزىپىسىدىن





قايتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشتىن ئانچە خەۋىرى يوق بىر ئادەمنى قويۇپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ئىلگىرىكى تېخنىكنىڭ مائاشى تولىمۇ كۆپ ئىكەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار كۆمۈر كان ئېچىش ئانچە قىيىن بىر ئىش ئەمەس ئىكەن، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر يىل بولماستىنلا، ھەتتا كۆمۈرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشەلمەپتۇ، قازغان كۆمۈرى ئاران ئىككى دانە سۇ ناسوسىغىلا يېتىدىكەن، يەنى سۇنى ناسوس بىلەن تارتىپ چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن كۆمۈر قازىدىكەن، قېزىپ چىقارغان كۆمۈرنى سۇنى تارتىپ چىقىرىۋېتىدىغان ناسوسقا ئىشلىتىدىكەن، دېمەك، ئالمىغان - بەرمىگەن بولۇپ چىقىدىكەن. كاندىن بەرىكەت بولمىغاچقا، كان يولى مەكتەپنى ئېچىشنىڭمۇ ھاجىتى قالماپتۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇ چاغدا مەكتەپنى ياپمىدى. ئۈچىنچى يىلى خاڭغا چۈشۈپ قارىساق، ئەھۋال ناھايىتى خاراب؛ سۇ ناسوسلىرىغۇ ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن خاڭدا يېرىم گەز سۇ يىغىلىپ قاپتۇ، ئۈستى تەرىپىدىنمۇ سۇ تامچىلاپ چۈشۈپ تۇرۇپتۇ، بىرنەچچە ئىشچى ئۇ يەردە خۇددى جىن - ئەرۋاھقا ئوخشاش تېپىرلاپ ئىشلەۋېتىپتۇ.

ھەممىمىز مەكتەپنى پۈتتۈرسەك بولاتتى، دەپ ئارزۇ قىلاتتۇق. لېكىن مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خۇددى قانداقتۇر بىرنەرسىمىز چالا قالغاندەك كۆڭلىمىز يېرىم بولدى. موما ياغاچقا بىرنەچچە قېتىم يامىشىپ چىقىپتۇق، يېرىم ماتروس بولۇشقىمۇ لايىق ئادەم بولۇپ چىقالماپتۇق؛ بىرنەچچە يىل دەرس ئالدۇق، خاڭغىمۇ بىرنەچچە قېتىم چۈشتۇق، شۇ ھالىمىز بىلەن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر ياكى رو قازالارمىزمۇ؟ ھەقىقەتەن بۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭمۇ كۆزى يەتمىدى، چۈنكى ئىش «ئىشىڭنى ساز قىلاي دېسەڭ، ئاۋۋال قورالىڭنى ساز قىل توغرىسىدا»نى يازغاندەك ئاسان ئەمەس. ئەرشكە 20 غۇلاچ چىقتۇق، تەھتىساراغا 20 غۇلاچ

كىردۇق. نەتىجىدە قولىمىزدىن ھېچ نەرسە كەلمىدى، ئالغان ئىلىم - بىلىمىمىز «يۇقىرىدا ئەرشكە چىققان، تۆۋەندە تەھتىساراغا چۈشكەن بولسامۇ، ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم»[121] دېگەندەك بولۇپ قالدى. ئەمدى پەقەت چەت ئەلگە بېرىشتىن باشقا يول قالمىدى.

چەت ئەلگە بېرىپ ئوقۇشقا مەنسەپدارلارمۇ رۇخسەت قىلدى، بەش ئادەمنى ياپونىيىگە ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇلارنىڭ بىرى چوڭ ئانىسىنىڭ زار - زار يىغلاپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن بارماس بولدى، شۇنىڭ بىلەن تۆت كىشى قالدى. ياپونىيە جۇڭگوغا ئوخشىمايدۇ، قانداق تەييارلىق كۆرۈش كېرەك؟ بىزدىن بىر يىل ئىلگىرى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ياپونىيىگىمۇ بېرىپ كەلگەن سابىق بىر ساۋاقدىشىمىز بار ئىدى. ئۇ بەزى ئەھۋالنى بىلىسە كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن سوراپ كۆرۈشكە باردۇق.

ئۇ سالماق بىلەن:

— ياپونىيىنىڭ پايپاقلىرىنى كىيگىلى بولمايدۇ، جۇڭگو پايپاقلىرىدىن كۆپرەك ئالغاچ بېرىش كېرەك. مېنىڭچە، قەغەز پۇلمۇ بولمايدۇ، ئېلىپ بارىدىغان پۇلۇڭلارنى ئۇلارنىڭ تەڭگىسىگە تېگىشىۋېلىڭلار، — دېدى.

تۆتىلىمىز، شۇنداق قىلايلى، دېدۇق. باشقىلار قانداق قىلدىكىنتاڭ: مەن پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى شاڭخەيدە ياپون تەڭگىسىگە تېگىشىۋالدىم، 10 جۈپ جۇڭگو پايپىقى — ئاق پايپاقمۇ ئېلىۋالدىم.

كېيىنچۇ؟ كېيىن كاستۇم ۋە بەتىنكە كىيىش توغرا كەلدى، جۇڭگو پايپىقىنىڭ لازىمى بولمىدى. بىر دوللارلىق ياپون تەڭگىسى ئاللىقاچان ئۆتمەس بولۇپ قالغانىكەن، ئۇنى زىيىنىغا يېرىم دوللارلىق تەڭگە ۋە قەغەز پۇلغا تېگىشتىم.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى





# تېڭخيې ئەپەندى[122]

توكيودىمۇ شۇنداق. شاڭيې[123] نىڭ جىنەستە گۈللىرى تازا پورەكلەپ ئېچىلغان چاغلاردا كۆز سېلىپ قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇز گۈللەر بەئەينى قىپقىزىل بۇلۇتقا ئوخشايدۇ، لېكىن شۇ گۈللەرنىڭ ئاستىدىمۇ تېز پۈتتۈرۈش سىنىپى[124] دا ئوقۇش ئۈچۈن «مەنچىڭ دۆلىتىدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار»نى توپ - توپى بىلەن كۆرىسىز، ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچى شەپكىسىنى چوقچايتىپ تۇرغان ئۆرۈمە چاچلىرى گويا فۇشى تېغىغا[125] ئوخشايتتى. چاچلىرىنى تۈگۈۋالمايدىغانلىرىمۇ بولاتتى، ئۇلار چاچلىرىنى سىلىق تارىۋالاتتى، شەپكىسىنى ئېلىۋەتسە، ئەينەكتەك يالتىراپ تۇراتتى، خۇددى قىزلارنىڭ سېكىلەكلىرىگە ئوخشاش، تۈۋىدىن بوغـۇشۇپمۇ ئالاتتى، ھەقىقەتەن باشقىچە پەيزىلىك تۇراتتى.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھۇجرىلىرىغا بىرنەچچە كىتاب سېتىۋېلىپ قويۇلغانىدى، بەزىدە شۇ ھۇجرىلارغىمۇ كىرىپ ئولتۇراتتۇق. چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسا، ئۇيۇشمىنىڭ ياۋروپاچە ئۆيلىرىدە بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇشقىمۇ بولاتتى. لېكىن كەچقۇرۇنلۇقى شۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن تاق - تۇق قىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان ئاۋاز قۇلاقنى ياراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي تاماكا تۈتۈنى بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ۋەزىيەتتىن خەۋىرى بار ئادەملەردىن سورايدىغان بولسىڭىز، «تانسا ئۆگىنىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

باشقا جايغا بېرىپ باقساق قانداق؟

مەن شيەنتەيدىكى[126] تېببىي تېخنىكومغا قاراپ ماڭدىم،

توكيودىن يولغا چىقىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا بىر ئۆتەڭگە باردىم، قاردسام «رىمولى» دېگەن سۆز يېزىقلىق تۇرۇپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇر، شۇ ئىسىم هازىرمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئاندىن قالسا، شۇيخۇ[127]مۇ ئېسىمدە بار، ئۇ يەر مىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى مۇساپىر جۇ شۇنشۇي ئەپەندى ۋاپات بولغان يەر[128] ئىكەن. شىيەنتەي كىچىككىنە بىر شەهەر ئىكەن؛ قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدىكەن؛ ئۇ يەرگە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بارمايتىكەن.

ھەرقانداق نەرسە ئازلىقىدىن ئەزىز بولسا كېرەك. بېيجىڭنىڭ بەسىيى جېجياڭغا بېرىپ قالسا، ئۇنىڭ كۆتىكىگە قىزىل شوينا باغلاپ، مېۋە دۇكانلىرىغا «ئەزىز» لەپ ئېسىشىپ قوياتتى؛ فۇجيەننىڭ يېكەنلىرى بېيجىڭغا بېرىپ قالسا، ئۇنى «ئەجدىها تىللىق رەيهان» دەپ قەدىرلەپ، پارنىكلارغا ئەكىرىپ قويۇشاتتى. مەنمۇ شيەنتەيگە بارغىنىمدا شۇنداق ئەزىز ـ قەدىرلىك بولۇپ قالدىم، مەكتەپ مەندىن ئوقۇش خىراجىتى ئالمىغاننىڭ ئۈستىگە، بىرنەچچە خىزمەتچى مېنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە يېتىپ ـ قوپۇشۇمغا ناهايىتى غەمخورلۇق قىلدى. ئىلگىرى تۈرمىنىڭ يېنىدىكى بىر سارايغا چۈشكەنىدىم، قىشنىڭ ئەمدىلا كىرىشى بىلەن سوغۇق چۈشۈپ كەتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق پاشا يەنىلا كۆپ ئىدى، شۇڭا بۇيۇمنى يوتقان بىلەن، بېشىمنى چاپانلىرىم بىلەن ئوراپ، نەپەس ئېلىش ئۈچۈن پەقەت بۇرنۇمنىڭ ئىككى تۆشۈكىنىلا ئوچۇق قويۇپ ياتىدىغان بولدۇم. پاشىلار ئەنە شۇ تىنماي نەپەس ئېلىپ تۇرغان يەرگە تۇمشۇقىنى تىقىشقا ئىلاجسىز قالغاچقا، خاتىرجەم ياتىدىغان بولدۇم. تاماقمۇ يامان ئەمەس ئىدى. لېكىن قايسىبىر ئەپەندى ماڭا: بۇ سارايدا مەهبۇسلارغىمۇ تاماق تەييارلايدۇ، ئۇ يەردە تۇرۇۋېرىشىڭىز مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قايتا ـ قايتا سۆزلەۋەردى. سارايىنىڭ مەهبۇسلارغىمۇ تاماق تەييارلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئۆزۈم بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دەپ ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن ھېلىقى





ئەپەندىنىڭ رايىنى ياندۇرماسلىق ئۈچۈن، باشقا مۇۋاپىق بىر جاينى ئىزدەشكە مەجبۇر بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن باشقا بىر سارايغا كۆچۈپ كەتتىم. ئۇ يەر تۈرمىدىن خېلى يىراق ئىدى، بىراق ھەر كۈنى ئادەمنىڭ گېلىدىن نېرى يۇتسا بېرى كېلىپ تۇرىدىغان، قەلەم قىلىنغان ياڭيۇ شورپىسىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىم.

شۇنىڭدىن تارتىپ، بىرمۇنچە يات ئەپەندىلەرنى كۆردۈم، بىرمۇنچە يېڭى دەرسلەرنى ئاڭلايدىغان بولدۇم. ئاناتومىيە دەرسىنى ئىككى پروفېسسور ئۆتەتتى، دەسلەپتە سۆڭەك ئىلمىدىن دەرس ئۆتتى. شۇ دەرسكە قارامتۇل كەلگەن ئورۇقىنا بىر ئەپەندى كىردى؛ شاپ بۇرۇت، كۆزەينەك تاقىغان بۇ ئەپەندىنىڭ قولتۇقىدا چوڭ ـ كىچىك بىر دەستە كىتاب بار ئىدى. ئۇ كىتابلىرىنى مۇنبەرگە قويۇپ، ئالدىرىمايدىغان، ناهايىتى سالماقلىق ئاۋازى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

«مەن بولسام تېڭيې يەنجيۇلاڭ[129] دېگەن كىشى…»

ئارىدا ئولتۇرغانلاردىن بىرنەچچىسى كۈلدى. تېڭيې ئاناتومىيىنىڭ ياپونىيىدىكى تەرەققىيات تارىخىنى، ھېلىقى چوڭ ـ كىچىك كىتابلارنىڭ دەسلەپتىن تارتىپ تاكى هازىرغىچە شۇ ئىلىم توغرىسىدا چىققان ئەسەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ كىتابلارنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچىسى شىراز باغلانغان كىتابلار ئىكەن؛ جۇڭگونىڭ تەرجىمە قىلىنغانلىرىدىن كۆچۈرۈپ باسقانلىرىمۇ بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ يېڭى مېدىتسىنانى تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش تارىخى جۇڭگودىكىدەك كونا ئەمەس ئىكەن.

ئارقىدا ئولتۇرۇپ كۈلگەنلەر ئۆتكەن ئوقۇش يىلىدا ئىمتىهاندىن ئۆتەلمەي قالغان ئوقۇغۇچىلار ئىكەن، ئۇلار بۇ مەكتەپكە كىرگىنىگە بىر يىل بولغانلىقتىن تۈرلۈك رىۋايەتلەرنى ئوبدان بىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا ھەربىر پروفېسسورنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە،

تېگىپ ئەپەندى كىيىملىرىنى ناھايىتى پەلىپەتىش كىيىدىكەن، بەزىدە گالىستۇكىنىمۇ تاقاشنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن؛ قىش كۈنلىرى بىرلا كونا پەلتو بىلەن دۈگدىيىپ يۈرىدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پويىزغا چىققىنىدا، ھەتتا پويىز خادىملىرى ئۇنى يانچۇقچى بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىپ، يولۇچىلارغا پەخەسرەك بولۇشنىمۇ تاپشۇرغانىكەن.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرى راست بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قايسىبىر كۈنى دەرسخانىغا گالىستۇك تاقىماي كىرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

بىر ھەپتە ئۆتتى، شەنبە كۈنى بولسا كېرەك، ئۇ ئۆز ياردەمچىسى ئارقىلىق مېنى چاقىرتىپتۇ. تەتقىقات بۆلۈمىگە كىرسەم، ئۇ ئادەم سۆڭەكلىرى ۋە بىرمۇنچە يەككە ـ يەككە باش سۆڭەكلىرى ئارىسىدا ئولتۇرۇپتۇ — ئۇ شۇ كۈنلەردە باش سۆڭەكلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقانىكەن، كېيىن مەكتىپىمىزنىڭ ژۇرنىلىغا بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى بېسىلدى.

— مېنىڭ دەرسلىرىمنى خاتىرىلىيەلەمدىكەنسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— خاتىرىلىيەلەيدىكەنمەن.

— قېنى ئەكېلىڭ، كۆرۈپ باقاي.

خاتىرىلەپ يازغان دەرسلىرىمنى بەردىم، ئېلىپ قالدى، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتۇرۇپ بەردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھەپتىسىگە بىر قېتىم كۆرسىتىپ تۇرۇشۇمنى تاپشۇردى. قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قاراپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدىم ۋە ھەم خىجىل بولدۇم، ھەم مىننەتدار بولدۇم. ئەسلىدە مېنىڭ دەرستىن يازغان خاتىرىلىرىمنى باشتىن ـ ئاياغ كۆرۈپ چىقىپ، قىزىل قەلەم بىلەن تۈزىتىپتۇ، چالا تاشلىنىپ قالغان بىرمۇنچە يەرلىرىنى تولدۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، ئىملا خاتالىقلىرىنىمۇ بىر ـ بىر-





لەپ توغرىلاپ قويۇپتۇ. تاكى ئۇ ئۆتۈۋاتقان سۆڭەك ئىلمى، قان تومۇرى ئىلمى، نېرۋا ئىلمى دېگەن دەرسلەر تۈگىگۈچە شۇنداق داۋام قىلدى.

ئەپسۇسكى، ئۇ چاغدا مەن ئانچە تىرىشمايتتىم، بەزىدە ئۆز مەيلىمگە تولىمۇ بېرىلىپ كېتەتتىم. تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر كۈنى تېگىپ ئەپەندى مېنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات بۆلۈمىگە چاقىرىپ كىرىپ، مېنىڭ دەرستىن خاتىرىلەپ كۆچۈرگەن بىر رەسىمىمنى — بىلەك قان تومۇرلىرىنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ، مۇلايىملىق بىلەن:

— قاراڭ، مانا بۇ قان تومۇرىنىڭ ئورنىنى بىرئاز يۆتكىۋېتىپسىز. دۇرۇس، مۇشۇنداق يۆتكەلسە ھەقىقەتەن چىرايلىقراق كۆرۈنىدۇ، بىراق ئاناتومىيە رەسىملىرى تەسۋىرىي سەنئەت ئەمەس، ئەينەن نەرسە شۇنداق ئىكەن. ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيمىز. ھازىر تۈزىتىپ قويدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈنلەي دوسكىدىكىدەك سىزىڭ، — دېدى.

لېكىن قايىل بولمىدىم، ئاغزىمدا خوپ دېگەن بولساممۇ، كۆڭلۈمدە: «مېنىڭ سىزغىنىمدا ئەيىب يوق؛ ئەينى ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى ئۆزۈم بىلىمەن ـ دە» دەپ ئويلىدىم.

يىللىق ئىمتىھان تۈگىگەندىن كېيىن، يازنى توكيودا ئۆتكۈزدۈم. كۈزنىڭ كىرىشى بىلەن مەكتەپكە قايتىپ بارسام، ئىمتىھان نەتىجىمىز ئېلان قىلىنىپتۇ، 100 دىن ئارتۇق ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە ئوتتۇرا ھال نەتىجە ئاپتىمەن، دېمەك، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپتىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن تېگىپ ئەپەندى ئاناتومىيە ئەمەلىيىتىدىن ۋە جۇزئىي ئاناتومىيىدىن دەرس بېرىدىغان بولدى.

ئاناتومىيە ئەمەلىيىتى دەرسىنىڭ باشلانغىنىغا بىر ھەپتە بولغان بولسا كېرەك، ئۇ مېنى يەنە چاقىرىپ، ناھايىتى خۇرسەن بولغان ھالدا، يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ناھايىتى سالماقلىق ئاۋازى

بىلەن:

— جۇڭگولۇقلار جىن - ئەرۋاھقا ناھايىتى ئىخلاس قىلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، شۇڭا سىزنى جەسەتنى يېرىشقا ئۇنىماسمىكىن دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم. ئەمدى ھەرھالدا كۆڭلۈم تىندى، سىزدە ئۇنداق ئەھۋال يوق ئىكەن، — دېدى.

لېكىن ئۇنىڭ مېنى ناھايىتى تەڭلىكتە قالدۇرغان چاغلىرىمۇ بولدى. ئۇ جۇڭگودا ئاياللارنىڭ پۇتىنى بوغىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن، لېكىن تەپسىلىي بىلمەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق بوغىدىغانلىقىنى، پۇت سۆڭەكلىرىنىڭ قانداق غەلىتە شەكىلگە كىرىپ قالىدىغانلىقىنى مەندىن سوراپ قالدى ۋە:

— ھەرھالدا كۆرگەندىن كېيىن بىلگىلى بولسا كېرەك. زادى قانداق گەپ؟— دېدى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سىنىپىمىزدىكى كادىرلىرى دەرستىن يازغان خاتىرىلىرىمنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى. ئۇلارغا ئېلىپ بېرىۋىدىم، بىر قۇر ۋاراقلاپ قويدى - دە، ئەكەتمىدى. لېكىن ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، خەت توشۇغۇچى ناھايىتى قېلىن بىر پارچە خەتنى ئەكىردى. كونۋېرتنى ئېچىپ قارىسام، ئۇنىڭ بىرىنچى جۈملىسى: «تووۋا قىل!» دېگەن گەپ ئىكەن.

بۇ «ئىنجىل» دىكى ئىبارە بولسا كېرەك، لېكىن بۇ ئىبارىنى تولستوي[130] يېقىندا نەقىل كەلتۈرگەن. شۇ چاغلاردا ياپونىيە - روسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش[131] بولۇۋاتاتتى، شۇڭا تولستوي بوۋاي روسىيە ۋە ياپونىيە پادىشاھلىرىغا خەت يېزىپ، خېتىنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدە ئەنە شۇ سۆزنى ئىشلەتكەنىكەن، ياپونىيە گېزىتلىرى ئۇنى ھۆرمەتسىزلىك قىلدى دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن. ۋەتەنپەرۋەر ياشلارمۇ غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئۇنىڭ تەسىرىنى ئاللىقاچان قوبۇل قىلغان. خەتتە ئۇنىڭدىن كېيىن-





كى گەپلەر ئومۇمەن مۇنداق: ئۆتكەن يىلدىكى ئاناتومىيە دەرسىدىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان سوئاللىرىغا تېگىشلىك ئەپەندى بەلگە قويۇپ قويغانمىش، مەن ئۇ بەلگىلەرنى دەرستىن يازغان خاتىرىلىرىمگە قويۇلغان شۇ بەلگىلەردىن ئالدىن بىلىۋالغانمىشمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق نەتىجە ئالالىغانمىشمەن.

خەتنىڭ ئاخىرىغا يوشۇرۇن ناملار يېزىلغان.

شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقە ئەنە شۇ خەتنى كۆرۈش بىلەن كۆز ئالدىمغا كەلدى. سىنىپداشلار يىغىنى ئېچىش ئۈچۈن، ئۇيۇشما كادىرلىرى دوسكىغا بىر ئېلان چاپلىغانىكەن، ئۇ ئېلاننىڭ ئاخىرىدا «يىغىنغا ھېچكىم قالماي تولۇق قاتناشسۇن» دېگەن سۆز بار ئىدى. يەنە كېلىپ ھېلىقى «قالماي» دېگەن سۆزنىڭ يېنىغا تەكىتلەش بەلگىسىمۇ قويۇلغان. مەن شۇ چاغدا ھېلىقى تەكىتلەش بەلگىسىنىڭ قويۇلغانلىقىغا ئەجەبلىنىپ كۈلگەن بولسامۇ، پەرۋا قىلمىغانىدىم. لېكىن مەن ئەمدى شۇ سۆزنىڭ ماڭا تەگكۈزۈلگەنلىكىنى، ئوقۇتقۇچى يوشۇرۇپ قالماي تىنىپ قويغان سوئاللارنى بىلىۋالغان دەپ ماڭا ئىما قىلىنغانلىقىنى پەملەپ قالدىم.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقەنى تېگىشلىك ئەپەندىگە ئېيتتىم؛ مەن بىلەن ئوبدان سىرداش بولۇپ يۈرگەن بىرنەچچە ساۋاقداشنىڭمۇ بۇ ئىشقا قورسىقى كۆپتى، ئۇلار مەن بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇيۇشما كادىرلىرىنىڭ يوقىلاڭ باھانە بىلەن يولسىزلارچە تەكشۈرگەنلىكىنى ئەيىبلىدى ۋە ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاخىر، بۇ ئۆسەك سۆزلەر يوقىلىپ كەتتى، كادىرلارمۇ ھېلىقى يوشۇرۇن ئىسىملىك خەتنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا جىق ھەرىكەت قىلدى. ئاخىرىدا مەن تولستويچە خەتنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەردىم.

جۇڭگو ئاجىز دۆلەت، شۇنىڭ ئۈچۈن «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەق-

تىدارسىز بولۇشى تەبىئىي، ئۇلارنىڭ 60 تىن يۇقىرى نومۇر ئېلىشى ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس - دە! بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ گۇمانلانغانلىقىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

لېكىن، كېيىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېتىلغانلىقىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولۇپ قالدى. ئىككىنچى يىلى بىزگە باكتېرىئولوگىيە دەرسى كىرگۈزۈلدى، باكتېرىيىنىڭ شەكلى پۈتۈنلەي كىنو بىلەن كۆرسىتىلەتتى، بۇ دەرس بىردەم ئۆتۈلۈپ، بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن، تېخى دەرستىن چۈشمەي تۇرۇپلا، ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر فىلىملەر قويۇلاتتى؛ ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ تولىسى ياپونىيىنىڭ روسىيىدىن غالىب كەلگەنلىكىنى تەسۋىرلەيدىغان فىلىملار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارغا جۇڭگولۇقلارمۇ قىستۇرۇلۇپ قالاتتى؛ روسىيىلىكلەرگە جاسۇس بولغان، ياپونىيە قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈش جازاسىغا مەھكۇم بولۇپ قالغانلار؛ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ قاراپ تۇرغانلارمۇ جۇڭگولۇق؛ دەرسخانىدا مەنمۇ بار.

«ياشاپ كەت!» ئۇلار چاۋاك چېلىشىپ تەنتەنە قىلىشاتتى.

بۇنداق تەنتەنە سادالىرى ھەربىر فىلىمنى كۆرگەندە ئۇچراپ تۇراتتى، لېكىن بۇ سادا مېنىڭ قۇلىقىمغا تاش ئۇرغاندەك تېگەتتى. كېيىن جۇڭگوغا قايتىپ كەلگىنىمدە، شۇنداق ئېتىشقا مەھكۇم بولغان گۇناھكارلارنىڭ تاماشىسىنى قىلىپ تۇرغان ئادەملەرنى، ئۇلارنىڭمۇ خۇددى مەستلەردەك ھۇزۇر قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم — ئەستاغپۇرۇللا، بۇنىڭغا نېمە ئامال بولسۇن! — لېكىن شۇ چاغ ۋە شۇ يەردە مېنىڭ پىكرىم ئۆزگەردى.

ئىككىنچى ئوقۇش يىلىمىز ئاخىرلاشقاندا، تېڭيې ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مېدىتسىنانى ئوقۇمايدىغانلىقىمنى ۋە شيەنتەيدىن كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ چىرايىدا بىرئاز مەيۈسلۈك ئالامىتى پەيدا بولغاندەك بولدى، ئۇنىڭ گەپ - سۆز





قىلغۇسى كەلگەندەك بولسىمۇ، لېكىن گەپ قىلمىدى.

— بۇ يەردىن كېتىپ، بىئولوگىيىنى ئوقۇغۇم بار. جانابلىرى ئۆگەتكەن ئىلىم ئۇنىڭغىمۇ ئەسقاتار، — ئەمەلىيەتتە مېنىڭ بىئولوگىيىنى ئوقۇش نىيىتىممۇ يوق ئىدى، تېڭيې ئەپەندىنىڭ بىرئاز مەيۈس بولغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇنداق يالغان گەپ بىلەن كۆڭلىنى ياساپ قويدۇم.

— مېدىتسىنانى كۆزدە تۇتۇپ ئوقۇتۇلغان ئاناتومىيە قاتارلىق ئىلىم بىئولوگىيىگە ئانچە كۆپ ياردەم بېرەلمىسە كېرەك، — دېدى ئۇ ھەسرەتلىنىپ.

مېڭىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، ئۇ مېنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ، ئارقا تەرىپىگە «يادىكار» دېگەن سۆز يېزىلغان بىر پارچە سۈرىتىنى بەردى ۋە مېنىڭمۇ ئۆز سۈرىتىمنى ھەدىيە قىلىشىمنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن شۇ كۈنلەردە مېنىڭ سۈرىتىم يوق ئىدى. ئۇ كېيىنچە ئەۋەتىپ بېرىشىمنى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالىمدىن پات - پات خەت يېزىپ تۇرۇشۇمنى جېكىلىدى.

شيەنتەيدىن يۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، كۆپ يىللارغىچە سۈرەتكە چۈشمىدىم، ئەھۋالىممۇ مەنىسىز بولغانلىقى، سۆزلەپ كەلسەم ئۇنى مەيۈسلەندۈرۈشتىن خالىي بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، خەت يېزىشقىمۇ پېتىنالمىدىم. خېلى كۆپ يىللار ئۆتۈپ كېتىپ، گەپنى نەدىن باشلاشنىڭمۇ يولى بولمىغاچقا، بەزىدە خەت يازغۇم كەلگەن بولسىمۇ، قەلەم تەۋرىتەلمىدىم، شۇنداق قىلىپ تاكى ھازىرغىچە بىرەر پارچە خەت ياكى بىرەر پارچە سۈرەت ئەۋەتمىدىم. ئۇنىڭ نەزىرىدە، شۇ بىر كەتكىنىمچە دېرەكسىز بولۇپ كەتتىم.

شۇنداق بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇ پات - پاتلا كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالىدۇ. مەن ئۇستازىم دەپ بىلىدىغانلار ئىچىدە ئۇ مېنى ھەممىدىن بەك رازى قىلغان، ماڭا ھەممىدىن بەك ئىلھام

بەرگەن ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن:
ئۇنىڭ مەندىن كۈتكەن قىزغىن ئارزۇلىرى، ماڭا هارماي ـ تالماي
بەرگەن تەربىيىلىرى، كىچىكرەك قىلىپ ئالغاندا جۇڭگونى كۆزدە
تۇتقانلىقى، يەنى جۇڭگونىڭ يېڭى مېدىتسىنالىق بولۇپ قېلىشىنى
ئارزۇ قىلغانلىقى ئىدى؛ چوڭراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلىمنى كۆز-
دە تۇتقانلىقى، يەنى يېڭى مېدىتسىنانىڭ جۇڭگوغا يېتىپ بېرىشىنى
ئۈمىد قىلغانلىقى ئىدى، مېنىڭ نەزىرىمدە ۋە قەلبىمدە ئۇنىڭ
خۇلقى ئۇلۇغ ئىدى، ئۇنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى بىرمۇنچە ئادەملەر-
گە نامەلۇم بولغان تەقدىردىمۇ.

ئۇ توغرىلاپ ـ تۈزىتىپ بەرگەن خاتىرىلەرنى قېلىن ئۈچ
دەپتەر قىلىپ تۈپلەپ، مەڭگۈلۈك خاتىرە سۈپىتىدە ساقلاپ يۈرگە-
نىدىم. ئەپسۇسكى، بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى كۆچكەندە[132]
كىتاب قاچىلانغان بىر ساندۇقۇم يېرىم يولدا چېقىلىپ كېتىپتۇ،
كىتابلىرىمنىڭ يېرىمى يوقىلىپ كېتىپتۇ، هېلىقى خاتىرىلەرمۇ
شۇ قاتاردا يوقىلىپ كېتىپتۇ. يۆك توشۇغۇچى ئورۇندىن سۈرۈش-
تۈرۈپ خەت يازسام، زادىلا ئۈچۈرى بولمىدى. پەقەت تېڭىي
ئەپەندىنىڭ سۈرىتى هازىرغىچە بېيجىڭدىكى ئۆيۈمنىڭ شەرقىي
تېمىدا، يېزىق ئۈستىلىمنىڭ ئۇدۇلىدا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. هەرقا-
چان كېچىدە هېرىپ ـ تېلىپ، هورۇنلۇقۇم تۇتقاندا، ئۇنىڭ
ئۈستۈمدىكى چىراغ نۇرىدىن تاۋلىنىپ تۇرغان قارامتۇل، ئورۇق
چىرايىغا، خۇددى سالماق بىلەن گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغاند-
دەك قىياپىتىگە كۆزۈم چۈشىدۇ ـ دە، بىردىنلا خىجىل بولۇپ
قالىمەن، شۇنىڭ بىلەن يەنە غەيرەتكە كېلىپ، بىر تال تاماكىنى
تۇتاشتۇرۇپ، «پەزىلەتلىك ئالىيجاناب» قا ئوخشاش بىرنېمىلەرنىڭ
تىنتـاڭ تومـۇرىغا تېگىدىغـان ماقالـىلىرىمنى يېزىشـنى داۋاملا-
شتۇرىمەن.

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى





# فەن ئەينۇڭ[133]

توكيودىكى سارايدا، ئومۇمەن، ئورنىمىزدىن تۇرۇش بىلەنلا
گېزىت ئوقۇيتتۇق. ئوقۇغۇچىلار كۆپىنچە «ئەتىگەنلىك خەۋەر-
لەر» نى ۋە «يومىئۇرى خەۋەرلىرى»[134] نى كۆرەتتى؛ جەمئىيەت-
تىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا هەۋەس قىلىدىغانلار بولسا
«2 — 6 خەۋەرلىرى» نى كۆرەتتى. بىر كۈنى سەھەردە، ھە
دېگەندىلا، جۇڭگودىن كەلگەن مۇنداق بىر مەزمۇندىكى تېلېگراممىا
خەۋەرلىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى:

«ئەنخۇي شۈنفۇسى[135] ئېنمىن Jo Shiki Kin تەرىپىدىن
قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. قاتىل قولغا چۈشتى».

ھەممىمىز ھاڭ ـ تاڭ بولغاندىن كېيىن، چىرايلىرىمىز ئې-
چىلغان هالدا بىر ـ بىرىمىزگە خەۋەر قىلدۇق ۋە قاتىلنىڭ كىم
ئىكەنلىكىنى، ئىسمىنىڭ خەنزۇچە قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى تەت-
قىق قىلدۇق. لېكىن شاۋشىڭلىق بولغانلىكى ئادەم دەرسلىك كىت-
ابلارنى ئانچە ئوقۇمايدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شۈي شىلىن[136]
ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى، ئۇ ياپونىيىدە ئوقۇپ
مەملىكەتكە قايتقاندىن كېيىن، ئەنخۇيدا كاندىدات ۋالىي بولۇپ،
ساقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقانلىقتىن، ئۇنىڭ ئورنى شۈن
فۇنى قەست بىلەن ئۆلتۈرۈشكە لايىق ئىدى.

ھەممىمىز، ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمۇ
سورۇقچىلىقىنى تارتىدۇ، دېگەن پەرەزلەرنى قىلىشتۇق. ئۇزۇن

ئۆتمەيلا، چيۇ جىن قىزنىڭ شاۋشىڭدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرمۇ تارقىلىپ كەلدى. شۈي شىلىننىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئېنمىننىڭ پاسىبانلىرىغا كاۋاپ قىلىپ يېگۈزۈشۈپتۇ. ھەممىمىز ناھايىتى غەزەپلەندۇق. بىرنەچچەيلەن مەخپىي يىغىن ئېچىپ، يول خىراجىتىگە پۇل يىغدۇق، شۇ چاغدا ياپون سەرگەردانلىرىدىن بىرى ئەسقاتتى، ئۇ قارا بېلىقنى زاكۇسكا قىلىپ، بىرئاز ھاراق ئىچكەندىن كېيىن پىدائىي بولۇپ مەيدىسىگە قېقىپ، شۈي شىلىننىڭ بالا-چاقىلىرىنى ئەكېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىمۇ ئادەت بويىچە ئۇ شېھىتنىڭ ھەققىگە تەزىيە بىلدۈرۈپ، مانجۇلارغا لەنەت قىلدى؛ شۇنىڭدىن كېيىن بەزىلەر بېيجىڭغا تېلېگرامما سوقۇپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيەتسىزلىكىنى قاتتىق ئەيىبلەشنى تەشەببۇس قىلدى. يىغىندا قاتناشقانلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى: بىرى تېلېگرامما بېرىمىز دېسە، يەنە بىرى بەرمەيلى دېدى، مەن تېلېگرامما بېرىش تەرەپدارى بولدۇم، لېكىن بۇ تەشەببۇسۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا:

— ئۆلتۈرگۈچى ئۆلتۈرۈپ بوپتۇ، ئۆلگۈچىمۇ ئۆلۈپتۇ، ئەمدى نېمىسىگە تېلېگرامما بېرىمىز؟ — دېگەن بوغۇق بىر ئاۋاز چىقتى.

بۇ ئېگىز بويلۇق، ئۇزۇن چاچلىق، كۆزىنىڭ ئېقى كۆپ، قارىسى ئاز، ئادەمگە ھەمىشە كۆزگە ئىلمىغاندەك بىر خىل قىياپەت بىلەن قارايدىغان بىر ئادەمنىڭ ئاۋازى. ئۇ بورىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، مەنلا سۆز قىلسام قارشى چىقاتتى. بۇنىڭغا ئىلگىرىدىنلا ھەيران بولۇپ، دىققەت قىلىپ يۈرەتتىم. ئەمدى باشقىلاردىن: بۇ گەپنى قىلغان كىم؟ ئەجەبمۇ مۇزدەك سوغۇق ئادەم ئىكەنغۇ؟ دەپ سۈرۈشتۈرسەم، تونۇيدىغانلار ماڭا: ئۇ فەن





ئەينۇڭ [137]، ئەسلى شۈي شىلىننىڭ شاگىرتى، دېدى.

غەزىپىم قايناپ تاشتى. ئادەم ئەمەس بىر نەرسىكەن، ئۆزىنىڭ ئۇستازى ئۆلتۈرۈلسە، تېلېگرامما بېرىشتىنمۇ قورقىدىكەن، دەپ ئويلاپ، تېلېگرامما بېرىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ قالدىم. ئاخىر، تېلېگرامما بېرىشنى قۇۋۋەتلەيدىغانلار كۆپ بولغاچقا، ئۇ بويۇن ئەگدى. ئاندىن كېيىن تېلېگراممىنى يازىدىغان ئادەملەر سايلاشقا كىرىشتۇق.

— سايلاشنىڭ نېمە كېرىكى؟ تېلېگرامما بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان ئادەم يازىدۇ-دە، ئەلۋەتتە… — دېدى ئۇ.

مەن: ئۇ يەنە سۆزنى ماڭا تەگدۈرۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى يولسىزمىكىن دېسەم ئۇنداقمۇ ئەمەس دەپ ئويلاپ، بۇ ئەلەملىك ماقالىنى شېھىتنىڭ ھاياتىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەم يېزىشى كېرەك، چۈنكى شۇنداق ئادەم باشقىلارغا قارىغاندا ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن، ئۇ كۆڭلىدە تېخىمۇ ئېچىنىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ يازغان تېلېگراممىسى چوقۇم تېخىمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن يەنە تالاش-تارتىش باشلاندى. ئاخىر، ئۇمۇ يازمىدى. مەنمۇ يازمىدىم، كىمدۇر باشقا بىرى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

كېيىن ھەممىمىز تارقىلىپ كەتتۇق، پەقەت تېلېگراممىنى يازغۇچى ۋە يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن تېلېگراممىنى بېرىۋېتىشكە ھازىرلانغان بىر-ئىككى نەپەر ئۇيۇشما كادىرىلا قالدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ، فەن ئەينۇڭ تولىمۇ غەلىتە ۋە ناھايىتى قەبىھ ئادەم ئىكەن، دەسلەپتە جاھاندا مانجۇلارنى قەبىھ دەپ ئويلاپ يۈرگەنىكەنمەن، ئۇلارنىڭ تېخى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى فەن ئەينۇڭ ئىكەنلىكىنى مانا ئەمدى بىلدىم: جۇڭگودا ئىنقىلاب بولمىسا خەيرىيەت، ئىنقىلاب بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئاۋۋال فەن ئەينۇڭنى يوقىتىش شەرت، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندىم.

لېكىن بۇ پىكىر كېيىنچە بارا - بارا يوقىلىپ كەتكەندەك بولدى، ئاخىر ئۇنتۇپ كەتتىم، شۇنىڭدىن كېيىن بىز قايتا كۆرۈشمىگەنىدۇق. ئىنقىلابتىن بىر يىل ئىلگىرى مەن ئۆز يۇرتۇمدا مۇئەللىملىك قىلىۋاتاتتىم، باھارنىڭ ئاخىرقى چاغلىرى بولسا كېرەك، بىر كۈنى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ بىر سورۇندا ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئادەمگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، بىر - بىرىمىزگە ئىككى - ئۈچ سېكۇنت قارىشىۋالغاندىن كېيىن، تەڭلا:

— ئوھۇ، سىز فەن ئەينۇڭغۇ!

— ئوھۇ، سىز لۇشۇنغۇ! — دېيىشتۇق.

نېمە ئۈچۈندۇر، ھەر ئىككىمىز كۈلدۇق، بۇ كۈلكە ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشتىن ۋە مەيۈسلىنىشتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ئاۋۋالقىدەك ئىدى، لېكىن شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، تېخى بىرنەچچە يىل ئۆتمەيلا ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىپتۇ، ئەسلىدە شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئىلگىرى مېنىڭ دىققەت قىلمىغان بولۇشۇممۇ ئېھتىمال. ئۇ ناھايىتى كونىراپ كەتكەن ماتا چەزمەك، يىرتىق خەي كىيىۋالغان، ئۇنىڭ ئەپتىدىن ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن سۆز ئېچىپ، كېيىنكى چاغلاردا ئوقۇش خىراجىتىگە پۇلى قالماي، داۋاملىق ئوقۇۋېرىشكە ئىلاجى بولمىغانلىقى ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلىكىنى، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خورلىنىپ، يەكلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئۆزىنى سىغدۇرغۇدەك جايمۇ قالمىغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ھازىر يېزىدا بىرنەچچە ئوقۇغۇچىغا دەرس ئۆتۈپ، شۇنىڭ بىلەن جان بېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بەزىدە ئىچى قايناپ قالىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كېمىگە چۈشۈۋېلىپ شەھەرگە كىرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ ھازىرقى كۈندە ھاراققا بېرىلىپ قالغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ





بەردى، شۇنىڭ بىلەن ھاراق ئىچىشكە باشلىدۇق. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇ شەھەرگە كىرسىلا مېنى يوقلاپ كېلىدىغان بولدى، ناھايىتى ئەسرا بولۇشۇپ كەتتۇق. شىركەيىپ بولغاندىن كېيىن خۇددى مەجنۇنلاردەك پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدۇق، ھەتتا ئانامۇ بۇ پاراڭلىرىمىزنى ئاڭلاپ قالسا كۈلۈپ كېتەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، توكيودا يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى - دە، ئۇنىڭدىن:

— شۇ كۈنى سىز ماڭىلا قارشى تۇردىڭىز، قەستەن شۇنداق قىلغاندەك تۇرىسىز، زادى سەۋەبى نېمە ئىدى؟ — دەپ سورىدىم.

— تېخىچە بىلمىدىڭىزمۇ؟ مەن ئەزەلدىن سىزنى يامان كۆرەتتىم. مەنلا ئەمەس، بىز ھەممىمىز.

— مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىلەمتىڭىز؟

— نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن. بىز خېڭبىنغا بارغاندا، ئالدىمىزغا چىققانلار زىيىلىڭ[138] بىلەن سىز ئەمەسمۇ؟ سىز بىزنى ياراتماي، بېشىڭىزنى چايقاپ كەتتىڭىز. يادىڭىزدا باردۇر؟

ئويلاپ باقسام، بۇنىڭدىن يەتتە - سەككىز يىل ئىلگىرىكى ئىش بولسىمۇ، يادىمدا تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا مەن زىيىلىڭنىڭ، ئوقۇشقا يېڭى كەلگەن يۇرتداشلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن خېڭبىنغا بارىمىز، دېگەن تەكلىپى بىلەن بارغانىدىم. پاراخوتتىن 10 نەچچەدەك ئادەم چۈشتى، ئۇلار قىرغاققا چىقىش بىلەنلا خۇرجۇن - قاچىلىرىنى تاموژنىغا تەكشۈرتۈش ئۈچۈن قويدى، تاموژنىچىلار كىيىم چامادانلىرىنى ئۇيان - بۇيان قىلىپ ئاختۇرۇپ، بىردىنلا كەشتە قىلىنغان زەيپانە خەينى كۆرۈپ قالدى - دە، تەكشۈرۈش ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، زەيپانە خەيگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. كۆڭلۈمدە: ھەي بەتبەختلەرەي، بۇ نەرسىنى نېمىدەپ ئەكېلىشكەنسەن؟ دەپ ئويلاپ، ناھايىتى نارازى بولدۇم. شۇ چاغدا

ئۆزۈم بىخەستە بولۇپ، بېشىمنى چايقىغان بولسام كېرەك. تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن، سارايدا بىرئاز ئولتۇردۇق، ئاندىن كېيىن پويىزغا چىقىش توغرا كەلدى. كىم ئويلىسۇن، بۇ بىر توپ ئەپەندىلەر پويىزدا بىر - بىرىنى ئورۇنغا تەكلىپ قىلغىلى تۇردى، A ئەپەندى B ئەپەندىنى بۇ ئورۇنغا تەكلىپ قىلسا، B ئەپەندى C ئەپەندىنى تەكلىپ قىلدى، قول باغلاپ تەزىم قىلىپ، ئۆتۈنۈش تەكەللۇپلىرىنى تۈگەتمىدى، پويىزنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ مېڭىشى بىلەن تەڭ ئۈچ - تۆتى دەلدەڭلەپ يىقىلىپ چۈشتى. شۇ چاغدىمۇ ناھايىتى نارازى بولۇپ، كۆڭلۈمدە: بۇلار ھەتتا پويىزدىكى ئورۇننىمۇ تۆر، پەگاھقا ئايرىغىلى تۇردى··· دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. شۇ چاغدىمۇ بىخەستەلىك قىلىپ، بېشىمنى چايقىغان بولسام كېرەك. لېكىن شۇ تەزىم بىلەن سۈلكەت قىلىشقا ئادەملەر ئىچىدە فەن ئەينۇڭنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى مانا ئەمدى ئېسىمگە ئالدىم. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، ئېيتىپ كەلسەم ئۆزۈممۇ خىجىل بولىمەن، شۇ بىر توپ ئادەم ئىچىدە كېيىنكى چاغلاردا ئەنخۇيدا جەڭدە شېھىت بولغان چېن بوپىڭ[139]، ئۆلتۈرۈلگەن شېھىت ما زۇڭخەنمۇ[140] بار ئىكەن؛ قاراڭغۇ زىندانغا تاشلىنىپ، ئىنقىلابتىن كېيىنلا يورۇقلۇققا چىققان، تېنىدە باسمىچىلارنىڭ قىيىن - قىستاقلىرىدىن جاراھەت ئىزلىرى قالغان يەنە بىر - ئىككى ئادەممۇ بار ئىكەن. لېكىن مەن بۇلارنى بىلمەي، بېشىمنى چايقىغىنىمچە توكيوغا ئېلىپ بارغانمەن. شۈي شىلىن ئۇلار بىلەن بىر پاراخوتتا بارغان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى پويىزدا يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ شىڭخۇ دېگەن يەردىلا ئۆز رەپىقىسى بىلەن بىللە ئاپتوموبىل بىلەن يۈرۈپ كەتكەن.

شۇ چاغدا بېشىمنى ئىككى قېتىم چايقىغان بولسام كېرەك، ئۇلارنىڭ قايسى قېتىمقىسىنى كۆرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئورۇن ئۆتۈنۈشكەن چاغدا غەلۋە بولۇپ تۇرغانىدى؛ تەكشۈرۈش ۋاقتىدا





جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەنىدى، ئېھتىمال تاموژنىدىكىسى بولسا كېرەك. فەن ئەينۇڭدىن سورىسام، دەرۋەقە شۇ قېتىمقىسى ئىكەن.

— سىلەرنىڭ شۇ نەرسىنى نېمە ئۈچۈن ئالغاچ بارغانلىقىڭلارنى زادىلا چۈشەنمىدىم. كىمنىڭكى ئىدى؟

— ئۇستازىمىزنىڭ ئانىسىنىڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئېقى كۆپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— توكيودا پۈتى يوغان ئادەم قىياپىتىدە يۈرۈش توغرا كېلەتتى. ئۇ نەرسىنى ئالغاچ بېرىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟

— بۇنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراڭ.

قىش كىرىش بىلەن بىزنىڭ قول - ئىلكىمىز تېخىمۇ قىسقىراپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىچىدىغان ھارىقىمىزنى ئىچەتتۇق، چاقچاق پاراڭلىرىمىزنى قىلىشىۋېرەتتۇق. كېيىن بىردىنلا ۋۇچاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شاۋشىڭ قۇتۇلدۇرۇلدى. ئىككىنچى كۈنى فەن ئەينۇڭ شەھەرگە كەلدى، ئۇ دېھقانلار كىيىپ يۈرىدىغان كىگىز تەلپەك كىيىۋاپتۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى ئىلگىرى زادىلا ئۇچراتمىغانىدىم.

— بۇرادەر لۇشۈن، بۈگۈن ھاراقنى قويۇپ تۇرايلى. قۇتۇلدۇرۇلغان شاۋشىڭنى كۆرۈپ كېلەيلى، بىللە بارايلى.

بىز كوچىلارنى بىرقۇر ئايلاندۇق، ھەممىلا يەرگە ئاق بايراقلار قادالغان. كۆرۈنۈشى شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن تېگىدىن ئاۋۋالقىدەك كونىلىقى چىقىپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى ھۆكۈمەت يەنىلا كونا يۇرت ئاقساقاللىرىدىن تەشكىللەنگەن ھەربىي ھۆكۈمەت ئىكەن، تۆمۈريول پايچىكلىرى دېگەن بىرنېمىلەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى بولۇۋاپتۇ، سەرراپ دۇكانلىرىنىڭ خوجايىنلىرى دېگەن بىرنېمىلەر ھەربىي قورال مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋەھاكازا··· بولۇۋاپتۇ. بۇ ھەربىي ھۆكۈمەتمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرەلمىدى،

بىرنەچچە ياش يىگىتنىڭ سۇرەن سېلىشى بىلەن، ۋاڭ جىنفا خاڭجۇدىن ئەسكەر باشلاپ كەلدى، سۇرەن سالمىغان تەقدىردىمۇ ئەسكەر باشلاپ كېلىشى ئېھتىمال ئىدى. ئۇ ئەسكەر باشلاپ كىرگەندىن كېيىن بىرمۇنچە بىكار تەلەپلەرنىڭ ۋە جەدىت ئىنقىلابچىلارنىڭ ھە - ھۇسى بىلەن ۋاڭ دۇدۇ بولۇپ قالدى، يامۇلدىكى ئادەملەر دەسلەپتە ماتا كىيىم بىلەن كەلگەن بولسا، 10 كۈن ئۆتمەيلا، ھاۋا ئانچە سوغۇق بولمىسىمۇ، جۇۋا تونلۇق بولۇپ قالدى.

ماڭا دارىلمۇئەللىمىن مۇدىرىنىڭ تاۋۇقىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بېرىشتى. ۋاڭ دۇدۇ مەكتىپىمىزگە 200 سەر تەڭگە بەردى. فەن ئەينوڭ مۇپەتتىش بولدى، ئۇ تېخىچە ھېلىقى ماتا كەمزۇلىدىن ئايرىلالمىغانىدى، لېكىن ھاراقنى ئانچە كۆپ ئىچمەيتتى، قۇرۇق پاراڭ سېلىشقىمۇ ئانچە چولى تەگمەيتتى. ئۇ ئىشقا، دەرس ئۆتۈشكە ناھايىتى تىرىشاتتى.

— ئەھۋال يەنىلا چاتاق. ۋاڭ جىنفالار ... — ئالدىنقى يىلى مېنىڭ دەرسىمنى ئاڭلىغان بىر ياش يىگىت مېنى يوقلاپ كېلىپ، مەردانىلىك بىلەن سۆزلىدى، — بىز بىر گېزىت چىقىرىپ، ئۇلارغا نازارەت قىلماقچى بولۇۋاتىمىز، بىراق تەشەببۇسچىلىققا ئۆزلىرىنىڭ نامىدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتىمىز. زىبىڭ ئەپەندىمۇ، دېچىڭ(141) ئەپەندىمۇ بار. جەمئىيەت مەنپەئىتى ئۈچۈن سىزنىڭ ھەرگىز ياق دېمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمىز.

مەن ماقۇل بولدۇم. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گېزىت چىقىرىش توغرىسىدا تارقىتىلغان تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى كۆردۈم، دەرۋەقە ئۈچەيلەننى تەشەببۇسچى قىپتۇ. بەش كۈندىن كېيىن گېزىت چىقتى، باشتىلا ھەربىي ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىغا لەنەت ئېيتىلغان؛ ئاندىن كېيىن دۇدۇغا، دۇدۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، يۇرتداشلىرىغا، كىچىك خوتۇنلىرىغا... لەنەت





ئېيتىلغان.

10 نەچچە كۈن ئەنە شۇنداق لەنەت قىلىنغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئۆيۈمگە: سىلەر دۇدۇنىڭ پۇلىنى كۆز بوياپ ئېلىۋاپسىلەر، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېخى ئۇنى تىللاپسىلەر، شۇڭا دۇدۇ ئادەم ئەۋەتىپ، سىلەرنى ئاتتۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، دېگەن بىر خەۋەر يېتىپ كەلدى.

باشقىلارغىغۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئانام ھەممىدىن بەك ئۆرتەندى، ئۇ ماڭا ئەمدىلا تاشقىرىغا چىقماسلىقنى تاپىلىدى. لېكىن مەن ئاۋۋالقىدەكلا چىقىۋەردىم ۋە: ۋاڭ جىنفا بىزنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ئۇ لۈيلىن ئالىي مەكتىپىدىن(142) چىققان بولسىمۇ، ئاسانلىقچە ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ ئالغىنىم مەكتەپكە بېرىلگەن پۇل، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزى چۈشىنىدۇ، ھېلىقى خەۋەر ئانچىكى بىر گەپ بولسا كېرەك، دېدىم.

دەرۋەقە، ئۆلتۈرگىلى ئادەم كەلمىدى. خىراجەت ئۈچۈن خەت يېزىپ، يەنە 200 سەر تەڭگە ئالدىم، لېكىن بىرئاز خاپىلىقى بار ئىكەن، پۇلنى بېرىش بىلەن تەڭ، يەنە پۇل سورىساڭلار بېرىلمەيدۇ، دەپ بۇيرۇقمۇ بېرىپتۇ!

بىراق، فەن ئەينوڭ تاپقان بىر يېڭى خەۋەر مېنى خېلى بىئارام قىلدى. ئەسلىدە ھېلىقى «كۆز بوياپ ئالدى» دېگەن گەپ مەكتەپ خىراجىتى توغرىسىدىكى گەپ ئەمەس گېزىتخانىغا بەرگەن پۇل توغرىسىدىكى گەپ ئىكەن. گېزىت بىرنەچچە كۈن تىللىغاندىن كېيىن، ۋاڭ جىنفا 500 سەر ئەۋەتىپ بەرگەنىكەن، شۇ چاغدا بىزنىڭ ياش يىگىتلىرىمىز مەجلىس ئېچىپ، مۇزاكىرىلىشىپتۇ. بىرىنچى مەسىلە: ئالامدۇق، يوقمۇ؟ قارار: ئالىمىز. ئىككىنچى مەسىلە: ئالغاندىن كېيىن تىللامدۇق، يوقمۇ؟ قارار: تىللاۋېرىمىز. چۈنكى: پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇ پايچىك بولىدۇ، پايچىك ياخشى بولمىسا، ئۇنى تىللاش ھەققىمىز بار.

مەن دەرھال گېزىتخانىغا بېرىپ، بۇ ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سۈرۈشتۈردۈم. راست ئىكەن، ئۇنىڭ پۇلىنى ئالماسلىق كېرەكلىكى توغرىسىدا بىرئاز سۆز قىلىۋېدىم، بوغالتىر دېگەن بىر ئادەم خاپا بولۇپ، ماڭا سوئال قويدى:

— گېزىتخانا نېمىشقا پاي قوبۇل قىلمايدىكەن؟

— بۇ پاي ئەمەس…

— پاي بولمىسا نېمە؟

مەن سۆزۈمنى توختىتىۋالدىم، چۈنكى بۇنچىلىك جاھانسازلىقتىن بۇرۇنلا خەۋىرىم بار ئىدى. ئەگەر ئۆزىمىزگە چېتىلىپ قالىدىغان سۆزلەرنى قىلىۋېرىدىغان بولسام، ئۇ مېنىڭ يۈزۈمگىلا: ئەرزىمەس جېنىڭنى ئاياپ، جەمئىيەت ئۈچۈن قۇربان بولۇشنى خالىمايدىكەنسەن، دېيىشى ياكى ئەتىسى گېزىتتە مېنى ئۆلۈمدىن ئانداق قورقۇپ، مۇنداق لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، دەيدىغان خاتىرىلەرنى كۆرۈپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى.

لېكىن شۇنداق بىر ئەھۋال توغرا كېلىپ قالدىكى، جىفۇ[143] مېنى نەنجىڭغا كېلىڭ دەپ ئالدىرىتىپ خەت يېزىپتۇ. فەن ئەينۇڭمۇ بۇنى ناھايىتى قوللىدى، لېكىن ئۇ مەيۈسلىنىپ:

— بۇ يەردىكى ئەھۋال يەنىلا ئاتام ئېيتقان بايىقىدەك تۇرۇپتۇ، بۇ يەرنىڭ تۇرغۇچىلىكى قالمىدى، تېزرەك كېتىۋېلىڭ… —

دېدى.

ئۇنىڭ ئېيتمىغان سۆزلىرىنى چۈشەندىم، نەنجىڭغا كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئاۋۋال دۇدۇ مەھكىمىسىگە ئىستىپا بەرگەندىم، دەرۋەقە تەستىقلاپتۇ ۋە پوتلا ماڭقىسى ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئادەمنى ئىشلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتىپتۇ. مەن ھېساباتلىرىمنى ۋە ئېشىپ قالغان 12 تىيىن پۇلنى ئۆتكۈزۈپ بەردىم. ئۇ مۇدىر ئەمەس ئىدى. مۇدىرلىقنى كېيىن كۇڭزى دىنى ئۇيۇشمىسىنىڭ[144] رەئىسى فۇ لىچىڭ تاپشۇرۇۋالدى.





گېزىتخانا ۋەقەسى مەن نەنجىڭغا كېتىپ ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاخىرلىشىپتۇ. بىر توپ ئەسكەر كېلىپ، گېزىتخانىنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋېتىپتۇ، زىيىڭ يېزىدا بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولماپتۇ؛ دېچىڭ شەھەردە بولغاچقا، ئۇنىڭ يوتىسىغا بىر خەنجەر ئۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ؛ ئەلۋەتتە، خەنجەر خېلىلا ئاغرىتىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ، ئۇ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، بىر سۇڭ كەڭلىكتىكى خەنجەر يارىسىنى كۆرسىتىپ، بىر سۈرەت تارتتۇرۇپتۇ ۋە ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ بىر پارچە ماقالە يېزىپ ھەرقايسى ئورۇنغا ئەۋەتىپ، ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدىن داد ـ پەرياد قىپتۇ. مەن ئويلايمەنكى، ھازىر شۇ سۈرەتنى ساقلاپ قويغان ئادەم بولمىسا كېرەك، چۈنكى ئۇ سۈرەت تولىمۇ كىچىك تارتىلغان، خەنجەرنىڭ ئۆزى سۈرەتتە يوق دېيەرلىك دەرىجىدە كىچىكلەپ كەتكەن، ئەگەر ئىزاھات بېرىلمىگەن بولسا، ئۇ سۈرەتنى كۆرگەن ئادەم: بىرئاز ئالجىپ قالغان سەتەڭ ئادەمنىڭ يالىڭاچ چۈشكەن سۈرىتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىماي قالمايتتى؛ ئۇلۇغ مارشال سۇن چۇەنفاڭ[145] كۆرۈپ قالسا، ئۇ سۈرەتنى مەنئى قىلىشى ھەم ئېھتىمال ئىدى.

مەن نەنجىڭدىن بېيجىڭغا كۆچۈپ كەلگەن چاغدا، كۇڭزى دىنى ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان مۇدىر فەن ئەينۇڭنى تەپتىشلىكتىن بوشىتىۋېتىپتۇ. فەن ئەينۇڭ يەنە ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا بېيجىڭدىن بىرەر خىزمەت تېپىپ بېرىش نىيىتىم بار ئىدى، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن شۇنداق پۇرسەت تېپىلماي قالدى. كېيىن ئۇ باشقا بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىدە قورساق بېقىپ يۈرۈپتۇ، بەزىدە ماڭا خەت يازاتتى، ھال ـ كۈنى ئېغىرلاشقانسېرى، خەتتە يازغان سۆزلىرىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇ ئاخىر ھېلىقى تونۇشىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ

كېتىپ، سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يۇرتداشلاردىن ئۇشتۇمتۇتلا بىر خەۋەر كېلىپ قالدى، ئاڭلىسام، ئۇ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ، غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئۆزى ئۆلۈۋالغان بولسا كېرەك، دېگەن گۇماندا بولدۇم، چۈنكى ئۇ سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئىدى، ئاسانلىقچە غەرق بولۇپ كەتمەيتتى.

يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدا كېچىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ، ناھايىتى مەيۈسلەندىم، ھېلىقى خەۋەرنى يالغان بولسا كېرەك، دېگەن گۇمانغىمۇ كەلدىم، لېكىن بىرەر دەلىل بولمىسىمۇ، يەنە ھېچبىر ئاساسسىزلا بۇ خەۋەر ئىشەنچلىك بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ھېچبىر ئىلاج بولماي، ئاخىر تۆت پارچە شېئىر يازدىم، كېيىن قايسىبىر گېزىتكە بېسىلدى، ھازىر ئۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلەي دەپ قاپتۇ. شۇ شېئىرنىڭ بىر پارچىسىنىڭ بىرنەچچە مىسراسى يادىمدا تۇرۇپتۇ. باشتىكى تۆت مىسراسى مۇنداق: «مەي ئىلىپ قولغا پەلەكتىن سۆز ئاچاتتىڭ كەڭتاشا، مەيخۇمارلىق ۋە لېكىن ئەسلىدە ياتتۇر ساڭا. چۆككىنىدەك گويا ئالەم غەرق مەستلىك ئىچىگە، سەنمۇ شۇكلەپ قالار ئىدىڭ شىركەيپلىك ئىلكىدە.» ئوتتۇرىدىكى ئىككى مىسراسى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئاخىرقى ئىككى مىسراسى مۇنداق:

«تېزىپ ـ توزۇپ تۈگىدى كونا دوست ـ بۇرادەرلىرىم،
خاك، خەس ـ خازان بولۇش ئوخشايدۇ ئەمدى تەقدىرىم.»

كېيىنكى كۈنلەردە يۇرتۇمغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تەپسىلىي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتىم. فەن ئەينۇڭ ئەپەندىگە ھېچقانداق خىزمەتمۇ تېپىلماپتۇ، چۈنكى ھەممىسى ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ھال كۈنى مۈشكۈلچىلىككە قاپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ، يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن ھاراق ئىچىپ تۇرۇپ-





تۇ. ئۇنىڭ رابىتەسىمۇ ئازىيىپ قاپتۇ، كېيىن تونۇشقان بىرنەچچە ياشراق يىگىتلەر بىلەنلا باردى ـ كەلدى قىلىدىغان بوپتۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئۇنىڭ رەنجىلىك سۆزلىرىنى ئانچە خالىمايدىكەن، ئۇنىڭ بۇنداق دەردلىك سۆزلىرىنى كۈلكىلىك پاراڭلىرىغا ئوخشاش پەيزىلىك ئەمەس، دەپ قارايدىكەن.

«ئەتىلا بىر پارچە تېلېگراما كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئېچىپ قارايمەن، لۇشۈنىنىڭ مېنى چاقىرتقان تېلېگراممىسى···—» ئۇ دائىم شۇنداق دەپ يۈرىدىكەن.

بىر كۈنى بىرنەچچە يېڭى دوستى ئۇنى كېمە بىلەن ئويۇن كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىپتۇ، قايتقان چاغدا يېرىم كېچە بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بوران چىقىپ، يامغۇر يېغىپ تۇرغانىكەن، ئۇ كەيپ بولۇپ قالغان بولسىمۇ كېمىنىڭ لېۋىگە تەرەت سۇندۇرماقچى بوپتۇ. باشقىلار ئۇنى توسۇسىمۇ قۇلاق سالماي، سۇغا چۈشۈپ كەتمەيمەن دەپتۇ. لېكىن چۈشۈپ كېتىپ قاپتۇ، سۇ ئۈزۈشنى بىلسىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن چىقماپتۇ.

ئەتىسى ئۇنىڭ جەسىتى يېكەنلىك كۆلدىن تېپىلىپتۇ، جەسىتى ئۆرە تۇرغۇدەكمىش.

ئۇنىڭ زادى يىقىلىپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ياكى ئۆلۈۋالغانلىقىنى ھازىرغىچە چۈشىنەلمىدىم.

ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە قالماپتۇ، بىر گۆدەك قىزى بىلەن رەپىقىسىلا قاپتۇ. بىرنەچچە ئادەم ئۇنىڭ قىز بالىسىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىگە دەسمايە قىلىش ئۈچۈن بىرئاز پۇل يىغىش قىلىپ بېرىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسلىھەتنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىدىن بەزى كىشىلەر بۇ پۇلغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ قالغاچقا —ئەمەلىيەتتە ئۇ تېخى يوق پۇل ئىكەن— باشقىلارنىڭ ھەپىسلىسى پىر بولۇپ قاپتۇ ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىدىن تارقىلىپ

كېتىشىپتۇ.

ئۇنىڭ بىردىنبىر قىزىنىڭ ھازىرقى ھالى قانداقكىنتاڭ؟ ئەگەر مەكتەپكە كىرگەن بولسا، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندۇر.

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى





# خاتىمە(146)

«24 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى» سەرلەۋھىلىك ئۈچىنچى ماقالەمنىڭ بېشىدا، بېيجىڭلىقلارنىڭ كىچىك بالىلارنى قورقۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان «ما خۇزى» ( 马虎子 ) دېگەن سۆزنى «ما خۇزى» ( 麻胡子 ) دېيىش كېرەك، ئۇ ئەسلىدە ما شۇمۇنىڭ ئۆزى، دەپ يازغانىدىم، يەنە كېلىپ ھونلاردىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدى بىلدىمكى، ئۇ سۆزۈم خاتا ئىكەن، «خۇ» ( 胡 ) نى «خۇ» ( 祜 ) دەپ يازغاندا توغرا بولىدىكەن. تاڭ دەۋرىدە ياشىغان لى جۇېن يازغان «تەۋەررۈكلەر تەپسىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاخىرقى جىلدىدا «ما خۇ ئەمەس» دېگەن سۆزلەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئەسلىي تېكىستى مۇنداق:

«ئەل ئىچىدە كىچىك بالىلارنى، ما خۇ كەلدى! دەپ قورقۇتىدىغان ئادەت بار. بۇ سۆزنىڭ مەنبەسىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئۇنى، بومبىرا ساقال، ئادەمنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش خۇمارى بار ئادەم، دەپ ئويلايدۇ؛ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. سۇي پادىشاھلىقىنىڭ قوماندانى ما خۇ ناھايىتى زالىم ئادەم ئىكەن، ئۇ، سۇي پادىشاھى ياڭدىنىڭ ئەمر - پەرمانى بىلەن بىيەنخې ئۆستىڭىنى چاپتۇرغانىكەن، شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ زالىملىقى چېكىگە يەتكەنىكەن، ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ ئۇنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاش بىلەنلا قورقۇپ كېتىدىكەن ۋە ما خۇ كەلدى! دەپ، بىر - بىرىنى قورقۇتىدىكەن، كىچىك بالىلارنىڭ تىلى توختىمىغاچقا، خۇ ( 祜 ) دېگەن سۆزنى

خۇ ( 胡 ) دەيدىكەن. شيەنزۇڭ زامانىسىدا جىڭيۈەن هاكى-
مى خاۋ پىن[147] ھەم شۇنداق زالىم ئادەم ئىكەن، قوشنا
ئەللەر ئۇنىڭدىن ناھايىتى قورقىدىكەن، ئۇلارنىڭ كىچىك
بالىلىرى يىغلىغاندا، خاۋپىن كەلدى، دەپ قورقۇتسا، دەر-
ھال توختاپ قالىدىكەن، ۋۇزۇڭ زامانىسىدىمۇ يۇرت - مە-
ھەللە ئىچىدىكى كىچىك بالىلار، شۆيىن[148] كەلدى، دەپ
بىر - بىرىنى قورقۇتىدىكەن. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى بىر
- بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرى-
سى» دىكى جاڭ لياۋ (جاڭ ۋېنيۈەن)[149] كەلدى، دېگەنگە
ئوخشاش خاتىرىلەرمۇ بۇنىڭ روشەن دەلىلى ئەمەسمۇ؟!»
(ئەسلىي ئىلاۋە: ماخۇ مازارى سۇيياڭ دېگەن جايدا. فۇفاڭ-
نىڭ بېگى لى پى ئۇنىڭ ئەۋلادى. ما خۇنىڭ مازارىنى ئەنە
شۇ لى پى قايتا سالغان.)

دېمەك، مېنىڭ چۈشەنچەم تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «مەنبە-
سىنى بىلمەيدىغانلار» نىڭ چۈشەنچىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قاپ-
تۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن 1000 يىل ئىلگىرىكى ئادەملەر ئالدىدىمۇ
مەسخىرىگە قاپتىمەن. بۇ، ئۆزۈمنىڭ شورى — بۇنىڭ خىجالەتچى-
لىكىنى تارتماي ئامالىم يوق. لېكىن ما خۇ مازارى ياكى شۇ
مازارغا پۈتۈلگەن خەتلەر ھازىرمۇ سۇيياڭدا ياكى تەزكىرىلەردە
بارمۇ؟ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئەگەر بولسا، «ئۆستەڭ چېپىش
خاتىرىسى» دېگەن ھېكايىدە يېزىلغىنىنىڭ ئەكسىچە، ئۇ (ما خۇ)
نىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى بىلىشىمىز مۇمكىن.

※ ※

بىرنەچچە پارچە قىستۇرما سۈرەت تېپىش ئارزۇسىدا بولغانلى-





قىم ئۈچۈن، چاڭ ۋېيجۈن ئاغا[150] ماڭا ئاتاپ بېيجىڭدا بىرمۇنچە
ماتېرىيال توپلاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرنەچچە خىلىنى ئىلگىرى كۆرمەپ-
تىكەنمەن. مەسىلەن، گۇاڭشۈينىڭ توشقان يىلى (مىلادىيىنىڭ
1879 - يىلى) سۇجۇلۇق خۇ ۋېنبىن يازغان «240 ۋاپادارنىڭ
سۈرىتى» ئەنە شۇ ماتېرىياللارنىڭ بىرى. خۇ ۋېنبىن مەن ياراتمى-
غان ھېلىقى «گو جۈينىڭ ئۆز ئوغلىنى كۆمۈشى» دېگەن ھېكايى-
نى، مەن تۇغۇلۇشتىن بىرقانچە يىل بۇرۇنلا چىقىرىپ تاشلىغاند-
كەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق يازغان:

«كىتابپۇرۇشلار بېسىپ چىقارغان ‹24 ۋاپادار› دېگەن
كىتاب مۇكەممەل ئىكەن. بىراق ئۇنىڭدىكى ‹گو جۈينىڭ ئۆز
ئوغلىنى كۆمگەنلىكى› توغرىسىدىكى ۋەقە ئىنساپ بىلەن ئۆل-
چىگەندە ئىبرەت ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ··· پېقىر خۇ ۋېنبىن
ئۆزۈمنى چاغلىماي، تەۋەككۈل قىلىپ رەتلىدىم. دۇرۇسلاي-
مەن، دەپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن، نام چىقىرىشقا بېرىلىپ
كەتكەن يەرلىرىنى چىقىرىپ تاشلىدىم؛ پەقەت ھەققانىيەتكە
دەخلى يەتكۈزمەيدىغان، ھەمما ئادەم ئىبرەت ئېلىشقا بولىدى-
غانلىرىنىلا تاللاپ، ئالتە قىسمغا ئايرىدىم···»

بۇ سۇجۇلۇق خۇ ۋېنبىن ئەپەندىنىڭ باتۇرلۇقى مېنى
ھەقىقەتەن قايىل قىلدى. مۇنداق پىكىردىكى ئادەملەر ئاز
بولمىسا كېرەك ۋە مۇنداق پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىغىمۇ
خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان بولسا كېرەك، بىراق ئۇلارنىڭ
تولىسى شۇنداق چىقىرىپ تاشلاشقا، ئۆز پىكرىنى كىتابقا
يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. تۇڭجىنىڭ 11 - يىلى (مىلادى-
يىنىڭ 1872 - يىلى) بېسىلغان «100 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى»
نى ئالسام، ئۇنىڭ بېشىدا جىچاڭ جىڭجىنىڭ مۇنداق كىرىش
سۆزى بار ئىكەن:

«... يېقىنقى زاماندىن بۇيان ئەھلى ئالەمدە ئىنساپ ـ تەۋپىق كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ۋاپادارلىق تۇغما ـ تەبىئىي بىر ئىشمۇ ياكى ۋاپادارلىق ئەكسىچە باشقا بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇۋېلىنغانمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. قەدىمكىلەرنىڭ 〈داش قازانغا ئۆزىنى تاشلىشى〉[151]، 〈بالىسىنى كۆمۈشى〉 ۋىجدانسىزلىق؛ 〈يوتىسىنى كېسىشى〉، 〈ئۈچەيلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىشى〉 ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەۋرىرۈك تېنىگە زەخمى ئۇرغانلىق. ئۇلار ۋاپادارلىقنىڭ زاھىردا ئەمەس، باتىندە بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەن. ۋاپادارلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشنىڭ مۇئەييەن شەكلى بولمايدۇ، مۇئەييەن ئەمەلىيىتى بولمايدۇ. قەدىمكى ۋاپادارلىق ھازىرغا توغرا كەلمەيدۇ، ھازىرقى ۋاپادارلىقتا قەدىمكى ئەمەلىيەتلەرگە چاپلىشىۋالغىلى بولمايدۇ. زامان ۋە ماكان ئوخشاش بولمايدۇ، ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋاپادارلىق قىلىش نىيىتى ئوخشاش بولۇش كېرەك. زىشيا: ئاتا ـ ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا كۈچىنى ئايىماسلىق كېرەك، دەپتىكەن. دېمەك، كۇڭزىنىڭ شاگىرتلىرى ۋاپادارلىق دېگەن نېمە دەپ سورىغاندا، ئۇلارنىڭ ئالغان جاۋابلىرى قاچان ئوخشاش بولۇپ باققان؟...»

تۇڭجى يىللىرىدا كىمدۇر بىراۋنىڭ «بالىسىنى كۆمۈش» دېگەندەك ئەمەلىيەتلەرنى «ۋىجدانسىزلىق» دەپ قارىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ھېلىقى «جىچاڭ جىڭچى» ئەپەندىنىڭ مەقسىتىنى مەن ئانچە چۈشىنىپ كەتمىدىم، ئېھتىمال ئۇ، ئۇنداق ئىشلار ھازىرقى ۋاقىتتا ئىبرەت ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ، دېمەكچى بولسا كېرەك؛ لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنى خاتا دېيىشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق.





※ ※

بۇ «100 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى»نىڭ مەنبەسى بىرئاز غەلىتە كۆرۈنىدۇ، چۈنكى ئۇنى «يۈدۈڭلۈق يەنزى» دېگەن ئادەم «100 ساھىبجامال توغرىسىدا يېڭى شېئىر» دېگەن رەسىملىك شېئىر كىتابىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىشلىگەنىكەن. دېمەك، باشقا ئادەملەر ساھىبجامالىلارنى قەدىرلىسە، ئۇنىڭ ئۆزى ۋاپادارلىقنى قەدىرلىگەن؛ مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تەرىقەتكە ھامىيلىق قىلىش شىجائىتىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنى «كۆيجىلىق يۈيباۋ — جىنلەنپۇ تەھرىرلىگەن» ئىكەن، ئۇ پېقىر بىلەن يۇرتداش بولسىمۇ، لېكىن گەپنىڭ راستىنى قىلسام، ئانچە ياخشى ئەمەس. مەسىلەن، ئۇ مۇلەننىڭ ئەسكەرلىككە كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى، «سۈي سۇلالىسى تارىخى»دىن كېلىپ چىققان، دەپ ئىزاھلىغان. شۇنداق ئىسىملىك كىتاب ھازىرقى كۈندە تېپىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىتابنىڭ ئىسمى «سۈي سۇلالىسى داستانى» بولغان بولسا، بۇ كىتابتىمۇ مۇلەننىڭ ئەسكەرلىككە كىرگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە يوق.

شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 9 ـ يىلى (1920 ـ يىلى) شاڭخەيدىكى قايسىبىر كىتابپۇرۇشلۇق دۇكىنى ئۇنى تاش مەتبەئەدە بېسىپ چىقاردى، كىتاب ئىسمىنىڭ باش ـ ئايىغىغا: «ئەر ـ ئايال 100 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ قويغان. بىرىنچى ۋارىقىغا، ئائىلىۋى تەربىيىنىڭ ياخشى نەمۇنىسى، دېگەن كىچىك ھەرپلىك سۆزلەرنىمۇ قىستۇرۇپ قويغان. بۇلاردىن باشقا، «ۋۇشيالىق داسۇۋاڭدىڭنىڭ زىكرى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە مۇقەددىمىمۇ بار، بۇ مۇقەددىمىنىڭ بېشىدىلا تۇڭجى يىللىرىدىكى «جىچاڭ جىڭچى» ئەپەندىگە ئوخشاش يېغان قىلىنغان:

«ياۋروپا مەدەنىيىتى شەرقتە ئومۇملىشىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئېلىمىزدە ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىغان زاتلار ئەركىنلىك، باراۋەرلىك دېگەن بىمەنە گەپلەرنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى؛ شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئەخلاق - دىيانەت كۈندىن - كۈنگە خارابلاشتى، ئىنساپ - تەۋپىق كۈندىن - كۈنگە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، شەرم - ھاياسىزلىق، ھارامخورلۇق، تەۋەككۈلچىلىك ۋە ئىنساپسىزلىق ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ئۆزىنى گۈزەل ئەخلاق، ياخشى پەزىلەت بىلەن تۇتىدىغان ئادەملەر خەلقىئالەمدە كەم ئۇچرايدىغان بولدى... خەلقىئالەم ئىچىدىكى ۋىجدانسىزلىق پۈتۈنلەي چىن شۇباۋ[152]نىڭ نائىنساپلىقىغا ئوخشاش دەرىجىگە يېتىپ قالدى. مۇشۇنداق بولۇپ كېتىۋەرسە، بۇنىڭ ئاخىرى نەگە بارار؟...»

چىن شۇباۋنىڭ تەلۋىلىكتە «نائىنساپ»لىق دەرىجىسىگە يېتىپ بارغانلىقى ئەمەلىيەتتە راست بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭغا «ۋىجدانسىز» دېگەن بەتنام چاپلانسا بىرئاز ئۇۋال بولۇشى مۇمكىن. بۇلار بىرنەچچە ئادەمنىڭ «گو جۈينىڭ ئۆز ئوغلىنى كۆمۈشى» ۋە «لى ئى قىزىنىڭ ئۆزىنى داش قازانغا تاشلىشى» توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسى.

ئىنساپ - تەۋپىق توغرىسىدا توختىلىدىغان بولساق، ئىنساپ - تەۋپىق ھەقىقەتەن بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇرىدۇ. «ئەر - ئاياللارنىڭ سىرى»، «ئەر - ئاياللارنىڭ جۈپلىشىشى توغرىسىدا يېڭى مۇھاكىمە» دېگەندەك ئەسەرلەر پەيدا بولغاندىن كېيىن، شاڭخەيلىكلەر كىتابلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا «ئەر - ئايال» دېگەن سۆزنى تاج قىلىپ قىستۇرۇپ قويۇشقا خۇشتار بولۇپ قالدى. ھازىر ھەتتا «ئىنساپ - تەۋپىق ۋە ئەخلاق - پەزىلەتنى توغرا يولغا باشلايدۇ»غان «100 ۋاپادارنىڭ





سۈرىتى»گىمۇ قىستۇرۇپ قويىدىغان بولدى. بۇ ئەھۋال بەلكىم «100 ساھىبجامال توغرىسىدا يېڭى شېئىر»نى ياراتماي، ۋاپادارلىقتىن تەلىم بەرگەن «كۈيەچىلىك يۈيباۋ — جىنلەنپۇ» ئەپەندىنىڭ خىيالىغىمۇ كېچىپ باقمىغان بولسا كېرەك.

※ ※

«100 خىل ئەمەلنىڭ بېشى» ۋاپادارلىق دېگەن ئەقىدىدىن بىردىنلا «ئەر - ئايال»غا كۆچۈپ كېتىشىمۇ ئىنساپ - تەۋپىقنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر ئەھۋال بولسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ، گېزى كېلىپ قالغاچقا بۇ ھەقتە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىغۇم بار؛ ئەلۋەتتە، بۇ سۆزۈمنى ئىمكانقەدەر قىسقارتىمەن.

مەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، بىزنىڭ جۇڭگولۇقلار ھەتتا «100 ئەمەلنىڭ بېشى» توغرىسىدىمۇ ئەر - ئايالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەي قويمىسا كېرەك. جاھان تىپتىنچ بولۇپ تۇرغان، بىكارچى ئادەملەر كۆپىيىپ كەتكەن بىر شارائىتتا، مۇبادا بىر ئادەم «ئىنسانىيەت ۋە ھەققانىيەت يولىدا جان پىدا قىلسا»، ئېھتىمال شۇ ئادەم بۇ يولدا باشقا ئىشلارغا پەرۋا قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن ھالدا ئالدىراپ - ھولۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنداق بولسىمۇ ھايات تۇرغان ئەنزارچىلار شۇ پىداكارنىڭ ئەھۋالىنى تۈجۈپلەپ تەتقىق قىلىشماي قويمايدۇ. ساۋ ئېنىڭ ئۆز دادىسىنى ئىزدەپ دەرياغا سەكرىگەنلىكى، غەرق بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ لەيلەپ چىققانلىقى رەسمىي تارىخلاردا قەيت قىلىنغان، بۇنى بىلىدىغان ئادەم ئاز ئەمەس. لېكىن ئەنە شۇ «قۇچاقلاش» دېگەن سۆزدىن بىرمۇنچە گەپ چىققان.

گۆدەك ۋاقتىمدا يۇرتۇمدىكى قېرىلاردىن مۇنداق گەپلەرنى

ئاڭلىغانىدىم:

ئۆلگەن ساۋ ئېنىڭ جەسىتى بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ جەسىتى دەسلەپتە يۈزىنى يۈزىگە قىلىپ قۇچاقلاشقان ھالدا لەيلەپ چىقىپتۇ، يولدىن كېتىۋېتىپ بۇلارنى كۆرگەن ئادەملەر: بەللى! بىر ياش قىز شۇنداق بىر قېرى چالنى قۇچاقلىۋاپتۇ! دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئىككى جەسەت يەنە چۆكۈپ كېتىپتۇ؛ بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر - بىرىگە دۈمبىسىنى ياققان ھالدا لەيلەپ چىقىپتۇ.»

بەللى! ئەدەپ - دىيانەتلىك ئەلدە ھەتتا ياش — «ساۋ ئې 14 ياش» ئىكەن — ۋە مەرھۇم ۋاپادار قىزنىڭ ئۆز دادىسى بىلەن بىللە لەيلەپ چىقىشىمۇ شۇنچە مۈشكۈل بولىدىكەن - ھە!

«100 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى» بىلەن «240 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى»نى تەكشۈرۈپ كۆردۈم، ئۇنىڭ رەسساملىرى ناھايىتى زېرەك ئىكەن. ئۇلارنىڭ سىزغانلىرىغا قارىغاندا، ساۋ ئې تېخى دەرياغا سەكرىمەي، دەريا بويىدا يىغا - زار قىلىپ تۇرغان. لېكىن ۋۇ يۇرۇ[153] سىزغان «24 ۋاپادار قىزنىڭ سۈرىتى» (1892 - يىلى) دە بولسا، ئىككى جەسەتنىڭ بىللە لەيلەپ چىققانلىقىلا كۆرسىتىلگەن، بىرىنچى سۈرەتنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكىدەك، «دۈمبىسىنى دۈمبىسىگە ياققان» ھالىتىمۇ كۆرسىتىلگەن. مەن ئويلايمەنكى، مەن ئاڭلىغان ھېلىقى ھېكايىدىن ئۇنىڭمۇ خەۋىرى بولسا كېرەك. «كېيىنكى 24 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى ۋە شەرھى»مۇ بار، بۇنىمۇ ۋۇ يۇرۇ سىزغان، بۇ سۈرەتتىمۇ ساۋ ئې بار. بۇنىڭدا، خۇددى بىرىنچى سۈرەتنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكىدەك، دەرياغا سەكرەۋاتقان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن.

ھازىرقى كۈندە مەن ئۇچراتقان، ۋاپادارلىقنى تەرغىب قىلىد-





غان سۈرەت ۋە شەرھلەرنى ئالسام، ئۇلاردا قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندا قاراقچىغا، يولۋاسقا، ئوتقا، بورانغا يولۇققان بىرمۇنچە ۋاپادارلار تەسۋىرلەنگەن؛ ئۇ ۋاپادارلارنىڭ ئوندىن توققۇزى شۇنداق ھادىسىلەرگە «يىغلاش» ۋە چوقۇنۇش يولى بىلەن تاقابىل تۇرغان. جۇڭگودا يىغلاش ۋە چوقۇنۇش قاچانغىچە داۋام قىلاركىن؟

※ ※

سىزىش ئۇسۇلىدىن گەپ ئاچساق، مېنىڭچە، ھەممىدىن ئاددىي ۋە قەدىمدىي ئۇسۇلدا سىزىلغىنى ياپونىيىلىك شياۋتيەن خەيشيەن سىزغان نۇسخا. بۇ نۇسخا خېلى بۇرۇنلا «دىيەنشىجەي رەسىملىرى مەجمۇئەسى»گە كىرگۈزۈلۈپ، مىللىي نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىنغان، بۇنى تېپىش ئاسان. ۋۇ يۇرۇنىڭ سىزغانلىرى تولىمۇ نەپىس ۋە تەسىرلىك. بىراق ئۇ تارىخىي سۈرەتلەرنى سىزىشقا ئانچە مۇناسىپ ئەمەس، ئۇ شاڭخەيدىكى كونسېسسىيىدە ئۇزۇن ئولتۇرغانلىقتىن، شۇ يەرنىڭ تەسىرىگە كۆپ بېرىلىپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «يامان دەللىنىڭ پاھىشە ئاياللارغا زۇلۇم قىلىشى»، «لۈكچەكلەرنىڭ قانات سۆرىشى» دېگەنگە ئوخشاش ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر سۈرەتلەرنى سىزىشقا ئۇستا بولۇپ كەتكەن؛ ئۇنىڭ شۇنداق سۈرەتلىرى ناھايىتى جانلىق بولۇپ، شاڭخەيدىكى ئەجنەبىيلەر دىيارىنى قەغەز يۈزىدىنلا چۈشىنىپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى ياخشى ئەمەس، يېقىندىن بۇيان بىرمۇنچە ھېكايە ۋە بالىلار ئوقۇش كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلگەن قىستۇرما سۈرەتلەردە خوتۇن - قىزلارنىڭ ھەممىسى پاھىشە قىياپىتىدە، بالىلارنىڭ ھەممىسى بالا لۈكچەك قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىۋاتىدۇ، بۇ، كۆپىنچە، ئەنە شۇ ۋۇ يۇرۇ سىزغان سۈرەتلەرنى كۆرگەنلىكتىن بولغان.




24 ۋاپادارنىڭ سۈرەتلىرىدىن: ساۋ ئېنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ دەرياغا چۈشۈشى

ۋاپادارلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى سىزىش خېلى قىيىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىدە پاجىئە كۆپ. مەسىلەن، «گو جۈينىڭ





ئۆز ئوغلىنى كۆمۈشى» نى ئالسام، بۇ ھەقتىكى سۈرەتلەرنى ھەرقانچە قىلغان تەقدىردىمۇ كىچىك بالىلارنى خۇشاللىققا چۆمدۈرىدىغان، ئۆز رازىلىقى بىلەن ئورەككە كىرىپ ياتىدىغان ھالغا كەلتۈرەرلىك قىلىپ سىزىش قىيىن. «گەندىنى تېتىپ بېقىش ۋەھىمىسى» (154) مۇ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. لاۋ لەيزىنىڭ «ئالىچىپار كىيىنىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشى» ناملىق سۈرەتنىڭ بېغىشلىما شېئىرىدا «ئۆيىنى خۇشاللىق قاپلىدى» دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن سۈرەتنىڭ ئۆزىدە خۇشاللىققا چۆمگەن ئائىلىگە خاس خۇسۇسىيەت ناھايىتى ئاز.

مەن ھازىر بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئۈچ خىل نۇسخىنى تاللاپ، 2 - رەسىم قىلىپ قىستۇردۇم.

بۇ رەسىملەرنىڭ يۇقىرىدىكىسى «100 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى» نىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنى «چىنسۇنلۇق خې يۇنتى» سىزغان؛ ئۇنىڭدا لاۋ لەيزىنىڭ «ئايۋانغا سۇ ئېلىپ كېتىۋېتىپ، يالغاندىن يىقىلغان بولۇپ، يەرگە يېتىۋېلىپ، بوۋاق بالىلارچە يىغلىشى» سىزىلغان؛ «ئاتا - ئانىسىنىڭ كۈلگەنلىكى» مۇ تەسۋىرلەنگەن. ئوتتۇرىدىكى كىچىككىنە سۈرەتنى مەن ئۆزۈم جىبىلىق لى شىتۇڭ سىزغان «24 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى ۋە شېئىرىي بايانى» دىن كۆچۈرۈۋالغان؛ بۇنىڭدا لاۋلەيزىنىڭ «ئالىچىپار كىيىم كىيىپ، بوۋاق بالا قىياپىتىدە بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا ئوينىغانلىقى» تەسۋىرلەنگەن؛ ئۇنىڭ قولىدا «تاڭگىر» نى تۇتۇپ تۇرغانلىقى «بوۋاق بالا قىياپىتىدە ئوينىغانلىقى»، دېگەن سۆزلەرنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. ئېھتىمال، لى شىتۇڭ ئەپەندى شۇنچە چوڭ بىر چالىنىڭ شۇنداق ئوينىشىنى ياراتمىغان بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېگىز - يوغان بويىنى ئىمكانقەدەر كىچىكلىتىپ، ساقاللىق كىچىك بالا قىياپىتىگە كەلتۈرۈپ سىزغان بولسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ بۇ سۈرەت يەنىلا كىشىنى قىزىقتۇرالمايدۇ، بۇ سۈرەتنىڭ

سىزىقلىرىنىڭ خاتا ۋە چالا بولغانلىقىنى ئاپتورغا ئارتقىلى بولماي-
دۇ، بۇ ھەقتە مەندىنمۇ ئاغرىنىش مۇمكىن، ئەيىب پەقەت مەتبەئە
نۇسخىسىنى ئويغۇچىدا. تەكشۈرۈپ قارىسام بۇ ئويغۇچى چىڭ
سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 12 - يىلى (1873 - يىلى) «سەندۇڭ
ئۆلكىلىك باج مەھكىمىسى كوچىسىنىڭ جەنۇبىي دوقمۇشىدىكى
خۇڭۋېنتاڭ ناملىق مەتبەئەخانا» دا ئىشلىگەنىكەن. تۆۋەندىكىسى —
«مىنگونىڭ ئىت يىلى (1922 - يىلى) زاھىتخانا» ناملىق مەتبە-
ئەدە بېسىلغان نۇسخىسى؛ ئۇنىڭدا سىزغۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلى-
سى يوق ئىكەن؛ لېكىن بۇ سۈرەت قوش مەنىلىك قىلىپ سىزىل-
غان، يەنى بىر تەرەپتىن «يالغاندىن يىقىلغان بولۇپ، يەردە يېتى-
ۋالغان» لىقى تەسۋىرلەنگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «بوۋاق بالا قىيا-
پىتىدە ئوينىغانلىقى» تەسۋىرلەنگەن. دېمەك، بۇنىڭدا ئىككى ۋەقە
بىرلەشتۈرۈلگەن، لېكىن «ئالىچىپار كىيىم» ئۇنتۇپ قېلىنغان.
ۋۇ يۈرۈ سىزغان نۇسخىدىمۇ ئىككى ۋەقە بىرلەشتۈرۈلگەن، ئالى-
چىپار كىيىم ئۇنتۇپ قېلىنغان. لاۋ لەيزى بىرئاز سېمىزرەك،
قوش سېكىلەكلىك قىلىپ سىزىلغان، شۇنداق بولسىمۇ زوقلىنار-
لىق ئەمەس.

بەزىلەر، ھەجۋىي بىلەن تەنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت
بىر ۋاراق نېپىز قەغەزچىلىكلا كېلىدۇ، دەيدۇ. مېنىڭچە، زوقلى-
نارلىق (قىزىقارلىق) بىلەن يىرگىنچلىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ
شۇنداق. بالىنىڭ ئاتا - ئانا ئالدىدا ئەركىلىشى كىشىنى زوقلاندۇ-
رىدۇ؛ ئەگەر ياش قۇرامىغا يەتكەن ئادەم ئەركىلىسە، كىشىنىڭ
غىدىقى كېلىشى تۇرغان گەپ. تارتىنچاقلىق قىلمايدىغان ئەر -
خوتۇن باشقا ئادەملەر ئالدىدا بىر - بىرىگە مۇھەببەت قىلغىنىدا،
ئەگەر زوقلاندۇرۇش چېگرىسىدىن ئېشىپ كېتىپ قالسا، ئۇ مۇ-
ھەببەتمۇ يىرگىنچلىك بىر ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. لاۋ لەيزى-
نىڭ قىلىقلىرىنى ھېچكىمنىڭ ياخشى سىزالمىغانلىقى ئەجەبلىنەر-





لىك ئىش ئەمەس. مانا مۇشۇ سۈرەتلەردىكىگە ئوخشاش ئائىلىدە
مەن بىر كۈنمۇ كۆڭۈللۈك تۇرالمايمەن. 70 نەچچە ياشلىق قېرى
چالنىڭ 360 هارامزادىلىك بىلەن «تاڭگىر» چېلىپ تۇرغىنىنى
كۆرمىدىڭىزمۇ؟!

خەن خاندانلىقى زامانىسىدىكى ئادەملەر ئوردا - ساراي ۋە
قەبرە ئالدىدىكى تاش ھۇجرىلارغا قەدىمكى پادىشاھ - سۇلتان،
كۆڭزىنىڭ شاگىرتلىرى، پىداكار ئەركەك، پىداكار ئايال، ۋاپادار
بالا دېگەنگە ئوخشاشلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىشنى ياكى نەقىش قى-
لىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنداق ئوردا - سارايلارنىڭ ھازىر
ھەتتا بىرەر تال چەنزىسىمۇ تېپىلمايدۇ، ئەلۋەتتە؛ تاش ھۇجرىلار
گاھىدا ئۇچراپمۇ قالىدۇ، شۇنداق ھۇجرىلاردىن ئەڭ ساق
تۇرغىنى — سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جياشياڭ ناھىيىسىدىكى ۋۇ
فامىلىلىك ئادەمنىڭ تاش ھۇجرىسى. شۇ ھۇجرىغا لاۋ لەيزىنىڭ
ھېكايىسى نەقىش قىلىنغانلىقى چالا - پۇچۇق يادىمدا تۇرۇپتۇ.
لېكىن ھازىر قولۇمدا ئۇنىڭ كۆچۈرۈۋېلىنغان نۇسخىسىمۇ، «مە-
دەن ۋە تاش يازمىلىرى توپلىمى» مۇ بولمىغاچقا ئېنىقلاش مۇمكىن
ئەمەس. ئېنىقلاش مۇمكىن بولغان بولسا، ھازىرقى سۈرەتلەرنى
تەخمىنەن 1800 يىل ئىلگىرىكى سۈرەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ
كۆرۈشمۇ كىشىنى ناھايىتى زوقلاندۇرىدىغان بىر ئىش ئىدى.

※ ※

لاۋ لەيزى توغرىسىدىكى «100 ۋاپادارنىڭ سۈرىتى» دە مۇنداق
گەپلەرمۇ بار:

... لاۋ لەيزىنىڭ باچكىنى ئوينىتىپ، ئاتا - ئانى-
سىنىڭ كۆڭلىنى ئاچقانلىقى توغرىسىدىمۇ رىۋايەت بار: ئۇ
دائىم ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ

يېنىدا باچكىنى ئويىنىتىدىكەن. (ئەسلىي «ئىسمىئەزەم» نام-
لىق كىتابتىكى شەرھ.)




ئالىچىپار كىيىنىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ
كۆڭلىنى ئېچىش





«ئىسمىئەزەم» نى كىم يازغان؟ جىكاگمۇ ياكى خۇاڭ پۇمىمۇ؟
قولۇمدا بۇنىڭغا دائىر كىتاب بولمىغاچقا، بۇنىمۇ ئېنىقلاش مۇم-
كىن بولمىدى. يېقىندا بىر ئائىلىق مائائشىم بىكارغا كېلىپ قالغاند-
لىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چىشلەپلا «تەيپىن شاھنامىسى»
نى سېتىۋېلىپ، شۇنىڭدىن قاراپ كۆردۇم، ئاخىر يەنە بۇ رىۋايەت
تېپىلمىدى؛ گۇمانىمچە، بۇ رىۋايەت تاڭ، سۇڭ زامانلىرىدىكى
ئادەملەرنىڭ كاتولوگلىرىدىن چىققان بولسا كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ-
مۇ كارايىتى چاغلىق. ماڭا غەيرىي تۇيۇلغىنى — شۇ رىۋايەتتىكى
«باچكا» دېگەن سۆز.

مېنىڭچە، بۇ يەردىكى «باچكا» دېگەن سۆزنىڭ ئۇششاق ئۇ-
چارقانات بولۇشى ناتايىن. باللار كۆپ چاغلاردا لايدىن ياكى رەخت-
تىن ئادەم شەكلىدە ياساپ ئوينايدىغان نەرسىنى ياپونلارمۇ Hina
دەپ ئاتايدۇ، يېزىقتا «باچكا» دەپ يازىدۇ. ئۇلاردىمۇ جۇڭگونىڭ
قەدىمكى تىللىرى ساقلىنىپ قالغان. لاۋ لەيزىنىڭ ئاتا - ئانا
ئالدىدا ئۇششاق ئۇچارقاناتلارنى ئويىنىتىشىغا قارىغاندا، كىچىك
بالىغا ئوخشىشىدىغان ئويۇنچۇقنى ئويىنىتىشى تېخىمۇ تەبىئىي.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنگلىزلارنىڭ Doll دېگىنىنى، يەنى ھازىرقى ۋا-
قىتتا بىزنىڭ «جىن قونچاق» ياكى «لاي قونچاق ئادەم» دېگىنىد-
مىزنى يېزىقتا «قورچاق» دەپ يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنى
قەدىمكى ئادەملەر «باچكا» دەپ ئاتىسا كېرەك، كېيىنكى چاغلاردا
بۇ ئىسىم ئىستېمالدىن قېلىپ، پەقەت ياپونلاردىلا ساقلىنىپ قال-
غان. لېكىن بۇلار مېنىڭ ھازىرقى پەرەزلىرىم، بۇنىڭدىن باشقا
كۈچلۈك بىرەر دەلىل - ئاساسلىرىممۇ يوق.

باچكا ئويناتقانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتنىمۇ بىرەر ئادەم سۇ-
رەت قىلىپ سىزمىغان بولسا كېرەك.

※ ※

مەن توپلىغان يەنە بىر تۈركۈم كىتاب ئىچىدە «ئەزرائىل»نىڭ سۈرىتى بار كىتاب بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى — «ئىبرەتلىك ئاخىرەتنامە» (گاھىلىرىدا «ئىبرەتلىك» دېگەن سۆز يوق)؛ يەنە بىرى — «ئەزرائىل - جەبرائىل قىسسىسى» (گاھىدا «توپلام» دەپمۇ يېزىلىدۇ). ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى خىل كىتاب بىر-بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ. بۇ كىتابلارنى توپلىغانلىقىم توغرىسىدا ئاۋۋال چاڭ ۋېيجۈن ئاكىغا تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. ئۇ ماڭا بېيجىڭدىكى «لۇڭگۇاڭجەي» باسمىخانىسىنىڭ نۇسخىسىنى، «جىيەنگۇاڭجەي» باسمىخانىسىنىڭ نۇسخىسىنى؛ تيەنجىندىكى «توۋدخانا» نۇسخىسىنى ۋە تاش مەتبەئە نۇسخىسىنى؛ نەنجىڭدىكى «لى گۇاڭمىڭ» مەتبەئەسى نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ بەردى. ئاندىن قالسا، جاڭ ماۋچىن ئاغا خاڭجۇدىكى «ھەقىق» ناملىق كىتاب — نامە باسمىخانىسى نۇسخىسىنى، شاۋشىڭدىكى «شۈي گۇاڭ» ناملىق باسمىخانا نۇسخىسىنى ۋە يېقىندا بېسىلغان تاش مەتبەئە نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ بەردى. ئاندىن قالسا، ئۆزۈم گۇاڭجۇدىكى «مۇقەددەس كىتابلار» باسمىخانىسى، «خەنيۈەنلۇ» ناملىق مەتبەئەخانا نۇسخىسىنى تاپتىم.

بۇ «ئاخىرەتنامە»، «قىسسە»لەرنى ئاددىي ۋە مۇرەككەپ نۇسخىلىق بولۇپ، مەزمۇنى مېنىڭ مۇقەددىمە يازغانلىرىمغا ئوخشاش. لېكىن ئەزرائىل توغرىسىدىكى سۈرەتلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدىم. چۈنكى بۇ كىتابلاردىكى «تىرىك ئەزرائىل» ئالا چەكمەن تون، داكا تەلپەك كىيىۋاپتۇ، بېلىگە خەنجەر قىستۇرۇۋاپتۇ؛ قولىغا سەنپەن ئېلىۋالغىنى، بېشىغا ئۈزۈن كۆلا كىيىۋالغىنى بولسا «ئەجىلى مۇتلەق»





ئىكەن! ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ چىرايىدىن ياۋۇزلۇق، يەنە بىرىنىڭ چىرايىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرغان، بىرى چىغ چورۇق، يەنە بىرى لاتا (؟) پوپۇچ كىيىۋالغان بولسىمۇ، بۇنى رەسسام ئۆز مەيلىچە توقۇپ سىزغان. ھەممىدىن مۇھىم بولغان بېغىشلىما بولسا، پۈتۈنلەي ئوخشاش. «ئەجىلى مۇتلەق» ئەستاغپۇرۇللا، مانا ئەھۋال مەخسۇسلا مېنى مۇشكۇلچىلىككە قالدۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟!

شۇنداق بولسىمۇ، مەن بۇنىڭغا قايىل بولمىدىم. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ كىتابلار مەن ياش ۋاقتىمدا كۆرگەن نۇسخىلىرى ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئۆز خاتىرەمنىڭ ھېلىمۇ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرەر ۋارىقىنى يىرتىۋېلىپ قىستۇرما سۈرەت ئورنىدا پايدىلىناي، دېگەن ئۈمىدىم ئۈن-تىنسىز بەربات بولۇپ كەتتى. نائىلاج، ھەرقايسى نۇسخىلىرىدىن بىر پارچە — نەنجىڭ نۇسخىسىدىكى «ئەجىلى مۇتلەق» بىلەن گۇاڭجۇ نۇسخىسىدىكى «تىرىك ئەزرائىل» — نى تاللىۋالغاندىن باشقا، يادىمدا قالغان مۇلىيەن چاڭچىلىسىدە ياكى تاۋاپ سەيلىسىدە ئۇچرايدىغان «تىرىك ئەزرائىل»نى ئۆز قولۇم بىلەن سىزىپ قىستۇردۇم. 3 - رەسىمنىڭ يۇقىرىسىغا قاراڭ. شۇنىڭغا شۈكۈركى، مەن رەسسام ئەمەسمەن، سىزغانلىرىم ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، كىتابخانلار ئەيىبكە بۇيرۇماس، دەسلەپكى چاغلاردا ئويلاشماستىنلا ۋۇ يۈرۈ ئەپەندى ۋە باشقىلارغا بەزى قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىپ سالغانىكەنمەن، ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۆزۈم خىجىل بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مانا بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئۆزرە ئېيتىمەن. ئەگەر بۇ ئۆزرە كارغا يارىماي قالسا، دازۇڭتۇڭ شۈي شىچاڭنىڭ مۇنداق پەلسەپىسىنى توغرىدىن - توغرا كۆچۈرۈپ قويۇشقا مەجبۇرمەن: مەيلى[155].




ئوڭدىن سولغا: (1) ئەجىلى مۇتلەق، (2) «مەيلى سەن بېكىنگىن پولات ئىستىھكامغا!»
1927 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى
(3) تىرىك ئەزرائىل





مەن قايىل بولمايدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، مېنىڭچە «ئاخىرەتنامە» نى تەشۋىق - تەرغىب قىلىدىغان جانابلارنىڭ ئۆزىمۇ ئاخىرەتتە بولىدىغان ئىشلارنى ئانچە بىلمىسە كېرەك. مەسىلەن، ئۇلار ئادەم يېڭى ئۆلگەن چاغدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدىكى سۈرەتلەر ھەققىدە ئىككى ئېقىمغا بۆلۈنگەن. بىرى، قولىدا پولات ئارا تۇتقان، «جان ئەلچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان جىن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق؛ يەنە بىرى، بىر ئات باش، ئىككى ئەزرائىل — پانىي ئالەم ئەزرائىلى بىلەن باقىي ئالەم ئەزرائىلى — لېكىن تىرىك ئەزرائىلمۇ، ئەجىلى مۇتلەق ئەمەس. بۇ ئىككىسىنى تىرىك ئەزرائىل ۋە ئەجىلى مۇتلەق دەي دېسىڭىز، ئايرىم سىزىلغان سۈرەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن، 4 - رەسىمدىكى A غا قاراڭ، پانىي ئالەم ئەزرائىلىنىڭ نەدىمۇ ئالا چەكمەن تون، داكا تەلپەكلىرى بولسۇن؟! بۇ يەردە باقىي ئالەم ئەزرائىلى يەككە سىزىلغان ئەجىلى مۇتلەققە خېلىلا ئوخشاپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇ سەنپەننى تاشلاپ، قولىغا يەلپۈگۈچ ئېلىۋالغان. ئېھتىمال شۇ چاغ ياز كۈنلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن چېكىسىدىكى ۋە ئېڭىكىددىكى ساقاللىرىنى شۇنچە ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋېتەرمۇ؟ ياز كۈنلىرى يۇقۇملۇق كېسەللەر شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئۇنىڭ ھەتتا قىرقىش - تاراشقىمۇ چولىسى تەگمىگەندۇرمۇ؟ بۇ يەردە شۇنىمۇ ئىزاھلاپ قويايكى، بۇ سۈرەت تيەنجىندىكى «توۋخانا» نۇسخىسىدىن ئېلىندى؛ بېيجىڭ ۋە گۇاڭجۇ نۇسخىلىرىدىكىسىمۇ بۇنىڭدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ.

B سۈرەتنى نەنجىڭدىكى «لى گۇاڭمىڭ» نامىدىكى مەتبەئە نۇسخىسىدىن ئالدىم، بۇ سۈرەت A غا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن بېغىشلىما سۆزى پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇپ، تيەنجىن نۇسخىسىدا باقىي ئالەم ئەزرائىلى، دەپ ئاتالغىنى نەنجىڭ نۇسخىسىدا پانىي ئالەم ئەزرائىلى، دەپ ئاتالغان. لېكىن بۇ قاراش مېنىڭ تەشەببۇسۇمغا ئوخشاش. دېمەك، سىدام كىيىم، ئۇزۇن كۇلا كىيگەن بىر نەرسىنى، مەيلى ئۇنىڭ ساقىلى بولسۇن - بولمىسۇن، بېيجىڭلىق-

لار، تيەنجىنلىكلەر، گۇاڭجۇلۇقلار باقىي ئالەم ئەزرائىلى ياكى
پانىي ئالەم ئەزرائىلى، دەپ ئاتىسا ئاتاۋەرسۇن؛ مەن ۋە نەنجىڭلىق-
لار ئۇنى تىرىك ئەزرائىل، دەپ ئاتاۋېرەيلى، ھەركىمنىڭ ئۆز
مەيلى «ئىسىم جىسىمنىڭ مېھمانى»(156) ئۇنىڭ كارايىتى يوق.



«ئاخىرەتنامە» رەسىملىرىدىن





مەن يەنە سۈرەتنىمۇ قوشۇپ قويدۇم، بۇ سۈرەت شاۋشىڭدىكى
«شۈي گۇاڭ» باسمىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا بېغىشلىما
سۆزى يوق، بۇ ھەقتە تەشۋىق قىلغۇچىنىڭ مۇددىئاسىنىڭ نېمە
ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ياش ۋاقتىمدا «شۈي گۇاڭ» مەتبەئەخا-
نىسىنىڭ ئالدىدىن پات - پات ئۆتۈپ قالاتتىم، ئۇلارنىڭ سۈرەت
ئويۇۋاتقانلىقىنىمۇ تاماشا قىلاتتىم، ئۇلار سۈرەتلەرنى ئەگىم ۋە تۈز
سىزىق بويىچە سىزاتتى، ئەگرى سىزىق بويىچە سىزىشنى ئانچە
خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەزرائىل جانابىنىڭ ئەينى قىياپىتىگە
بۇنىڭدىن ھۆكۈم قىلىشمۇ تەس. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئۇزۇن
كۆلا تۇرغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى، بۇ كۆلا باشقا نۇسخىلاردا
ئۇچرىمايدۇ. بۇ مەن ئېيتىپ ئۆتكەن، تاۋاپ سەيلىسىدە ئوتتۇرىغا
چىقىدىغان ئالىنىنىڭ ئۆزى. ئۇ ھەتتا رەسمىي خىزمەت ۋاقتىدىمۇ
بالىسى ( ؟ )نى بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن. ئېھتىمال ئۇ، چوڭ
بولغاندىن كېيىن «ئاتىسىنىڭ ئۇدۇمىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»غان ئادەم
بولسۇن دەپ، ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ تەربىيىلىسە كېرەك.
ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغانلىقىنى قويۇپ تۇرايلى، 10
دوزاخنىڭ سۇلتانلىرى قاتارىدىكى تۆتىنچى دوزاخ سۇلتانىنىڭ
ئۇستىلىنىڭ يېنىدا مۇتلەق كۆپ چاغلاردا ئۇزۇن كۆلا كىيگەن
بىر ئادەم بولىدۇ. مەسىلەن، D سۈرەتكە قاراڭ. بىرىنچىسى،
تيەنجىندىكى «تۇۋۇبخانا» نۇسخىسىدىن ئېلىندى، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى
خېلى چىرايلىق؛ ئىككىنچىسى، نەنجىڭ نۇسخىسىدىن ئېلىندى،
نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ تىلى تاشقىرىسىغا ساڭگىلاپ چىققان؛
ئۈچىنچىسى، گۇاڭجۇدىكى «مۇقەددەس كىتابلار» مەتبەئەسى نۇس-
خىسىدىن ئېلىنغان، ئۇنىڭ يەلپۈگۈچى يىرتىلىپ كەتكەن؛ تۆتىنچ-
چىسى، بېيجىڭدىكى «لۇڭگۇاڭ» مەتبەئەسى نۇسخىسىدىن ئېلىند-
دى، ئۇنىڭ يەلپۈگۈچى يوق، ئېڭىكىنىڭ ئاستىدا ئۇزۇن قارا
سىزىق بار، ئۇنىڭ ساقال ياكى تىل ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم؛

بەشىنچىسى، تىيەنجىندىكى تاش مەتبەئە نۇسخىسىدىن ئېلىندى،
بۇمۇ خېلى چىرايلىق. لېكىن ئۇ يەتتىنچى دوزاختىكى تەيشەن
ۋاڭنىڭ ئىش ئۇستىلىنىڭ يېنىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇلغان. مانا بۇ
ناھايىتى غەلىتە بىر ئەھۋال.

يەنە، يولۋاسنىڭ ئادەم يەۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەر-
دىمۇ ئۇزۇن كۆلا كىيگەن، قولىدا قەغەز يەلپۈگۈچ تۇتقان هالدا
چاندۇرماستىن قوماندانلىق قىلىپ تۇرغان بىر ئادەممۇ بار. بۇ
ئەزرائىلمۇ ياكى «يانتاياق»[157] دەپ ئاتىلىدىغان جىنمۇ، مەلۇم
ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئوينىلىدىغان چاڭچىلىلەردە
يانتاياق ئۇزۇن كۆلا كىيمەيتتى.

مۇشۇنداق تۇتۇرۇقسىز روھ - ئەرۋاھلار توغرىسىدىكى ۋە
«ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىسى يوق» دېگەن بىلىمنى
تەتقىق قىلىش ناھايىتى چوڭ يېڭىلىق ۋە تولىمۇ نەپ تېگىدىغان
ئىش. ئەگەر ماتېرىياللارنى توپلاپ، تەتقىق قىلىشقا كىرىشسى-
ڭىز، بۇ ھەقتە كەلدى - باردى خەت - چەكلەرنى رەتلەپ چىقسى-
ڭىز، ئۈچ - تۆت توم كىتاب چىقىرىشىڭىز ۋە شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن «ئالىم» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىڭىز مۇمكىن. لېكىن
«تىرىك ئەزرائىل ئالىم» دېگەن نام ئانچە ھەشەمەتلىك ئەمەس،
شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىشتىن رايىم قايتتى. بۇ يەردە ئۆزۈمچە
مۇنداق ھۆكۈم چىقىراي:

«ئاخىرەتنامە» چە ئىدىيە تولىمۇ ئاددىي: «تىرىك ئەزرائىل»
بىلەن «ئەجىلى مۇتلەق» نىڭ قوشۇلمىسى كىشىلىك ھاياتنىڭ
سىمۋولى بولۇپ چىقىدۇ. ئادەم ئۆلىدىغان چاغدا، ئەسلىدە «ئەجە-
لى مۇتلەق» يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يېتىپ كەلگەن چاغدا، «تىرىك
ئەزرائىل» نىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەل ئىچىدە ئۆزىنى «باقىي ئالەمنىڭ چاپارمىنى» ياكى «با-
قىي ئالەمنىڭ خىزمەتكارى» دەپ ئاتىۋالغان ئادەملەرمۇ بولىدۇ،





ئۇلار ھايات تۇرۇپ ئاخىرەتكە ۋاقىتلىق بېرىپ، ئاخىرەتنىڭ رەس-
مىي خىزمەتلىرىگە ياردەملەشكۈچىلەردۇر. ئۇلار جان ئېلىشقا يار-
دەملىشىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەممە ئادەم «ئەزرا-
ئىل» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ھايات بولغانلىقى ئۈچۈن،
«پانىي ئالەمدىكى ئەزرائىلدىن» پەرقلىق ھالدا «پانىي ئالەم ئەزرا-
ئىلى» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە لېكىن شۇنىڭدىن باشلاپ «تىرىك ئەزرا-
ئىل» بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. 4 - سۈرەتتىكى A غا
قاراڭ، بېغىشلىمىدا پانىي ئالەم ئەزرائىلى» دېيىلگەن، ئۇنىڭ
ئادەتتىكى ئادەملەردەك كىيىنگەنلىكىدىن ئۇنىڭ باقىي ئالەم خىز-
مەتكارى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى —
جىنلارنى دەرۋازىدىن باشلاپ كىرىش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پەگاھدا
تۇرغان.

ھايات تۇرۇپ ئاخىرەتكە كىرىدىغان «پانىي ئالەم ئەزرائىلى»
بولغانىكەن، ۋەزىپىسىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن «پانىي ئالەم ئەزرائى-
لى» دەپ ئاتىلىدىغان، لېكىن ھايات ئەمەس «ئەجىلى مۇتلەق»
مۇ بولىدۇ.

مۇلىيەن چاڭچىلىسىنى ئويناش ۋە تاۋاپ سەيلىسى ئۆتكۈزۈش
پائالىيەتلىرى دۇئا - تەلەپ جۈملىسىگە كىرىدۇ، لېكىن شۇنىڭ
بىلەن بىللە ئۇ كۆڭۈل ئېچىش قاتارىغىمۇ كىرىدۇ. بۇنىڭدا رولغا
چىقىدىغانلار باقىي ئالەم خىزمەتكارلىرى بولۇشى كېرەك، چۈنكى
ئادەتتىكى ھالەتتە رولغا چىقسا ئۇنىڭ ئانچە قىزىقى بولمايدۇ،
رولغا چىقىش دېگەن گەپ يوق، غەلىتىرەك بولغىنى ياخشى،
شۇنىڭ ئۈچۈن، رولغا چىققۇچىلارغا «بىرەر ئەزرائىل» نىڭ كىيد-
مى كىيدۈرۈپ قويۇلىدۇ؛ — ئەلۋەتتە، بۇنى ئەسلىدە ئېنىق
بىلىپ بولمايتتى. بىراق شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ياسىملىق تېخى-
مۇ تارقىلىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەنجىڭلىقلار بىلەن مېنىڭ
تىرىك ئەزرائىل دېگىنىم، ئەسلىدە باقىي ئالەمنىڭ خىزمەتكارى

بولۇپ تۇرۇقلۇق ئەجلى مۇتلەقنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان. جىڭ تىرىك ئەزرائىلنىڭ نامىنى ئېلىۋېلىپ، «مۇقەددەس كىتاب» لارغا خىلاپ ئىش قىلىدىغان ئەخمەقلەردۇر.

ۋەتىنىمىزدىكى چوڭقۇر ئىلمىلىك جانابلار بۇنىڭغا قانداق قارايدىكىن؟

ئەسلىدە خاتىمە يېزىش نىيىتىم يوق ئىدى، بىرنەچچە كونا سۇرەتنىلا قىستۇرۇپ قويۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى، لېكىن ئارزۇيۇم بىر چەتتە قايرىلىپ قالدى، بىر تەرەپتىن سىلىدىشتۇرۇپ قىرقىپ - چاپلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن قالايمىقان مۇھاكىمە بىلەن بولۇپ كەتتىم، ماقالىنىڭ ئەسلىنى بىر يېزىپ، بىر توختىتىپ قويۇپ، بىر يىلدەك ۋاقىتتا پۈتتۈردۇم، مانا بۇ ئازغىنە خاتىمىنىمۇ بىر يېزىپ، بىر توختىتىپ قويۇپ، ئىككى ئايدەك ۋاقىتتا پۈتتۈردۇم. ھاۋا شۇنداق ئىسسىپ كەتتىكى، تەرگە چۆمدۇم، ئەمدى بەس قىلساممۇ بولار.

1927 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، گۇاڭجۇ، شەرقىي توما بويىدىكى بىنانىڭ غەربىي دېرىزىسى ئالدىدا يېزىپ تۈگەتتىم.





## ئىزاھلار:

(1) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1927 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭدىكى «دەشت - باياۋان» نامىلىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالنىڭ 2 - جىلد 10 - سانىغا بېسىلغان.

(2) 1926 - يىل 4 - ئايدا فېڭ يۈشياڭنىڭ مىللىي ئارمىيىسى خېبېي سىستېمىسىدىكى مىلىتارىست جاڭ زولىن، لى جىڭلىن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقاندا، مىللىي ئارمىيە بېيجىڭنى قوغداپ تۇرغانىدى، شۇ چاغدا خېبېي سىستېمىسىدىكى قوشۇنلار بىرنەچچە قېتىم بېيجىڭنى بومباردىمان قىلغان.

(3) «بىر تەسىرات» — نەسرىي نەزمە. بۇ ھەقتە «ياۋا گىياھ» غا قاراڭ.

(4) «دەشت - باياۋان» — بېيجىڭدا لۇشۈننىڭ تەھرىرلىكى بىلەن چىققان ئەدەبىي ژۇرنال.

(5) بېيجىڭدىكى ياتاقخانام — ئاپتورنىڭ بېيجىڭ شەھىرى فۇچېڭمېن دەرۋازىسى ئىچىدىكى غەربىي 3 - كوچا، 21 - نومۇرلۇق قورۇدىكى ئۆيى: ھازىرقى «لۇشۈن مۇزېيى» نىڭ بىر قىسمى.

(6) سەرسانچىلىقتا — 1926 - يىل «18 - مارت» پاجىئەسىدىن كېيىن، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئۆز ۋاقتىدىكى بېيجىڭدىكى ئەدەبىيات، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەربابلاردىن لۇشۈن قاتارلىق 50 كىشىنى قولغا ئالماقچى بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور «سەنبېن دوختۇرخانىسى»، گېرمانىيە دوختۇرخانىسى، فرانسىيە دوختۇرخانىسى قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. گېرمانىيە دوختۇرخانىسىغا يوشۇرۇنۇپ بارغىنىندا كېسەلخانىلار تولۇپ كەتكەچكە، ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر قويۇلىدىغان ھەم ياغاچچىخانا قىلىنغان بىر ئۆيدە يېتىشقا مەجبۇر بولغان.

(7) ئالىملار — ئۆز ۋاقتىدا شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئۆتىدىغان گۇ جيېگاڭ قاتارلىق كىشىلەر.

(8) ئاق بۇلۇت راۋىقى — گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى شەرقىي قىرغاقنىڭ «ئاق بۇلۇت كوچىسى» دا، ئاپتور 1927 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن شۇ يەرگە كۆچۈپ بارغان.

(9) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1926 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «دەشت - باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 5 - سانىغا

بېسىلغان.

(10) «توشقان ۋە مۈشۈك» — ھېكايە. بۇ ھەقتە «چۈقان»غا قاراڭ.

(11) بۇ يەردە «ھازىرقى زامان ئەنزارچىلىرى»دىن چېن شىيىڭ قاتارلىق ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1926 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «سەھەر گېزىتىنىڭ قوشۇمچە سەھىپىسى»دە چېمىڭنىڭ «قۇرۇق گەپنىڭ قۇرۇق گەپلىرىدىن قۇرۇق گەپ» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بېسىلغان، ئۇنىڭدا «بېيجىڭدا يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئىككى مەشھۇر ئادەم ۋە مەشھۇر پروفېسسور» قىز ئوقۇغۇچىلارنى ھاقارەتلىمەكتە دەپ يېزىلغانىدى. چېن شىيىڭ شۇ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شۇ قوشۇمچە سەھىپىدە «〈قۇرۇق گەپنىڭ قۇرۇق گەپلىرىدىن قۇرۇق گەپ〉تىن چىققان بىرنەچچە پارچە خەت»نى ئېلان قىلغان، شۇ خەتلەردىن «چېمىڭغا» قارىتىلغان خەتتە: «مەن يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مەشھۇر ئادەم، مەشھۇر پروفېسسورلارغا مۇناسىپ بولمىساممۇ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى تۇتۇۋالمىغان بولسامۇ، لېكىن سىز تىللىغان ئادەملەر ئىچىدە مەنمۇ بار ئوخشايمەن دەپ، باشقا كىتابخانلارغا ئوخشاش، گۇمان قىلىۋاتىمەن» دەپ يازغان.

(12) «ياشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان پېشقەدەم» — بۇ يەردە شۈي جىمۇ، چېن شىيىڭلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(13) «چېقىلىش» مۇمكىن ئەمەس دېگەن سۆز شۈي جىمۇنىڭ ئاپتورغا قىلغان پوپوزىسى.

(14) ئوغىسى قايىنىغان — بۇ سۆز چېن شىيىڭغا تەنە.

(15) ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى مۇددىئا بىلەن چۈكۈرىدىغان — بۇ سۆزمۇ چېن شىيىڭغا دارىتىلغان.

(16) دىنخارت (1870—1915) — گېرمانىيىلىك ئەدەبىيات تارىخشۇناسى.

(17) «ئادالەت»، «ھەققانىيەت» — بۇ، چېن شىيىڭنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزى. بۇ ھەقتە «سايىۋەن، 〈ئادالەت〉 رەڭۋازلىقى»غا قاراڭ.

(18) چېن شىيىڭ لۇشۈنگە مۇشۇ سۆز بىلەن دارىتىپ ھۇجۇم قىلغاندى.

(19) د. ئا. بروگېل (1525—1569) — ياۋروپادىكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ھەجۋىي رەسسام. ALLegoriewollust — نېمىسچە «شەھۋانى تەمسىل» دېگەن سۆز.

(20) فرئۇد (1856—1939) — ئاۋسترىيىلىك مەنىۋى كېسەللىكلەر ئالىمى، مەنىۋى ئانالىز تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى.





(21) «قەستەن بېشارەت» — بۇمۇ چېن شىيىڭنىڭ سۆزى.

(22) ئىدگار ئاللان پوئى (1809—1849) — ئامېرىكىلىق شائىر ۋە ھېكايىچى. ئۇ «قارا مۈشۈك» ناملىق ھېكايىسىدە بىر مەھبۇسنىڭ بىر مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، سىرلىق قارا مۈشۈكنىڭ زورلۇقى بىلەن قاتىلغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن.

(23) «مۈشۈك موماي» — ياپونلارنىڭ چۆچەكلىرىگە قارىغاندا، بىر موماي باققان مۈشۈك ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن جىنغا ئايلىنىپ، مومايىنى يەۋەتكەندىن كېيىن يەنە شۇ مومايىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ باشقىلارغا زىيان سالغان.

(24) بۇ ماقالە 1926 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «دەشت ـ باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 6 ـ سانىغا بېسىلغان.

(25) چاڭ ئانا — شاۋشىڭ ناھىيىسىنىڭ دۇڭپۇ رايونىدىكى دامېنلۇ كوچىسىدىن.

بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئۆگەي ئوغلى»نىڭ ئىسمى ۋۇچيۇ، كىيىم تىككۈچى.

(26) بەخت ئاپىلىسىنى — ئىلگىرى جياڭسۇ، جېجياڭ خەلقىدە نورۇز كۈنلىرى (كونىچە چاغان بايرىمى) سەھەردە بەخت تىلەپ ئاپىلىسىن يەيدىغان ئادەت بار ئىدى.

(27) «ئۇزۇن چاچلىقلار» — بۇ يەردە خۇڭ شيۇچۈەن (1814—1864) رەھبەرلىكىدىكى تەيپىڭچى قوشۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇلار چاچلىرىنى ئۆرۈمەستىن ئۇزۇن قويۇۋېتەتتى.

(28) «تاغ ۋە دېڭىز دەستۇرى» — مىلادىيىدىن ئىلگىرى — تۆت ئەسىر ئىلگىرى يېزىلغان 18 جىلدلىق جۇغراپىيە ئەسىرى.

(29) بۇ يەردە جۇ جاۋلەن ناملىق بىر موللا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(30) «يەنشجەي رەسىملىرى» — جۇڭگو رەسساملىرى ئەسەرلىرىنىڭ 1885 ـ يىلى بېسىلغان توپلىمى.

(31) خاۋ يىشىڭ (1757—1825) — سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ سەيشا ناھىيىسىدىن بولۇپ، مەنچىڭ دەۋرىنىڭ مەشھۇر كىتاب ـ نامشۇناسى.

(32) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1926 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «دەشت ـ باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 10 ـ سانىغا بېسىلغان.

(33) بۇ يەردە «4 ـ ماي» دەۋرىدىكى كونا ئەدەبىياتقا قارشى يېڭى ئەدەبىياتنى تەرغىب قىلىش ھەرىكىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(34) «دەريا چېپىش خاتىرىسى» — سۇڭ دەۋرىدە يېزىلغان ھېكايە، بۇنىڭدا پادىشاھ سۈي ياڭدىنىڭ ما شۇمۇ دېگەن ئادەمگە بيەنچۈي دەرياسىنى

چاپتۇرغانلىقى، ما شۇمۇنىڭ كىچىك باللارنى قاسقاندا پىشۇرۇپ يېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

(35) بۇ ھەقتە مۇشۇ توپلامنىڭ ئاخىرىدىكى «خاتىمە» نىڭ بىرىنچى ئابزاسىغا قاراڭ.

(36) بۇ سۆز چىن شىيىڭنىڭ لۇشۇنگە ھۇجۇم قىلىپ ئېيتقان سۆزى، بۇ يەردە تەنە بىلەن قوللىنىلغان.

(37) بۇ ھەم چىن شىيىڭنىڭ سۆزىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(38) «پىل چىشى مۇنارى» — بۇ دەسلەپتە فرانسىيىلىك ئەدەبىي تەنقىدچى سان فىرۋي (1804—1864) ئۆز زامانىسىدىكى پاسسىپ رومانتىك شائىر ۋىرنى (1797—1863) گە باھا بەرگىنىدە قوللانغان سۆز ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا رىئال تۇرمۇشتىن چەتنىگەن سەنئەتكارلارنىڭ ماكانىنىڭ تەمسىلى بولۇپ قالغان.

(39) بۇ يەردە خۇراپىي رىۋايەتلەردىكى ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسەن سىزىلغان، فېئودال خۇراپاتلىقنى تەرغىب قىلىدىغان بىر رەسىملىك كىتاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(40) بۇ سۆز ئەسلىدە چىن شىيىڭنىڭ لۇشۇنگە ھۇجۇم قىلغان سۆزى بولۇپ، بۇ يەردە كىنايە ئورنىدا قوللىنىلغان.

(41) چىن شىيىڭ ئۆزىنىڭ «قۇرۇق گەپ» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالىسىدە: «سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىر بولماسلىقى ھېچقانچە ئىش ئەمەس، دۇنيادا ئۇنداق ئادەملەر كۆپ. ئىنقىلابنى تەشەببۇس قىلغانلار مەنسەپدارلىق قىلماقتا. سۆز ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلغانلار گېزىتخانىلارغا ئوت ياقماقتا» دەپ يازغان.

ئۇنىڭ «مەنسەپدارلىق قىلماقتا» دېگىنى لۇشۇننىڭ مائارىپ ۋازارىتىدە ئىشلەۋاتقانلىقىغا قارىتىلغان؛ «گېزىتخانىلارغا ئوت ياقماقتا» دېگىنى بېيجىڭ خەلقىنىڭ 1925 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى دۆەن چىرۇيگە قارشى نامايىشتا «سەھەر گېزىتى» (ئەكسىيەتچى سىياسىي گۇرۇھ — تەتقىقاتچىلار سىستېمىسىدىكى گېزىت) ئىدارىسىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىگە قارىتىلغان.

(42) ئارسىباشېف (M. L. Arsibaxip 1878—1927) — روسىيە يازغۇچىسى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن 1923 ـ يىلى چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپ، ۋارشاۋادا ئۆلگەن.

(43) «زىلۇنىڭ ئاشلىق توشۇشى» — زىلۇ ئەسلىدە كۇڭزىنىڭ شاگىرتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزى دائىم ياۋا مېۋىلەرنى يەپ، ئاتا ـ ئانىسىغا 100 چاقىرىم يىراق يەردىن





ئاشلىق توشۇپ بەرگەنىكەن.

(44) «خۇاڭ شياڭنىڭ تەكىيە تۇۋىدە ئولتۇرۇپ يەلپۈشى» — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خۇاڭ شياڭ توققۇز يېشىدا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، دادىسىنى ياز ۋاقتىدا تەكىيە تۇۋىدە يەلپۈپ، قىش كۈنلىرى دادىسىنىڭ ئورنىنى ئۆز تېنى بىلەن ئىسسىتىپ بېرىدىكەن.

(45) «لۇ جىنىڭ ماندارىننى بەلۋېغىغا تۈگۈۋېلىشى» — لۇجى، ئۈچ دۆلەت دەۋرىدىكى ئالىم. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئالتە ياشقا كىرگىنىدە بىراۋ بەرگەن ئۈچ دانە ماندارىننى يېمەي، ئانىسىغا ئەكەتكەن.

(46) «نوتا چىقىرىپ بىر دەپ بامبۇكقا يىغلاش» — بۇ، ئۈچ دۆلەت دەۋرىدىكى مېڭزۇڭنىڭ ھېكايىسى: «مېڭزۇڭنىڭ ئۆگەي ئانىسى بامبۇك نوتىسىغا ئامراق ئىكەن، شۇڭا قارا قىش ۋاقتىدا مېڭزۇڭنى بامبۇك نوتىسىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مېڭزۇڭ بامبۇكزارلىققا بېرىپ يېلىنىپ يىغلىغانىكەن، بامبۇكتىن نوتا ئۈنۈپ چىقىپتۇ.»

(47) «مۇزدا يېتىپ بېلىق تىلەش» — بۇ، چىڭ دەۋرىدىكى ۋاڭ شياڭنىڭ ھېكايىسى: ۋاڭ شياڭنىڭ ئۆگەي ئانىسى «تىرىك بېلىققا ئامراق ئىكەن، دەريا مۇزلاپ كەتكەن زىمىستان كۈنلىرى ۋاڭ شياڭ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ مۇزدا يېتىپ تىلىگەنىكەن، مۇز يېرىلىپ، ئىككى دانە بېلىق سەكرەپ چىقىپتۇ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ.»

(48) «لاۋ لەيزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشى» — لاۋ لەيزى چۇنچيۇ دەۋرىدە ياشىغان ئادەم. ئۇ 70 يېشىدا قۇراق چاپان كىيىپ، يالغاندىن يىقىلىپ چۈشكەن بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنى كۈلدۈرگەنىكەن.

(49) «گو جۈينىڭ ئۆز بالىسىنى كۆمۈشى» — خاتىرىلەرگە قارىغاندا، گو جۈي ناھايىتى باي ئادەم ئىكەن، دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، مىراستا تەگكەن 20 مىليون سەر پۇلنى ئىككى ئۇكىسىغا بېرىۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز ئانىسىنى باققانىكەن؛ خوتۇنى ئوغۇل تۇغسا، ئۇنى كۆتۈرۈپ باقسام ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلالماي قالىمەن دەپ، بالىنى خوتۇنىغا كۆتۈرگۈزۈپ، يەرنى كولاپ كۆمۈۋەتمەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا كولاۋاتقان يەردىن بىر كومزەك ئالتۇن چىقىپتۇ ۋە كومزەكتە «ۋاپادار گو جۈيگە مەدھىيە» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بىر پارچە تۆمۈر تاختىمۇ بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىمۇ بېقىپتۇ...

(50) جۇ شى (1130—1200) — قەدىمكى خۇيجۇ، ھازىرقى جياڭشىدىن، سۇڭ دەۋرىدە ياشىغان ئىلمىي ھېكمەت ئالىمى.

(51) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1926 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «دەشت ـ باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 11 ـ سانىغا بېسىلغان.

(52) تاۋاپ سەيلىسى — كونا زاماندىكى خۇراپىي ئادەت: بەزى تەقۋادار ئادەملەر ناغرا - كاناي چېلىپ، تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئويناپ، بۇتخانىدىكى بۇتلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كوچىلارنى ئايلىنىپ، بۇتلارغا شۈكۈر ئېيتاتتى، ئۇلاردىن شاپائەت تىلەيتتى.

(53) ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭدىكى مىلىتارىستلار خەلقنى پىكىر يۈرگۈزۈشتىن توسۇپ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، «دۆلەتنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا گەپ - سۆز قىلىش»نى مەنئى قىلغانىدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشپۇزۇل - چايخانىلاردىمۇ «دۆلەتنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا گەپ - سۆز قىلماڭلار» دەيدىغان قەغەزلەر چاپلاپ قويۇلاتتى.

(54) دۇڭگۇەن — ئۆز ۋاقتىدا شاۋشىڭ ۋىلايىتىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، شاۋشىڭ شەھىرىدىن تەخمىنەن 60 چاقىرىم كېلەتتى، ھازىر شاۋشىڭ ۋىلايىتىنىڭ شاڭيۇ ناھىيىسى.

(55) بۇ ماقالە 1926 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «دەشت - باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 13 - سانىغا بېسىلغان.

(56) شەھەر مۇئەككىلى — خۇراپىي رىۋايەتلەردە، شەھەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل پەرىشتە.

(57) تەيشەن پىرىم — تەرىقەتچىلەر (داۋ دىنىدىكىلەر) نىڭ پىرى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھايات - ماماتىغا مەسئۇلمىش.

(58) ئەزرائىل — بۇددا ئەقىدىلىرى بويىچە، «جان ئالغۇچى پەرىشتە»نىڭ نامى.

(59) فەنجياڭ — شاۋشىڭ شەھىرىنىڭ 30 چاقىرىم نېرىسىدىكى بىر كەنت.

(60) «بۇرنىغا يېدى» — قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مۇدىر ياڭ يىڭيۇگە قارشى چىققاندا، ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى «بۇ ئىشتا بۇرنۇڭلارغا يەپ قالماڭلار» دەپ توسۇغان. ئاپتور بۇ سۆزنى بۇ يەردە كىنايە ئورنىدا ئىشلەتكەن. بۇ ھەقتە «سايىۋەن. 〈بۇرنىغا يېگەن〉دىن كېيىن»گە قاراڭ.

(61) خىنايانا مەزھىپى — بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئاساسىي مەزھىپى، ئۇنىڭدا ئۆزنى ئىستىقامەت بىلەن تۇتۇش، پانىي دۇنيادىن ئۆزىنى خالىي قىلىش تەرغىب قىلىنىدۇ.

(62) كالا باش ئافان — بۇددا كىتابلىرىدا، دوزاخ چاپارمەنلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ بېشى كالىغا، قولى ئادەمگە، ئىككى پۇتى كالىنىڭ پۇتىغا ئوخشارمىش، تاغنى يۇلۇۋالغۇدەك كۈچى بارمىش، قولىدىن پولات ئارا چۇشمەسمىش.

(63) ئۇلگىلىك ناھىيە — بۇ يەردە گەپ چېن شىيىڭغا دارىتىلغان.





چېن شىيىڭ ئەسلىي ۋۇشى ناھىيىسىدىن. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدە: «ۋۇشى — جۇڭگونىڭ ئۈلگىلىك ناھىيىسى» دەپ يازغانىدى.

(64) شاۋشىڭلىق ئاقساقال — بۇ سۆز چېن شىيىڭغا دارىتىلغان. چېن شىيىڭ ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدە ئاپتورنى «ئۆز يۇرتى بولغان شاۋشىڭلىقلارچە ئاقساقاللىق قىلىش مىجەزى بار» دەپ قارىلىغانىدى.

(65) بۇ گەپمۇ چېن شىيىڭنىڭ ماقالىسىدىن چىققان.

(66) بىرلا ئۇيۇشما — بۇ يەردە چېن شىيىڭلار بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنى ئوقۇغۇچىلىرىنى ۋە مائارىپ ساھەسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئەربابلارنى بېسىش ئۈچۈن 1925 - يىل 12 - ئايدا تەشكىللىگەن «مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئادالەتنى قوغداش ئۇيۇشمىسى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەقتە «سايىۋەن. 〈ئادالەت رەڭۋازلىقى〉»غا قاراڭ.

(67) بۇ يەردىمۇ چېن شىيىڭغا ئۆز سۆزى بىلەن تەنە قىلىنغان.

(68) ئات يۈز — خۇراپىي ئەقىدىلەردە دوزاختىكى ئادەم تەنلىك ئات باشلىق مالائىكە.

(69) موزى — (مىلادىيىدىن 376 — 468 يىل ئىلگىرى) — ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مۇتەپەككۇرى، موزى تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى، ئۇ 15 جىلدلىق «موزى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «چوڭغا تۇر»، «كىچىككە تۇر» سەرلەۋھىلىك بابلىرىدا: «پايدىنىڭ چوڭىغا تۇر، زىياننىڭ كىچىككە تۇر؛ زىياننىڭ كىچىككە تۇرماق زىيانغا ئەمەس، پايدىسىغا تۇرماقتۇر» دەپ يازغان.

(70) «چوڭ چاڭچىلە» ياكى «مۇلىيەن چاڭچىلىسى» — ئۆز ۋاقتىدا شاۋشىڭدا ئوينالغان يەرلىك چاڭچىلە. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مۇلىيەن ساكيامونىنىڭ شاگىرتى بولۇپ، چوڭ كارامەتلەرنى قىلالايدىغان ئەۋلىيامىش، ئۇ دوزاخقا كىرىپ ئانىسىنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرغانمىش.

(71) «پەزىلەتلىك ئالىيجاناب» — بۇ سۆز ۋە تۆۋەندىكى «پروفېسسور ئەپەندى» دېگەن سۆزلەر ئۆز ۋاقتىدىكى «ھازىرقى زامان ئەنزارچىلىرى» قاتارىدىكى بەزى ئادەملەرگە قارىتىلغان.

(72) «خوتۇن - بالا» — چېن شىيىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى بىر ماقالىسىدە: ئۆينىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ، ئېھتىياج كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىگەندە، ئادەتتىكى ئادەم تۇرماق، ئاقىل ئادەممۇ ئىلاج تاپالماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىلىتارىستلارغا، ئەجنەبىيلەرگە مايىل بولۇش بىرمۇنچە ئادەمنىڭ بىردىنبىر يولى بولۇپ قالدى، ھەتتا بەزى ۋىجدان ئىگىلىرىمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمايدۇ… ئۇلار ئۆزلىرى ئاچ يۈرسە بولار، خوتۇن - بالىلىرى قورساقتا يېمىسە بولامدۇ؟ سوۋېت روسىيىسىنىڭ پۇلىنى ۋاستە - بىۋاستە خەجلەيدىغان ئادەملەرمۇ شۇنداق» دەپ يازغانىدى.

(73) بۇ ماقالە دەسلەپ 1926 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «دەشت - باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 19 - سانىغا بېسىلغان.

(74) ئاپتور «يۇرتۇم» ناملىق ھېكايىسىدە تەسۋىرلىگەن رۇڭتۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسى جاڭ يۈڭشۈي بولۇپ، ئەسلىي شاۋشىڭ ۋىلايىتىنىڭ داۋشۈي يېزىسىغا قاراشلىق دۇپۇ كەنتىدىن. ئۇنىڭ دادىسى فۇچىڭ دېھقان ھەم بامبۇكچى، ئۇ دائىم ئاپتورنىڭ ئۆيىدە كۈنلۈكچىلىك قىلاتتى. بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان رۇڭتۇ ۋە رۇڭتۇنىڭ دادىسى ئەنە شۇ ئىككى ئادەمگە قارىتىلغان.

(75) نېمىسچە «خەير خوش» دېگەن سۆز.

(76) «سەنۋېي مەدرىسىسى» — ئاپتورنىڭ شاۋشىڭ شەھىرىدىكى ئۆيىنىڭ يېنىدا. كېيىن لۇشۈن خاتىرە سارىيىنىڭ بىر قىسمى قىلىنغان.

(77) ئاپتورنىڭ ساۋاتىنى چىقارغان بۇ خەلپەتنىڭ فامىلىسى شۇ، ئىسمى خۇەيجيەن؛ ئۇ چوڭ موللا (1849—1929).

(78) دۇڭ فاڭساۋ (مىلادىيىدىن 93—154 يىل ئىلگىرى) — پىڭيۈەن ۋىلايىتىنىڭ يەنىسى دېگەن يېرىدىن (ھازىرقى سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خۈيمىن ناھىيىسىدىن)، غەربىي خەن خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئەدىب، نەزىم يېزىشقا ئۇستا، قىزىق پاراڭچى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر كۆپ تارقالغان.

(79) بۇ چۆچەكنىڭ ئومۇمەن مەزمۇنى مۇنداق: خەن خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى بىر كۈنى بېشى، كۆزى، چىشى، قۇلاق ۋە بۇرنى بار غەلىتە بىر قۇرۇتنى كۆرۈپ قاپتۇ، دۇڭ فاڭساۋ بۇ ھەقتە پادىشاھقا: ئۆتكەن چىن خاندانلىقى نۇرغۇن بىگۇناھ پۇقرانى قولغا ئالغانىكەن، پۇقرالار «ئىسىت، ئىسىت!» دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خۇدايىتائالانىڭ رەھمى كېلىپ، شۇنداق «ئىسىت» دېگەن قۇرتنى ئاپىرىدە قىپتۇ، دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ۋۇدى بۇ قۇرتنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى سورىغاندا، دۇڭ فاڭساۋ: قايغۇ - ھەسرەتكە قالغانلىكى ئادەم ھاراق - شاراب ئىچسە، قايغۇ - ھەسرەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ، ھازىر بۇنداق قۇرتنى ھاراق - شاراب قۇيۇش يولى بىلەن يوقىتىش مۇمكىن، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(80) نەزمىگە سۆز تىزىش — كونا زاماندا مەدرىسلەردە تالىپلارغا شېئىر يېزىشنى ئۆگىتىش ئۇسۇلى.

(81) بۇلار كونا مەكتەپ، مەدرىسە دەرسلىكلىرىدىكى ئىبارە.

(82) بۇ ماقالە دەسلەپ 1926 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «دەشت - باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 21 - سانىغا بېسىلغان.





(83) S شەھىرى — شاۋشىڭ.

(84) تېببىي ئاتالغۇ. دورىلارنى ئاغرىق بار جايغا باشلاپ بېرىپ سىڭدۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان دورىلار سىڭدۈرگە دەپ ئاتىلىدۇ.

(85) يې تيەنشى — سۇجۇلۇق، مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدە جياڭسۇدا ياشىغان مەشھۇر تېۋىپ.

(86) شۈەنيۈەن ھېكىم — تېۋىپنىڭ يەنە بىر خىل ئېيتىلىشى، بۇنى «لوقمان ھېكىم» دېگەن مەنىدە قوللىنىش ھەم مۇمكىن.

(87) يەن تەتەي — ئاپتورنىڭ چوڭ تاغىسى جۇ زىچۈەنىنىڭ خوتۇنى.

(88) «ئىسمىئەزەم» — «ئۇلۇغ مەبۇد توغرىسىدىكى قەسىدە». رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇرۇن بىر ئادەم ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ، بوينىغا قىلىچ ئۇرغاندا، قىلىچ زادىلا كەسمەپتۇ. چۈنكى ئۇ بىر كۈنى چۈشىدە كىمدۇر بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا «ئىسمىئەزەم»نى 1000 ياندۇرۇپ ئوقۇ، دېگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ دېگىنىدەك قىلغانىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قىلىچ كەسمەپتۇمىش. كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەر ئەنە شۇ خۇراپىي رىۋايەتلەرگە ئىشىنىپ، «ئىسمىئەزەم» پۈتۈلگەن قەغەزنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈلىنى ئۆلگۈچىنىڭ قولىغا سىقىمدىتىپ قويىدىكەن. بۇنىڭدا، ئۆلگۈچى دوزاختا قىيىن - قىستاققا ئېلىنغاندا ئازراق ئازاب چېكىدۇ، دېگەن مەنە بار ئىكەن.

(89) بۇ ماقالە دەسلەپ 1926- يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «دەشت - باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 22 - سانىغا بېسىلغان.

(90) شىنسى تەتەي — جۇ ئائىلىسىدىكى مېھمانلارنىڭ بىرى.

(91) جۇڭگو ۋە چەت ئەلچە مەكتەپ — 1897 - يىلى شاۋشىڭدا ئېچىلغان خۇسۇسىي مەكتەپ، 1899 - يىل كۈزدە شاۋشىڭ ۋىلايەتلىك مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن.

(92) باگۇ — مىڭ ۋە چىڭ خاندانلىقلىرى دەۋرىدە مەنسەپ ئىمتىھانىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەدەبىي ئۇسلۇب. ئۇنىڭدا «چاھار كىتاب» ۋە «پەنجەنامە»دىكى ئىبارىلەر قوللىنىلاتتى ۋە ماقالە بەلگىلىك خەت سانى ھەم قېلىپ بويىچە يېزىلاتتى.

(93) «ھەقىقەت» مەكتىپى — 1897 - يىلى قۇرۇلغان، ئۆز ۋاقتىدا جېجياڭ بويىچە يېگىچە ئالىي مەكتەپ.

(94) بۇ يەردە جياڭنەن سۇچىلار مەكتىپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ «چاقماق» مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى.

(95) «مالائىكە تۇمارى» — مىڭ دەۋرىدىكى ئادەملەر يازغان

جىن - ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ھېكايە.

(96) بۇلار ئىنگلىزچە باشلانغۇچ سىنىپ دەرسلىكىدىكى سۆز. مەنىسى: «بۇ — بىر دانە مۈشۈك»، «بۇ چاشقانمۇ؟»

(97) بۇ سۆز «زو چيۇمىڭ يىلنامىسى»دىن چىققان.

(98) ئىنگلىزچە Primer — باشلانغۇچ دەرسلىكى دېگەن مەنىدە.

(99) «زو چيۇمىڭ يىلنامىسى» — كۇڭزىچى رايىش موللىلارنىڭ دەستۇرلىرىدىن بىرى.

(100) «چىن شۇناس» — جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە پىششىق بىلىدىغان ئادەم. بۇ يەردە ياپونىيىلىك ئەنگاڭ شىيۇفۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ «چىننىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىگە ھېكايىلەردىن بىر نەزەر» دېگەن ئەسىرىدە غەلىتە ھالدا: جۇڭگولۇقلار راھەت - پاراغەتكە بېرىلىدۇ، كەيپ - ساپا ۋە ئەيش - ئىشرەت ئەۋج ئالغان، ھەتتا ئائام يېيىشتىمۇ شەھۋانىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بامبۇك نوتىسىنى ياخشى كۆرۈپ يەيدىغانلىقى «ئۇنىڭ قوزۇقتەك دىڭگىيىپ تۇرۇشى ھەۋەسنى قوزغايدۇ» غانلىقتىن بولغان، دەپ يازغان.

(101) كونا خۇراپىي رىۋايەت. ئەجەلسىز ئۆلگەن ئادەم ئەرۋاھ بولۇپ قالارمىش، ئۇ بىر ئىلاج قىلىپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەمنى غەرق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۆزى قايتىدىن تۆرىلىپ چىقارمىش. بۇ يەردىكى ئىسقات بولىدىغانلار دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان.

(102) كونا ئادەت بويىچە شەمسىيە 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تولۇن ئاي ئاخشىمى شەيخلەر ئەپسۇن ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىناتتى، ئۇلار ئەپسۇن ئوقۇپ، ئەرۋاھلارغا سەدىقە بېرەتتى. بۇ «ئەپسۇن ئوقۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.

(103) بۇ يەردە شەيخلەرنىڭ ئەپسۇن ئوقۇش ۋاقتىدا بېشىغا كىيىۋالىدىغان بۇددا تەلپىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(104) بۇ، براھما تىلى، ئەپسۇن - ئايەت.

(105) ئاپتور بۇ ماقالىنى يازغان ۋاقتىدا شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى، شۇ چاغدا شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان گو جيىگاڭ ۋە باشقىلار ئاپتورنى «مەشھۇر ئەرباب» دەپ، شۇ يول بىلەن چەتكە قاققاندى.

(106) تولۇق ئىسمى كانچىلىك تۆمۈريولى مەكتىپى، نەنجىڭدا ئېچىلغان.

(107) باشلانغۇچ نېمىسچە دەرسلىكتىكى سۆز، مەنىسى: «ئەر، ئايال، بالا».

(108) «باشلانغۇچ مەلۇماتلارنىڭ تەپسىرى» — سۇڭ دەۋرىدە جۇ شى رەتلىگەن، مىڭ دەۋرىدە چېن شۆەن شەرھلىگەن؛ كونا مەكتەپلەردىكى





ساۋات چىقىرىش دەرسلىكلىرىنىڭ بىر خىلى.

(109) «ئىلمىي ھېكمەت» — شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، بىلىم ئاشۇرىدىغان ئىلىم. بۇ يەردە فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(110) بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدىكى كانچىلىق تۆمۈريولى مەكتىپىنىڭ زۇڭبەنى يۈ مىڭشيا كۆزدە تۇتۇلغان.

(111) زۇڭبەن — چىڭ خانىدانلىقىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا مەركەزدىمۇ، جايلاردىمۇ قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ئورگانلارنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارى زۇڭبەن ياكى دۇبەن دەپ ئاتىلاتتى.

(112) «ئېقىم گېزىتى» — 1896 - يىل 8 - ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان؛ ئۇ قانۇنىي ئۆزگەرتىش - يېڭىلاش ھەرىكىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئاساسىي ژۇرناللارنىڭ بىرى، مەسئۇل مۇھەررىرلىرى لياڭ چىچاۋ قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.

(113) «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» — ئەنگلىيىلىك گېكسلى (1825—1895) نىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەخلاق قائىدىلىرى» دېگەن ئەسلىي ئەسىرىدىن يەن فۇ تەرجىمە قىلغان ئالدىنقى ئىككى باب. بۇ كىتابتا تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىنىدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى زىيالىيلىرىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر قىلغان.

(114) قەيسەر (مىلادىيىدىن 44 - 100 يىل بۇرۇن) — قەدىمكى رىم قوماندانى، ئوكيانىدىن ئىككى قېتىم ئۆتۈپ، برىتانىيە (ئەنگلىيە) گە بېسىپ كىرگەن.

(115) ئىستوئىت — مىلادىيىدىن تەخمىنەن تۆت ئەسىر ئىلگىرى قەدىمكى يۇناندا پەيدا بولغان ۋە مىلادىيە II ئەسىرگىچە ياشىغان پەلسەپىۋى ئېقىم، ئىستوئىتىسىزم.

(116) توغرىسى «تەرجىمە كىتابلار مەجمۇئەسى»، ئايلىق ژۇرنال، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىز 1900 - يىلى ياپونىيىدە چىقارغان، ئۇنىڭغا شەرق، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي، قانۇن ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلاتتى.

(117) جاڭ ليەنچاڭ (1823—1894) — خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇچاڭ شەھىرىدىن، ئۆز ۋاقتىدا خەتتات ئىدى.

(118) شۈي يىڭكۈي — گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ فەنيۇ ناھىيىسىدىن، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى، ئۆز ۋاقتىدىكى يېڭىلاش ھەرىكىتىگە قارشى جاھىللارنىڭ بىرى.

(119) جياڭنەن — جياڭشى زۇڭدۇسى، مەنچىڭ خانىدانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، جياڭنەن ئۆلكىسى بىلەن جياڭشى ئۆلكىسىگە ھاكىم-

لىق قىلاتتى.

(120) ليۇ كۇنيى (1830—1901) — خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنىڭ ناھىيىسىدىن، جياڭنەن ۋە جياڭشى ئۆلكىلىرىگە زۇڭدۇ بولغان، ئۆز ۋاقتىدىكى مەنسەپدارلار ئىچىدە يېڭىلىققا مايىل ئىدى.

(121) بۇ تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى بەي جۈيىنىڭ «پىغان» ناملىق شېئىرىنىڭ ئىككى مىسراسى.

(122) بۇ ماقالە دەسلەپ 1926 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «دەشت - باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 23 - سانىغا بېسىلغان.

(123) شاڭيې — ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدىكى جىنەستە گۈللىرى بىلەن مەشھۇر بولغان باغچە.

(124) بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدا ياپونىيىگە يېڭى بارغاندا ئاۋۋال توكيودىكى خوڭۋېن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ تېز پۈتتۈرۈش سىنىپىدا ياپون تىلىنى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلىرىمىز كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(125) فۇشى تېغى — ياپونىيە بويىچە ھەممىدىن ئېگىز تاغ، مەشھۇر يانار تاغ، بېنجۇ ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىدا.

(126) شيەنتەي — ياپونىيە شەھىرى، بېنجۇ ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا. ئاپتور 1904 - يىلدىن 1906 — يىلغىچە شۇ يەردە دوختۇرلۇقتا ئوقۇغان.

(127) شۈيخۇ — ياپونىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەر، توكيو بىلەن شيەنتەينىڭ ئارىلىقىدا.

(128) جۇ شۇنشۈي (1600—1682) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يۈياۋ ناھىيىسىدىن. مىڭ، چىڭ دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇر، ئۇ مەنچىڭغا قارشى پائالىيەت قىلغان، ھەرىكەتتە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ياپونىيىدە يەرلىشىپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، كېيىن شۈيخۇدا ۋاپات بولغان.

(129) تېڭيې يەنجيۇلاڭ (1874—1945) — ياپونىيىنىڭ فۇجىڭ ناھىيىسىدىن؛ ئەيچى ناھىيىلىك مېدىتسىنا تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن، كېيىن شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان؛ 1904 - يىلى شيەنتەي مېدىتسىنا تېخنىكومىدا پروفېسسور بولغان؛ 1915 - يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ دوختۇرخانا ئاچقان، مۇئامىلىدە ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ يەرلىك دېھقانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىنى قازانغان.

(130) تولستوي (1928—1910) — روسىيە يازغۇچىسى، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارىنىنا»، «تىرىلىش» قاتارلىق رومانلىرى بار. ئۇنىڭ روسىيە ۋە ياپونىيە پادىشاھلىرىغا يازغان خېتى 1904 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى لوندوندىكى «تايمس» گېزىتىگە، ئىككى ئايدىن كېيىن





ياپونىيىدىكى «ئەل خەۋەرلىرى» گە بېسىلغان.

(131) 1904 - يىلى ياپونىيە بىلەن چاررۇسىيە ئوتتۇرىسىدا جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ۋە چاۋشيەننى يېڭىۋاشتىن بۆلۈۋېلىش يۈزىسىدىن بولغان جاھانگىرلىك ئۇرۇشى، ئۇرۇش ئاساسەن جۇڭگو زېمىنىدا بولۇپ، خەلقىمىزنى زور ئاپەتكە ئۇچراتقان.

(132) بۇ يەردە ئاپتورنىڭ 1919 - يىل 12 - ئايدا شاۋشىڭدىن بېيجىڭغا كۆچۈپ بارغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(133) بۇ ماقالە دەسلەپ 1926 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «دەشت - باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 24 - سانىغا بېسىلغان.

(134) ياپونىيە بۇرژۇئا گېزىتلىرى.

(135) شۇنفۇ — مەنچىڭ خاندانلىقىدا ئۆلكە دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى.

(136) شۈي شىلىن (1873—1907) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ ناھىيىسىدىن، مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى «قۇتۇلدۇرۇش جەمئىيىتى» دېگەن ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان.

(137) فەن ئەينۇڭ (1882—1912) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ شەھىرىدىن، ئۇ 1912 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شاۋشىڭدا نەشر قىلىنىدىغان «مىللىي گۈللىنىش» گېزىتىدىكى بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە كۆلدە تاماشا قىلىپ كېتىۋېتىپ، غەرق بولۇپ ئۆلگەن.

(138) زىبىڭ — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ شەھىرىدىن.

(139) چېن بوپىڭ (1882—1907) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ شەھىرىدىن. ياپونىيىگە ئىككى قېتىم بېرىپ ئوقۇغان. 1907 - يىل 6 - ئايدا ما زۇڭخەن بىلەن ئەنخۈيگە بېرىپ، شۈي شىلىننىڭ قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان؛ شۈي شىلىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇ ھەربىي قورال ئىدارىسىدە بولغان جەڭدە قۇربان بولغان.

(140) ما زۇڭخەن (1884—1907) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يۈياۋ ناھىيىسىدىن، 1905 - يىلى ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان، 1906 - يىلى قايتىپ كەلگەن، 1907 - يىل 6 - ئايدا چېن بوپىڭ بىلەن بىللە ئەنخۈيگە بېرىپ شۈي شىلىننىڭ قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان، شۈي شىلىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇ قورال ئىدارىسىنى ساقلاش جېڭىدە ئوقى تۈگەپ قولغا چۈشۈپ كەتكەن، 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن.

(141) دېچىڭ — سۇن دېچىڭ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ شەھەرىدىن، ئۆز ۋاقتىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئادەم؛ ئۇ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە

قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان.

(142) غەربىي خەن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋاڭ كۇاڭ، ۋاڭ فېڭ دېگەن كىشىلەر دېھقانلارنى باشلاپ لۈيلىن تېغىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئۇلار «لۈيلىن لەشكەرلىرى» دەپ ئاتىلاتتى. «لۈيلىن» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا ئومۇمەن «قاراقچى» دېگەن سۆز ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ۋاڭ جىنفا ئىلگىرىكى چاغلاردا چىڭشيەن ناھىيىسى ئەتراپىدا قاراقچىلىق قىلغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە ئۇ «لۈيلىن ئالىي مەكتىپىدىن چىققان» دېيىلگەن.

(143) جى فۇ يەنى شۈي شوتاڭ (1882—1948) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ شەھىرىدىن، مائارىپچى؛ ئاپتورنىڭ ياپونىيىدە بىللە ئوقۇغان دوستى؛ كېيىن ئۇ مائارىپ ۋازارىتىدە، گۇاڭدۇڭدىكى جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاپتور بىلەن بىرقانچە يىل بىللە ئىشلىگەن، ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولغان. ئۇنىڭ «مەرھۇم دوستۇم لۇشۈن تەسىراتلىرى» ۋە باشقا ئەسەرلىرى بار. ئۇنى 1948 ـ يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەيۋەندىكى ئۆيىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەن.

(144) بۇ يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھلىقنى تىرىلدۇرۇش ھەرىكىتىگە خىزمەت قىلىدىغان، كۇڭزىغا چوقۇنۇش تەشكىلاتى، 1912 ـ يىل 10 ـ ئايدا شاڭخەيدە قۇرۇلغان، كېيىن بېيجىڭغا كۆچكەن. باشقا جايلاردىكى فېئودال كۈچلەرمۇ شۇنداق تەشكىلاتلارنى قۇرغان.

(145) سۇن چۇەنفاڭ (1884—1935) — سەندۇڭ سىستېمىسىدىكى شىمالىي مىلىتارىست. ئۇ 1926 ـ يىلى جياڭسۇ — جېجياڭ ئۆلكىلىرىگە باش قوماندان بولۇپ تۇرغىنىدا، ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، شاڭخەيدىكى تەسۋىرىي سەنئەت تېخنىكومىنىڭ يالىڭاچ مودا سىزىشنى مەنئى قىلىپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

(146) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1927 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «دەشت ـ باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ جىلد 15 ـ سانىغا بېسىلغان.

(147) خاۋ پىن — «كونا تاڭنامە»گە قارىغاندا، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا چېگرا رايوندا ئۈچ يىل ھەربىي سەردار بولۇپ، ھەر قېتىم جەڭگە چىققاندا ئەسكەرلەرگە ئوزۇقلۇق، ئاتلارغا يەم ـ بوغۇز ئالدۇرماي، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىدىن ئولجا ئالىدىكەن، شۇڭا يات ئەللەر (بۇ يەردە شىزاڭ، چىڭخەي ئېگىزلىكىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۇنىڭدىن قاتتىق قورقىدىكەن، بالىلىرى يىغلىسا، خاۋپىن كەلدى، دەپ پەش قىلىدىكەن.

(148) شۆ يىن — ئەسلىي ئىسمى شۈي يۈەنشاڭ، تاڭ دەۋرىدە پايتەخت ھاكىمى بولغان. «يېڭى تاڭنامە»دە: «شۈي يۈەنشاڭ مەھكىمىگە





خىزمەتكە كېلىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىلا، يولدىن ئازغان ياش باللارنى تۇتتۇرۇپ، 30 نەچچىسىنى كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى شەھەر ئىچىگە تاشلىغان» دېگەن رىۋايەت بار.

(149) جاڭ لياۋ (169—222) — ئۆز دەۋرىدە ساۋ ساۋنىڭ قول ئاستىدا سەردار بولۇپ ئىشلىگەن. سۇن چۈەن خېفېي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، جاڭ لياۋ 800 پىدائىينى باشلاپ، سۇن چۈەننىڭ قوشۇنىنى تارمار كەلتۈرۈپ داڭ چىقارغان.

(150) جاڭ ۋېيجۈن — ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىرانسۇز تىلى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، شۇ مەكتەپنىڭ «غەزەل» ناملىق ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولغان.

(151) «داش قازانغا ئۆزىنى تاشلىشى» — «تەيپىن شاھنامىسى»دا رىۋايەت قىلىنىشىچە، لى ئېنىڭ دادىسى پادىشاھ ھۇزۇرىدا ھەربىي قورال سوققۇچى ئەمەلدار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ تۆمۈر ئېرىتىش ئۈچۈن ئوچاققا بولۇشىچە ئوت قالاپتۇ، لېكىن زادىلا تۆمۈر چىقماپتۇ. ئۇ چاغدا ھاكىمىيەت يېڭى ئورنىتىلغان بولغاچقا، قانۇن ـ تۈزۈم ناھايىتى چىڭ ئىكەن، ھۆكۈمەتكە 10 مىڭ سەر زىيان سالغان ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىكەن، بالا ـ چاقىلىرىمۇ ئۇنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرايدىكەن. لى ئېنىڭ دادىسى بولسا 10 مىليون سەر زىيان سالغان. شۇڭا ئۇنىڭ 15 ياشلىق ئوغلى دادىسىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆزىنى قىزىق داش قازانغا تاشلىغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر سۇيۇقلۇقى داش قازاندىن قايناپ ـ تېشىپتۇ، ئۇنىڭ جەسىتى ئېرىپ كېتىپتۇ، پۈتىدىكى ئىككى كېپىشى لەيلەپ چىقىپتۇ.

(152) چىن شۇباۋ — جەنۇبىي سۇلالە دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ بېگى. «جەنۇبىي سۇلالە تارىخى»دىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، پادىشاھ سۈي ۋېندى ئۇنىڭغا زىياپەتلەردە ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ياقمايدىغان مۇزىكىلارنى چالدۇرمىغان، لېكىن ئۇ: «ماڭا چوڭراق مەنسەپ تەگمىدى، چوڭراق بىرەر مەنسەپ بەرسىكەن» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ سۈي ۋېندى: «چىن شۇباۋ ۋىجدانسىز، نائىنساپ ئىكەن» دېگەن.

(153) ۋۇ يۇرۇ (؟ — تەخمىنەن 1893) — جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۈەنخې (ھازىرقى ۋۇشيەن) ناھىيىسىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغان رەسسام.

(154) «گەندىنى تېتىپ بېقىش ۋەھىمىسى» — «ليەن سۇلالىسى تارىخى»دا رىۋايەت قىلىنىشىچە، گېن چيەنلۈي دېگەن ئادەمنىڭ دادىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقاندا، دوختۇر: كېسەلنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلەي دېسەڭ، گەندىسىنىڭ تاتلىق ياكى ئاچچىقلىقىنى تېتىپ كۆر، دېگەن، شۇنىڭ بىلەن دادىسىنىڭ ئىچى ئۆتكەندە، گەندىسىنى تېتىپ كۆرگەن.

# شېئىرلار





(155) شۈي شىچاڭ (1855—1939) — ئەسلى تيەنجىندىن. مەنچاڭ دەۋرىدە يارەمچى ۋەزىر بولغان، 1918 ـ يىلىدىن 1922 ـ يىلىغىچە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغان. ئۇ ناھايىتى قاقۋاش، كاززاپ ئىدى. «مەيلى» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزى بولۇپ، جاھانسازلىق ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى ئىدى.

(156) «ئىسىم جىسىمنىڭ مېھمانى» — بۇ سۆز شەيئىنىڭ ئۆزى ئاساسىي ئورۇندا، ئىسىم بېقىندى ئورۇندا تۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

(157) كونا خۇراپىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يولۋاسقا يەم بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ «روھى» يولۋاسنىڭ ئادەم يېيىشىگە ياردەم بېرەرمىش، شۇڭا ئۇ يامانغا «يانتاياق» دەپ ئاتىلىدىكەن.

# كىچىككىنە سۇرىتىمگە ئىلاۋە[1]

يوق رىجەسى داجىشقا ئىلاھىي ئوقتىن[2] دىلىستانىم[3]،
باستى قۇيۇن قورامدەك[4]، زۇلمەتتە گۇلىستانىم[5].
كۆچيۇلتۇز[6] دىن‌يوللىغان ئىشقىمنى سەزمىدى‌رەيھان[7]،
ھەدىيەدۇر ساڭا قانىم ئەزىزانە سۇلتانىم[8].

# «خالاس توپلىمى» غا بېغىشلىما[9]

كۆردۈم يەنە شۇ يېرىم يىلدا،
شۈنچە قان ۋە شۈنچە ياش.
لېكىن مەندە
قالدى پارچە تەسىرات، خالاس.

ئۆچتى قان ۋە
سۈرتۈلدى ياش؛
بەھۇزۇر يۈرمەكتە
قاسساپلار —
پۇلات پىچاق،
يۇمشاق پىچاق[10]
ئىشلەتكەن كاززاپلار؛
لېكىن مەندە
قالدى «پارچە تەسىرات» خالاس.

«تېگىشلىك جايغا تاشلانغان»[11] دا
«پارچە تەسىرات» لىرىم تامام،
لېكىن مەندە
قالغىنى — پەقەت «خالاس» ۋەسسالام!





# ماۋزۇسىز[12]

بولدى ئادەت ئۆتكۈزمەك باھار پەسلىنى،
شۈنچە ئۇزاق ـ زۇلمەتلىك ئۇشبۇ تۈنلەردە[13]
بولۇپ ھەمدەم ئايالىمغا يېتىلەپ بالىنى[14]،
چېكەمگىمۇ ئاق كىردى تۇرۇپ خىلۋەت يەرلەردە.
كۆز ياش تۆكۈپ ھەمىشە مېھرىبان ئانام،
كۆز ئۆڭۈمدىن كەتمەيدۇ — چۈشۈمگە ئايان[15].
تاش قەلئەدە كاتتىۋاش يەڭگۈشلەپ ئەلەم[16]،
قىلماقتا خوپ رەڭۋازلىق تېپىشقا ھايان.
زادى مەندە قالمىدى سەۋر ۋە تاقەت،
كى ئايلاندى ئەرۋاھقا دوست ـ ھەمراھلىرىم[17].
ياغدۇرسۇن قىلىچ ـ تىغلارغا[18] قەھرى ۋە نەپرەت،
ئۇزۇلمەستىن توقۇلغان نەزم ـ مىسرالىرىم.
قاپاقلىرىم سىلىقلىق قىلۇرمەن ئاھۇ پىغان،
چۈنكى مۇندا يېزىشقا يوقتۇر ھېچ ئىمكان[19].
سۇدەك تىنىق، شۇ ئاينىڭ يارقىن شولىسى
چۈشمەكتە تۈن لىباسىغا[20] بولۇپ پەيكان[21].

# ماۋزۇسىز [22]

نېمە ئانچە كۆپ تۈمۈر تىكەن، چىرغاندۇر باياۋاندا[23] ،
جەڭ ـ جېدەل بۇلۇتلىرى[24] يېپىلغان كەڭ ئاسماندا.
قانچە تۇرخۇندىن چىقىپتۇ ئىس ـ تۈتۈن شۇ باھاردا[25] ،
ھەممە تىمتاس — ئۈن ـ تىنسىز، قايغۇ بىلەن پىنھاندا.
ئىشرەت بىلەن ئۆتمەكتە خاقان — چىن جاھاندا[26] ،
توختىدى ناخشا ـ سادا دەريا كېزىپ قايىنامدا[27] .
تۇرۇلۇپ كەلگەن دەھشەتلىك مەشئۇم قارا بوراندا،
دەل ـ دەرەخ ۋە گىياھلار سولدى پەسلى خازاندا[28] .

3 ـ ئاي





# ماۋزۇسىز [29]

قىان بىلەن سۇغىرىلىپ تۈزلەڭ، مەزمۇتدۇر گىياھ كۆرـ
كەم[30] ،
زېمىستان بولسىمۇ زېمىندا ئېچىلدى لەيلى كۆكلەم
باتۇرلاردا چاتاق كۆپ، كېسەلمىش تېخى مەززاق[31] ،
ھۆكۈرسە زاراتگاھدا[32] ، زاۋالدا قىلۇر قاق ـ قاق[33] .

1 ـ ئاي

## مەسخىرە[34]

چۈشسە قىسمەت سايىسى، قىلاي قانداق مۇددىئا،
رۇسلىمايلا قەددىمنى كەلدى ماڭا چوڭ پەشۋا.
چۆكتۈرۈپ سەت شەپكەمنى ئۆتتۇم ئاۋات رەستىدىن،
خاراب كىمە مەي بىسىپ ئۇزمەكتە قاينام ئارا.
هومىيىپ لەنتىلەرگە باقمەن قەھرىم بىلەن،
باش ئېگمەن سەبىيلەرگە بولۇپ گويا ياۋاش كالا
كۆلبەمنى قىلىپ دۇنيا، شۇندا بولسام مەن تەنها،
بولسا قىش - ياز، كۈز - كۆكلەم، قىلمايمەن ئاڭا پەرۋا.

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى





## ياڭ چۈەنگە تەزىيە[35]

مەردانىلىك باردۇر تېخى شۇ پېتىچە گويا مەندە،
گۈل ئېچىلسۇن مەيلى سولسۇن، بولماسمەن ئاڭا زوقمەن[36].
تۆكۈلدى خوپ ياشلىرىم سەلدەك بولۇپ كۈتمىگەندە[37]،
خەلقئالەم يىغلىشۇر مەرد يىگىتكە بولۇپ دەردمەن[38].

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

## ماۋزۇسىز[39]

جۇدەڭ ئاۋام غايىبدۇر كامپا - تەركان ئىچىدە[40]،
داد - پەرياد مەرسىيە قىلدى يەرنى زىلزىلە[41].
كەڭ دالىدا قىلۇر پەرۋاز نىيەت - ئىقبال سەلسەلە[42]،
گۈلدۈر - چېقىن نەرە تارتۇر ئۈنسىز ماكان ئىچىدە[43].

5 - ئاي





## توڭگۇز يىلى كەچ كۈزدە يېزىلدى ئۇشتۇمتۇت[44]

قىلسا ھەيران خازان پەسلى قەدەم تەشرىپ شول دىيارە،
ئىللىق باھار شەنىگە ھەددىم ئەمەس تارتىش قەلەم[45].
چەكسىز ئالەم غەپلەتتە، غەم - ئەلەم كۆپ بىسيارە،
سۈردى مىڭ ئەمەلدارنى كۆز شامىلى چالغان نەغمەم[46].
قالمىدى ساس - ئەمەنلىك قېرى - ساللار قونۇشقا،
چۈشەكەپ چۈشتۈم پەلەكتىن چىشلىرىم قىلۇر جاق-جاق[47]
قۇلاق سالسام تاڭ خورازى ئۈن سۈرمەيدۇ نىمىشقا،
چولپانمۇ ئېغىپ قاپتۇ، ئەنە باقسام تۇرۇپ شۇ چاغ[48].

12 - ئاي

## ئىزاھلار:

(1) بۇ شېئىرنى ئاپتور ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا كىچىككىنە فوتو سۈرىتىنىڭ كەينىگە يېزىپ، دوستى شۈي شۇشاڭغا تەقدىم قىلغان؛ شۈي شۇشاڭ «ئۆتكەننى ئەسلەش» دېگەن ماقالىسىدە: «1903 ـ يىلى ئۇ 23 ياش ئىدى، توكيودا «كىچىككىنە سۈرىتىمگە ئىلاۋە» دېگەن بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ ماڭا تەقدىم قىلغان» دەپ يازغان. لۇشۈن ئۆزى 1931 ـ يىلى قايتا كۆچۈرگىنىدە: «21 يېشىمدا ئىجاد قىلدىم، 51 يېشىمدا كۆچۈردۈم، ۋاقتى قوي يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 سى ئىدى.» دېگەن. لۇشۈن ئۆز يېشىنى ھېسابلاشتا، ئەزەلدىن جۇڭگو ئادىتىگە ئەمەل قىلغان، شۇڭا 21 ياش دېگىنى 1901 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 1902 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ. كېيىن بۇ شېئىر «توپلام سىرتىدىكى توپلام»غا كىرگۈزۈلگەن.

ئاپتور بۇ شېئىرنى يازغان چاغ سەككىز دۆلەت بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئەمدىلا ئاياغلاشقان، جاھانگىرلىكنىڭ غالجىرلارچە تاجاۋۇزى ۋە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ساتقۇنلۇقى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدىكى جۇڭخۇا مىللىتىنى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىدىن ئىبارەت چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتەرگەن چاغ ئىدى. ئاپتور ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇ ۋە ئىنقىلابىي پىكىر ئېقىمىدىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، بوران ـ چاپقۇن ۋە زۇلمەت ـ جاھالەت ئىچىدە ياتقان ۋەتەنگە نەزەر سالىدۇ ـ دە، ۋەتەن يولىدا جېنىنى پىدا قىلىش ئۈچۈن مەردلەرچە قەسەمياد قىلىدۇ. شۈي شۇشاڭ «ئۆتكەننى ئەسلەش» دېگەن ماقالىسىدە بۇ شېئىرنى شەرھلەپ مۇنداق يازىدۇ: «بىرىنچى مىسراسىدا چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقىنىدا چوڭقۇر ئىزتىراپ چەككىنىنى يازغان، ئىككىنچى مىسراسىنى ۋەتىنىنىڭ بوران ـ چاپقۇن ئىچىدىكى ھالىتىگە نەزەر ئېلىپ يازغان، ئۈچىنچى مىسراسىدا قېرىنداشلارنىڭ غەپلەتتە ياتقانلىقىدىن ئىچى پۇشقانلىقىنى بايان قىلغان، ئاخىرىدا ئارزۇ ـ ئارمانىنى — ئۆمۈر بويى ئەمەل قىلىدىغان ئىبرەتلىك سۆزىنى يازغان.» بۇ شەرھدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

(2) ئىلاھىي ئوق — مۇھەببەت تەڭرىسىنىڭ ئوقى. قەدىمكى رىم ئاساتىرلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، مۇھەببەت تەڭرىسى كۇپىدۇ (گرېك ئاسا-





تىرلىرىدە ئېروس) ئوقيادىن ئەر بىلەن ئايالنىڭ يۈرەكلىرىگە ئوق ئاتىدىكەن ـ دە، ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە ئاشىق بولىدىكەن. ئاپتور مەزكۇر ئىبارە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب دولقۇنىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكىنى، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك شەۋقى قوزغالغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

(3) دىلىستانىم — دىلىم، قەلبىم، يۈرەك ـ باغرىم.

(4) باستى قۇيۇن — جاھانگىرلىك ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەمسىلى.

قورام ـ قورام تاش، يوغان تاش.

(5) گۈلىستانىم — ۋەتىنىم.

(6) كۆچ يۇلتۇز — كۆچكەن (ئاققان) يۇلتۇز. كۆچ يۇلتۇزدىن يوللىغان ئىشقىمنى دېگەن ئىبارە — ئاپتور شۇ چاغلاردا چەت ئەلدە تۇرۇپ، ئاسماندىكى كۆچكەن يۇلتۇزلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان سېغىنىشىنى يوللىماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(7) سەزمىدى رەيھان — چۈي يۈەن رەيھاننى پادىشاھقا تەمسىل قىلىدۇ. لۇشۈن بۇ يەردە ۋەتەن خەلقىنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئاپتورنىڭ تونۇشىچە، ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى شۇ چاغدىكى كىشىلەر بىلمىگەن.

(8) ئەزىزانە سۇلتانىم — قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرىدە قەبىلە ئاقساقىلى بولغان خۇاڭدىنى — ئەزىز شۇەنيۈەن (نەپەدار — سۇلتان) دەپ ئاتايتتى، كىشىلەر ئادەتتە سۇلتانىم دېگەندە ۋەتەننى نەزەردە تۇتاتتى.

(9) 1926 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتور «سايىۋەننىڭ داۋامى» دېگەن فېلىيەتونلار توپلىمىنى كوررېكتورلۇق قىلىپ بولغاندا، مەزكۇر شېئىرنى يېزىپ، توپلامنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىپ قويغان. 1928 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتور بۇ شېئىرنى «خالاس توپلىمى»غا بېغىشلىما قىلىپ كۆچۈرگەن ۋە شېئىرنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق دەپ قەيت قىلغان: «يۇقىرىدىكى مىسرالىرىمنى 1926 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېچىدە، شۇ يىلى شۇ چاغقىچە بولغان پارچە تەسىراتلار توپلىمىنى رەتلەپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرىغا يېزىپ قويغانىدىم، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئېلىپ 1927 ـ يىلدىكى پارچە تەسىراتلار توپلىمىغا بېغىشلىما قىلىپ قويدۇم».

(10) 1926 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، لۇشۈن «‹قەبرە›گە بېغىشلىما»سىدا مۇنداق دەيدۇ: «چاكىلداقچى ھاپىز ‹بىر نەچچە يىلغىچە يۇمشاق پىچاق بىلەن كاللىنى غىرداۋەرسە تۇيماي ئۆلىدۇ› دەپ جايىدا ئېيتقانىكەن، مەن ئەنە شۇنداق ئۆزىنى ‹قورالسىز سىنىپ› دەپ ئاتىۋالغان، ئەمەلىيەتتە قولىدا يۇمشاق پىچاق تۇتقان ئالۋاستىلارنى مەخسۇسلا ئەيىبلەۋېرىمەن». چاكىلداقچى ھاپىز — چاكىلداقچى دەرۋىش دەپمۇ ئاتىلـ

دۇ، بۇ — مىڭ سۇلالىسىدىن ساقىت بولۇپ قالغان جيا فۇشى (تەخمىنەن 1592 — 1674 ـ يىللار) نىڭ لەقىمى.

(11) چېن شىيىڭ «جىمۇغا» دېگەن (1926 ـ يىل 1 ـ ئايدا «سەھەر» گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتىگە بېسىلغان) مەكتۇپىدە لۇشۈنگە «قەلەم تەۋرىتىش بىلەنلا كىشىگە جىنايەت توقۇماقچى بولىدۇ، ... بىراق ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇپ بولۇشۇم بىلەنلا تېگىشلىك جايغا تاشلىۋېتىمەن، — بەجايىكى سۆزۈمنى دېسەم، مېنىڭچە ئۇ نەرسىلەر شۇ جايدىن چىقماسلىقى كېرەك» دەپ ھۇجۇم قىلغان.

(12) بۇ شېئىر 1931 ـ يىل 2 ـ ئايدا يېزىلىپ، دەسلەپتە 1932 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى «لۇشۈن: كۈندىلىك خاتىرىلەر» دىن مەلۇم بولغان. ئۇ خاتىرىدە: «يەنە بىر ۋەرەقە كۆچۈرۈپ قويدۇم، بۇ — بۇلتۇر يېزىلغان كونا شېئىر ئىدى» دەپ مەزكۇر شېئىر قەيت قىلىنغان. 1933 ـ يىل 2 ـ ئايدا، لۇشۈن «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» (بۇ — «تاغدىن ـ باغدىن توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن) نى يازغاندا، بۇ شېئىرنى شۇ ماقالىسىگە كىرگۈزگەن. ئاپتور «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» تە شۇ چاغدا بۇ شېئىرنى يېزىشنىڭ جەريانىنى بايان قىلغان. پايدىلىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

(13) ئۇزاق — زۇلمەتلىك ئۇشبۇ تۈنلەر — شۇ چاغدىكى زۇلمەت ـ جاھالەت ئىچىدىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بېيىتنىڭ مەنىسى: قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىك تۈندەك يىرگىنچلىك مۇھىتتا باھار پەسلىنى، جەڭگىۋار يىللارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈپ قالدىم، دېگەنلىك بولىدۇ.

(14) بولۇپ ھەمدەم ئايالىمغا يېتىلەپ بالىنى — ئۇ چاغدا لۇشۈننىڭ بالىسى خەييىڭ بىر ياش ئۈچ ئايلىق بولغان. «لۇشۈن: كۈندىلىك خاتىرىلەر» نىڭ 1931 ـ يىل 1 ـ ئاي 20 ـ كۈندىكى خاتىرىسىدە: «چۈشتىن كېيىن گۇاڭپىڭ بىلەن بىرلىكتە خەييىڭنى يېتىلەپ، شۈي ئاۋ موماي بىلەن بىللە خۇايۈەنجۇاڭغا كۆچۈپ باردۇق» دەپ يېزىلغان. بۇ چاغدا، لۇشۈن ئۆز ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ، ياپونلار ئاچقان ساراي — خۇايۈەنجاڭ تۇرالغۇسىدا ئۆزىنى خىلۋەتتە تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان.

(15) ئۇ چاغدا ئاپتورنىڭ ئانىسى بېيجىڭدا تۇراتتى، ئاپتورنىڭ يامان ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ كۆز يېشى قىلاتتى. «لۇشۈن مەكتۇپلىرى» دىن 1931 ـ يىل 2 ـ ئاي 4 ـ كۈنى لى بىڭغا يازغان مەكتۇپىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆتكەن ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بۇ يەردە ياشلاردىن نەچچە ئون كىشى قولغا ئېلىندى، شۇلاردىن بىرى — مېنىڭ ئوقۇغۇچىم (ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئۆز فامىلىسىنى لۇ دەپ ئېيتىپتۇمىش). شۇنىڭ ئۈچۈن





بەزىبىر شاتىراقلار مېنى قولغا ئېلىنىپ كەتتى دېگەن گەپنى تارقىتىپتۇ ... قەلەم ئىگىلىرى قەلىمىنى تەۋرەتكەندە ھېچقانچە كۆچىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماڭا كەلتۈرۈۋاتقان زىيانلىرى ئاز ئەمەس. بىچارە ئانامنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايۋېتىپتۇ. جان دوستلىرىمنىڭ ئەلەڭگۈلۈكى بېسىقمايۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا تۈزىتىش بېرىمەن دەپ 10 كۈندىن بۇيان، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇياق ـ بۇياققا خەت يېزىۋاتىمەن. ۋا دەرىخا!»

(16) تاش قەلئە — نەنجىڭ شەھىرىنىڭ يەنە بىر نامى.

(17) دوست ـ ھەمراھلىرىم — رۇشى قاتارلىق ئىنقىلابىي يازغۇچىلار.

(18) قىلىچ ـ تىغلار — ئاق تېررورلۇقنىڭ تەمسىلى.

(19) يېزىشقا يوقتۇر ھېچ ئىمكان — «تاغدىن ـ باغدىن توپلىمى. ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» تە يېزىلىشىچە: «بىراق جۇڭگودا ئۇ چاغلاردا ھەقىقەتەن يېزىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يوق ئىدى. خۇددى كونسېرۋادەك چىڭ بەند قىلىنغانىدى».

(20) تۈن لىباسى — تۈن كىيىمى، قارا كىيىم.

(21) پەيكان — ئوق، نەيزە.

(22) بۇ شېئىر 1931 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يېزىلغان. «لۇشۈن: كۈندىلىك خاتىرىلەر» نىڭ 1931 ـ يىل 3 ـئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى خاتىرىسىدە: «چۈشتىن كېيىن شېگۇۋ، سۇڭزاۋ ۋە سۇڭيۈەنگە بىر پارچىدىن شېئىر يېزىپ بەردىم» دېيىلگەن. بۇ شېئىر سۇڭزاۋغا يېزىلغان، كېيىن «توپلام سىرتىدىكى توپلام» غا كىرگۈزۈلگەن. سۇڭزاۋنىڭ فامىلىسى پېيەنشەن، لۇشۈننىڭ ياپونىيىلىك دوستى نېيشەن ۋەنزاۋنىڭ ئىنىسىنىڭ خوتۇنى.

(23) باياۋان — كەڭ زېمىن. تۆمۈر تىكەن ۋە چىزغان — تىكەنلىك ياۋا گىياھلار. بۇنى قورال ـ ياراغ مەنىسىدە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، تۆمۈر تىكەن — شەمشەر شەكلىدە بولۇپ ئۈچ تەرىپى ئەگىم كەلگەن چاڭگاك شەكلىدىكى قورال؛ چىزغان — يالمانلىق نەيزىگە ئوخشاش پۇتاقلىق قورال.

(24) كەڭ ئاسماننى قانخورلۇق جەڭ ـ ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلىغان دېگەن مەنىدە.

(25) بۇ مىسرانىڭ مەنىسى — زۇلمەتلىك كونا جۇڭگودا قېنى قانچە ئائىلە باھار خۇشاللىقى بىلەن — ناھايىتى راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ، دېمەكتۇر.

(26) بۇ مىسرانىڭ مەنىسى — زالىملارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا سۈرۈپ شەرمەندىلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

(27) بۇرۇنقى تەمسىللەردە رىۋايەت قىلىنىشىچە، خۇەن بېگى قېيىق

بىلەن دەريانىڭ قايىنىمىدا كېزىپ يۈرۈپ، قېيىقچىنىڭ مۇھەببەت ناخشىسىنى ئاڭلىغان. بۇ يەردە خۇشال-خۇراملىق كۈيلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(28) بۇ مىسرالاردا ئاپتور رەمزە (سىمۋول - ئىشارەت) ۋاستىسىدىن پايدىلانغان.

(29) بۇ شېئىر 1932 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يېزىلغان. «لۇشۈن: كۈندىلىك خاتىرىلەر» نىڭ شۇ كۈندىكى خاتىرىسىدە: «چۈشتىن كېيىن گاۋلياڭ فۇرېن ئۈچۈن بىر ۋەرەقە يازدىم: قان بىلەن سۇغىرىلىپ تۈزلەڭ، مەزمۇتدۇر گىياھ كۆركەم ··· دېگەن مىسرالاردىن ئىبارەت» دەپ قەيت قىلىنغان. گاۋلياڭ فۇرېن — لۇشۈننىڭ ياپونىيىلىك دوستى.

(30) تۈزلەڭ — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، بۇ يەردە پۈتۈن جۇڭگو نەزەردە تۇتۇلىدۇ. مەزمۇت گىياھ: «كېيىنكى خەن يىلنامىسى. ۋاڭ با تەزكىرىسى» دىكى «ئىتتىك شامال مەزمۇت گىياھنى بىلىدۇ» دېگەن ئىبارىدىن كېلىپ چىققان.

(31) باتۇرلار — ياپتا گەپ بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى كاتتىۋاشلىرىنى بىلدۈرىدۇ؛ چاتاق كۆپ — شۇلارنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. مەززاق — ھىيلىگەر، مەككار، مۇناپىق مەنىسىدە بولۇپ، گومىنداڭنىڭ سىياسەتۋازلىرىنى بىلدۈرىدۇ. 1931 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، گومىنداڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ ئىككى گۇرۇھى جەڭ - جېدەل قىلىشىدۇ؛ 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋاڭ جىڭۋېي ئومۇمىي تېلېگراما يوللاپ، نىڭ نەنجىڭ بىلەن گۇاڭجۇدىكى ئىككى تەرەپنىڭ يارىشىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى قۇۋۋەتلىگەن؛ 15 - كۈنى، جياڭ جېيشى قورچاق مىللىي ھۆكۈمەت رەئىسلىكى ۋە باشقا قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىدىن ئىستېپا بەرگەن؛ 21 - كۈنى سۇڭ زىۋېن مالىيە ۋەزىرلىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن؛ 22 - كۈنى، جياڭ جېيشى تەختتىن چۈشۈپ، فېڭخۇاغا ئۈچۈپ كەتكەن. گومىنداڭنىڭ 4 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنى نەنجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن؛ ۋاڭ جىڭۋېي، خۇ خەنمىڭلار كېسەلمىز دەپ ئۇ يىغىنغا قاتناشمىغان.

(32) زاراتگاھ — نەنجىڭدىكى جۇڭشەن قەبرىستانلىقى، نەنجىڭدىكى ئەڭ ئالىي زاراتگاھلىق. شۇ چاغدا قورچاق مەمۇرىيەت پالاتاسىنىڭ باشلىقى سۇن كې جۇڭشەن زاراتگاھلىقىغا بېرىپ ھۆكرەپ يىغلاپ ناھايىتى سەتچىلىك قىلغانىدى.

(33) زاۋال ۋاقتىدا قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى. بۇ يەردە گومىنداڭچىلارنىڭ توختىماي تالاش - تارتىش قىلىپ، زاۋاللىققا - ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(34) بۇ شېئىر 1932- يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يېزىلغان.





«لۇشۈن: كۈندىلىك خاتىرىلەر» نىڭ شۇ كۈندىكى خاتىرىسىدە: «چۈشتىن كېيىن ليۇ يازى ئۈچۈن بىر ۋەرەقە يازدىم: چۈشسە قىسمەت سايىسى، قىلاي قانداق مۇددىئا···» دەپ قەيت قىلىنغان. ليۇ يازى (1887—1958) — جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇجياڭ ناھىيىسىدىن، يېقىنقى زامان شائىرى، جەنۇب تەھرىراتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ۋەتەنپەرۋەر دېموكرات. كېيىن بۇ شېئىر «توپلام سىرتىدىكى توپلام» غا كىرگۈزۈلگەن.

(35) بۇ شېئىر 1933 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يېزىلغان. «لۇشۈن: كۈندىلىك خاتىرىلەر» نىڭ شۇ كۈندىكى خاتىرىسىدە قەيت قىلىنىشىچە: «چۈشتىن كېيىن پىڭجىڭ ئەپەندىمنىڭ دوستى تۇڭكۇ لياڭپىڭ جانابلىرى ئۈچۈن بىر قىتئە يازدىم: مەردانىلىك باردۇر تېخى شۇ پېتىچە گويا مەندە، ···» بۇنىڭدىن باشقا «لۇشۈن شېئىرلىرىنىڭ كوپىيىلىرى» گە ئاساسلانغاندا، ئەسلىي ماۋزۇسى «جىڭ سۇڭرېن ئاغىنىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، توخۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يېزىلغان» دەپ يېزىلغان. كېيىن بۇ شېئىر «توپلام سىرتىدىكى توپلام» غا كىرگۈزۈلگەن.

ياڭ چۈەن — لۇشۈننىڭ دوستى، لۇشۈن بىلەن بىللە شاڭخەي خەلق ھوقۇقىنى قوغداش ئىتتىپاقىنىڭ ئىجرائىيە ئەزاسى بولغان. ياڭ چۈەن گومىنداڭ ئەزاسى بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغانىدى، 1933 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گومىنداڭنىڭ فاشىست- ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى — «كۆك كىيىملىكلەر جەمئىيىتى» تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن. «لۇشۈن: كۈندىلىك خاتىرىلەر» نىڭ 6 - ئاي 20 - كۈندىكى خاتىرىسىدە: «يامغۇر··· چۈشتە جىشى كەلدى. چۈشتىن كېيىن بەينەلمىلەل دەپنە مۇراسىمخانىسىغا بىللە بېرىپ ياڭ چۈەننى تاۋۇتقا سالدۇق» دەپ يېزىلغان. شۇ چاغلاردا لۇشۈنمۇ قارا ئىسىملىككە كىرگۈزۈلۈپتۇ، دېگەن گەپ كەڭ تارقالغان، شۇڭا دوستى شۈي شۇشاڭ (جىشى) ئۇنى بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىشقا، ياڭ چۈەننىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشماسلىققا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن لۇشۈن ھېچ ئىككىلەنمەي مۇراسىمخانىغا بارغان. مەردلىك — جان پىدالىق قەتئىي نىيىتىنى بىلدۈرۈپ، ھەتتا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنىمۇ ئالماستىن بارغان، تاۋۇتنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن كېلىپ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان مەزكۇر شېئىرنى يازغان.

(36) بۇ — قەھر - غەزەپ ئىزھار قىلىنغان مىسرا. گۈل ئېچىلسۇن مەيلى سولسۇن — زاماندىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ خىلمۇخىل بولغانلىقىنىڭ تەمسىلى.

(37) بۇ مىسرادا ياڭ چۈەننىڭ تاۋۇتىنى ئۇزاتقاندا لۇشۈننىڭ سەل كەبى ياغقان يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، ئىنتايىن قايغۇرغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

(38) مەرد يىگىت — ياك چۈەن.

(39) بۇ شېئىر 1934 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يېزىلغان. «لۇشۈن: كۈندىلىك خاتىرىلەر» نىڭ شۇ كۈندىكى خاتىرىسىدە قەيت قىلىنىشىچە: «چۈشتىن كېيىن شىنجۇيىگې جانابلىرى ئۈچۈن بىر ۋەرەقە يازدىم: جۇدەڭ ئاۋام غايىبدۇر كامپا ـ تەركان ئىچىدە،...». شىنجۇيىگې — ياپونىيىلىك جەمئىيەت ئەنزارچىسى. كېيىن بۇ شېئىر «توپلام سىرتىدىكى توپلام» غا كىرگۈزۈلگەن.

(40) جۇدەڭ ئاۋام — ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا چىرايلىرى قارىداپ، ئورۇقلاپ كەتكەن ئامما. غايىبدۇر كامپا ـ تەركان ئىچىدە — چۆل ـ باياۋاندا ئۆسىدىغان ئەمەن — چاتقاللىق ئىچىدە باش كۆتۈرەلمەي كۆمۈلۈپ قالغان.

(41) سان ـ ساناقسىز ئاھالە ياپون باسقۇنچىلىرى ۋە جياڭ جيېشى باندىتلىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ كاساپىتىدىن خانىۋەيران بولۇپ چۆل ـ دالا گىياھلىرى ئىچىدە كۆمۈلۈپ ياتقان، خەلق ئىنتايىن جاپا تارتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى ئىزھار قىلىش ھوقۇقلىرىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنغان، غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىچىگە يۇتۇشقىلا مەجبۇر بولغان.

(42) سەلسەلە — تۇتاش، ئۇزۇلمەي؛ ئىستىقبالنى كۆزلىگەن نىيەت ـ ئۈمىد داۋاملىق پەرۋاز قىلىدۇ. خەلقنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىكەنلىكى ئىزھار قىلىنىدۇ.

(43) ئۈنسىز ماكان — ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق شارائىتىدا كۆرۈنۈشتىكى سۈكۈت ـ جىمجىتلىق دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ گۈلدۈر ـ چېقىن نەرە تارتۇر — خەلقنىڭ جەڭگىۋار نەرە ـ سادالىرى، ئىنقىلابنىڭ گۈرۈلدىگەن بورانلىرى دېگەنلىكتۇر.

(44) بۇ شېئىر 1935 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يېزىلغان. «لۇشۈن: «كۈندىلىك خاتىرىلەر» نىڭ شۇ كۈنكى خاتىرىسىدە قەيت قىلىنىشچە: چۈشتىن كېيىن ... جىشىنغا ئاتاپ بىر ۋەرەقە يازدىم: قىلسا ھەيران خازان پەسلى قەدەم تەشرىپ شول دىيارە ...» جىشى — لۇشۈننىڭ دوستى شۈي شۇشاڭ. توڭگۇز يىلى كەچ كۈز — 1935 ـ يىلى (مۇچەل يىل ھېسابى بويىچە توڭگۇز يىلى) كۈزنىڭ ئاخىرى. كېيىن بۇ شېئىر «توپلام سىرتىدىكى توپلام» غا كىرگۈزۈلگەن.

(45) 1 ـ ۋە 2 ـ مىسرالارنىڭ مەنىسى شۇكى، ۋەتىنىم ماماتلىق پەيتىدە تۇرغانلىقىدىن ھەيران ـ ھەس بولۇۋاتسام، ئىللىق باھار سۆيۈنچىسىنى تەسۋىرلەشكە قانداقمۇ پېتىنىمەن! بۇ لۇشۈننىڭ زەردە بىلەن قىلغان سۆزى. دىيارە — جاي، رايون، بۇ يەردە ۋەتەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(46) بىسيارە — كۆپ، تولا، كۈز شامىلى چالغان نەغمەم ـ كۈز





شامىلىدا دەل ـ دەرەخلەردىن چىققان سادالاردۇر.

(47) بۇ ئىككى مىسرانىڭ مەنىسى شۇكى، ئەگەر يامان كۈنلەر داۋام قىلىۋەرسە، ياشانغان قېرى ـ چۆرىلەرتۇرۇشقىمۇ ماكان تاپالمايدۇ، — بۇ ئەمەلىيەتتە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ شۇ چاغدىكى پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرى ئىدى. ئاپتور بۇ مەنزىرىنى ئويلاپ چۈشىدە ئېگىز ئاسماندىكى بۇلۇتتىن يىقىلىپ چۈشكەندەك بولۇپ، غەم ـ غۇسسە بىلەن ئەنسىرەپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتكەنلىكىنى ئىزھار قىلغان.

(48) چولپانمۇ ئېغىپ قاپتۇ ـ تاڭ يوراي دەپتۇ. بۇ ئىككى مىسرانىڭ مەنىسى شۇكى، ئەتراپى زۇلمەتلىك، تىمتاس؛ خورازلارنىڭ چىللاشلىرى ئاڭلانمايۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن چولپان يۇلتۇز ئېقىپ تاڭ ئاتاي دېدى.

# شىكىيەردىن مەكتۇبلار[1]

# 250311* شۇي گۇاڭپىڭغا[2]

گۇاڭپىڭ ئاغا:

بۈگۈن خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئوتتۇرىغا قويغان بەزى مەسىلىلىرىڭىزگە جاۋاب بېرەلمىسەم كېرەك، شۇنداق بولسىمۇ يېزىپ كۆرەي:

ئوقۇغۇچىلار دولقۇنىنىڭ قانداق بولۇشى، مېنىڭچە، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تاغ - ئورمان ئىچىدە بولسا، ئەگەر خادىملار ياخشىلا بولسا، ئەھۋال شەھەردىكىدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئەگەر سىياسىي ئەھۋال زۇلمەتلىك بولسا، ياخشى ئادەملەرمۇ خادىملىقنى قىلالماي قالىدۇ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە قۇلاقنى يادىتىدىغان بەزى خەۋەرلەرنى ئاز ئاڭلايدۇ؛ بىراق مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ جەمئىيەتكە قەدەم قويغىنىدا، يەنىلا دەرد تارتىدۇ، چۈشكۈنلىشىدۇ، گەپ پەقەت بىر ئاز ئىلگىرى - كېيىنلىكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە، مەكتەپنىڭ شەھەردە بولغىنى ياخشى، چۈشكۈنلىشىدىغانلار تېزرەك چۈشكۈنلەشسۇن، دەرد تارتىدىغانلار تېزرەك دەرد تارتسۇن؛ ئۇنداق بولمىسا، تىنچراق يەردىن ئاۋات شەھەرگە ئۇشتۇمتۇت كەلگەن چاغدىمۇ كۈتۈلمىگەن هالدا ھەيران بولۇپ دەرد تارتىشقا توغرا

* بۇ رەقەملەر شۇ خەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتى. مەسىلەن، 1925 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يېزىلغان بولسا، 250311 دەپ، 1936 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يېزىلغان بولسا، 361015 دەپ نومۇر قويۇلغان. ئاياغدا ھەم شۇنداق — ت.

كېلىدۇ، بۇنداق دەرد - ئەلەمنىڭ سالمىقى ئەسلىي شەھەردە تۇرۇپ تارتقان دەردلەر بىلەن ھەر ھالدا ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ.

مەكتەپنىڭ ئەھۋالىمۇ ئىلگىرىدىن شۇنداق بولۇپ كەلمەكتە. لېكىن، بۇنىڭدىن 10 — 20 يىل ئىلگىرى بىرئاز ياخشىدەك كۆرۈنۈشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ چاغلاردا مەكتەپنى باشقۇرۇش سالاھىيىتى يېتەرلىك ئادەملەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن رىقابەتمۇ قاتتىق ئەمەس ئىدى. ھازىر بولسا كۆپىيىپ كەتتى، رىقابەتمۇ كۈچىيىپ قالدى، شۇڭا يامان خۇلق - مىجەزلەرمۇ مانا مەن دەپ ئاشكارىلاندى. مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇسەپپا بولۇۋالغانلىقى پەردازدىنلا ئىبارەت، ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ باشقا ساھەدىكىلەرگە ئوخشاش؛ ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ، ئالىي مەكتەپتە بىرنەچچە يىل ئوقۇسىمۇ، تەربىيە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ئانچە كار قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھىت شۇنداق، خۇددى ئادەمنىڭ تېنىدىكى قان بۇزۇلسا، تەننىڭ بىرەر قىسمى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ساقلىقىنى يېگانە ساقلىيالمىغانغا ئوخشاش، مائارىپ ساھەسىدىكىلەرمۇ مۇشۇنداق خەلق ئىچىدە ئالاھىدە مۇسەپپا بولالمايدۇ.

دېمەك، مەكتەپنىڭ قولىدىن ئانچە ئىش كەلمەيۋاتقانلىقىغا ئەمەلىيەتتە خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلنىڭ مەپتۇن قىلىش كۈچى ناھايىتى چوڭ؛ جۇڭگو بولسا پۇل بىلەن ئازدۇرۇش ھۇنىرىگە ئەزەلدىن ناھايىتى باشى بىر جاي، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى ھادىسىلەر تەبىئىي يوسۇندا كېلىپ چىققان. ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىكەن. بۇنداق ھادىسىلەردىن خالىي بولغانلىرىمۇ بار، بۇنىڭغا ئېھتىمال ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياشتا تولىمۇ كىچىك بولۇپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا ئۇچراپ باقمىغانلىقى ياكى خەج - خىراجەتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلمىغانلىقى سەۋەب بولسا كېرەك. قىزلار مەكتەپلىرىگە تەسىر قىلغان-





لىقى يېقىنقى ئەھۋال بولسا كېرەك، بۇنىڭغا خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغانلىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى ئىككى: بىرى، كۈرەش بىلەن قولغا كەلتۈرۈش، يەنە بىرى، ھىيلە بىلەن قولغا كەلتۈرۈش. بىرىنچى ئۇسۇلنى قوللانغاندا ناھايىتى كۈچ كېتىدۇ، شۇڭا كېيىنكى ئۇسۇلغا يېتىپ قېلىشقان، يەنى سەل - پەل ئويغانغاندىن كېيىن، يەنە غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆكۈپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋال ئاياللار بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. ئەركەكلەرنىڭمۇ تولىسى شۇنداق، پەرقى شۇكى، ئەركەكلەر ھىيلە بىلەن قولغا كەلتۈرۈشتىن باشقا، ئۆكتەملىكمۇ قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە مەن نەدىمۇ «پەرىشتە» بولۇپ كېتەي. تاماكا بىھوش دورىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، تاماكا تۈتۈنى ئىچىدىن جەننەتنى كۆرگىنىممۇ يوق. ئەگەر ھەقىقەتەن ياشلارغا يول كۆرسەتكۈدەك ماھارىتىم بولغان بولسا — مەيلى خاتا ياكى توغرا يول كۆرسىتەي — ھەرگىز ئۇنى يوشۇرۇپ يۈرمەس ئىدىم. ئەپسۇسكى، ھەتتا ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ بىرەر قىبلىنەمام يوق، شۇڭا ھازىرمۇ توسۇن ئاتتەك چېپىپ يۈرۈۋاتىمەن. ئەگەر شۇ چاپقىنىمچە چوڭقۇر ھاڭغا كىرىپ قالسام، ئۆزۈمگە ئۆزۈم جاۋابكار بولىمەن، باشقىلارنىمۇ باشلاپ بارسام قانداق قاملىشىدۇ؟ مېنىڭ مۇنبەرگە چىقىپ قۇرۇق گەپ سېتىشتىن ئۆزۈمنى تارتىشىمنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. يادىمدا تۇرۇپتۇ، موللامغا تىل تەگكۈزۈلگەن قايسىبىر ھېكايىدە يېزىلىشىچە، بىر سەھرالىق ئايال بىر موللامغا ئۆزىنىڭ دەرد - ھالىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىگەنىكەن، موللام ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: «سەۋر قىلىڭ، تەڭرى سىزنى ھاياتلىقىڭىزدا كۆلپەتكە قالدۇرغانىكەن، ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم راھەت ئاتا قىلىدۇ»[3] دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەمەلد-

يەتتە قەدىمكى ۋە هازىرقى ئەۋلىيا ـ دانىشمەنلەر، ئالىم ۋە هۆكۈمالارنىڭ ئېيتقانلىرى ئەنە شۇنىڭدەك ئېسىل ئەمەس. ئۇلارنىڭ «كەلگۈسى» دېگەنلىرى موللامنىڭ «ئۆلگەندىن كېيىن» دېگىنى ئەمەسمۇ؟! مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم پۈتۈنلەي ئەنە شۇنداق. مەن ئۇلارغا ئىشەنمەيمەن، لېكىن تېخىمۇ ياخشىراق شەرھلەپمۇ بېرەلمەيمەن. جاڭ شىشېڭ[4] ئەپەندىنىڭ جاۋابى ناهايىتى مۇجمەل، ئاڭلىشىمچە، ئۇ بىر كىتابپۇرۇشلۇق دۇكىنىدا شىركەتچىلىك قىلىۋېتىپتۇ، ئۇ دائىم زار قاقشايدىكەن.

مېنىڭچە، دەرد ـ ئەلەم هەرقاچان هاياتلىق بىلەن ئالاقىدار بولىدۇ، لېكىن بەزىدە، يەنى ئادەم قاتتىق ئۇخلاپ قالغان چاغلاردا ئۇ دەرد ـ ئەلەم كېتىپمۇ قالىدۇ. ئويغاق تۇرغان چاغدا دەرد ـ ئەلەمدىن بىرئاز خالىي بولۇش ئۈچۈن، جۇڭگولۇقلار قوللىنىدىغان كونا ئۇسۇل — «تەكەببۇر» بولۇۋېلىش ۋە «بىپەرۋا» بولۇۋېلىش. مېنىڭچە، مەندە شۇنداق ئەيىب بار، بۇ ياخشى ئەمەس. ئاچچىق چايغا شېكەر ئارىلاشتۇرسىڭىز، چاينىڭ ئاچچىقلىق دەرىجىسى ئىلگىرىكىدەكلا تۇرۇۋېرىدۇ. پەقەت شېكەر سالمىغاندىن ئوبدانراق بولىدۇ، لېكىن ئۇنداق شېكەرنى تېپىش تەس، ئۇنىڭ قەيەردە بار ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سوئالنى جاۋابسىز قالدۇرۇشقا مەجبۇرمەن.

يۇقىرىدا ئېيتقان سۆزلىرىم يەنىلا جاڭ شىشېڭنىڭ سۆزى بىلەن ئوخشاش، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ قانداق جاهاندارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمنى سۆزلەپ بېرەي، پايدىلىنارسىز.

(1) «ئىنساني هاياتلىق»نىڭ ئۇرۇن مۇساپىسىگە قەدەم قويغاندا، كىشى مۇنداق ئىككى چوڭ پىلسىراتقا ناهايىتى ئاسان دۇچ كېلىپ قالىدۇ: بىرى «ئاچا يول». رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، موزى[5] ئەپەندى قاتتىق يىغلاپ ئارقىسىغا يېنىپ كەتكەنىكەن. لېكىن، مەن هەم يىغلىمايمەن، هەم ئارقامغا قايتمايمەن، ئاۋۋال





شۇ ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىدا ئولتۇرۇپ بىرئاز هاردۇق چىقىرىمەن ياكى بىر پەس ئۇخلايمەن، ئاندىن كېيىن شۇ ئاچا يولنىڭ ماڭغىلى بولغۇدەك بىرىنى تاللاپ كېتىۋېرىمەن، ئەگەر ياۋاش ئادەم ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭ نان ـ پانلىرىنى تارتىۋېلىپ قورسىقىمنى تويغۇزۇشۇم مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدىن يول سورىمايمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرەلمەسلىكى تۇرغان گەپ. ئەگەر يولۋاس ئۇچراپ قالسا دەرەخكە چىقىۋالىمەن. ئۇ قورسىقى ئېچىپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن چۈشىمەن، ئەگەر كەتمىسە، ئۆزۈم دەرەخ ئۈستىدە ئېچىرقاپ ئۆلۈپ كېتىۋېرىمەن. ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆزۈمنى بەلۋېغىم بىلەن دەرەخكە تېڭىپ قويىمەن، ئۆلۈكۈمنىمۇ ئۇنىڭغا يەم قىلىپ بەرمەيمەن. دەرەخ بولمىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئامال يوق، ئۇنىڭغا يەم بولماي مۇمكىن ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى چىشلىۋالماي قويمايمەن. يەنە بىرى «بارسا كەلمەس يول». رۇەن جى[6] ئەپەندىمۇ هۆكرەپ يىغلاپ ئارقىسىغا يانغانىكەن. لېكىن، مەن خۇددى ئاچا يولدا قوللانغان ئوخشاش چارىنى قوللىنىپ كېتىۋېرىمەن، تىكەن ئىچىدىمۇ مېڭىۋېرىمەن. لېكىن، پۈتۈنلەي تىكەن ـ يانتاق بېسىپ كەتكەن، ماڭغىلى بولمايدىغان يەرگە دۇچ كېلىپ باقمىدىم، دۇنيادا بارسا كەلمەس يول يوقمىكىن ياكى بەختىم ئوڭ كېلىپ قېلىپ، ئۇنداق يولغا دۇچ كەلمىدىممىكىنتاڭ.

(2) جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان كۈرەشلەردە مەن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چۈشمىدىم، مېنىڭ باشقىلارغا قۇربان بېرىڭلار ۋەهاكازا دەپ مەسلىھەت بەرمەسلىكىمنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ يەردە. ياۋروپا ئۇرۇشىدا[7] «ئاكوپ جېڭى»غا ناهايىتى ئەهمىيەت بېرىلگەن. جەڭچىلەر ئاكوپلاردا يېتىپ تۇرۇپ، گاهىدا تاماكىسىنى چېكىۋېرەتتى، ناخشىسىنى ئوقۇۋېرەتتى، قارتىسىنى ئويناۋېرەتتى، هارىقىنىمۇ ئىچىۋېرەتتى، ئاكوپتا تەسۋىرىي سەنئەت كۆرگەزمىسىمۇ ئاچاتتى، لېكىن، گاهىدا دۈشمەن تەرەپكە بىرنەچچە پاي

ئوق ئېتىپمۇ قوياتتى. جۇڭگودا يوشۇرۇن ئوق كۆپ، كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا سەكرەپ چۈشكەن باتۇر ئاسانلا جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھېلىقىدەك جەڭ قىلىش ئۇسۇلى زۆرۈر بولسا كېرەك. لېكىن، بىۋاستە تۇتۇشۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ، ئۇنداق ۋاقىتتا ئىلاج يوق، بىۋاستە ئېلىشىش، تۇتۇشۇش كېرەك.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتسام، مەن دەرد ـ ئەلەمگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىمەنكى، ئۆزۈمگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن دەرد ـ ئەلەمنىڭ چىشىغا تېگىپ، غەلىبە ئورنىدا ئۇنىڭغا قارشى ئۆكتەملىك قىلىمەن، زورمۇ زور زەپەر ياڭرىتىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز كۆڭلۈمنى خۇش قىلىمەن، شېكەر ئەنە شۇ بولسا كېرەك. لېكىن، ئاخىر، «ئىلاجسىز» بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا ئامال يوق!

يۇقىرىدا ئۆز چارەمنى ئېيتىپ بولدۇم، مېنىڭ چارەم پەقەت ئەنە شۇلاردىنلا ئىبارەت، بۇ خۇددى ئويۇن ـ چاقچاقتەك تۇرىدۇ، ھەر قەدەمدە ئىنسانىي ھاياتنىڭ توغرا يولىدا ماڭمىغاندەك تۇرىدۇ (ئىنسانىي ھاياتنىڭ توغرا يولىمۇ باردۇر، لېكىن مەن ئۇنى بىلمەيمەن). مېنىڭ يازغانلىرىم سىزگە نەپ يەتكۈزەلمەس، شۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغانلىرى پەقەت ئەنە شۇ.

لۇشۈن

1925 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى





# 250318 شۈي گۋاڭپىڭغا

گۋاڭپىڭ ئاغا:

بۇ نۆۋەت ئاۋۋال «ئاغا» دېگەن سۆزنى يېشىپ ئۆتەي. بۇنى ئۆزۈم بەلگىلىۋالغان. بۇ چاغقىچە ئىشلىتىپ كەلگەنلىرىمدىن مىسال كەلتۈرسەم: ئىلگىرى ياكى يېقىندىن بۇيان تونۇشقان دوستلىرىمغا، ھازىرمۇ باردى ـ كەلدى قىلىۋاتقان كونا ساۋاقداشلىرىمغا، دەرسىمنى بىۋاستە ئاڭلىغان كونا ئوقۇغۇچىلىرىمغا خەت يازسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ئاغا» دەپ ئاتاپ يازىمەن. بۇلاردىن باشقا، ئەگەر ئىلگىرىكى چاغلاردا مەن ئۈچۈن پېشقەدەم بولغان ياكى ياتراق بولغان، بىرئاز سۈلكەت قىلىش توغرا كەلگەن ئادەم بولسا، ئۇلارنى ئەپەندى، تەقسىر، تەتەي، بايۋەچچە، خانىم، ھەزرەت... دەپ ئاتايمەن. قىسقىسى، مېنىڭ «ئاغا» دەپ ئاتىشىمنىڭ مەنىسى شۇكى، بۇنداق ئاتىشىم ئىسمىنى بىۋاستە ئاتىغىنىمدىن بىرئاز ياخشىراق؛ ئۇنىڭدا شۈي شۇجۇڭ[8] ئەپەندىنىڭ ئاتىغىنىدەك راستتىنلا «ئاكا» دېگەن مەنە يوق. بىراق، بۇ سەۋەبلەرنى پەقەت ئۆزۈملا چۈشىنىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ بۇ سۆزنى كۆرۈش بىلەنلا چۆچۈپ كەتكەنلىكىڭىز ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ھازىر ئىزاھلاپ ئۆتتۈم، ئەمدى ئەجەبلەنمەسسىز.

ھازىرقى مائارىپ دېگەن نەرسە، مەيلى دۇنيادىكى قايسىبىر دۆلەتتە بولسۇن، مۇھىتقا ئۇيغۇنلىشالايدىغان بىرمۇنچە ماشىنىنى تەييارلاش ئۇسۇلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەربىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزىگە يارىشا راۋاجلاندۇرىدىغان ۋاقىت ھازىر تېخى يېتىپ كەلمىدى، كەلگۈسىدە شۇنداق ۋاقىت بولارمىكىنتاڭ. كەل-

گۇسىدىكى ئالتۇن دەۋردىمۇ ئىسيانچىلار ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم
قىلىنسا، يەنە ھەممە ئادەم ئۇنى ئالتۇن دەۋردە بولىدىغان ئىش،
دەپ قارارمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن، بۇ كېسەلنىڭ چوڭ يىلتى-
زى ھەربىر ئادەمنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىدە، ھەربىر ئادەمنىڭ،
خۇددى مەتبەئەدە بېسىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ
چىققاندەك، ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئېقىمنى
ئۈزۈل - كېسىل تارمار كەلتۈرىمەن دەيدىغان ئادەم، خۇددى
«ئىشچى سىۋرىئوف» [9] دېگەن ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن سىۋىرى-
ئوفقا ئوخشاش، ئاسانلا «شەخسىي ھۆكۈمەتسىز» گە ئايلىنىپ قا-
لىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ تەقدىرى شۇكى، ئۇلار ھازىر —
ئېھتىمال كەلگۈسىدىمۇ — ئامىمغا شاپائەت قىلىمەن دەيدۇ، لې-
كىن ئەكسىچە ئاممىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ، ئاخىر بېرىپ
تېرىغان تىكەندەك يالغۇز قالىدۇ، دەردكە چىدىماي ھەممە ئادەمنى
دۈشمەن كۆرىدۇ - دە، ھەممە ئادەمگە ئوق ئاتىدۇ، ئۆزىمۇ ھالاك
بولىدۇ.

جەمئىيەتتە ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ؛
مەكتەپتە شىرازى باغلانغان كىتابلارنى [10] قولدىن چۇشۇرمەيدىغان
ۋە دىپلوم ئېلىش ئارزۇسىدىلا يۈرگەن ئادەملەر، تېگى - تەكتىدىن
ئالغاندا، «پايدا - زىيان» دېگەن سۆزدىن خالىي بولمىسىمۇ،
لېكىن ھەرھالدا ئۇلارنىڭ كۆڭلى ياخشى. جۇڭگو تولىمۇ كونىراپ
كەتكەن بولسا كېرەك، جەمئىيەتتە مەيلى ھەرقانداق ئىش بول-
سۇن، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك ئىش بولسۇن، تولىمۇ رەزىللى-
شىپ كەتتى، جەمئىيەت گويا قارا بوياق كۆپى بولۇپ قالدى،
ئۇنىڭغا چۈشكەن ھەرقانداق يېڭى نەرسىمۇ قاپقارا بولۇپ چىقىدۇ.
لېكىن، ئىسلاھاتنىڭ يەنە باشقا چارىلىرىنى تاپماقتىن باشقا يولمۇ
يوق. مېنىڭچە، بارلىق غايە ئىگىلىرى بىر بولسا «ئۆتمۈش» تىن
رىشتىسىنى ئۈزەلمەيۋاتىدۇ، بىر بولسا «كەلگۈسى» گە ئۈمىد باغ-





لاۋاتىدۇ؛ لېكىن «ھازىر» دېگەن تېما توغرىسىدا ئىمتىھان قەغەز-
لىرىنى قۇرۇق تاپشۇرۇۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى شىد-
پا قىلىدىغان دورىنى تاپالمايۋاتىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئەڭ ياخشى
شىپالىق دورىسى «ئۈمىد كەلگۈسىدە» دېگەندىن ئىبارەت
بولۇۋاتىدۇ.

«كەلگۈسى» نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمىسى-
مۇ، ئۇ چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. گەپ شۇ يەردىكى، شۇ چاغدا ئۇ
ئۆز ۋاقتىنىڭ «ھازىر» ى بولۇپ قالىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن قايغۇ-
رۇشنىڭ ھاجىتى يوق، «ئۆز ۋاقتىنىڭ ھازىرى»، «ھازىرنىڭ
ھازىرى» دىن ياخشىراق بولسىلا بولدى، تەرەققىيات دېگەن ئەنە
شۇ.

بۇ قۇرۇق خىياللارنى چوقۇم قۇرۇق خىيال بولۇپ چىقىدۇ،
دەپ ئىسپاتلاپ بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى
خۇددى بەندىلەرنىڭ خۇداسىدەك، ئىنسانىي ھاياتنىڭ بىر خىل
تەسەللىسى، دەپ ھېسابلاشمۇ مۇمكىن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىز
مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى ئوقۇپ تۇرىدىغاندەك قىلىسىز، لېكىن مې-
نىڭ ئەسەرلىرىم تولىمۇ زۇلمەت بىلەن تولغان، چۈنكى مەن دائىم
پەقەت «زۇلمەت بىلەن يوقلۇق» لا «ئەمەلىي مەۋجۇت»، دەپ ھېس
قىلىپ، ئۇلارغا قارشى پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىمەن، شۇڭا
مېنىڭ ئەسەرلىرىمدە زەردىلىك سادا كۆپ. ئەمەلىيەتتە بۇلار يې-
شىم ۋە سەرگۈزەشتىلىرىم بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، مېنىڭ ھېس
قىلغىنىمدەك بولماسلىقىمۇ مۇمكىن، چۈنكى پەقەت زۇلمەت بىلەن
يوقلۇقنىڭلا ئەمەلىي مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەي-
مەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئويلايمەنكى، ياشلار ئىچى قايناپدىغان
بولۇشى، لېكىن ئۈمىدسىز بولماسلىقى، ئىسيان كۆتۈرۈشى، لې-
كىن ئۆزىنى قوغدىشى كېرەك؛ ئەگەر بېسىپ ئۆتمەي بولمايدىغان
پۇتلىكاشاڭ يانتاقلارغا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇنى بېسىپ ئۆتۈشى

كېرەك، بېسىپ ئۆتۈشنىڭ ھاجىتى بولمىسا، كەلسە ـ كەلمەس قەدەم تاشلاۋەرمەسلىك كېرەك. مېنىڭ «ئاكوپ جېڭى» نى تەشەببۇس قىلىشىمنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، جەڭدە تېخىمۇ كۆپ نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىرنەچچە جەڭچىنى كۆپرەك ئاسراپ قېلىشتىن باشقا ئەمەس.

زىلۇ ئەپەندى ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەن، بىراق ئۇ: «ئەھلى ئىلىم ئادەم ئۆلۈپ كېتىۋاتسىمۇ كۇلاسىنى يوقاتماسلىق كېرەك دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانىدىم» دەپ، «كۇلاسىنىڭ پۆپۈكىنى ئۇلاپ، ئاندىن ئۆلگەن» ئىكەن[11]. ئۇ بىرئاز گىرى ئىكەن. كۇلاسى چۇشۇپ كەتكەن بولسا نېمە بولاتتى؟! ئۇنىڭ كۇلاسىنى شۇنچە قەدىرلىشىگە قارىغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن جۇڭنى ئەپەندىنىڭ دامىغا چۇشۇپ كەتكەن. جۇڭنى ئەپەندىنىڭ ئۆزى «چېن بىلەن سەيدە مۇشكۇل ئەھۋالغا چۇشۇپ قالغان»[12] بولسىمۇ ئېچىرقاپ ئۆلمىگەنلىكى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ قالتىس كاززاپلىقى. زىلۇ ئەپەندى ئۇنىڭ قۇرۇق گەپلىرىگە ئىشەنمەي، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ جەڭ قىلىۋەرگەن بولسا، ئېھتىمال ھايات قالغان بولاتتى. لېكىن، ئۇنداق چاچلىرى چۇۋۇق ھالدا جەڭ قىلىش ئۇسۇلىمۇ مەن ئېيتقان «ئاكوپ جېڭى» جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، خېتىمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي.

لۇشۈن

1925 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى





# 250331 شۈي گۇاڭپىڭغا

گۇاڭپىڭ ئاغا:

جاۋاب خەت يېزىشقا مانا ئەمدى چولام تەگدى، شۇنىڭ ئۈچۈن جاۋاب يېزىۋاتىمەن.

ئۆتكەن نۆۋەت ئويۇن قويۇلغاندا، مېنىڭ بالدۇر قايتىپ كەتكەنلىكىم ئويۇننىڭ ياخشى ـ يامانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، مەن ئەزەلدىن ئادەم توپلانغان يەردە ئۇزاق ئولتۇرمايمەن. شۇ كۈنى تاماشىچىلار خېلى كۆپتەك كۆرۈندۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پۇل توپلاش مەقسىتىڭىزلەرگە بىرئاز يەتكەن بولسىڭىزلار كېرەك. جۇڭگودا ھېلىمۇ ياخشى تەنقىدچى، زوقمەن تاماشىچى يوق، ئۇلارغا شۇنداق ئويۇن قويۇپ بېرىلسە كۇپايە قىلىدۇ. ئەستايىدىللىق بىلەن ئېيتسام، شۇ كۈنكى تاماشىچىلار ئىچىدە ھېچ نەرسىنى ئۇقماي بىكار چاتاق سالىدىغانلار ئاز ئەمەس، ئۇلارنى پاشىلارنى قوغلايدىغان ئاچچىق بۇس بىلەن بۇلۇقتۇرۇپ چىقىرىۋېتىش كېرەك.

يېقىندىن بۇيان يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن مۇرەككەپ، ئۇ ۋەقەلەر مەكتەپلەر بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. مېنىڭ بىلىشىمچە، قىز ئوقۇغۇچىلار ھەر ھالدا ياخشى، ئۇلارنىڭ تاشقى جەمئىيەت بىلەن ئالاقىسى ئانچە كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى كىيىم ـ كېچەك، چاي ـ زىياپەت دېگەندەك مەسىلىلەرنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىگەن. باشقا يەرلەردە بولسا، غەلىتە ـ غەلىتە ئەھۋاللار ئايىغى ئۈزۈلمەي پەيدا بولماقتا، شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋەقە[13] ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ئەگەر تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ

كۆرىدىغان بولسىڭىز، جۇڭگونىڭ ئىستىقبالىدىن شۇنداق قاتتىق
قايغۇرىسىزكى، بۇ ھەقتە گەپ قىلماي قويۇڭ. ۋەقەنىڭ ئۆزى
چاغلىق ۋەقە بولسىمۇ، «ھازىرقى زامان ئەنزارى»[14] غا بېسىل-
غان «بىر مۇشتەرى قىز» نىڭ ماقالىسىدىكى گەپ - سۆزگە،
ئۇرانىدىن قارىغاندا، ئۇنى مېنىڭچە، ئەركەك ئادەم يازغاندەك
تۇرىدۇ، دېمەك، سىزنىڭ پەرىزىڭىز توغرا بولمىسا كېرەك. دۇن-
يادا شەيتانلىق تولىمۇ كۆپ.

مىنگونىڭ 1 - يىلىدىكى ئەھۋالنى ئېيتسام، ئۇ چاغ خېلى
كۆپ نۇرلۇق ئىدى، شۇ چاغدا مەن ئۆزۈممۇ نەنجىڭدىكى مائارىپ
ۋازارىتىدە ئىدىم، جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى خېلى ئۈمىدلىك بولى-
دۇ، تەبىئىيكى، ئۇ چاغدا بەتبەختلەر بولسىمۇ، لېكىن ھامان
مەغلۇپ بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. 2 - يىلىدىكى ئىككىنچى قې-
تىملىق ئىنقىلاب[15] مەغلۇپ بولىغاندىن كېيىن، ئەھۋال يا-
مانلىشا - يامانلىشا، ھازىرقى ئەھۋالغا كېلىپ قالدى، ھەقىقەتتە
بۇمۇ يېڭى يامانلىق ئەمەس، يېڭى سىرلىرى تۆكۈلۈپ بولغاندىن
كېيىن، كونا قىياپەتنىڭ يەنە ئېچىلىپ چىققانلىقى. ئۆيگە غالچا
خوجايىن بولسا، ئۇ ئۆي قانداقمۇ يېڭى قىياپەتكە كىرەلە-
سۇن؟! دەسلەپكى ئىنقىلاب مەنچىڭنى چەتكە قاقىدىغان ئىنقىلاب
بولغاچقا، ئاسان بولغانىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلاھات خەلق
ئۆزىدىكى يامان خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزى ئۆزگەرتىدىغان ئىسلاھات
بولغاچقا، خەلق ئۇنى خالىمىدى. دېمەك، بۇنىڭدىن كېيىنكى
ھەممىدىن مۇھىم ئىش خەلقنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىش.
ئۇنداق قىلمىغاندا، مەيلى ئىستىبدات بولسۇن، مەيلى جۇمھۇرىيەت
بولسۇن ياكى باشقا بىرنېمە بولسۇن، ۋىۋىسكىسى ئۆزگەرتىلىپ،
مېلى يەنە شۇ كونا مال بولۇپ تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، كارغا
كەلمەيدۇ.

لېكىن، شۇنداق ئىسلاھاتنى «نەدىن باشلاش كېرەك» كىن-





تاڭ. يالغۇز بۇلا ئەمەس، ھازىرقى ۋاقىتتا «سىياسىي قىياپەتنى
ئاز - پاز ياخشىلاشمۇ ناھايىتى تەس. ھازىر جۇڭگودا ئىككى خىل
«ئىزمچى» ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئەپتىدىن خېلى يېڭى كۆ-
رۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھىنى تەتقىق قىلىپ قارىسام، ئۇلار
يەنىلا كونا ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا
مايىل ئەمەس؛ شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئەقىل - ھوشىنى تې-
پىپ، ئۆزلۈكىدىن ئىسلاھ قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. مەسىلەن،
دۇنيا ئىزمچىلار (كوسموپولىتىزمچىلار) بىر يولداش بولۇپ تۇ-
رۇقلۇق، ئاۋۋال ئۆزلىرى بىر - بىرى بىلەن ياقا سىقىشىۋاتىدۇ؛
ھۆكۈمەتسىزمچىلارنىڭ گېزىتخانىسىنى پاسىبانلار ساقلاۋاتىدۇ، بۇ
زادى نېمە گەپكىنتاڭ. باسمىچىلارمۇ يارىماس بولۇپ قالدى. خې-
نەندىكى باسمىچىلار ئوت قويۇش، بۇلاشنىلا بىلىدۇ؛ شەرقىي ئۈچ
ئۆلكىدىكىلەر بولسا بارا - بارا ئەپيۇننى قوغداشقا بېرىلىپ كېتىۋا-
تىدۇ؛ قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «پۇل تاپارىزم» غا بېرىلىپ
كەتكەنلەر كۆپ، لياڭشەن بويىدىكىلەرنىڭ بايلارنى بۇلاپ، كەمبە-
غەللەرگە شاپائەت قىلغانلىقى ئاللىقاچان جەڭنامىلەردىكى ھېكايىگە
ئايلىنىپ قالدى. ھەربىي قوشۇنلارمۇ يارىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە
يەكلەش - چەتكە قېقىش ھاۋاسى ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن،
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باتۇرلار، شەخسىيەتسىزلەر يېتىم بولۇپ قالى-
دۇ، بۇ ھالەتتىن دۈشمەنلەر پايدىلانسا، سەپداشلار نىجات قولىنى
سۇنمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاخىر شېھىت بولۇپ كېتىدۇ. مۇغەم-
بەر، ئاق ئۇستىلار، بىرەر يۇرتنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدىلا
يۈرىدىغانلار بولسا ناھايىتى خۇشال. ھەربىي قوشۇندا بىرنەچچە
ئوقۇغۇچىم بار، ئۇلار ئۆزلىشىپ كەتمىسە، ھەرگىزمۇ كۈچ -
قۇۋۋەت تاپالمىسا كېرەك؛ ئۆزلىشىپ كەتسە، تاپقان
كۈچ - قۇدرىتىنىڭ كەلگۈسىدە نېمە پايدىسى بولسۇن؟! ئۇلارنىڭ
بىرى خۇيجۇغا ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى، ھازىر ئاڭلىشىمچە غەلىبە

قىپتۇ، لېكىن تېخىچە خەت - خەۋىرى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئەسلىسەم ئازابلىنىمەن.

قولۇمدىن ياكى مۇشت ئېتىش، ياكى پالۋانلىق قىلىش كەلمەيدۇ، ئامالىم قانچە. قولۇمدىن پەقەت قەلەم ئىشلا، مانا مۇشۇ خەتكە ئوخشاش تۇتۇرۇقسىز بىر نەرسىلەرنى يېزىشلا كېلىدۇ، خالاس. شۇنداق بولسىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن كونا ئاتالمىش مەدەنىيەتكە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تەۋرەتكۈم بار، شۇنىڭدا كەلگۈسىدىن ھەر ھالدا ئاز - پاز ئۈمىد كۈتكىلى بولار، دەيمەن. دىققەت بىلەن كۆز سېلىپ قارىسام، پىكىردە ماڭا پۈتۈنلەي ئوخشاش بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، كۈرەش قىلىشقا ئىنتىلىدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن، لېكىن بۇنداق ئادەملەر بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۇچرىمايتتى. مەن «بۇزۇپ تاشلاشقا ھازىر تۇرغان ئادەملەر ھازىرمۇ باردەك تۇرىدۇ» دېگىنىمدە، ئەنە شۇنداق ئادەملەرنى كۆزدە تۇتماقتىمەن. بىرلىك سەپ قۇرۇش كەلگۈسىدىكى ئىش.

مېنىڭ بىرەر ئىش قىلىشىمنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس، بىراق مېنىڭ ئۇنداق ئىشلارغا يارىمايدىغانلىقىم ئۆزۈمگە مەلۇم. رەھبەرلىك قىلىدىغان ئادەم بىرىنچىدىن، جەسۇر - باتۇر بولۇشى كېرەك. مەن بولسام بىرەر ئىشنى تولىمۇ تۇجۇپىلەپ كېتىمەن، تولىمۇ تۇجۇپىلەيدىغان ئادەم گۇمانخور، قورقۇنچاق بولىدۇ، باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، قۇربان بېرىشتىن باش تارتماسلىقى كېرەك. مەن بولسام باشقىلارنى قۇربان قىلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن (بۇمۇ ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەسىرىنىڭ نەتىجىسى)، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر چوڭراق ۋەزىيەتنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالمايمەن. دېمەك، نەتىجە قۇرۇق گەپ بىلەن قاقشاپ - زارلىنىپ، كىتاب - ژۇرنال چىقىرىشتىن باشقا ئەمەس. ئەگەر سىزنىڭمۇ قاقشىغۇڭىز، زارلان-





غۇڭىز بولسا، مەرھەمەت، بىزگە ياردەملىشىڭ. ئەگەر «ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا پوش - پوش دەپ ماڭىدىغان پېشكا» بولىمەن دەيدىغان بولسىڭىز، مەن «ئاتلىقلار»دىن بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسمەن، چۈنكى ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئېتىم يوق؛ رىكشىدا ئولتۇرۇشمۇ خېلىلا ھاللىق بولۇپ قالغاندا مۇمكىن بولىدىغان ئىش.

گېزىتكە ماقالە ئەۋەتىش تەلەي سىنايدىغان ئىش، بىرىنچىدىن، مۇھەررىر ئەپەندىلەرنىڭ ھەرھالدا پەمسىزلىرىمۇ بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ماقالىلەر كۆپ بولسا، مۇھەررىرلەرنىڭ كۆزلىرى ئالىپاساق بولماي قالمايدۇ. يېقىندىن بۇيان ماقالە كۆرۈۋاتىمەن، بوش ۋاقىت چىقىرىش بۇياقتا تۇرسۇن، چارچاپ قالدىم؛ بۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە تونۇش ئادەمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلارنىڭ ماقالىسىنى كۆرۈپ بەرمەسلىك خىيالىغا كېلىۋاتىمەن. سىز يازغان ماقالىلىرىڭىزگە پالانى «قىز» دەپ يازمىغان بولسىڭىزمۇ، مەن يازغان خەتلىرىمدە سىزنى «ئاغا» دەپ ئاتىغان بولسامۇ، لېكىن ماقالىلىرىڭىزدىن ئاياللىق ئالامىتى ھەر ھالدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەن تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ كۆرمىگەن بولسامۇ، لېكىن ئومۇمەن قارىغاندا، «قىز»لارنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى «ئەركەك»لەرنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قەغەزگە يېزىلغانلىرىدىن بىر قاراش بىلەنلا پەرقلىۋالغىلى بولىدۇ.

بېيجىڭدا مەتبۇئات ھازىر ئىلگىرىكىدىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ياخشىلىرى ئاز. «جەسۇرانە ئالغا»[16] خېلى جەسۇر ئىكەن، لېكىن رېئال سىياسىي ۋەزىيەتتىن گەپ ئۇرىدىغان ماقالىلىرى تولىمۇ ئاز. «ھازىرقى زامان ئەنزارى»نىڭ ئاپتورلىرى ئىچىدە مەشھۇر ئادەملەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى خۇنۇك كۆرۈنىدۇ؛ «تىل رىشتىسى»[17] ئىسيان كۆتۈرۈش روھىنى ئىپادىلەشكە ئىنتىلسىمۇ، لېكىن چىرايىدىن ھەمىشە بىر خىل ھارغىنلىق

چىقىپ تۇرىدۇ، ئېھتىمال جۇڭگونىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تولىمۇ ئېنىق كۆرگەچكە، بىرئاز ئۈمىدسىزلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەھۋالنى تولىمۇ ئېنىق بىلگەن ئادەم ئىشتا باتۇرلۇق قىلالمىسا كېرەك. جۇاڭزىنىڭ «سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى بېلىقنى كۆرەلىگەن ئادەمدىن كىشىلەر ھەزەر ئەيلەيدۇ[18]» دېگەن سۆزى ئۇنداق ئادەمدىن ھەممە ئادەم ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشىگىمۇ پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەن ھازىرمۇ ئىسيانكارلارنى كۆپەيتىش ئۈچۈن جانلىق كۈچلەرنى ئىزدەۋاتىمەن.

لۇشۈن

1925 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى





# شۈي گۇاڭپىڭغا 250408

گۇاڭپىڭ ئاغا:

مەن ئىلگىرى بەش ئادەم ئىمزا قويغان مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەكتەپتە يەنە بىرئاز ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم[19]، لېكىن شۇ ئەپەندىنىڭ خېتابنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغىنىم يوق، پەقەت ئوقۇغۇچىلاردىن كەلگەن خەتلەردىنلا بىرئاز بايقىدىم. مېنىڭ ئادىتىم ئانچە ياخشى ئەمەس، يۈزەكى ئەھۋاللارغا ئىشىنىپ كەتمەيمەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ گۇمانىمچە، شۇ ئەپەندىنىڭ ئىستېپا بېرىش غەرىزى ئاۋۋالقى ئىش بولسا كېرەك، ھازىر خىزمەتتىن چىرايلىقچە كېتىپ قالاي دەپ گەپ ياساۋاتقان بولسا كېرەك. لېكىن، «سۇرى چوڭ» دېگەن بەتنام ئانچە مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئىستېپا بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئەگەر ئۆزى ئىستېپا بەرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنى چېتىۋېلىشنى شەرت قىلغان بولسا، مېنىڭچە، بۇ چارىسى بىرئاز قەبىھ بوپتۇ. لېكىن، مەن ئىچكى ئەھۋالنى بىلمەيمەن. قىسقىسى، ئادەتتە كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدىغىنى، ئوقۇغۇچىلارنى ئامالسىز قالدۇرۇش ئۈچۈن «سۇيىقەست ئىشلىتىپتۇ»، «مۇتتەھەملىك بىلەن يېتىۋاپتۇ» دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھازىر مۇرەسسە ـ ماداراچىلىق ئۆتۈپ كەتكەن ئىش بولۇپ قالدى؛ ئەگەر ئۇنىڭ ئاتالمىش جىنايەتلىرى «سۇرى چوڭ» دېگەندىنلا ئىبارەت بولسا، ئۇ جان ئالىدىغان ئىش ئەمەسقۇ، ھېلىقى بىر پارچە رەددىيە خېتىلا كۇپايە قىلالاتتىغۇ. بۇنىڭدىن

كېيىن سوغۇق قان بولۇپ، كېيىنكى ئەھۋالغا قاراپ، توغرا ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلسا بولاتتىغۇ.

بۇ نۆۋەت ئويۇن قويۇش نەتىجىسىدە ھەربىر ئادەمگە 20 نەچچە دوللاردىن تەگكەن بولسا، مېنىڭچە، بۇ نەتىجە خېلى جايىدا، ئالدىنقى يىلى «دۇنيا تىلى مەكتىپى»[20] پۇل توپلاش ئۈچۈن ئويۇن قويغاندا، نەچچە ئون دوللار زىيان تارتقانىدى. لېكىن، سىلەرگە تەگكەن پۇل، تەبىئىيكى، سەپەرگە يەتمەيدۇ؛ سەپەر قىلىش توغرا كەلسە، ئاران تيەنجىنگىلا بارالايسىلەر. ئەمەلىيەتتە ھازىر سەپەرگە چىقىشنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن؟! جياڭسۇ، جېجياڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى قارىماققا راۋاجلانغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئىچكى ئەھۋالى نەدىمۇ ياخشى بولسۇن. ئانا مەكتەپكە قارىساقلا، باشقا ھەممىسىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. سەپەرگە چىققاندىن كۆرە، شۇ پۇلغا كۈنىگە بىر دوللارلىق پېچىنە ئېلىپ يېگەن پايدىلىق.

دۇنياۋى بىرلىك ھازىرچە يېتىپ كېلەلمىسە كېرەك؛ يېتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ جۇڭگونىڭ ھازىرقىدەك مىللىتى چوقۇم بىرلىك دەرۋازىسى سىرتىدا قالىدۇ. دېمەك، مەن ئويلايمەنكى، مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئىنقىلاب قىلغان ياخشى. لېكىن، ئىنقىلابتا ھەممىدىن زۆرۈرى ئوت بىلەن خەنجەر. سۈن جۇڭشەن بۇ يولدا ئۆمۈر بويى چاپتى، لېكىن جۇڭگو يەنىلا شۇنداقلا تۇرماقتا، بۇنىڭ ھەممىدىن چوڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ پارتىيە ئەسكىرى يوق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن قورال كۈچى بار بولغان باشقا ئادەملەرگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلار كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە بىرئاز ئەقىل - ھوشىنى تاپقان بولسا كېرەك، ھەربىي ئەمەلدارلار مەكتىپى[21] ئاچتى، بىراق تولىمۇ كېچىكىپ قالدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي تەبىئىتى جەھەتتە چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكى، مېنىڭچە، ئەس - يادى ئائىلە بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ بول-





غان ئەمەس، ئۇلار «ئائىلە»نىڭ غېمىنى يەپ كەتكىنىمۇ يوق. كېسەلنىڭ ھەممىدىن چوڭ يىلتىزى — نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «قورقۇنچاق» ۋە «ئاچ كۆز» بولغانلىقى. لېكىن، بۇ ئۇزۇن تارىختىن بۇيان شەكىللىنىپ قالغان، بۇنى دەرھال يوقىتىش تەس. ئەنە شۇ كېسەلنىڭ يىلتىزىغا ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىمنىڭ ئىشلەۋەرگۈچىلىكى بار، بۇ خىزمەتنى ھازىرمۇ قولدىن بەرگۈم يوق، لېكىن بۇ خىزمىتىم ناھايىتى كېچىكىپ ئۈنۈم بېرىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇ ئۈنۈمنى ئۆزۈم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەلمەيدىغاندەك تۇرىمەن. مېنىڭچە — بۇ پەقەت بىر ھېسسىيات، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن — ھازىرقى زۇلۇم ۋە زۇلمەت يەنىمۇ كۆپىيىدىغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەسكىن ئىسيان كۆتۈرىدىغان ۋە قورسىقى كۆپىدىغان، كەلگۈسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇندۇرمىسى بولغان يېڭى ئامىللارمۇ بارلىققا كېلىشى ئېھتىمال.

«ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ھەسرەتلىنىش»، تەبىئىيكى، كىشىنى تولىمۇ بۇلۇقتۇرۇۋېتىدۇ. مېنىڭچە، ھازىر ئالدى بىلەن ئىدىيىگە، ئادەتكە ئېنىق ھۇجۇم قىلىش كېرەك. مەن ئىلگىرى كونىلارغىلا ھۇجۇم قىلغانىدىم، ئەمدى ياشلارغىمۇ ھۇجۇم قىلىمەن. لېكىن، ھۆكۈمەت سۆز ئەركىنلىكىنى چەكلەش تورلىرىنى يېيىپ قويغاندەك تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «تورنى بۆسۈپ ئۆتۈش» چارىسىنىمۇ ھازىرلاپ قويۇش كېرەك، ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلغان ئادەملەر ئادەتتە شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇ، مەن ھازىرمۇ ئىسيان كۆتۈرۈش ۋە ھۇجۇم قىلىش قەلەمى بار ئادەملەرنى ئىزدەۋاتىمەن، يەنە بىرقانچىسى تېپىلسا، «تەۋەككۇل»[22] قىلىپ كۆرمەكچىمەن. لېكىن، ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا ھازىرمۇ كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئېھتىمال، بۇنىڭ نەتىجىسى ئۆز كۆڭلۈمنى ئۆزۈم خۇش قىلىش بولۇپلا چىقىشى مۇم-

كىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، بۇنى بىمەنىلىك، دەپ ھېس قىلسام، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزۈمدە بىرئاز غەيرەتسىزلىك بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىمەن. «شاكىچىك»، سىز تېخى ياش، سىزنىڭ غەيرىتىڭىز بار، ئەلۋەتتە. سىزنىڭچە، تېخىمۇ ئوبدان، تېخىمۇ مەنىلىك چارە بارمۇ؟

مېنىڭ «ئايال - لار» ماقالىسى دېگەن سۆزۈم مەخسۇسلا «ئاھ - ئۇھ...»لارنىڭ كۆپ بولغانلىقىغىلا قارىتىلغان ئەمەس؛ لىرىك ماقالىلەردە چىرايلىق سۆزلەرنىڭ كۆپ ئىشلىتىلگەنلىد- كىگە، مەنزىرىنىڭ كۆپ تەسۋىرلەنگەنلىكىگە، ئائىلىگە كۆپ بېرد- لىپ كەتكەنلىككە، كۈزنىڭ سولغۇن گۈللىرىنى كۆرگەندە مەيۈس- لىنىشكە، تولۇن ئاينى كۆرگەندە كۆز يېشى قىلىشقا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا قارىتىلغان مۇنازىرە ماقالىلىرىدە ئالاھىدىلىك تېخىمۇ ئاسان كۆرۈنۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، رەقىبىنىڭ سۆزلىرىگە باشتىن - ئاياغ بىرمۇ بىر رەددىيە بېرىلگەن؛ بۇ رەددىيە ئۆتكۈر بولسىمۇ، لېكىن تولۇق ئەمەس، «تىل رەقىبلىرى»نىڭ جان يېرىگە ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر پەشۋا بىلەنلا جېنىنى ئالغۇدەك ئېغىر زەربە بېرەلەيدىغان ماقالىلەر ئاز. قىسقىسى، زەھەرلىرى ئاز، زەردىسى كۈچلۈك ئەمەس، ئۇزۇن ماقالە يېزىشقا خۇشتار بولۇپ كەتكەن، قىسقا ماقالە يېزىشقا ماھىر ئەمەس.

«جەسۇرانە ئالغا»نىڭ 5 - سانىنى تۇنۇگۈن ئەۋەتكەنىدىم، تاپشۇرۇۋالغانسىز. بۇنىڭدىن كېيىن مەنئى قىلىشمىسىلا ئەۋەتىپ تۇرىمەن، چۈنكى مەندە بىرنەچچە نۇسخا بار.

لۇشۈن

1925 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى





×× قىز[23] نىڭ قىلمىشى ياخشى بولمىغاندەك تۇرىدۇ: ئۇ گېزىت چىقىرىش ئۈچۈن كاراخانىنىڭ[24] ئالدىغا ئىئانە تەلەپ قىلىپ بېرىپتۇ، ئىئانە بەرمىسەڭ، روسىيىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىد- مەن، دەپتۇ.

# 261023 شۈي گۇاڭپىڭغا

19 ـ كۈنى ئەۋەتكەن خېتىڭىز بىلەن ماقالىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. مېنىڭ قارىشىمچە، ماقالىڭىزنى ئىشلەتكىلى بولىدۇ. لېكىن، جۈملىلىرىڭىز تۈزۈلۈشىدە بەزى قاملاشمىغان يەرلەر بار ئىكەن. بۇ، خېنىملاردا بولىدىغان ئومۇمىي كېسەل، بۇ كېسەلنىڭ يىلتىزى بىخەستەلىك. يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىز بىر قېتىم كۆرۈپمۇ چىقمىغان ئوخشايسىز. بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن تۈزىتىپ، پوچتىدىن ئەۋەتىپ بېرىمەن.

جيەنشى[25] 27 ـ كۈنى شاڭخەيگە قاراپ يولغا چىقماقچى؛ گۇاڭدۇڭغا بارمايدىغان بوپتۇ. فۇيۈەن[26] ئاللىقاچان كېتىپ قاپتۇ، چېن شىڭنۇڭدىن[27] سورۇشتۇرۇپ باقسىڭىز، ئۇنىڭ ئادرېسىنى بىلىشى مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭچە، ئۇ تەرجىمىنى كېرەك قىلمايدىغان، ئەستايىدىللىمىكىن دېسەڭ ئەستايىدىل ئەمەس، قۇۋمىكىن دېسەڭ قۇۋ ئەمەس، پاڭقۇشلۇق بىلەن قاتراپ يۈرىدىغان، «تەسلىك»نى ئۆزىگە زادىلا يولۇقتۇرمايدىغان ئادەم، لېكىن سەپەرگە چىقسىلا قەدىمى تەگكەنلا يېردە ھەمىشە ئۇششاق چاتاقلارنى چىقىرىپ، باشقىلارنىڭ سۈپۈرۈپ تازىلىشىغا قالدۇرۇپ تۇرىدىغان ئادەم. مەن بىر ئىشچى ياللىغان ئەمەسمىدىم؟ چېن شىڭنۇڭ ئەنە شۇ ئىشچىنىڭ بىر دوستىنى «چېن يۈەننىڭ مۇرتى»[28] نىڭ تامىقىنى ئېتىپ بېرىشكە تونۇشتۇرۇپتۇ، مەن ئۇنىڭغا بۇنداق ئىش بىلەن كارىڭ بولمىسۇن دېسەممۇ، ئۇ قۇلاق سالمىغانىدى. مانا ئەمدى «چېن يۈەننىڭ مۇرتى»، خۇددى مەن ئاشپەزلەرنىڭ سەر-





دارىدەك، دائىم ماڭا، ئاش ـ تامىقىم قاملاشماي كەتتى، دەپ تىللاپ بېرىدىغان بولدى؛ مېنىڭ ئىشچىم بولسا ئۆز بۇرادىرىگە ياردەم بېرىمەن دەپ، مېنىڭ ئىش ـ كۈشۈمنى ئانچە قىلمايدىغان بولۇۋالدى. مەن شۇنچە ئەجرى قىلىپ، 20 دوللار خەجلەپ ئۇلارنىڭ ئاشپىزىگە بىر ياردەمچى ياللاپ بەرگەن بولساممۇ، يەنىلا غۇت ـ غۇتتىن قۇلىقىم تىنچىمىدى. بۈگۈن ئاڭلىسام، ئۇلار ياللىماس بوپتۇ، شۈكۈر.

شاڭسۇينىڭ[29] ئىشىنى ھېلىقى تاياق قېپى فۇيۈەنگە بىۋاسىتە ئېيتىپ قويۇشنى تاپشۇرغاندىن باشقا، تونۇگۈن يەنە جيەنشى بىلەن بىرلىكتە مېڭيۇلەر[30] گە بىر پارچە خەت يازدىم، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ بولدۇم، ئەمدى كېيىنكى نەتىجىسىگە قارارمىز.

ئەمدى باشقا جايدىكى ئورنۇمغا كەلسەم، بۇ ھەقتە كېيىنچە بىرنەرسە دەرمەن. چۈنكى، مېنىڭ بۇ يەردە ئۇزۇنراق تۇرۇش نىيىتىم بولمىسىمۇ، لېكىن ھازىر بۇ يەردىن كېتىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەم يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم خاتىرجەم. «كۆمسەم پىشارمىكىن، ياقسام پىشارمىكىن» دەيدىغان ئەندىشەم بولمىغاچقا، كۆڭلۈممۇ خاتىرجەم، لېكىن بۇ سۆزۈمدە «باشقىلارنى ئالداپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىمەن» دېگەندەك غەرەز يوق، بۇنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەبىئىي پەنلەر بۆلۈمىدىكى جانابلارنىڭ مىللىي ئىلىم يۇرتىغا قاراتقان ھۇجۇملىرىمۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان باشلىنىپ كەتتى. مىللىي ئىلىم يۇرتىنىڭ ئۆيلىرى پۈتمەي، بىئولوگىيە دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۆيلىرىنى ئارىيەت ئالغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىرىنچى قەدەمدە ئۆيلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئىش مەن بىلەن قىلچىلىكمۇ مۇناسىۋەتسىز، شۇڭا بىر چەتتە كۈلۈپ قاراپ تۇرۇۋاتىمەن، بىر تالاي لاي ئادەمنىڭ[31] ئۇچۇقچىلىققا

كۆچۈپ چىقىپ، يامغۇر ۋە بوراندا قالغانلىقىنى كۆرۈپ پەيزى
قىلىۋاتىمەن. بۇ مەكتەپنىڭ ئەھۋالى نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى-
نىڭكىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ؛ بەزى پرو-
فېسسورلىرى بولسا، مۇدىر[32] نىڭ قاش - قاپىقىغا قاراپ ئىش
قىلىدىكەن، باشقا بۆلۈملەرنىڭ داڭق چىقىرىشىدىن قىزغىنىپ،
ئۇلارغا پەشۋا بەرمەكتە، كۆزلىرىنى ئالايتماقتا؛ دېمەك، ئۇلار
خۇددى چوڭ خوتۇن بىلەن توقالغا ئوخشاش، قولىدىن كەلگىنىنى
قىلىۋاتىدۇ. مەن بېيجىڭنى دۇغ ئىكەن دەپ شىيامېنغا كەتمەكچى
بولغانىدىم، ھازىر قاراپ باقسام، ئۇ ئەخمىقانە خىيال ئىكەن.
سۇنىڭ بېشى لاي بولسا ئايىغى نەدىمۇ سۈزۈك بولسۇن؟! بۇ
يەردىن ئۇ يەرنىڭ ياخشىلىقى پەقەت مائاشنى ۋاقتىدا بېرىپ تۇرىدى-
غانلىقىدىنلا ئىبارەت. لېكىن، «مەكتەپ خوجىسى» نىڭ ئاچچىقى
كېلىپ قالسا، مەكتەپ دەرھال تاقىلىپ قېلىشىمۇ ئېھتىمال.

مەن جايلاشقان بۇ زامانىۋى كاتتا بىنادا كېچىسى پەقەت ئۈچلا
كىشى قالاتتۇق: بىرى جاڭ يى پروفېسسور[33]، يەنە بىرى فۇ-
يۈەن، يەنە بىرى مەن. جاڭ يى ئوڭايسىزلانغانلىقى ئۈچۈن بىر
دوستىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ؛ فۇيۈەنمۇ كەتتى؛ شۇڭا ھازىر
ئۆزۈملا يالغۇز قالدىم. لېكىن، ماڭا جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب
كۆرۈش، ئويلىنىش ئىمكانىيىتى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنىۋى
جەھەتتە ئىچ پۇشۇقىنىمۇ تارتمىدىم. تەتىل ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ
قالدى، شۇڭا بۇ يەر ئىلگىرىكىدىنمۇ جىمجىت. ھېسابلاپ كۆر-
سەم، مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئەمدى 50 كۈن بوپتۇ، لېكىن
ماڭا خۇددى يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. يالغۇز مەنلا
ئەمەس، جيەنشىلارمۇ شۇنداق دەيدۇ. بۇنىڭدىن تۇرمۇشىمىزنىڭ
تېتىقسىز ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

مەن يېقىندا بۇ مەكتەپنى سۈپەتلەپ بېرەلەيدىغان بىر جۈملە
سۆزنى ئويلاپ تاپتىم: «بىر يۈرۈش زامانىۋى بىنانى قاقاس ئارىلى





بار دېڭىز بويىغا زورمۇزور جايلاشتۇرغان». بىر تامچە سۇغا مىك-
روسكوپ بىلەن قارىسىڭىز، بىپايان دۇنيا بولۇپ كۆرۈنگەندەك،
مۇشۇنداق بىر جايدىمۇ ھەرخىل ئادەملەر بار ئىكەن. بۇلارنىڭ
ئىچىدە يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك «توقال»لارمۇ بار. ئايال مۇئەل-
لىملەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بىر قۇتىسى توق-
قۇز دوللارلىق كەمپۈت سۇڭلاپ بېرىدىغان چەت ئەللىك قېرى
پروفېسسورلارمۇ بار؛ مەشھۇر سەتەڭ ئاياللار بىلەن نىكاھلىشىپ،
ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇلارنى تالاق قىلىۋېتىدىغان ياش پروفېسسور-
لارمۇ بار؛ باشقا جىنسلارنى ئويۇنچۇق قىلىۋېلىپ، ھەرىيلى بىرە-
رى بىلەن باردى - كەلدى قىلىدىغان، ئاۋۋال ئۆزىگە تارتىدىغان،
ئاخىرى رەت قىلىدىغان مىس[34] لار، ئەپەندىلەرمۇ بار؛
قەنت - گېزەك بار يەرنى سۈرۈشتۈرۈپ، قاراباستى قىلىپ بېرىپ
يەيدىغان نومۇسسىزلارمۇ بار... جىمى ئالەمدە ئەھۋال ئوخشاش
بولسا كېرەك، زېمىننىڭ كۆكىرىپ ياشىرىشى ياكى چۆلسىرەپ
كېتىشى، ئادەمنىڭ كۆپ ياكى ئازلىقى ئۇنداق ئادەملەرنىڭ پەرۋا-
يىغىمۇ كىرىپ باقمىسا كېرەك.

جېجياڭنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقى ئېنىق ئىكەن؛ بۈگۈن
ئاڭلىشىمچە، چېن يىنىڭ ئەسكەرلىرى لۇ يۇڭشياڭ بىلەن سوقۇ-
شۇۋېتىپتۇ. دېمەك، چېن يىمۇ شۈيجۇدا مۇستەقىل بولۇۋالغان
ئوخشايدۇ، لېكىن، راست شۇنداقمۇ، قانداق، بۇنى بىلگىلى بول-
مايدۇ. جۇ جيەن تەرەپنىڭ خەۋىرى ئاز، جۇ يىڭرېن[35] جەزمەن
تەختتىن چۈشىدىغاندەك تۇرىدۇ، مىللىي قوشۇن[36] جاڭجۇغا يې-
تىپ بېرىپتۇ.

چاڭخۇڭ يەنە ۋېي شۇيۈەن بىلەن جاڭجاللىشىۋاتىدۇ، ئۇ شاڭ-
خەيدە چىقىدىغان «قۇيۇن» دا ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاۋاتىدۇ؛ مې-
نى بىرنەچچە ئېغىز گەپ - سۆز قىلسۇن دەپ، ماڭا قارىتىلغان
بىر پارچە خەتنىمۇ شۇ ژۇرنالغا بېسىپ چىقىرىپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن

بىكار ئاۋارىگەرچىلىك. لېكىن، مەن مەرھەمەت قىلىشنى خالىمايمەن. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۆمرۈم خېلى كۆپ زايە كەتتى، يېتەرلىك مەرھەمەت قىلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى پەرۋا قىلماسلىققا بەل باغلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ جاڭجال قىلىشىغا «دەشت - باياۋان» نىڭ شاڭ پېيلياڭنىڭ سەھنە ئەسىرىنى باسمىغانلىقى سەۋەبچى بولغانمىش. لېكىن، شاڭ پېيلياڭ بىلەن شۇيۈەن بېيجىڭدا غىجىللىشىپ قالسا، شاڭخەيدىكى چاڭخۇڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدىكەن، شيامېندا تۇرغان مېنىمۇ گەپ - سۆز قىلدۇرتماقچىكەن، قاراڭلار، بۇ چارىسىنىڭ قالتىسلىقىنى. بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى مەن نەدىن بىلەي.

ھازىر بۇ يەردە سوغۇق چۈشۈپ قالدى، ئەستەرلىك كىيىم كېيىش توغرا كېلىدۇ. ئەتە يەكشەنبە، كېچىدە كىنو كۆرگىلى بارىدىغاندەك تۇرىمەن، لىنكولن[37] نىڭ ھاياتىغا دائىر ھېكايە فىلىم ئىكەن. بۇ كىنونى كۆپچىلىك پۇل يىغىش قىلىش يولى بىلەن ئەكېلىپ قويماقچى، 60 دوللار كېتىدىكەن، مەن بىر دوللار چىقاردىم، ئالاھىدە ئورۇندا ئولتۇرۇپ كۆرۈشۈم مۇمكىن. لىنكولن قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ھېكايە فىلىملىرىنى ئانچە كۆرمەيتتىم، لېكىن بۇ يەردە ئۇلاردىن باشقا كۆرگۈدەك ياخشى فىلىم نېمە ئىش قىلسۇن؟! ھەممە ئادەمگە مەلۇم بولغان ۋە ھەممە ئادەم ياخشى ئىكەن دەيدىغان فىلىملەر كۆپ بولسا لىنكولنىنىڭ ھاياتى دېگەنگە ئوخشاش بىرنېمىلەردىن باشقا ئەمەس.

بۇ خەتنى ئەتە پوچتىغا سالىمەن. دەرس باشلانغاندىن كېيىن، پوچتىخانا يەكشەنبە كۈنىمۇ يېرىم كۈن ئىشلەيدىغان بولدى.

L. S.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، چىراغ تۈۋىدە





# شۈي گۇاڭپىڭغا 260117

گۇاڭپىڭ ئاغا:

تۈنۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن پوچتىدىن بىر پارچە خەت يوللىغانىدىم، يېتىپ بارغاندۇر. چۈشتىن كېيىن فۇيۈەن قايتىپ كەلدى، مەكتەپنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇ ھېچ نەرسە دېمىدى. سوراش نەتىجىسىدە بىلدىمكى، (1) مەكتەپ مېنىڭ مۇئەللىملىك قىلىش ئۈچۈن بېرىشىمنى ئارزۇ قىلىدىكەن، لېكىن تەكلىپ قەغىزى كەلگىنى يوق؛ (2) شاڭسۇينىڭ مەسىلىسى توغرىسىدا تېخى بىرەر نەتىجە چىقمىغان، ئاخىرقى جاۋاب «ھەر ھالدا بىر ئامال قىلارمىز» دېگەندىن ئىبارەت بولغان؛ (3) ئۇنىڭ ئۆزى قوشۇمچە سەھىپە چىقارغاندىن باشقا، پروفېسسورلۇقمۇ قىلىدىكەن، قولىدا تەكلىپ قەغىزى بار ئىكەن؛ (4) مەكتەپ يەنە بىر نەچچە ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا تېلېگراما ئەۋەتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ھازىرقى زامان» چىلارمۇ بار ئىكەن. بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، مېنىڭ بېرىش - بارماسلىقىم كېيىنكى ئەھۋاللارغا باغلىق. شۇنداق بولسىمۇ قەمەرىيە نورۇز بايرىمىدا بېرىپ كۆرمەكچىمەن، بۇ يەردە نورۇز بايرىمىدا بىرنەچچە كۈنلا قويۇپ بېرىلىدۇ، بايرامغا يەنە ئۈچ ھەپتە بار.

لى فېڭجىدىن[38] خەت كەلدى، ئۇنىڭ يېزىشىچە، ئۇ يار - بۇرادەرلىرىنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ، مېنىڭ خىزمەتكە تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنۈپتۇ. مەن چېن شىڭنۇڭغا تونۇشتۇرۇپ خەت يازسام، ئۇچۇرى بولمىدى. بۇ نۆۋەت فۇيۈەننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى

يولدا ئۇچرىتىپ قاپتۇ، ئۇ ئاللىقاچان جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ قاپتۇ، شىڭنۇڭ بىلەنمۇ كۆرۈشمەپتۇ. بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلمىدىم، گويا چۈشۈمدىكىدەك بىر ئىش. ئۇنىڭ ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن خەتكە قارىغاندا، ئۇ شىڭنۇڭ بىلەن نېمە ئۈچۈن كۆرۈشمىگەنلىكىنىمۇ يازماپتۇ، لېكىن: ئەگەر سىز گۇاڭجۇغا كەلسىڭىز، «ئىجادىيەت تەھرىراتى»[39] دىكى ئادەملەر ناھايىتى خۇرسەن بولاتتى، دەپ يېزىپتۇ. ئۇلار بىلەن يەنە بىللە بولۇشۇم ھەقىقەتەن بىمەنىلىك بولىدۇ.

فۇيۇەن شاپتۇل ئالغاچ كەلگەنىكەن، تۈنۈگۈن ئاخشام يېدىم، تەمى ئانچە ياخشى ئەمەس، لېكىن سۇلۇق ئىكەن؛ ئۇنىڭ شېرىن پۇرىقى باشقا ھەرقانداق مېۋىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. يەنە «پۆپۈكلۈك قۇرت» ۋە «قارا قوڭغۇز»مۇ بار ئىكەن، بۇ مېۋىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، لېكىن ھېچقايسىمىز يەپ كۆرۈشكە پېتىنالمىدۇق، بۇ ئىككى خىل نەرسە شيامېندىمۇ بار، لېكىن بۇ يەردىكىلەر يېمەيدۇ. سىز يەپ كۆرگەنمۇ؟ تەمى قانداق ئىكەن؟

يۇقىرىقى قۇرلارنى چۈشتىن ئىلگىرى يازغانىدىم، يېزىپ شۇ يەرگە كەلگەندە، تاشقىرىدىكى ئاشپۇزۇلغا بېرىپ تاماق يېيىشكە توغرا كەلدى. چۈنكى، مېنىڭ خىزمەتكارىم ماڭا تاماق ئەكېلىپ بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەكتەپنىڭ ئاشپىزى ئۇنى ئۇرماقچىمىش (بۇ ئۇنىڭ سۆزى، راست ياكى يالغانلىقىنى بىلمەيمەن)، بىزنىڭ بۇ يەردە بىرەر قېتىم تاماق يېيىشمۇ ئەنە شۇنداق تەس. ئاشپۇزۇلدا رۇڭ جاۋزۇ (دۇڭۋەنلىك ئادەم، مەكتېپىمىزنىڭ مۇئەللىمى) ۋە ئۇنىڭ پۈتۈنلەي گۇاڭدۇڭچە سۆزلەيدىغان رەپىقىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ پۆپۈكلۈك قۇرت دېگەنگە ئوخشاش مېۋىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئوخشاش





ئەمەس ئىكەن. رۇڭ يېيىشلىك دېسە، ئۇنىڭ رەپىقىسى بەتتام دەيدۇ.

6 ـ كۈنى، چىراغ تۈۋىدە

تۈنۈگۈندىن تارتىپ تاماق يەنە چاتاق بولۇپ قالدى، ئاشپۇزۇلغا بېرىپ يېيىش ياكى نان سېتىۋېلىپ كېلىپ يېيىش توغرا كەلدى. بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزۈم باش قاتۇرۇش توغرا كەلگەچكە، ئانچە تىنىم تاپالمىدىم، ئەسلىدە يىلنىڭ ئاخىرىدا بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم، گۇاڭجۇدا بۇ يەردىكىدىنمۇ بەكرەك قاقىلاقچىلىقتا قالارمەنمىكىن، تونۇش ئادەملەرمۇ كۆپ، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا بېيجىڭدىكىدەكلا ئالدىراشچىلىقتا قالارمەنمىكىن دەپ ئارقىغا سۈرۈپ كەلدىم.

جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېرىدىغان مائاشى شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭكىدىن ئاز ئىكەن، بۇنىڭغىمۇ مەيلى ئىدى، بىراق دەرسى ئېغىر ئىكەن، ئاڭلىشىمچە، ھەپتىسىگە ئاز دېگەندە 12 سائەتكە يېتىپ بارىدىكەن. ماقالە يېزىش ئىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، مەسىلەن، فۇيۇەن چىقىرىۋاتقان قوشۇمچە سەھىپىگە ماقالە يېزىپ بەرمىسەم بولمايدۇ؛ ئەگەر باشقا ئىشلارنى قوشىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا دورا ئىچىپ تۇرۇپ ماقالە يېزىشىم كېرەك.

مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە بەزى ئەدەبىي ھەۋەسكار ياشلارنى ئۇچراتتىم، تەجرىبىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلار مېنى ئىشلىتىش توغرا كەلگەندە، كۆپىنچە، جان ـ جەھلى بىلەن ئىشقا سالىدۇ، ئەيىبلەش توغرا كەلگەندە جان ـ جەھلى بىلەن ئەيىبلەيدۇ، ھۇجۇم قىلىش توغرا كەلگەندىمۇ، تەبىئىيكى، جان ـ جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ[40]. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەرۋايىمغا ئالمايدىغان، لېكىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولدۇم. ئېھتىمال، بۇمۇ روھىي چۈشكۈنلۈك-

نىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك، لېكىن بۇنىڭغىمۇ مۇھىت سەۋەبچى.

مەندە مۇنداق بىر نىيەتمۇ بار، گۇاڭجۇغا بارغىنىمدىن كېيىن «تۆرە» [41] لەر يەنە ماڭا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن يامىنىغا كەلسە بېيجىڭغا بارالماسلىقىممۇ مۇمكىن، بۇنىڭغىمۇ مەيلى. ئىككىنچىسى، ئىجادىيەت تەھرىراتى بىلەن بىرلىشىپ، بىر سەپ ھاسىل قىلىپ، كونا جەمئىيەتكە تېخىمۇ ھۇجۇم قىلغۇم بار، يەنە غەيرەت قىلىپ ماقالە يازغۇم بار ئىدى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر، فۇيۈەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دۇدۇقلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بۇ خىيالدىن توختاپ قالدىم. لېكىن، بۇمۇ مۇشۇ بىر - ئىككى كۈندىن بۇيان كۆڭلۈمگە كەچكەن خىيال؛ زادى قانداق قىلىدىغانلىقىم توغرىسىدا كېيىنكى ئەھۋالغا قاراش كېرەك.

بۈگۈن بوران چىقىپ كەتتى، يەنىلا قورساق غېمى بىلەن بولدۇم؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، يېرىم كۈن مېھمان بىلەن بولدۇم، كۈنىنىڭ مەنىسىز ئۆتكەنلىكىدىن بېشىم پىرقىراپ كەتتى، شۇڭا كەيپىم ئانچە ياخشى ئەمەس، بىرئاز قاقشاپ قالدىم، بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلماڭ، بىرئازدىن كېيىن كۆڭلۈم تەسكىن تېپىپ قالار.

ئەتە سىزگە بىر بولاق كىتاب ئەۋەتىپ بەرمەكچىمەن، ياخشىراقلىرى يوق، ئەگەر ئۆزىڭىز لازىم قىلمىسىڭىز، باشقىلارغا بېرەرسىز.

لۇشۈن

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، چىراغ تۈۋىدە





# 261115 شۈي گۇاڭپىڭغا

گۇاڭپىڭ ئاغا:

10 - كۈنى بىر پارچە خەت ماڭدۇرغانىدىم، ئەتىسىلا سىزنىڭ 7 - كۈنى يازغان خېتىڭىز كېلىپ تەگدى. بىرئاز ھۇرۇنلۇقۇم تۇتقاچقا كېچىكتۈرۈپ، مانا بۈگۈن جاۋاب يازدىم.

يېزنە ئۇغۇلغا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى سۆزلىرىڭىز توغرا. مېنىڭ زەردىلىك سۆزلىرىم كۆپ، بەزىدە ھەتتا «ھېچكىمگە ھاجەتمەن بولمايمەن، باشقىلارمۇ ماڭا ھاجەتمەن بولمىسۇن» دەپ سالىمەن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ سۆزۈمنىڭ تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن سۆز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىمەن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئېيتقان سۆزۈمنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىمەن. باشقا ئادەمنىڭ ھەممىسىنى يامان دەپ قاراش يارىمايدىكەن، قولدىن كەلسە ياردەم بېرىش كېرەك، لېكىن ئەڭ ياخشىسى، ئۆزىنىڭ چامىغا قاراش كېرەك. ھەددىدىن ئارتۇق كۈچەپ كەتمەسلىك كېرەك.

«ئالدىراپ كېتىش» مەسىلىسى[42] ئانچە ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۇ سۆزنى «ئىش بېجىرىش» كە قارىتىپ ئېيتقان بولسام كېرەك، ئالدىنقى يېرىم يىل ئىچىدە ئىش بېجىرىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىشىمغا بەزى ئادەملەرنىڭ چىشىمغا تەگكەنلىكى سەۋەب بولغان ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ بېيجىڭدا بولۇپ قالغانلىقىم سەۋەب بولدى. مەسىلەن، قىستاپ سەھنىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشىپ قويغاندا، ئۇيۇننى كۆرمەي قايتىپ چىقىشمۇ ئاسان ئەمەس. باشقىلارنى مەركەز قىلماسلىق مەسىلىسىگە كەلسەم، بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىشمۇ تەس، چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ مەركىزى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە

بولماسلىقىمۇ مۇمكىن، بەزىدە، ئەكسىچە باشقا ئادەم ئۇنىڭغا مەر-
كەز بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقىلارنى كۆزلەيمەن، دې-
گەن تەقدىردىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى كۆزلەش روي بېرىدۇ. دې-
مەك، «ئۆزى ھۆكۈم قىلىش» مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋاللارمۇ
گاھىدا يۈز بېرىپ قالىدۇ.

مەن ئىلگىرى بېيجىڭدا ئەدەبىياتچى ياشلارنىڭ كەتمىنىنى
چېپىپ، بىرمۇنچە ئۆمرۈمنى سەرپ قىلدىم، بۇ ئۆزۈمگە ئايان.
لېكىن، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، يەنە بىرنەچچە ئوقۇغۇچى
«دولقۇن كېمىسى» (43) ناملىق بىر ژۇرنال چىقارغاندى، ئۇنىڭمۇ
كەتمىنىنى چاپتىم. بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك،
بىرنەچچە يامان ئادەمنى كۆرۈش بىلەنلا، ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى
يامان دەپ قاراش يارىمايدۇ، دېگەن مەنە چىقىدۇ. لېكىن، ئىلگى-
رى مەيدىن پايدىلانغان ئادەملەر ھازىر مېنىڭ بايراقلىرىمنى قات-
لاپ، دۇمباقلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ قويغانلىقىمنى، دېڭىز ياقىسى-
دا خالىي يۈرگەنلىكىمنى كۆرۈپ، مەندىن پايدىلىنىشنىڭ مېھرى-
دىن كېچىپ، ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. چاڭخۇڭ «قۇيۇن»
نىڭ 5 - سانىدا ماڭا جان - جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، مېنى
بىرەر يۈز قېتىم كۆرگەنلىكىنى، مېنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىغان-
لىقىنى يېزىپتۇ، بىرمۇنچە سۆزلەرنى (مەسىلەن، گو مورونى
تىللىدى ۋەھاكازا دېگەن سۆزلەرنى) (44) ئويدۇرۇپ چىقىرىپتۇ.
ئۇنىڭ مۇددىئاسى «دەشت - باياۋان» نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بىر
تەرەپتىن، «قۇيۇن» نىڭ بازىرىنى قىزىتىش، دېمەك، يەنىلا پايدى-
لىنىش؛ بىراق بۇ يولدا قوللانغان ئۇسۇلى باشقا. ئۇلارنىڭ ئۆز
ۋاقتىدا مەندىن پايدىلانغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم، لېكىن ھايات
تۇرغان چېغىمدا قېنىمنى شورىيالمىغانلىقتىن، كالتەكلەپ ئۆل-
تۈرگەندىن كېيىن پىشۇرۇپ يېمەكچى بولغانلىقىنى، دېمەك ئۇ
قەدەر زەھەرخەندە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرمەپتىكەنمەن. ھازىرچە





ئۇلارغا پەرۋا قىلمايمەن، قېنى ئۇلار نەيرەڭلىرىنى قەيەرگىچە
ئىشلىتەركىن. قىسقىسى، ئۇ مېنى «بىرەر يۈز قېتىم كۆرگەن»
دېگەن نىقابنى تارتىپ يۈرگەنىكەن، مانا ئەمدى ئۇ نىقابنى ئېلىپ
تاشلاپتۇ، ئەمدى ئوبدانراق سەپسېلىپ قاراپ كۆرەي.

مەكتەپنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئەگەر ۋاقتىڭىز يار بەرسە،
مېنى قىسقىچە بولسىمۇ خەۋەردار قىلىپ قويارسىز. ھازىر جۇڭ-
شەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئايلى-
قىمغا 280 دوللار مائاش بېرىدىكەن، قانچە يىل ئىشلىشىمگە چەك
قويماپتۇ. ئۇلار مەكتەپنى پروفېسسورلارغا باشقۇرتماقچى بولسا
كېرەك، شۇڭا مىلىتارىستلارنىڭ گۇپپاڭچىسى ئەمەس دەپ قارال-
غان ئادەملەرگە يىل چېكى يوق ئىكەن. بىراق، مېنىڭ
بېرىش - بارماسلىقىم ھازىر تېخى ناتايىن. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى
ناچار، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماسلىقىم چوقۇم؛ لېكىن گۇاڭجۇغا
بېرىشىمنىڭ مۇۋاپىق بولمايدىغان يەرلىرىمۇ بار: (1) مەمۇرىي
ئىشلارغا ئەزەلدىن دىققەت قىلىپ باقماپتىكەنمەن، مەكتەپنى باش-
قۇرۇش ئىشى قولۇمدىن كەلمىسە كېرەك؛ (2) ئاڭلىشىمچە،
ھۆكۈمەت ۋۇچاڭغا كۆچۈرۈلەرمىش، ئۇنداق بولغاندا تونۇش ئادەم-
لەرنىڭ ھەممىسى گۇاڭجۇدىن كېتىپ، مەندەك «ياقا يۇرتلۇق»
بىر ئادەم مەكتەپتە يالغۇز قالسام، قاملاشماسلىقى مۇمكىن؛
ئۇنىڭ ئۈستىگە (3) مېنىڭ بىر دوستۇم شەنتۇ(45) غا
ماڭىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇ ھالدا مەن گۇاڭجۇغا بارساممۇ، شىيامېن-
دىكىدىن نېمە پەرقى بولار؟! دېمەك، زادى قانداق قىلىدىغانلى-
قىم توغرىسىدا ئەھۋالغا قاراپ ئاندىن بىر نەرسە دەرمەن. بەختىم-
گە يارىشا مېنىڭ دەرسىم كېلەر يىل 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا
باشلانماقچى، شۇڭغىچە ئوبدان ئويلىنىپ كۆرەرمەن.

جىمجىت كېچىدە ئۆتمۈش كەچۈرمىشلىرىم كۆز ئالدىمغا
كەلدى: ھازىرقى جەمئىيەتتە، ئومۇمەن، ئۆزلىرىگە پايدىلىق بول-

سىلا، پايدىلىنىش توغرا كەلگەندە جان - جەھلى بىلەن پايدىلىنىپ، ھۇجۇم قىلىش توغرا كەلگەندە، جان - جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلىشىدىكەن. بېيجىڭدىكى چېغىمدا شۇنچە ئالدىراش بولدۇم، ئالدىمدىن مېھمان ئۈزۈلمىدى: لېكىن دۇەن چىرۇي، جاڭ شىجاۋلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىۋىدىم، بەزىلەر دەرھال ماقالىلىرىنى قايتۇرۇۋالدى، ماڭا ماقالە تاللاتتۇرمايدىغان، كىرىش سۆز يازدۇرمايدىغان بولدى. ھەتتا ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، مەن بىراۋلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغان بولساممۇ، بۇ ئىشىم ئۇنى قۇتراتقان جىنايەت بولدى، بىراۋلارنى بىرەر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلغان بولسام، بۇمۇ مېنىڭ ھەشەمەتچىلىكىمنىڭ دەلىلى بولۇپ قالدى. ئۆزگىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆزىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ياكى چۈشۈپ قېلىشى ئارقىلىق بىلىپ قويۇش پايدىلىق، پەيزىلىك بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن تەمكىنلىكىم كەم بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە بىرئاز تىت - تىتمۇ بولدۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن: (1) رايىمدىن قايتىپ، بىرئاز پۇل توپلاپ، كەلگۈسىدە ھېچ ئىش قىلماي، غۇربەتچىلىكتە ئۆتسەممۇ مەيلى؛ (2) ئۆز غېمىمنى يەپ يۈرمەي، خەلق ئۈچۈن بىرئاز ئىش قىلاي، كەلگۈسىدە ئاچ قالساممۇ مەيلى، باشقىلار تىللاپ - قارغاپ يۈرسىمۇ مەيلى؛ (3) يەنە بىرئاز ئىش قىلاي، ئەگەر ئاتالمىش «سەپداش»لىرىممۇ ئارقامدىن نەيزە ئۇرىدىغان بولسا، ياشاش ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن يانمايمەن، لېكىن دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن، دېگەن خىياللاردىمۇ بولدۇم. ئىككىنچىسىنى ئىككى يىل ئىجرا قىلىپ، ئۇنداق قىلىشنىڭ تولىمۇ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بىرىنچى يولدا مېڭىش ئۈچۈن ئاۋۋال كاپىتالىستلارنىڭ قولىغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنداق قىلىش بىلەن ئىش تاڭ ئاتمىسا كېرەك. ئاخىرقى يول خەۋپلىك، (تۇرمۇش كەچۈرۈش جەھەتتىمۇ) ئىشەنچ يوق،





ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يولدا مېڭىشقا كۆڭلۈممۇ ئانچە ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر قارارغا كېلىش ھەقىقەتەن تەس بولدى، بۇ ھەقتە بۇرادەرلىرىمدىن ئەقىل سوراپ خەت يازماقچى بولۇۋاتىمەن.

بۇ يەردە تۈنۈگۈن يامغۇر ياغدى، بۈگۈنمۇ يېغىۋاتىدۇ، ھاۋا بىرئاز سوغۇق. ئۆزۈم ھازىرمۇ ياخشى. ئانچە ئالدىراش ئەمەس.

لۇشۈن

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، چىراغ تۈۋىدە

# 271011 شۈي گۇاڭپىڭغا

گۇاڭپىڭ ئاغا:

5 ـ ۋە 7 ـ كۈنى يازغان خەتلىرىڭىزنى بۈگۈن (11 ـ كۈنى) چۈشتىن ئىلگىرى تەڭلا تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ زاكاز خېتىمدە بىرەر مۇھىم ئىشمۇ يوق، بىراق بىرنەچچە ئېغىز مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمەن، يوقىتىشىۋەتسە ئىسسىت كېتىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن يېپىقراق يېزىشنى ئەۋزەل كۆردۈم.

بۇ يەردىكى دولقۇن[46] يەنىمۇ كېڭىيىدىغاندەك تۇرىدۇ، لېكىن نەتىجىسى ياخشى بولماس. بىرنەچچە ئادەم بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈش كويىغا چۈشتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئوقۇغۇچىلارغا خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ، بەزىسى مۇدىرغا كۈچۈكلىنىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆرسىڭىز ھەسرەتلىنىسىز. مېنىڭ ئىشىم ئومۇمەن بىر ياقلىق بولۇپ قالدى، يولغا چىقسام بولاتتى، بىراق بۈگۈنكى كېمىگە ئۈلگۈرەلمىدىم؛ ئەمدى شەنبە كۈنى كېمە چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن 15 ـ كۈنى يولغا چىقالىشىم مۇمكىن. بۇ خەت گۇاڭدۇڭغا مەن بىلەن بىر كېمىدە بېرىشى مۇمكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئاۋۋال يوللىدىم، 15 ـ كۈنى كېمىگە چىقسام، كېمە 16 ـ كۈنى مېڭىشى، گۇاڭجۇغا 19 ـ ياكى 20 ـ كۈنى بېرىشىم مۇمكىن. مەن ئاۋۋال گۇاڭتەيلەي سارىيىغا چۈشۈپ، مەكتەپ بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن مەكتەپكە ۋاقىتىنچە كۆچۈپ كىرمەكچىمەن. مەن چۈشىدىغان ئۆي «قوڭغۇراق بىناسى»دا. فۇيۈەننىڭ يازغان خېتىگە قارىغاندا، ئۇ ئۆزى ئولتۇرغان ئۆينىڭ بىر ئېغىزىنى ماڭا قالدۇرۇپ قويۇپتۇ.





ياردەمچى مۇئەللىملىك خىزمىتىگە فۇيۈەن كۆچ چىقىرىپتۇ، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى تەكلىپ قىپتۇ[47]. ئۇ خىزمەتنى مەن قانداقمۇ «ئۆزۈم بەرگەن» بولاي؟ قالغان ئىشلارغا كەلسەم، مەيلى «پارتلاپ» كېتەي، مەيلى «يېرىلىپ» كېتەي، ئىشلەۋېرىمەن. تۈرلۈك ئېھتىياتچانلىق ياكى قاتمۇقات مەجبۇرلۇق مەن ئۈچۈن تۈگىمەس دەرد بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر ئۆزۈم ئىقرار قىلىپ، ساۋۇت ـ قالقانلىرىمنى تاشلاپ قوياي، قېنى ئۇلار ئىككىنچى مۇشتنى قانداق ئاتاركىن؟! «كەلگەن»لەرگە ئىلگىرى شەپقەت قىلىش نىيىتى بىلەن مۇئامىلە قىلغانىدىم، لېكىن ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىرىگە، خويمۇ ئوبدان يانپېشىمغا چىقتى، دېگەندەك ھېسسىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن (بۇ ھەقتە مەن ئەسلىي مەقسەتنى سەۋەن چۈشىنىپ قالغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن، لېكىن بۇ سۆزنى يېزىپ قويۇپتىمەن، شۇڭا ئۆزگەرتىپ ئولتۇرمىدىم.) ئۇ مەيلى رەقىب بولسۇن، دۈشمەن بولسۇن، مەيلى ئېزىتقۇ شەيتان بولسۇن، مەن ئۇنى سۈرۈۋۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايمەن؛ مېنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولىدىكەن، دەلدەڭشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ كەتسەممۇ مەيلى، مەن سەھنىدە تۇرۇشقا قاچان ھېرىس بولۇپ قاپتىكەنمەن؟ ماڭا شان ـ شۆھرەت، مەرتىۋە كېرەك ئەمەس، ماڭا ئېزىتقۇ شەيتانلار كۇپايە قىلىدۇ، شۇنداقلارنى «دوست» دەپ ئاتايمەن. بۇنىڭغا كىم ئامال قىلالىسۇن؟ لېكىن ھازىر پەقەت (!) چەكلىك خەۋەرنىلا ئېيتىشىمدىكى مەقسەت: (1) ئۆزۈمنى كۆزدە تۇتىمەن، تىرىكچىلىك مەسىلىسى ھەر ھالدا كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ؛ (2) باشقىلارنى كۆزدە تۇتىمەن، ئۆزۈمنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەن مەۋقەمدىن پايدىلىنىپ، ئىسلاھات ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىم مۇمكىن. لېكىن، مېنى مەخسۇسلا مۇشۇ ئىككى ئىش يولىدا ئەجرى قىل، قۇربان بەر، دەپ دەۋەت قىلىشىدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇنىمايمەن. مېنىڭ بەرگەن

قۇربانلىرىم ئاز ئەمەس، لېكىن بەھرىلەنگۈچىلەر تېخى قانائەتلەنمەي، جان - پىيىنگنى تۇگەل قۇربان قىل، دېيىشىۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇنىمايمەن، رەقىبلىرىمنى سويىمەن - دە، ئۇلارغا قارشى چىقىمەن.

مۇشۇ ئۇچ - تۆت يىل ئىچىدە ئوبدان تونۇش بولغان ۋە ئەمدىلا تونۇشقان ئەدەبىياتچى ياشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىمدىن خەۋىرىڭىز بار، ئۇلار ئۇچۇن كۈچ چىقىرىش مۇمكىن بولغانلىكى يەردە كۈچ چىقاردىم، ئۇلارغا يامانلىق قىلمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئەركەكلىرى بىر - بىرىنى كۆرەلمەي، ئاخىر جېدەللەشتى، يەنە بىر تەرەپتىن، قانائەت ھاسىل قىلالماي، مېنى دۇمبالىماقچى، پۇتلىماقچى بولدى، شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپ ياردەمدىن مەھرۇم قالدى. ئۇلار مېنىڭ يېنىمدا قىز ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، پىتنە - ئىغۋا قىلىشتى. مەيلى بىرەر ئىش بولسۇن - بولمىسۇن، مەن ئاياللار بىلەن كۆرۈشمىسەم مەيلى، كۆرۈشىدىكەنمەن، ئۇلارنىڭ شۇنداق پىتنە - ئىغۋالارنى پەيدا قىلىشى مۇقەررەر؛ ئۇلارنىڭ تولىسى كۆرۈنۈشتە يېڭى ئىدىيىلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار زالىم پادىشاھ، جاللات، پايلاقچى، چۇپرەندە. ئەگەر مەن يەنە بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ يۇرۇۋېرىدىغان، يول قويىدىغان بولسام، ئۇلار دېۋەيلەپ كېلىشتىن ھەرگىز توختىمايدۇ. ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيمەن.

ئىلگىرىكى چاغلاردا مۇھەببەت گاھىدا كۆز ئالدىمغا كېلەتتى، لېكىن، مەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولمىسام كېرەك، دەپ دەرھال خىجىل بولاتتىم، شۇڭا بىرەر ئادەمگە مۇھەببەت قويۇشقا پېتىنالمايتتىم. لېكىن ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ، ئىدىيىلىرىنىڭ سىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنى شۇنداق ئادەم دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويماي، مۇھەببەت قويسام بولىدىكەن، دېگەن





ئىشەنچكە كەلدىم.

ھېلىقى پىتنە - ئىغۋانى بۇلتۇر 11 - ئايدا ۋېي سۇيۇەننىڭ خېتىدىن ئۇقتۇم. ئۇنىڭ يېزىشىچە، ئۇ «بوم قوڭغۇراق» تەھرىراتى[48] دا ئاڭلاپتۇ، چاڭخۇڭنىڭ ماڭا جان - جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقى بىر ئايالنىڭ تۈپەيلىدىن بولغانمىش، ئۇ «قۇيۇن» دا بىر شېئىرىنى چىقىرىپتۇ، شۇ شېئىرىدا ئۆزىنى كۈنگە، مېنى تۈنگە، ئايالنى[49] ئايغا ئوخشىتىپتۇ. ئۇ تېخى مەندىن: راست شۇنداق ئەھۋال بولغانمۇ، تەپسىلىيرەك بىلگۈم بار، دەپ يېزىپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن چاڭخۇڭنىڭ «ھىجرى ئوتى» دا كۆيۈۋاتقانلىقىنى، مېنىڭ ئۆيۈمگە پات - پات كېلىپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى، يەنى ئۇنىڭ «دەشت - باياۋان» نى دەپ ئەمەس، ئاينى كۈتۈش ئۈچۈن كېلىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندىم، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ رەقىبلىكىنى قىلچە بىلدۈرمىگەنىدى؛ مەن شىيامېنغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، كەينىمدىن مېنى بىمەنە گەپلەر بىلەن تىللاپتۇ، ئۇ نېمىدېگەن قورقۇنچاق - ھە؟! مەن تۈن ئىكەنمەن، ماڭا ئاي كېرەك، ئەلۋەتتە. بۇ ھەقتە شېئىر - پېئىر يېزىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟! بۇ نېمىدېگەن دىتسىزلىق؟! مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ چېشىغا تېگىپ، بىر پارچە ھېكايە[50] يېزىپ، «نامسىز تەھرىرات» قا ئەۋەتىپ بەرگەنىدىم.

شۇ چاغدا گۇلىڭغىمۇ سۇرۇشتۇرۇپ خەت يازغاندىن كېيىن، شۇ پىتنە - ئىغۋانىڭ ئاللىقاچاندىن بۇيان بار ئىكەنلىكىنى، ئۇنى پىنچىڭ، فۇيۇەن، خەيچىڭ، ۋېيفېڭ، يەنتەي تارقاتقانلىقىنى بىلدىم. بۇلارنىڭ بەزىسى تېخى مېنى ئۇ ئايالنى شىيامېنغا ئەكېتىپتۇ دېگەن گەپلەرنىمۇ قىپتۇ، بۇ گەپتە فۇيۇەن بولمىسا كېرەك، بۇ گەپنى مېنى پويىزغا ئۇزىتىپ قويغان ئادەملەر تارقاتقان بولسا كېرەك. بەيگو بالا - چاقىلىرىنى بېيجىڭدىن بۇ يەرگە ئەكەلگەندە شۇ گەپنىمۇ شىيامېنغا كۆتۈرۈپ كەلگەن. ئۇ ماڭا ھۇجۇم قىلىش

ئۈچۈن، تيەن چيەنچىن بىلەن باشمۇباش تارقىتىپ، مېنىڭ شيامېندا تۇرۇشنى خالىمىغانلىقىمنى ئاينىڭ شيامېندا بولمىغانلىقىدىن بولغان، دېگەن. ئۇزىتىش يىغىنىدا تيەن چيەنچىن ماڭا پەشۋا بېرىش ئۈچۈن، بۇ گەپنى ئامما ئالدىدا قەستەن ئېچىۋەتكەنىدى، لېكىن بىر تيىنگە ھەم ئەرزىمىدى.

دولقۇن سېلىكمىدى، چۈنكى بۇ قېتىمكى دولقۇننىڭ يىلتىزى چوڭقۇر، ئۇ يالغۇز مەن بىر ئادەمنىڭلا تۈپەيلىدىن قوزغالغان ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار شۇنداق شەيتانلىقلىرىنى يەنە قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ، «ئۆلگۈچە ھوشىنى تاپماپتۇ» دېگەن گەپ ئەنە شۇ.

ھازىر تۈن سائەت 2؛ مەكتەپنىڭ ئېلېكتر چىراغلىرىنى كىمدۇر بىراۋلار شەپىسىز ئۆچۈرۈۋېتىپ، تەتىلگە قويۇۋېتىش ئېلانى چاپلىغانىكەن، ئوقۇغۇچىلار كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال يىرتىپ تاشلاپتۇ. دولقۇن بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ كېڭىيىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ھازىر ئۆزۈمنىڭ دائىم قاتتىق گەپ قىلىدىغانلىقىمغا كۈلىدىغان بولدۇم. ئەسلىدە باشقىلارغا ناھايىتى كەڭ قورساق ئىدىم، شۈەنچىڭدەك بىرنېمىلەرنىڭ مېنىڭ ئالدىمغا مېنىڭ ئۈستۈمدىن پايلاقچىلىق قىلىش ئۈچۈن كېلىپ يۈرگەنلىكىدىن زادىلا گۇمان قىلمىغانىكەنمەن؛ ئۇ دىتسىز بىر نەرسە بولغاچقا، كۆزلىرىنى چاشقاندەك ئۇيەر - بۇيەرگە يۈگۈرتۈپ يۈرسە، بەزىدە بىرئاز نەپرەتلىنەتتىم. بۈگۈن چۈشەندىمكى، بەزىدە ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلىسام، ئۇلار رەنجىپ كېتەتتى، ئەسلىدە مەن ئاينى ئىچكەركى ئۆيگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارنى ئىچكەركى ئۆيگە كىرگۈزمەپتىمىشمەن. قاراڭ، كاتتا ئەپەندىلەرنى كۈتمەك نېمىدېگەن تەس! ئۈككىڭىزغا بىرنەچچە تۈپ چوكانتال ئالدۇرۇپ، ئارقا ھويلىغا تىكتۈرۈپ، ئۇ يەردىكى بىرنەچچە تۈپ قوناقنى يۇلدۇرۇۋەتسەم،





ئانام بۇنىڭغا ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ، بىرئاز رەنجىگەنىدى؛ شۇنىڭ بىلەن يەنتەي: ئوقۇغۇچىسىنى كۈشكۈرتۈپ، ئانىسىنى خورلىدى، دەپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ يۈرۈپتۇ. قۇلاق تىنچلىقىنى شۇنچە ئارزۇ قىلسام، قېرىشقاندەكلا، قۇلاقنى يادىتىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ قالدى. مېنىڭ ئىلگىرىكى: ئاھ ئانا يۇرتۇم، يەنە قايتىپ بېرىش - بارالماسلىقىم مەسىلە بولۇپ قالدى، دېگەن سۆزۈم ھەقىقەتەن ئەسەبىيلىكتىن كېلىپ چىققان سۆز ئەمەس ئىدى.

خەير، بۇلارغا سالاۋات، مەن ئۆز يولۇمدا كېتىۋېرىمەن. بىراق، شيامېندىكى بۇ قېتىمقى چوڭ دولقۇندىن كېيىن، بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىسى مەن بىلەن بىللە گۇاڭجۇغا كەتمەكچى، بەزىسى ۋۇچاڭغا يۆتكىلىپ بېرىپ ئوقۇماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەنە شۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنە بىرەر - يېرىم يىلغىچە ئۈستۈمدىكى ساۋۇتنى ساقلاپ تۇرسام قانداق بولاركىن، ھازىر بۇ ھەقتە تېخى ئۇزۇل - كېسىل بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمەن. بۇ ھەقتە ۋاقتى كەلگەندە يەنە مەسلىھەتلىشەرمىز. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ياردەمچى مۇئەللىملىك قىلىشتىنمۇ قورقۇپ، خىزمەتداشلارنى چەتلەشتۈرۈپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر ئۇنداق قىلىدىكەنسىز، پىتنە - ئىغۋانىڭ مەھبۇسى بولۇپ قالىسىز، پىتنىخورلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەن بولىسىز.

لۇشۈن

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

## ئىزاھلار:

(1) «ئىككى يەردىن مەكتۇپلار» — لۇشۈن بىلەن شۈي گۇاڭپىڭ يېزىشقان خەتلەرنىڭ توپلىمى بولۇپ، جەمئىي 135 پارچە. بۇنىڭ 68 پارچىسى لۇشۈننىڭ. لۇشۈن بۇ خەتلەرنى ئۆز قولى بىلەن رەتلىگەن، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شاڭخەيدىكى «كۆك نۇر» باسمىخانىسى بىرىنچى قېتىم نەشر قىلغان.

(2) شۈي گۇاڭپىڭ (1898 — 1968) — يەنە بىر ئىسمى جىڭسۇڭ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ فەنيۈ ناھىيىسىدىن، لۇشۈننىڭ رەپىقىسى، لۇشۈن بەزى خەتلىرىدە ئۇنى «ئاغا» دەپمۇ ئاتىغان. ئۇ «تەسەللىلىك خاتىرە»، «لۇشۈننىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلەرنى يازغان.

(3) بۇ نەقىل پولشا شائىرى ھىنرى سىنكىۋىچنىڭ «سىزما رەسىم» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئالتىنچى بابىدىن ئېلىنغان.

(4) جاڭ شىشېڭ (1889 — 1969) — جېجياڭلىق، ئۆز ۋاقتىدا «تىجارەت باسمىخانىسى» دىن چىقىدىغان «ئاياللار» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ، دائىم شۇ ژۇرنالنىڭ «خەۋەر» سەھىپىسىدە كىتابخانلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب يېزىپ تۇراتتى.

(5) موزى (مىلادىيىدىن 468 — 376 يىل ئىلگىرى) — ئەسلىي لۇ بەگلىكىدىن، مۇتەپەككۇر، موزى تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى.

(6) رۇەن جى (210 — 263) — ئەسلىي خېنەندىن، ئۈچ بەگلىك دەۋرىنىڭ شائىرى.

(7) ياۋروپا ئۇرۇشى — 1914 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى.

(8) شۈي شېجۈڭ (تەخمىنەن 58 — 147) — يەنە بىر ئىسمى شۈي شېڭ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ يەنچېڭ ناھىيىسىدىن، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يېزىقشۇناسى. ئۇنىڭ «تىل ـ يېزىق لۇغىتى» ناملىق ئەسىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى لۇغەتلىرىدىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شۇ كىتابىنىڭ 8 ـ پارىسىدا: «ئاغا — ئۆزىدىن چوڭ دېمەكتۇر» دېگەن سۆز بار.

(9) «ئىشچى سېۋىرىئوف» — روسىيە يازغۇچىسى مىخائىل پېتروۋىچ ئارسىباشېفنىڭ پوۋېستى، لۇشۈن ئۇنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

(10) بۇ يەردە كونا «كىتاب ـ نامە»لەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ت.





(11) زىلۇ (مىلادىيىدىن 542 — 480 يىل ئىلگىرى) — كۇڭزىنىڭ شاگىرتى، «زو چيۇمىڭ يىلنامىسى»غا قارىغاندا، شىچى ۋە مېڭيەن زىلۇ بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇنىڭ كۇلاسىنىڭ پۆپۈكىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىغان؛ زىلۇ: «ئەھلى ئىلىم ئادەم ئۆلگەندە كۇلاسىدىن ئايرىلمايدۇ» دەپ ۋارقىرىغان. ئۇ كۇلاسىنىڭ پۆپۈكىنى باغلاۋاتقاندا ھېلىقى ئىككىيلەن زەرب بىلەن ئۆلتۈرگەن.

(12) جۇڭنى، يەنى كۇڭزى (مىلادىيىدىن 551 — 479 يىل ئىلگىرى) — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كۇڭزى چۇ دۆلىتىگە قاراپ ماڭغىنىدا، «چېن ۋە سەي دېگەن يەردە مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ» (چېن دۆلىتى بىلەن سەي دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى بىر جايدا قامىلىپ قالغان)، يەتتە كۈن ئوزۇقسىز قالغان.

(13) 1925 ـ يىل 1 ـ ئايدا نەنجىڭدىكى شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتىدا شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى مائارىپ ۋازارىتىنىڭ يېڭى مۇدىر تەيىنلىگەنلىكىگە قارشى ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى قوزغالغان.

(14) «ھازىرقى زامان ئەنزارى» — ئۇنىۋېرسال ژۇرنال، 1924 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان؛ ئۇنىڭ ئاساسىي ئاپتورلىرى: خۇ شى، ۋاڭ شجيې، چېن شىيىڭ، شۈي جىمو.

«ھازىرقى زامان ئەنزارى» نىڭ 1 ـ جىلد 15 ـ سانىغا «بىر مۇشتەرى قىز» نىڭ «قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىدىكى ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى» سەۋەلەۋھەلىك بىر پارچە خېتى بېسىلغان.

(15) «ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب» — سۇن جۇڭشەننىڭ رەھبەرلىكىدە يۈەن شىكەيگە قارشى قىلىنغان ئۇرۇش. بۇ ئۇرۇش 1911 ـ يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابىغا نىسبەتەن «ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب» دەپ ئاتىلىدۇ.

(16) «جەسۇرانە ئالغا» — ئۆز ۋاقتىدىكى سىياسىي ژۇرنال، ئۇ 1925 ـ يىل 3 ـ ئايدا شۈي بىڭشۈننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە چىقىشقا باشلاپ، 1926 ـ يىل 3 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان.

(17) «تىل رىشتىسى» — ئۆز ۋاقتىدىكى ئەدەبىي ژۇرنال، 1924 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، لۇشۈن بۇ ژۇرنالنىڭ مۇھىم ئاپتورلىرى ۋە مەدەتكارلىرىدىن بىرى ئىدى.

(18) بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، باشقا ئادەملەرنىڭ قورسىقىدىكى «سىر» نى بىلىۋالالايدىغان ئادەم ئاسانلا گۇمانغا قالىدۇ، دېگەن سۆز.

(19) بۇ يەردە قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ شۈي گۇاڭپىڭ قاتارلىق بەش نەپەر ئوقۇغۇچىسى تارقاتقان ئوچۇق خەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇ چاغدا بۇ مەكتەپنىڭ ئىلىم بۆلۈم مۇدىرى شۈي شيۇەن دارىلمۇئەللىمىندىكى

ئوقۇغۇچىلار دولقۇننى باستۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شوئارلىرىنى ئاشكارا يىرتىپ تاشلىغان، كېيىن ئىستېپا خېتابنامىسى تارقىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا زورلۇق قىلىپ، ئاممىنىڭ دىققىتىنى مالىمانلاشتۇرماقچى بولغانىدى. شۈي گۇاڭپىڭ قاتارلىق بەش كىشى ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، ئۇنى پاش قىلغان.

(20) «دۇنيا تىلى مەكتىپى» — 1923 - يىلى بېيجىڭدا قۇرۇلغان دۇنيا تىلى تېخنىكومى، لۇشۈن بۇ مەكتەپتە دەرس ئۆتكەن.

(21) بۇ يەردە خۇاڭپۇ ھەربىي - سىياسىي مەكتەپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ سۇن جۇڭشەن گومىنداڭنى قايتا تەشكىللىگەندىن كېيىن قۇرغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى بولۇپ، ئورنى گۇاڭجۇنىڭ خۇاڭپۇ دېگەن يېرىدە ئىدى. بۇ مەكتەپ 1927 - يىلىدىكى «12 - ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھەمكارلىقىدا بولۇپ، جۇ ئېنلەي، يې جيەنيىڭ، خۇي دەيىڭ، شياۋ چۇنيۈ قاتارلىق كوممۇنىستلار مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن.

(22) بۇ يەردە خۇ شىنىڭ سۆزى تەنە بىلەن نەقىل كەلتۈرۈلگەن. دۇەن چىرۇي 1925 - يىلىنىڭ بېشىدا «ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى» دېگەن بىرنېمىنى ئاچقانىدى، خۇ شى شۇ يىغىنغا قاتناشقىنىدا: «بۇ نۆۋەت ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى توغرىسىدا بىرمۇنچە گۇمانىم بولسىمۇ، لېكىن تەۋەككۈل قىلىپ كۆرۈشنى خالايمەن» دېگەنىدى.

(23) ×× قىز — بۇ يەردە ۋەن پۇ ئىسىملىك قىز كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(24) كاراخان (Л, М, Карахан 1889 — 1937) — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئىدى.

(25) جيەنشى — شېن جيەنشى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشىن ناھىيىسىدىن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولغان؛ شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى مىللىي ئىلىم تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇدىرى بولغان.

(26) فۇيۇەن — سۇن فۇيۇەن، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىن ناھىيىسىدىن. لۇشۈن شاۋشىن دارىلمۇئەللىمىنىدە مۇدىر بولۇپ تۇرغاندا ئوقۇغۇچى ئىدى، كېيىن شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى مىللىي ئىلىم تەتقىقات يۇرتى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىسى بولغان.

(27) چېن شىڭنۇڭ — چېن چىشيۇ، يەنە بىر ئىسمى شىڭنۇڭ، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ جۇڭجياڭ ناھىيىسىدىن؛ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولغان.





(28) بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدا شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى مىللىي ئىلىم تەتقىقات يۇرتىدا پروفېسسورلۇق قىلغان گۇ جيېگاڭ (جۇ شەنگېن) قاتارلىق ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. گۇ جيېگاڭ ئۆز ۋاقتىدا «خۇ شى بىلەن چېن يۈەنگىلا قايىلمەن» دېگەنىدى.

(29) شاڭسۇي — لۇشۈننىڭ قەدىناس دوستى شۈي شۇشاڭنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا لۇشۈنگە خىزمەت تېپىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان.

(30) مېڭيۇ — گۇ مېڭيۇ، ئۆز ۋاقتىدا گۇاڭجۇ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ ئىشلىرى ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

(31) ئۆز ۋاقتىدا مىللىي ئىلىم يۇرتى بىئولوگىيە دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۈچىنچى بىناسىنى كىتاب ۋە ئاسارئەتىقىلەر كۆرگەزمىخانىسى قىلغانىدى. بۇ يەردىكى «لاي ئادەملەر» دېگەن سۆز لايدىن ياسالغان ھەرخىل ھەيكەللەرگە قارىتىلغان.

(32) بۇ يەردە شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مۇدىرى ھەم مىللىي ئىلىم تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى لىن ۋېنچىڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ئۇ فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ خەيچېن ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئەنگلىيىدە ئوقۇغان. لۇشۈن ئۇنى «كۇڭزىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ» غان ئادەم دەيدىتى.

(33) جاڭ يى — يەنە بىر ئىسمى جىنرۇ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىدى، ئۆز ۋاقتىدا شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەن - پەلسەپە فاكۇلتېتىدا پروفېسسورلۇق قىلغان.

(34) ئىنگلىزچە mis بولۇپ، خانىم دېگەن سۆز — ت.

(35) جۇ يىڭرېن — ئۆز ۋاقتىدا فۇجيەننى ئىلكىگە ئېلىۋالغان مىلىتارىست بولۇپ، 1927 - يىلى شىمالغا يۈرۈش قوشۇنى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان.

(36) مىللىي قوشۇن — ئۆز ۋاقتىدىكى شىمالغا يۈرۈش قوشۇنى.

(37) ئابراھام لىنكولن (1809 — 1865) — ئامېرىكىنىڭ 16 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى، شىمالىي ئامېرىكا بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكا ئۇرۇشى تۇغۇلغاندا، شىمال بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سەردارى بولغان، 1865 - يىلى خەنجەردە ئۆلگەن.

(38) لى فېڭجى — يەنى لى يۇئەن؛ بېيجىڭ دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەن؛ «تىل رىشتىسى» گە ماقالە يېزىپ تۇرغۇچى.

(39) «ئىجادىيەت تەھرىراتى» — «4 - ماي» يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىدىكى مەشھۇر يېڭى ئەدەبىيات تەشكىلاتى. 1921 - يىلى گو مورو، يۇ دافۇ، چېڭ فاڭۋۇلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان، 1927 - يىلىدىن كېيىن يەنە بىر تۈركۈم يېڭى ئەزا قوشۇلغان، 1929 - يىل 2 - ئايدا

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پېچەتلەنگەن. بۇ تەشكىلات ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «ئىجادىيەت» (پەسىللىك ژۇرنال، ئايلىق ژۇرنال)، «ھەپتىلىك ئىجادىيەت گېزىتى»، «كەلكۈن»، «مەدەنىي پىپەن» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارنى چىقارغان ھەمدە «ئىجادىيەت مەجمۇئەسى»مۇ چىقارغان. «ئىجادىيەت تەھرىراتى»نىڭ ئاساسىي تايانچلىرى 1926 ـ يىلى گۇاڭجۇدا ئىدى.

(40) لۇشۈن بۇ يەردە گاۋ چاڭخۇڭلارنى كۆزدە تۇتقان.

(41) بۇ يەردە فېئودالىزم كۈچلىرى ۋە ھازىرقى زامان ئەنزارچىلىرى قاتارلىق دەللال بۇرژۇئا ئەدىبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(42) لۇشۈننىڭ شيامېندا بولغان مەزگىلدە ئېلان قىلغان فېلىيەتونلىرى، كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، كۆپ ئەمەس. ئۇ 1926 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شۈي گۇاڭپىڭغا يازغان خېتىدە: «··· مېنى ماقالە يېزىشقا ئالدىرىتىپ كەلگەنلەرگە كۆپىنچە پەرۋا قىلمىدىم. ئىشىمدا ئۆتكەن يېرىم يىلدىكىدەك ئالدىراشلىق يوق، بۇ گويا ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ ئەكسىچە، ئىلگىرىلىگەنلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن» دەپ يازغان. بۇ يەردىكى «يەنە بىر تەرەپتىن» دېگەن سۆز لۇشۈننىڭ ئۆزىنى ئىدىيە جەھەتتىن ئادالىغانلىقىغا قارىتىلغان. شۈي گۇاڭپىڭ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىكى جاۋاب خېتىدە لۇشۈنگە: «سىز ئىشىمدا ئۆتكەن يېرىم يىلدىكىدەك ئالدىراشلىق يوق، بۇ بەلكىم ئىلگىرىلىگەنلىكتۇر دەپسىز. ئۇنداق بولسا ئۆتكەن يېرىم يىلدىكىدەك ئالدىراشلىق بولمىغىنى نېمىسى؟ بۇنىڭغا باشقىلارنىڭ سىزنىڭ چىشىڭىزغا تەگكەنلىكى سەۋەب بولدىمۇ يا؟ باشقىلارنى مەركەز قىلماي، ئۆزىڭىز ئەھۋالغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىڭ» دېگەنىدى. لۇشۈن ئۇنىڭغا بۇ خېتىدە جاۋاب بەرگەن.

(43) «دولقۇن كېمىسى» — ئۆز ۋاقتىدا شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار تەشكىللىگەن «دولقۇن كېمىسى» تەھرىراتى بىلەن «شاۋقۇن» تەھرىراتى چىقارغان ئايلىق ژۇرنال. بۇ ژۇرنال ماقالىلىرىنى كۆرۈپ ـ تۈزىتىپ بېرىشكە ۋە يېتەكچىلىك قىلىشقا لۇشۈننى تەكلىپ قىلغان؛ مەتبەئەدە بېسىش ئىشى ئۈچۈنمۇ لۇشۈن «شىمال يېڭىلىقلىرى» باسمىخانىسىنى سۆزلىشىپ بەرگەن؛ 1926 ـ يىل 11 ـ ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، جەمئىي ئىككى سان چىققان، كېيىن لۇشۈننىڭ شيامېندىن كېتىپ قېلىشى بىلەن نەشردىن توختاپ قالغان.

(44) «قۇيۇن» — ھەپتىلىك ژۇرنال بولۇپ، گاۋ چاڭخۇڭ بىلەن شياڭ پېيلياڭنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە چىققان.

(45) «مېنىڭ بىر دوستۇم» — شۈي گۇاڭپىڭ. ئۇ 1926 ـ يىل





قىشتا گۇاڭجۇدىن كېتىپ، شەنتۇغا بېرىپ ئىنقىلابىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

(46) لۇشۈن شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئىلغار ئوقۇغۇچىلار بىر تەرەپتىن، لۇشۈننىڭ شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا داۋاملىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ جاھىلانە تەدبىرلىرىنى تەنقىد قىلغان، كېيىن مەكتەپنى ئىسلاھ قىلىش دولقۇنىنى قوزغىغانىدى.

(47) بۇ يەردە جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۈي گۇاڭپىڭنى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا ياردەمچى مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(48) «بوم قوڭغۇراق» تەھرىراتى — ئۇ ئەسلىدە 1924 ـ يىلى شاڭخەيدە قۇرۇلغان «چىم» تەھرىراتى بولۇپ، «چىم» ناملىق پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال چىقارغان؛ تۆت سان چىقارغاندىن كېيىن توختاپ قالغان. ئۇنىڭ ئاساسىي ئەزالىرى فېڭ جى، ياڭ خۇي، چېن شياڭخې قاتارلىق كىشىلەر ئىدى؛ 1925 ـ يىلى «بوم قوڭغۇراق» تەھرىراتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ھەپتىلىك «بوم قوڭغۇراق» ئەدەبىي ژۇرنىلىنى چىقارغان.

(49) گاۋ چاڭخۇڭنىڭ ھەپتىلىك «قۇيۇن» ژۇرنىلىنىڭ 7 ـ سانىدا (1926 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) ئېلان قىلغان «···غا» سەرلەۋھەلىك شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار ئىدى:

ئاي، سېنى بەردىم ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ،
تۈن ساڭا قانسۇن تازا ھۇزۇرلۇنۇپ،
······
تۈن قاراڭغۇ ھەم سوغۇق،
قىزغىنار ئۇ قۇياشتىن؛
قۇياش كەتتى تاشلاپ ئۇنى،
ئايرىلدى مەڭگۈ قاياشتىن.

(50) بىر پارچە ھېكايە — بۇ يەردە «ئايغا سەپەر» (كېيىن «يېڭى تۈزۈلگەن كونا ھېكايىلەر»گە كىرگۈزۈلگەن) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# مەكتۇپلار

# 180705 چيەن شۈەنتۇڭغا[1]

شۈەنتۇڭ ئاكا:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئىلگىرى، 7 - ئايدا كونسپېك يازماقچىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن «يېڭى ياش»[2] ژۇرنىلىنى چىقىرىش ئىشىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىمەن، كېلەر يىل ئۆزۈم ئىككى سان چىقىرىمەن، دېگەنىدىڭىز، ئەمدى نېمىشقا يەنە ئۆزىڭىز چىقىرىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ چېمبېڭ[3] قىسقىراق بىر پارچە ھېكايە تەرجىمە قىلىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتقانىدى، لېكىن تېخىچە ئەۋەتىپ بەرگىنى يوق؛ ئېھتىمال ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئىچكى - تاشقى ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ قالغاندۇر، ھەر ھالدا بىرقانچە كۈندىن كېيىن پۈتتۈرۈشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە زادىلا ئۇچۇر بەرمىگەنلىكىدىنمۇ ئاغرىنغىلى بولمايدۇ، 20 - چېسلاغىچە تەرجىمە قىلىپ بولۇشى مۇمكىن. پېقىر ۋەدە قىلغان بىر پارچە ماقالىنىمۇ[4] ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، چۈنكى پېقىر ئىشلەيمەن دەپ ۋەدە قىلغان نەرسىلەر ئىلگىرىكىدىن ناھايىتى كۆپ بولدى، ئەمما قول سېلىپ ئىشلىگىنىم يوق. ئەنە شۇ ئەھۋالغا قاراپ پەرەز قىلغاندا، ئىشلىمەسلىكىمنىڭ ئېھتىمالى ئاتمىش پىرسەنتتىن ئاشىدۇ.

جۇڭگونىڭ مىللىي تەۋررۇكلىرى[5] ئوسۇرۇقتا دال بولمايدىغان بىر نەرسە ئىدى، لېكىن، بەزىبىر نائەھلىلەر بۇ ھەقتە مەجمۇئە چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇمۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس. بۇ نائەھلىلەر ھازىرمۇ ئادەمخورلۇق قىلماقچى، ئۇلار بىر

چاغلاردا ئادەم قەلبىگە قىلتاق قويۇپ، ئادەم گۆشىنى سېتىپ
يۇرگەن ئاغلاقچىنى يىگىتۇبىشى قىلىشىۋاپتۇ[6] . قاراڭ ئۇلارنىڭ
دىتىنى! مانا مۇشۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزىلا پېقىرنىڭ ھومىيىپ قارد-
شىمغا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇلارنى ئىزا - ئەلەمگە قالدۇرۇشۇم تېخى
ئىككىنچى گەپ. پېقىر يۇەن شىكەي زامانىسىدا[7] تاج كىيگەنمەن
(نامەلۇم بىر ئادەمنىڭ سۆزى) ، ئەۋلىيايىئەزەم، پىر ئۇستاز[8]
ھەزرەتلىرىنىڭ ھەققىگە دۇئا - تەكبىر قىلىش مۇراسىمغا قاتناش-
قان ئاقساقاللارغا ساقىيلىق قىلغانمەن، كۆرگەن - بىلگەنلىرىم
ئاز ئەمەس، شۇنىڭ ئۇچۇن كونىلىقنى ھەرقانچە تىرىلدۇرۇشىد-
مۇ، مىللىي تەۋەررۇكلەرگە ھەرقانچە ئىتمات قىلىشىمۇ قورقۇپ
كەتمەيمەن. لېكىن، بۇ نائەھلىلەرنىڭ مەخسۇسلا «يېڭى ياش» قا
قارشى نەس ژۇرنال چىقارماقچى بولۇۋاتقانلىقى كىشىنىڭ قورسد-
قىنى كۆپتۇرىدۇ. «يېڭى ياش» نىڭ ئۇلارنى شۇنچە بىئارام قىلد-
ۋەتكەنلىكىنى دەسلەپتە خىيالىمغىمۇ كەلتۇرۇپ باقماپتىكەنمەن.
ئۇلار چىقارماقچى بولغانىكەن، قېنى چىقارسۇن، كۆرۈپ باقايلى،
ئۇلارنىڭ قانداق مىللىيلەشتۇرۇشىنى، قانداق تەۋەررۇكلەشتۇ-
رۇشىنى، قانداق ئالجىشىنى، قانداق كاپشىشىنى، قانداق چۇش
كۆرۇشىنى، قانداق ئاغلاقچىلىق قىلىشىنى كۆرۈپ قويۇشمۇ كىشى
ئۇچۇن زور راھەت. مىللىي تەۋەررۇكلەر مەجمۇئەسى ياشاپ كەت-
سۇن! ئالجىغان قېرى - چۇرى قاقۋاشلار ياشاپ كەتسۇن!
پاشا چېقىۋاتىدۇ، خېتىمنى شۇ يەردە توختىتاي.

لۇشۇن

7 - ئاينىڭ 5 - كۇنى





# 190416 فۇ سىنيەنگە[9]

مېڭجىن ئەپەندى:
خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. «يېڭى دولقۇن»[10] توغرىسىدا
ھازىر باشقا پىكرىم يوق. كېيىنچە خىيالىمغا بىرەر پىكىر كېچىپ
قالسا، ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىشقا تەييارمەن.
«يېڭى دولقۇن» نىڭ ھەربىر سانىدا پۇتۇنلەي پەي توغرىسىدا
يېزىلغان بىر - ئىككى پارچە ماقالىنىڭ بولغىنىمۇ ياخشى. لې-
كىن، مېنىڭچە، تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتمىسۇن. ئەڭ ياخشىسى،
قانداقلا بولسۇن، جۇڭگونىڭ كونا كېسەللىرىگە بىرنەچچە نەشتەر
ئۇرۇش كېرەك، مەسىلەن، ئاسترونومىيە توغرىسىدا يازغاندا قە-
مەرييەنى تىللاش كېرەك؛ فىزىئولوگىيە توغرىسىدا يازغاندا تېۋىپ-
لارنى دۇمبالاش كېرەك. ھازىر قېرى جانابلار «يەر شارى سوقد-
چاق» بولىدۇ، «ئېلېمېنتلار 77 خىل» بولىدۇ[11] دېگەن سۆز-
لەرنى ئاڭلىسا ئۇنىڭغا قارشى چىقمايدىغان بولدى. «يېڭى دولقۇن»
ئەنە شۇنداق ماقالىلەر بىلەن تولۇپ كەتسە، ئۇلار بەلكىم ئۆز
كۆڭلىدە خۇش بولىدۇ (ئۇلارنىڭ بىر - ئۇنچىسى ھازىر
ياش - ئۆسمۇرلەرنىڭ مۇھاكىمە قىلماستىن، مەخسۇسلا پەنگە
ئەھمىيەت بېرىشىنى تەرغىب قىلىدىغان بولۇپ قالدى. «يېڭى
دولقۇن» نىڭ 3 - سانىدا شى جىيۇەن ئەپەندىنىڭ بىر پارچە خېتى
بار ئىكەن، ئۇمۇ شۇلارنىڭ دامىغا چۇشۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ) .
ھازىرقى ۋاقىتتا مۇھاكىمە قىلىش كېرەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە پەنگە
ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ پەنگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن تەڭ
مۇھاكىمىنى قىلىۋەرسەك، ئۇلارنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپالماي قې-

لىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزىمىزمۇ خەلقئىئالەم ئالدىدا بەتنامغا قالمايمىز. قىسقىسى، ئۈچ سۇلتان، بەش پادىشاھ[12] دەۋرىدىكى نەزەر بىلەن قارىغاندا، پەنگە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە مۇھاكىمە قىلغان ئادەملەر گويا چايان بولۇپ كۆرۈنەتتى، پەنگە ئەھمىيەت بەرگەنلەر ئاق يىلان، مۇھاكىمە قىلغانلار چار يىلان دەپ قارىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىملارنىڭ قولىدا كالتىكى بار ئىكەن، ئۇلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتىن يانمايتتى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، تېخىمۇ زەھەرلىك بولغان ياخشى. لېكىن، يىلاننىڭ كالتەك ئاستىدا ئۆلۈشنى خالىمايدىغانلىقىدا گەپ يوق.

«يېڭى دولقۇن» دىكى شېئىرلار ئىچىدە لىرىكىلىق شېئىرلار ئاز، ئېپىك شېئىرلار كۆپ ئىكەن، شۇڭا ئانچە قىزىقتۇرمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇسلۇب جەھەتتە بىر - بىرىگە ئانچە ئوخشاشمايدىغان شېئىرلارنىڭ كۆپرەك بولغىنى ياخشى. چەت ئەل شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بېسىشمۇ مۇھىم ئىش، ئەپسۇسكى بۇ ئىش ئاسان ئەمەس.

«سەۋدايى خاتىرىسى» ناھايىتى خام، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ ئالدىراش يېزىلغان، بەدىئىيلىكى جەھەتتىن ئالغاندا، يارىمايدۇ. خېتىڭىزدە ياخشى دەپسىز، ئېھتىمال كېچىدە ئۇچارقاناتلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، شەپەرەڭنىڭلا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئوخشايسىز. مەن ئۆزۈمنىڭ يازغۇچى ئەمەسلىكىنىبىلىمەن، ھازىر چۈقان سېلىپ يۈرۈشتىن مەقسىتىم — مېنىڭچە، جۇڭگودا تالانت بارلىقىغا كېلىشى تېگىشلىك ئىدى، بىراق جەمئىيەت ئۇلارنى تىك مولىلاق چۈشۈرۈۋاتىدۇ، — جۇڭگونى غەپلەتتىن ئويغاتسىكەن، دېگەندىن ئىبارەت.

«يېڭى دولقۇن» دىكى «قار كېچىسى»، «بۇمۇ ئادەم»، «مۇھەببەتمۇ ياكى رىيازەتمۇ»[13] (باش تەرىپىدە ئازراق ئەيىب بار) ياخشى يېزىلغان. بۇنى شاڭخەيدىكى ھېكايە يازغۇچىلار چۈشىدىمۇ





كۆرمىگەن. مۇشۇنداق يېزىلىۋەرسە، ئىجادىيەتتە خېلى ئۈمىد بار. «ۋىندىمىر خانىمىنىڭ يەلپۈگۈچى»[14] ناھايىتى ئوبدان تەرجىمە قىلىنغان. «شەپەق»[15] نىڭ ھەقىقەتەن تەرىپلىنىگۈچىلىكى يوق ئىكەن.

لۇشۈن

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

# 200504 سۇڭ چۈنيىگە[16]

ساۋاقدىشىم چىفاڭ جانابلىرىغا:

ئالدىنقى كۈنى يازغان مۇبارەك مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ھەرنە يازمىشلىرىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم.

كەمىنە خىزمەتكارىڭىز بۇلتۇر قىش بالا ـ چاقىلىرىمنى ئېلىپ شىمالغا كېلىش ۋاقتىدا شاۋشىڭغا چۈشۈپ ئۆتكەنىدىم، سەپىرىم تولىمۇ ئالدىراش بولغاچقا، خاڭجۇدىكى شاۋشىڭلىق يار ـ بۇرادەرلىرىم بىلەنمۇ دىدار كۆرۈشەلمىدىم، بۇنىڭغا ھازىرمۇ ھەسرەت قىلىمەن!

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەملىكەت ئىچىدىكى ئەنسىزلىك ئوقۇغۇچىلارغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى، ئۇلارنىڭ مالىمانچىلىق ئىچىدە قالغىنىغا بىر يىل بولۇپ قالدى. جاھالەتچىلەر بۇ ئەھۋالنى مالىمانچىلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قاراۋاتىدۇ؛ ئىسلاھاتچىلار بولسا ناھايىتى تەرىپلەۋاتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوقۇغۇچىلارنى بەزىلەر بالايىئاپەتنىڭ ئوتقۇيرۇقى دېسە، بەزىلەر جىگەرلىك غازى دەپ ماختاۋاتىدۇ. لېكىن، كەمىنە خىزمەتكارلىرىنىڭ قارىشىچە، جۇڭگوغا ھېچقانداق تەسىر قىلغىنى يوق، پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسىدىنلا ئىبارەت، جىگەرلىك غازى دېگەن سۆز ھەددىدىن ئاشۇرۇپ تەرىپلىۋەتكەنلىك؛ بالايىئاپەتنىڭ ئوتقۇيرۇقى دېگەن سۆز تولىمۇ ئۇۋال قىلغانلىق.

جەنۇب تەرەپتىكى مەكتەپلەردە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر بۇ يەردىكىگە قارىغاندا ناھايىتى غەلىتە بولسا كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارنى تۆت تەبىقىگە ئايرىش مائارىپ تارىخىدىكى بىر يېڭى دەۋر بولسا





كېرەك. بېيجىڭدا ھازىر تېخى ئۇنداق ئىشلار بولغىنى يوق، پەقەت ئالىي سانائەت مەكتەپلىرىنىڭ مۇدىرلارنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقى بىرئاز پار بولالايدۇ. لېكىن، بۇ يەردە مۇدىرلار تەشەببۇس قىلمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقمىغان. ئەگەر بۇ يەردىمۇ مۇدىر جياڭنىڭ[17] ئۇسۇلىدەك ئۇسۇل قوللىنىلغان بولسا، ھادىسە ئوخشاش بولغان بولاتتى. مۇلاھىزىچىلەر جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ پەرقىنى كۆپ سۆزلەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ئوخشاش بىر جۇڭگو ئادىمى بولغاچقا، مىجەزىدە ئانچە چوڭ پەرق يوق.

يېقىندىن بۇيان يېڭى ئىدىيەۋى ئېقىم دېگەن نەرسە چەت ئەللەردە ئومۇمىي بىر نەرسە بولۇپ قالدى، لېكىن جۇڭگوغا كىرىشى بىلەنلا كىشىنى چۆچۈتمەكتە. تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئىدىيەدە ئۇزۇل ـ كېسىل ئەمەس، ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىر يەردىن چىقمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقاچان نۇقسان پەيدا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ؛ يېڭى ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ ئۆزى بۇنىڭغا جاۋابكار ئەمەس، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، جۇڭگودىكى كونىلىقلارنىڭ ھەممىسى بەربىر گۇم بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە يېڭى تەلىمات بىلەن ياردەم بېرەلەيدىغان بولساق، ئىسلاھات تەرتىپلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاپىتىمۇ تەبىئىي گۇم بولغىنىدەك قاتتىق بولمايدۇ. بىراق، جەمئىيەت كونىلىققا چاپلىشىۋېلىۋاتىدۇ، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى بولسا ئۆز سۆزىگە ئەمەل قىلمايۋاتىدۇ، ئۇلار گويا بىر ـ بىرىگە يېپىشمايدىغان چىچىلاڭغۇ قۇم؛ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، كەلگۈسىدە ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالالماسلىقتىن باشقا يول يوق.

ھازىرقى كۈندىكى مۇھاكىمىچىلەر، روسىيىنىڭ ئىدىيەۋى ئېقىمى جۇڭگوغا يۇقۇپ قالسا مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدۇ، دەپ تەشۋىشلىنىۋاتىدۇ. بۇمۇ يوقىلاڭ گەپ. مالىمانچىلىق بولىدۇ، ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ يۇقۇپ قېلىشى ناتايىن. جۇڭگولۇقلارنىڭ

يۇقتۇرۇۋېلىش خۇسۇسىيىتى يوق، باشقا ئەللەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېقىمى يەرلىشىپ كېتىشى ناھايىتى تەس. كەلگۈسىدە مالىمانچىلىق بولسا، ئۇمۇ روسىيىچە مالىمانچىلىق ئەمەس، جۇڭگوچە مالىمانچىلىق باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ياخشىراق بولامدۇ، يوقمۇ، بۇنىڭغا مەندەك كەم پاراسەت ئادەم ھۆكۈم قىلالمايمەن.

قىسقىسى، كونا دەستۇرلارنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىدە شەك يوق؛ ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى مەنسەپدارلارنىڭ ئارزۇ قىلغىنىغا ئوخشاش ھازىرقىدەك ھالەتتىمۇ بولمايدۇ، يېڭى مۇتەخەسسىسلەر تەرغىب قىلغان يېڭى ئۇسۇلدىمۇ بولمايدۇ، لېكىن ئەرەختەن - پەرەختەن بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

جۇڭگو جۇمھۇرىيەتنى دوراپ قاملاشتۇرالمىغانىدى، مۇلاھىزىچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى جۇڭگوغا جۇمھۇرىيەت مۇناسىپ كەلمەيدىكەن، دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە ئىلگىرىكى ئىستىبداتلىقلارنىڭ قايسىسى مۇناسىپ كەلگەن؟ ئىستىبداتلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردىمۇ سادىق مۇلازىم بولغان ئەمەس، شۇڭا ئۇ دۆلەتمۇ قۇدرەت تاپالمىغان.

كەمىنىلىرىنىڭ قارىشىچە، تۇپ - نېگىزلىك ئىلىم بولمايدىكەن، ۋەتەننى سۆيىمىز دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ئەمدى بەل باغلايدىكەنمىز، جاپاغا چىداپ ئىلىم - پەننى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئەپسۇسكى، بۇ سۆز ھازىرقى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ.

ھۆرمەت بىلەن خەيرلىككىزنى تىلەپ:

كەمىنىڭىز جۇ شۇرېن

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى





# 210103 خۇ شىغا[18]

شىجى ئەپەندى:

چىمېڭ دۇشيۇغا ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى كۆرۈپ، ئىككىنچى چارە بويىچە ئىش قىلىشنى ناھايىتى ياخشى دەيدۇ. ئۇ ھازىر كېسەل، دوختۇر ئۇنىڭ خەت يېزىشىغا رۇخسەت قىلمىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ئۇچۇر بېرىۋاتىمەن.

مېنىڭ پىكرىمچە، ئۇچىلىسى بولىدۇ[19]، لېكىن ئەگەر بېيجىڭدىكى سەپداشلىرىمىز چوقۇم ئىشلەيمىز دەيدىغان بولسا، ئالدىنقى ئىككى چارىنى قوللانساقمۇ بولىدۇ، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئىككىنچى چارە تېخىمۇ مۇۋاپىق. سىياسىي مەسىلە ئۈستىدە گەپ قىلمايمىز دەپ خىتابنامە ئېلان قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەم، مېنىڭچە، ئۇنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنىڭ ئازغىنە بىر قىسىم سەۋەبى شۇكى، «باشقىلارغا ئۆزىمىزنى ئاجىز كۆرسىتىشنى خالىمايمىز»[20]، ئەلۋەتتە، ئەمەلىيەتتە «يېڭى ياش» دىكى ئۇلپەتلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى، مەيلى ھەر قانداق خىتابنامە ئېلان قىلايلى، بەربىر ھۆكۈمەتنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، ھۆكۈمەت كەڭچىلىك قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، ئىلىم، ئىدىيە، سەنئەت خۇسۇسىيىتىنى قويۇقلاشتۇرىدىغانلا بولساق — ماڭا نامەلۇم بولغان بىرنەچچە كىتابخان «يېڭى ياش» نىڭ شۇنداق چىقىرىلىشىنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىدۇ — ياخشى بولىدۇ.

جۇ شۇرېن

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

# 270925 تەي جىڭنوڭغا[21]

جىڭنوڭ ئاغا:

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. بەننۇڭ[22] ئەپەندىگە ئېيتىپ قويغايسىز، ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىگە، ئۆزۈم ئۈچۈن، جۇڭگو ئۈچۈن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. لېكىن، مېنىڭ ئۆزرەم بار، مەن ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن.

نوبېل[23] مۇكاپاتىغا لياڭ چىچاۋ[24] غۇ مۇناسىپ ئەمەس، مەنمۇ مۇناسىپ ئەمەس. ئۇ پۇلنى ئېلىشقا يارىغۇدەك تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىم يوق. دۇنيادا مەندىن ياخشى يازغۇچىلار ئازمۇ، ئۇلارمۇ ئالالمايۋاتىدۇ. مەن تەرجىمە قىلغان «كىچىك يۇھەننا»نى كۆرگەنسىز، ئۇنداق ئەسەرنى يېزىش مېنىڭ قولۇمدىن قانداقمۇ كەلسۇن، ئەنە شۇنىڭ ئاپتورىمۇ ئالالمىدىغۇ.

ئېھتىمال، مېنىڭ جۇڭگو ئادىمى بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ، «جۇڭگو» دېگەن سۆزنىڭ يۈزى بولغانلىقىنىڭ خاسىيىتى بولسا كېرەك. ئۇنداق بولسا، مېنىڭ چېن خۇەنجاڭنىڭ[25] ئامېرىكىدا «كۇڭزىچىلارنىڭ مالىيە نەزەرىيىسى»نى يېزىش بىلەن ئالىملىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن پەرقىم بولماي قالىدۇ، بۇمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش.

مېنىڭچە، جۇڭگودا نوبېل مۇكاپاتى ئېلىشقا يارىغۇدەك ئادەم يوق، شۋېتسىيىنىڭ، ئەڭ ياخشىسى، بىز بىلەن كارى بولمىسۇن، بىزنىڭ ھېچبىر ئادىمىمىزگە بەرمىسۇن. ئەگەر سېرىق بەتلىك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىدىغان بولسا، ئەكسىچە، جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى ئۆستۈ-





رۈپ قويىدۇ، جۇڭگو ئادەملىرى ھەقىقەتەن باشقا ئەللەرنىڭ چوڭ يازغۇچىلىرى بىلەن تەڭ تۇرالايدىكەنمىز، دېگەن خىيالغا كېلىپ قالىدۇ ـ دە، نەتىجىسى تېخىمۇ يامان بولۇپ چىقىدۇ.

ھازىر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى يەنىلا قاراڭغۇلۇق. بىر ئاز ھارغىنلىق، دەرمانسىزلىق ھېس قىلىۋاتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن يېزىش ـ يازالماسلىقىم ناتايىن. ئەگەر مۇكاپاتنى ئېلىپ قويۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن قەلەم تەۋرەتمەي قالسام، باشقىلارغا يۈز كېلەلمەيمەن؛ ئەگەر يەنە يازسام، ئېھتىمال موللاملارچە بىر نەرسە بولۇپ، كۆرگۈچىلىكى قالماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلگىرىكىدەك نامسىز، گاداي ئۆتكىنىم ياخشى.

«نامسىز تەھرىرات»نىڭ مەتبۇئاتلىرىنىڭ بۇ يەردە ئىناۋىتى بار، لېكىن ئۇلارنى سېتىپ بېرىدىغان ئورۇن ئانچە كۆپ ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. كىتابخانىلارنىڭ تولىسى زامانىغا باقىدۇ، بۇلتۇر گومورونىڭ كىتابلىرىنىڭ بازىرى چاققان بولغانىدى، بۇ يىلنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا مېنىڭ كىتابلىرىمنىڭ بازىرى چىقتى، ھازىر «دەي جىتاۋ[26] نىڭ نۇتۇقلىرى» ھە دەپ سېتىلىۋاتىدۇ (جياڭ جيېشىنىڭمۇ بىر مەھەل دەۋران سۈرۈپ قالدى). بۇ يەردە كىتابلار، خۇددى چار بازارچى دورىپۇرۇشلارنىڭ يولۋاس سۆڭەكلىرىنى ئۆز يېنىغا ئېسىپ قويۇشى زۆرۈر بولغىنىدەك، ئاپتورى تۆپىدە تۇرسا ھەم سۆلەتلىك بولسا ئاقىدىغان بولۇپ قالدى.

يەنە بەزى ئۇششاق ـ چۈششەك مەسىلىلەر بار ئىدى، ئۇلارنى جى يېگە يازغان خېتىمدە تەپسىلىي يازدىم، شۇڭا بۇ يەردە تەكرارلىمايمەن.

لۇشۈن

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

## 280722 ۋېي سۇيۇەنگە[27]

سۇيۇەن ئاغا:

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۇنىدىكى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم.

«تەسۋىرىي سەنئەت پىكىر ئېقىمى توغرىسىدا»[28] «شىمال يېڭىلىقلىرى» ناملىق ئايلىق ژۇرنالدا چىقىۋاتىدۇ، تېخى كىتاب بولۇپ چىقمىدى، كىتاب بولۇپ چىققاندىن كېيىن ئەۋەتىپ بېرىمەن.

«تەپەككۇر، تەبىئەت مەنزىرىسى، پېرسوناژ»[29] غا دىققەت قىلماپتىمەن، سېتىلىش ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسىدا باھالايدىغان كىتابلارنى مەنمۇ بىرئاز كۆردۈم، تارىخىي ماتېرىيالىزم تولىمۇ ئۆتكۈر ئىكەن، بىرمۇنچە تۇتۇق چىگىك مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرەلەيدىكەن. لېكىن، يېقىندىن بۇيان «ئىجادىيەت تەھرىراتى» چىلار[30] بولسا ھەرقانداق بىر نەرسە يېزىشتا شۇ تارىخىي ماتېرىيالىزمغا ئاساسلانماي بولمايدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى گىچماچلاشتۇرۇپ قويىدى. لېكىن، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان يەنە زۇۋان سۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار توخۇ يۈرەكلىكىگە باقماي ئىنقىلاب قىلماقچى تېخى.

سوۋېت روسىيىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە دائىر كىتابلار گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى ۋە خۇنەن، خۇبېيلاردا سېتىلمايدىكەن، قايتۇرۇشۇۋېتىپتۇ.





ھازىر مېنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىمدە قىيىنچىلىق يوق، بىراق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار تولىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ھەركۈنى دېگۈدەك ئەنە شۇنداق ئىشلار بىلەن كۆمۈلۈپ قېلىۋاتىمەن، ئەتتەڭەي.

شاڭخەيدە ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتتى، كېچىلىرى پاشىمۇ كۆپ، ئىشلىگىلى بولمايدۇ. شىسەندە بۇنداق جاپا بولمىسا كېرەك[31].

لۇشۈن

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۇنى

# 300327 جاڭ تىڭچيەنگە[32]

ماۋچېن ئاغا:

25 ـ كۈنى يازغان خېتىڭىزنى بۈگۈن تاپشۇرۇۋالدىم.

شوتا توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ناھايىتى توغرا، بۇ ھەقتە مەنمۇ خېلى ئويلىنىپ قويغانىدىم، ئەگەر كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان جانابلار بۇ شوتا بىلەن يۇقىرىراق ئۆرلىيەلەيدىغان بولسا، مەن ئاياغ ئاستى بولۇپ كەتسەممۇ مەيلى. جۇڭگودا شوتىلىق رولىنى ئوينىيالايدىغانلارمۇ ئەمەلىيەتتە مەندىن باشقا كۆپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، 10 يىلدىن بۇيان «نامسىز تەھرىرات»[33] قا، «قۇيۇن تەھرىراتى»[34] غا، «سەھەر غۇنچىسى تەھرىراتى»[35] غا ياردەم بېرىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماي، خورلانماي قالغان يېرىم يوق. لېكىن، جۇڭگودا زەكىي ئادەملەر بارلىققا كەلسىكەن دەيدىغان ئارزۇيۇمدىن زادىلا قالغىنىم يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نۆۋەت يەنە ياشلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەركىنلىك ئىتتىپاقىغا قاتناشقاندىن تاشقىرى، سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىغىمۇ قاتناشتىم. شاڭخەيگە توپلانغان ئىنقىلابىي يازغۇچىلارنى يىغىن مەيدانلىرىدا ئۇچرىتىپ تۇرىمەن. لېكىن، مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ تولىسى كارغا يارىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە شوتا بولۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم، بىراق ئۇلار شوتىغا يامىشالىسىدى كاشكى!

دەرۋەقە، بىر نەچچە گېزىت يەنە ماڭا ھەدەپ ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، تەبىئىيكى، ئۇلار شەخسىيىتىمگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچى»لارنىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلغىنى بىلەن ئوخشاش، پەرقى پەقەت





شۇ يەردىكى، بۇ نۆۋەت «جىنايى قىلمىشلىرى ئېغىر» مىشمەن، «بالا ـ قازا» لىرىم بالامغىمۇ يەتكەنمىش. خەيىيىڭ[36] نىڭ تۇغۇلغىنىغا يېرىم يىل بولار ـ بولمايلا، جەنۇب ۋە شىمال گېزىتلىرى ئالتە ـ يەتتە قېتىم تەنە بىلەن تىللىدى. بۇنداق دۈشمەنلەرگە پەرۋا قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر يىل تەرجىمە ۋە يېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋەرمەكچىمەن.

سىزنىڭ «قورقۇنچاق ۋە شۇدسىز» لىكىڭىزگە ئەجەبلەنمەيمەن. دەم ئېلىش ئارزۇسى مەندىمۇ پات ـ پاتلا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بىراق، قايىنامغا يېقىنلىشىش بىلەنلا، تەبىئىيكى، بارغانسېرى چىڭ تارتىلىۋاتىمەن، ھەتتا بەزىدە قايىنامنىڭ مەركىزىگە كىرىپمۇ قالىمەن. قەلەم تۇتقىنىمغا 10 يىل بوپتۇ، بۇنىڭدىن ماڭا تەگكەن نەپ ھارغىنلىق ۋە ئەرزىمەس غەلىبە ۋە ئىلغارلىق بولدى، شۇنداق بولسىمۇ يالتىيالمايۋاتىمەن، خەير.

سەي ئەپەندى[37] ھەقىقەتەن قەدىناس دوستلىرىنى ئۇنتۇمايدىغان ئادەم. ئەگەر ئۇ شىمال تەرەپكە بارىدىغان بولسا، سىزمۇ بىللە بارسىڭىز بولارمىكىن. بىراق، ئەھۋال خىلمۇخىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئەمدى بارماس بولغان بولۇشى مۇمكىن. بېيجىڭدىمۇ كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان ئىشلار خاڭجۇدىكىدەك كۆپ ئەمەستۇر. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئىلگىرىكى چاغلاردىكى ئاتالمىش جەڭچىلەرنىڭ ھازىر پەيلى بۇزۇق. بەزىلىرى زاۋالغا يۈزلەنگەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمۇ ناھايىتى پەسلىشىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ سەپداش بولغۇچىلىكى قالمىدى، ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلاي دېسەڭ تېخى. گەپنىڭ قىسقىسى، ھازىرقى ئەھۋال كىشىنى گويا پاتقاق ئازگىلىغا كىرىپ قالغاندەك بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. لېكىن، شىمال تەرەپنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى ياخشى، ئەگەر كۈندىن ـ كۈنگە خارابلىشىپ كەتمىگەنلا بولسا، بېرىپ ئولتۇرۇشقا خېلى يارايدۇ.

«شۆي فۇرېن» دېگەن سۆزنىڭ قايسى كىتابتىن چىققانلىقىنى بىلمەيمەن، قولۇمدا تەكشۈرۈپ كۆرگۈدەك كىتابمۇ يوق. مېنىڭ پەرىزىمچە، بۇ ئايالچە ئىسىم قويۇۋالغان ئەركەكنىڭ ئىسمى بولسا كېرەك. ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدە شۆي فۇ ( 徐负=徐妇 ) دېگەن خەت بارمىكىنتاڭ. ئەگەر بولسا، سىز ئېيتقان شۇ ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

چياۋفېن[38] شاڭخەيدىكى ئەھۋاللارنى بېيجىڭغا ئاڭلىتىپتۇ، نېمە مەقسەت بىلەن شۇنداق قىلىدىكىن، بىلمىدىم. ئۇ بۇ ھەقتە ماڭا ئېغىز ئاچمىدى. لېكىن، ئۇ دائىم قورساق بېقىشنىڭ قىيىن بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ھەسرەتلىنەتتى ھەمدە: باداۋاننىڭ[39] ئىشى كۆپىيىپ كەتتى، بىرەر ئىش چىقسىلا شىمالغا كېتىمەن دەپ ۋايسايدۇ، بارساڭ بار دەپ ياكى بارما، دەپ مەسلىھەت بېرىش تەس، شۇنىڭ دەردىدە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، دەيتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىدا بىرەر مۇددىئا بارمىكىن؟! بېيجىڭنىڭ (بولۇپمۇ باداۋاننىڭ) ئەھۋالى شاڭخەيگە ئانچە ئوخشاشمايدۇ، پادىشاھلارچە ئادەت ئاخىر ئەجنەبىيلەر دىيارىدىكى ئاھالىلەر بىلەن ئۆزئارا تىنچ ياشاشقا ئىمكان بەرمەيدۇ، چۈنكى كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرغان سەرسانلىق - سەرگەردانلىقلارغا قارىغاندا، ئەبەدىي ئاسايىشلىق ئۈمىدى بارا - بارا يوقىلىپ كېتىدىغاندەك، زۇلۇم كۈچەيسىلا ئاتالمىش «ئامانلىق» گويا جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن ئەسكى كەشتەك بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

يېزىقچىلىق ئىشى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشتە، شاڭخەيدىكى ئەھۋال تامامەن باشقا. سەرگەردانلارنىڭ ھال - كۈنى مۇقىم ئولتۇراقلىقلارنىڭ ھال - كۈنىگە قارىغاندا ياخشى. بۇمۇ بۇلتۇر «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» نىڭ راۋاج تېپىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. مەن گاھىدا شوتا بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ھازىر ئۆيدە





تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم (لېكىن خەتنى ئۆيگە يازسىڭىز، ھازىرمۇ قولۇمغا تېگىۋېرىدۇ) . بىراۋ تەرجىمە ماقالىنىڭ ھەر 1000 ھەرپىگە 10 دوللاردىن ھەق بېرىمىز دەپ ئالدىن ۋەدىلىشىپ قويدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەرىكەت ياكى پالاكەتلىك، تەبىئىيكى، ئەمەلىي كۈچىنىڭ ۋە زۇلۇمنىڭ دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ.

لۇشۈن

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېچىدە
مەلۇم بىر بالىخانىدا يېزىلدى

مۇشۇ خېتىم بىلەن فېي ئاكىغا ۋە شياۋيەن ئۇكىغىمۇ سالام يوللايمەن.

# 300920 ساۋ جىڭخۇاغا[40]

تەرجىمانلىق ۋاباسى ھازىر يەنە بىرئاز ئۇڭلىنىپ قالدى،
چۈنكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ياخشى - يامىنىغا قارىماي ھەممىسى-
گە ھەدەپ زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقتىن، تەرجىمانلارمۇ، نەشرى-
ياتچىلارمۇ بۇنداق كىتابلارنى سېتىشنىڭ قىيىنلىقىنى كۆرۈپ،
ئازغىنە كۈچ بىلەن كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان باشقا ئىشلار بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ كەتتى.

ھازىر ئەركىنلىك ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى بولغان
«چۈشكۈن ئەدىب»[41] لۇشۈن قاتارلىق 51 ئادەمنى تۇتۇشنىڭ
پېيىگە چۈشۈپتۇ. ئاڭلىشىمچە، ھەتتا ئۇلارنىڭ تەرجىمە ئەسەر-
لىرىنىمۇ (ئېھتىمال ھەتتا خەت - چەكلىرىنىمۇ) پوچتىخانىلاردا
يوشۇرۇن ھالدا تۇتۇشۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىلەر ئېتىنىڭ
يولىنى بۇراپ، بەدەر باشقا تەرەپكە يول ئالدى. شۇنىڭ بىلەن
تەرجىمانلار ساھەسىمۇ پاكلىنىپ قالدى، ئەمەلىيەتتە بۇ، ياخشى
ئىش.

بۇ يەردىكى يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىگە كەلسەم،
ئىلگىرى قۇرۇق داۋراڭدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى، نەتىجىسىمۇ
كۆرۈلمىگەنىدى. مانا ئەمدى ھەتتا قۇرۇق داۋراڭمۇ يوقىلىپ كەت-
تى. يېڭى ئەدىبلەر ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىردىنلا پرولېتارىيات
ئەدەبىياتچىسىغا ئايلىنىپ كېتىشكەنىدى[42]، ھازىر ئۇلارنىڭمۇ
ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مېنىڭچە، بۇنداق ئادەملەر يېڭى
ئەدەبىياتقا ناھايىتى زىيانلىق. ئۇلارنىڭ شۇنداق نامىنى ئوتتۇرىغا





چىقىرىپ، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغالسا، بۇنىڭ خاسىيىتى
ئۆچمەيدۇ. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، قاغا - قۇزغۇنغا ئوخشاش
بىمەنە تەشكىلاتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى،
ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىتالىيىچە، بەزىسى فرانسىيىچە تەشكىلات؛ لې-
كىن ئۇلارنىڭ بىرەر ئىجادىيىتى يوق. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئار-
تۇقچىلىقى شۇكى، ئۇلار زومىگەرلەرگە: پالانى ئادەمنىڭ ئەسىرى
رۇبلى ئالغانلىقنىڭ خاسىيىتىدىن كېلىپ چىققان، دەپ ئىشارەت
قىلىدۇ[43]. مەن ئىلگىرى ئەدەبىياتچىلار قولى ۋە مېڭىسى بىلەن
ئىش قىلىدۇ دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن، مانا ئەمدى بىلدىمكى،
بەزى ئادەملەر بۇرنى بىلەن ئىش قىلىدىكەن.

قىزىڭىزنى دوختۇرغا كۆرسەتمىگۈچە ساقايتىش قىيىن بولسا
كېرەك. ئەقلى - ھوشى جايىدا تۇرۇقلۇق، بەش - ئالتە ياشقا
كىرگۈچە تىلى چىقمىغانلىقىغا قارىغاندا، قۇلىقىدا كېسەل بولسا
كېرەك؛ چۈنكى ئۇنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمىغاچقا، گەپ قىلىشنى دورى-
يالمىغان. ئايىغىنىڭ چىقمىغانلىقى بەلكىم «لەقۋا» كېسىلىدىن
بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئوكۇلنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، خەيشېن
جۇڭگودا قۇۋۋەت دورىسى ھېسابلانسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قۇۋۋىتى نا-
ھايىتى ئاز (ئۇنىڭ قۇۋۋىتى بېلىق ياكى راك يېگەندىن كەلگەن
قۇۋۋەتچىلىكلا بار). ئوغلۇم خەيىڭگە دورا بىرئاز كار قىلىۋاتى-
دۇ. لېكىن، ئۇ دورا ئۇششاق كېسەللەرگىلا كار قىلالايدىكەن.

بىراق، ھازىر باشقا ئامالمۇ يوق، شۇڭا بۈگۈن بىر قۇتا
تابلېتكا، ئىككى جىڭ خەيشېن ئېلىپ، شىيەنىسى شىركىتىگە يەت-
كۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغانىدىم (بۇ شىركەتنىڭ پوچتا بۆلۈمى
بار، ھەرقانداق نەرسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ناھايىتى ئوڭاي)، ئۇلار-
نىڭ ئېيتىشىچە، لوشەنگە پوچتا ماڭمىغىلى يېرىم يىلدىن كۆپرەك
بولۇپ قاپتۇ، يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مېڭىش ئېھتىمالى بار
ئىكەن (سەۋەبىنى بىلمىدىم). شۇڭا، بۇ خالتىنى شىركەتتە قو-

يۈپ قويدۇم، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يەنە بېرىپ باقماقچىمەن.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر بېرىپ سوراپ باقدمەن.

بۇ يەردە سوغۇق چۈشۈپ قالدى. مەنمۇ قېرىپ قالدىم، بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىرنەچچە يار - بۇرادىرىم 50 ياشقا كىرگەنلىكىمنىڭ خاتىرىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى[44]، 50 يىل ياشىغان بولساممۇ، قىلچىلىك نەتىجە كۆرسىتەلمىدىم، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىمۇ بىرمۇنچە يېڭى ياشلار ئوتتۇرىغا چىقىسكەن، دېگەن ئۈمىدتىلا بولۇۋاتىمەن.

خەير، ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

ئىنىڭىز جۇ يۈنتەن

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

(ئادرېسىم ئىلگىرىكىدەك)





# 310202 ۋېي سۈيۈەنگە

سۈيۈەن ئاغا:

جىڭسۇڭغا ئىنىم[45] ئارقىلىق كەلگەن خەتنى تۈنۈگۈن كۆرۈپ، بۇ قېتىمقى پىتنە - ئىغۋانىڭ ھەتتا شىمال تەرەپكىمۇ تارقالغانلىقىنى، سىزنى ئەنسىرەتكەنلىكىنى بىلىپ، ناھايىتى ئېچىندىم. ئۆتكەن ئاينىڭ 17 - كۈنى شاڭخەيدە نەچچە ئون ئادەمنى قولغا ئېلىشىپتۇ، لېكىن تەپسىلىي ئەھۋالدىن خەۋىرىم يوق، بۇ يەردىكى چوڭ گېزىتلەرمۇ ھازىرغىچە بۇ ھەقتە بىرەر خەۋەر باسمىدى، كېيىنكى كۈنلەردە كىچىك گېزىتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مېنىمۇ شۇ قاتاردا قولغا ئېلىنغان دەپ يېزىلغانلىقىنى ئۇقتۇم. بۇ خەۋەر چىققاندا بىرنەچچە كۈن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاخبارات مۇئەسسەسەسى بۇ خەۋەرنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تارقىتىپ مېنىمۇ قولغا ئېلىنغان ئادەملەردىن قىلىپ قويۇپتۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ مەن شاڭخەيگە كەلگەندىن بۇيان ھۇجۇمغا ئۇچرىمىغان كۈنۈم بولمىدى، ھەر يىلى مېنىڭ ئۈستۈمدىن بىرنەچچە قېتىم پىتنە - ئىغۋا تارقىلىپ تۇردى. بۇ نۆۋەتتىكى پىتنە - ئىغۋا چوڭراق بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەزى ئادەملەر مېنىڭ شۇنداق ئەھۋالغا قېلىشىمنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ تولىسى ئاتالمىش «ئەدەبىياتچى»لار. مەسىلەن، چاڭچۇڭغا ئوخشاش بىرنېمىلەرنىڭ قارىشىچە، مەن «پۈتلىكاشاڭ»[46] بولۇپ قالغانمىشمەن، مېنى يوقىتىۋەتسە، ئاندىن ئۇلارنىڭ ماقالىلىرى ئالەمگە نۇر چاچارمىش. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق بولمايدۇ. مەن ئەدەبى-

يات تارىخىدا ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنى سۇيىقەست بىلەن يوقىتىۋې-
تىپ، ئۆزى ئەدىب بولۇۋالغان ئادەمنى كۆرگەن ئەمەسمەن.

لېكىن، جۇڭگودا پىتنە - ئىغۋامۇ ھەقىقەتەن كىشىنىڭ بې-
شىغا چىقماي قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېقىندا باشقا يەرگە
كۆچۈپ كەتتىم. جىڭسۇڭمۇ سالامەت، لېكىن بالا بېقىش بىلەن
ئاۋارە. مەن تېخى سىزگە خەۋەر قىلمىغان بولسام كېرەك، بىز
بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇپ قالدۇق، ھازىر بىر ياشقا كىرىپ
تۆت ئاي ئاشتى، ئۇنىڭ تۆرەلگىنىگە ئىككى ئاي بولار - بولمايلا
گېزىتتە «ئەدەبىياتچى» لارنىڭ ئىككى - ئۈچ قېتىم تىلىنىسى يې-
دى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭغا تەسىرى يەتكىنى يوق. ئۇ ناھايىتى
تېمەن.

يېقىندا GIadkov نىڭ «Zement» (ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى
«سېمېنىت») ناملىق ئەسىرىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى توپلىمىنى
باستۇردۇم[47]، جەمئىي 10 پارچە رەسىم: سىزگە «نامسىز تەھ-
رىرات» يېقىندا ئەۋەتىپ بېرىشى مۇمكىن. Fadejev نىڭ «تار-
مار» (Razgrom)[48] دېگەن ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ بولدۇم،
مەتبەئەگە بەرمەكچىمەن. جۇڭگودا ياشىماق ناھايىتى تەس بولسى-
مۇ، دۈشمەنلىرىم (يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىم) ناھايىتى كۆپ بول-
سىمۇ، لېكىن ھاياتلا تۇرىدىكەنمەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۈچۈن
كۈچ چىقىرىمەن. قېنى، يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن زالىم-
لارنىڭ قانىتى ئاستىدىكى نەس باسقان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ
قايسىسى بالدۇر كۈلگە ئايلىنار كىن، كۆرىمىز.

ئاغا، ئۆزىڭىزنى ئوبدان پەرۋىش قىلىپ، كېسىلىڭىزنى پات-
راق ساقايتىڭ. قانداقلا بولسۇن، كېلەچەك ئاخىر بىزگە مەنسۇپ
بولىدۇ.

لۇشۈن
2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى
جىڭسۇڭدىنمۇ سالام





# 310204 لى بىڭجۇڭغا[49]

بىڭجۇڭ ئاغا:

ئىنىمگە يازغان خېتىڭىزنى كۆرۈپ، شاڭخەيدىكى پىتنىنىڭ
ياپونىيىگىمۇ يېتىپ بارغانلىقىنى بىلدىم. سىزنىڭ مېنىڭ غېمىم-
نى يەپ يولغا چىقماقچى بولغانلىقىڭىزنى ئۇقۇپ، تەسىرلەنگەنلى-
كىمنى ھەم ئېچىنغانلىقىمنى سۆز بىلەن سۈپەتلەپ بېرىشكە ئاجىز-
لىق قىلىمەن!

مەن شاڭخەيگە كەلگەندىن بۇيان، تولىمۇ ئېھتىيات قىلغانلى-
قىم ئۈچۈن ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىشتىن توختاپ قالغۇدەك،
تىلىمنى سۆزدىن تارتقۇدەك بولدۇم، شۇنداق بولسىمۇ ئىلگىرى
قەلەم بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ئىسلاھات ئۆتكۈزۈش نىيىتىمدىن ياذ-
مىدىم. دېمەك، يىلتىز قۇرۇمىغاچقا، يەنىلا سول قانات يازغۇچى-
لار ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدىم. لېكىن، شاڭخەيدى-
كى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى كەمەكلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېنى
ئورنىغا تىقىپ، شۇنىڭ بىلەن مۇرادىغا يەتمەكچى. ئۇلار ئۇزۇندىن
بۇيان يوقىلاڭ گەپلەرنى تېپىپ، ماڭا پەشۋا بېرىپ كەلمەكتە.
ئۇلارنىڭ بىمەنىلىكىنى مېيىقىمدا كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا ئۆتكۈزۈپ
كەلدىم. ئۆتكەن ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ يەردە ياشلاردىن نەچچە ئون
كىشى قولغا ئېلىندى، ئۇلارنىڭ بىرى مېنىڭ ئوقۇغۇچىم (ئۇلار-
نىڭ قايسىبىرى ئۆز فامىلىسىنى «لۇ» دەپ ئېيتىپتۇمىش).
شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىبىر سۇخەنچىلەر مېنى قولغا ئېلىنىپ كەتتى
دېگەن گەپنى تارقىتىپتۇ. ئاخبارات مۇئەسسەسى پۈتۈن مەملىكەت
بويىچە خەۋەر تارقىتىپتۇ، كىچىك گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرىمۇ

ياۋىداق سۆزلەرنى پەيدا قىلىپ، بەزىسى مېنىڭ جىنايەتلىرىمنى
يېزىپتۇ، بەزىسى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە، لۇشۈننى تۇتۇش كې-
رەك، دېگەن ئىشارەتنى بېرىش مەقسىتى بىلەن مېنىڭ ئادرېسىم-
نى يېزىپتۇ. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئۇستەل ئالدىدا قەلەم تۇتۇپ
ئولتۇرۇشتىن باشقا غەرىزىمنىڭ يوقلۇقىنى ئۇلارمۇ بىلمەي قال-
مايتتى. بىراق، شاڭخەي ئادەملىرى تولا چاغلاردا بىر ئادەم-
نىڭ بالا - قازاغا يولۇققانلىقىنى كۆرسە، خوپ بوپتۇ دېيىشىدۇ،
كىشىنىڭ بېشىغا كۈلپەت كەلسە، ئۇنى شېرىن پاراڭغا ئايلاندۇرۇ-
شۇۋالىدۇ. ئۇلار ئاۋۋال لۇ خۇاڭنىڭ ئىشقىي سەۋداسىغا[50] گى-
رىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى، كېيىن ما جىڭخۇانىڭ ئۆزىنى سۇغا
تاشلاپ ئۆلگەنلىكىنى[51]، ئۇنىڭدىن كېيىن شياۋ خانىمنىڭ باس-
قۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى[52] ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەنىدى. مانا
ئەمدى نۆۋەت مېنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىمغا كەپتۇ. قەلەم ئىگىلى-
رى قەلىمىنى تەۋرەتكەندە ھېچقانچە كۈچىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ ماڭا كەلتۈرۈۋاتقان زىيانلىرى ئاز ئەمەس. بىچارە ئانامنىڭ
كۆزىدىن ياش قۇرۇمايۋېتىپتۇ، جان دوستلىرىمنىڭ ئەلەڭگۈلۈكى
بېسىقمايۋاتىدۇ. 10 كۈندىن بۇيان بۇ ھەقتە تۈزىتىش بېرىمەن دەپ
ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇياق - بۇياققا خەت يېزىۋاتىمەن. ۋادەرىخا!
بۈگۈن باشقا ئىشىم بولمىغاچقا، يىراقتىكى قەدىناسلىرىمنى ئەلەڭ-
گۈلۈكتىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن مانا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. «ئۈچ
قېتىم خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، مېھرىبان ئانىسى گۇمانغا كې-
لىپ، قولىدىكى موكىسىنى تاشلاپتۇ»[53]، «ھەممە ئادەم ئەيىب-
لەۋەرسە، ئادەم كېسەلسىز ئۆلىدۇ»[54]. بۇ زاماندا ياشىغان ئادەم
ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئەتە - ئۆگۈنلۈكىگە كۆز يەتكۈزەلمەيدۇ. ياپو-
نىيىگە قاراپ، ھەم تەسىرلەنمەكتىمەن، ھەم ئېچىنماقتىمەن.

سىزگە بەخت تىلەپ،

خانىمىڭىزغا سالام يوللاپ: لۇشۈن

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى





# 310218 لى بىڭجۇڭغا

بىڭجۇڭ ئاغا:

9 - كۈنى يازغان مۇبارەك خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ
زامان ۋە بۇ جايدا ياشىغان ئادەم گويا تىكەن - يانتاق ئىچىدە
قالغانغا ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ئېلىمىزدە باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن
بولۇش بىلەن ئۆزىنى بورداپدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس، خەپ!
بەزىدە بۇ خەۋپلىك دىياردىن بېشىمنى ئېلىپ كېتىش نىيىتىگىمۇ
كېلىپ قالىمەن، بىراق ئانا يۇرتۇمغا تارتىشىپ قالغانلىقىمدىن
پەشنى قېقىپ چىقالمايۋاتىمەن[55]. سەھرالىق ئادەملەر يۇرتىدىن
كېچەلمەيدۇ، ئوت - چۆپلەردىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ، خەير.

ياپونىيە بولسا مەن ئىلگىرى ئايلانغان يەر، مەنزىرىسى ياخ-
شى، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىدۇ. ئۇ يەر ماڭا تو-
نۇش بولۇپ قالغاچقا، كۆڭلۈم ئۇ يەرنى ئانچە تارتمىدى، بۇلتۇر
گېرمانىيىگە كەتكۈم كەلدى، لېكىن بۇ ئارزۇيۇم پەقەت كۆڭلۈم-
دىلا قالدى. ھازىر بولسا ئالتۇننىڭ باھاسى ناھايىتى ئۆرلەپ
كېتىۋاتىدۇ، ئۈچ ھەسسە ئۆرلەيدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
شاڭخەيدە بالا - چاقىلىرىم بار، بىر - بىرىمىزگە ئەرمەك بولۇپ
ئۆتۈۋاتىمىز، بۇ يەردىن كېتىپ قالسام، ئۆزۈمگىمۇ، بالا - چاقى-
لىرىمغىمۇ قىيىن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەردىمنى
ئىچىمگە يۇتۇپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگۈم بار.
ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلىرى يەنىلا بىر -
بىرى بىلەن پېتىشمايدىغان بولسا، بالا - چاقىلىرىم بىلەن بىللە
باشقا ئەلگە بېشىمىزنى ئېلىپ كېتەرمىز ياكى پېشانىمىزگە پۈتۈل-

گەننى كۆرەرمىز.

سەمىمي مەسلىھەتىڭىزدىن كۆپ مىننەتدار بولدۇم. لېكىن، ھازىر ئەندىشە قىلغۇدەك ئىش يوق، خاتىرجەم بولۇشىڭىزنى سورايمەن ھەمدە ئۆزىڭىزنى ئاسرىشىڭىزنى تىلەيمەن.

سىزگە بەخت تىلەپ:

لۇشۈن

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

رەپىقىڭىزگىمۇ سالام.





# 320509 زېڭتيەنشىغا[56]

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم. مەنمۇ تۈنۈگۈن بىر پارچە خەت يازغانىدىم، جانابىڭىزنىڭ ئادرېسىنى بىلمىگەچكە، شەنبېن خانىمدىن[57] ئەۋەتكەنىدىم، تەگكەندۇر.

جېيشەن ئەپەندى[58] ھەققەتەن جېيشەن ئەپەندىگە ئوخشايدىكەن. مەن دائىم: ياپونلار جۇڭگو مەستانىسى بولۇپ قالسىلا، ئۇنىڭ ئىشى تۈگەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. «مانجۇرىيە دۆلىتى»[59] دە كۈڭزى، مېڭزى تەرىقەتلىرى يوق، فۇيىمۇ ئادىللارنىڭ رەھىمدىللىك سىياستىنى يولغا قويىدىغان ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭ جانلىق تىل بىلەن يازغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانىدىم، ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق.

راھىب مەنشۇ[60] ياپونچە تىلنى ناھايىتى ياخشى سۆزلەيدىكەن، مەن ئۇنى ياپون ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.

«گۈدۈڭ دوۋەن»[61] نىڭ 4 - سانىنى شەنبېن خانىمدىن تاپتىم. زوتېڭ ئەپەندى ناھايىتى تارتىنچاق ئىكەن، ھەممىسىنى ئالماي، پەقەت بىر قىسمىنىلا ئەكەتتى، ئەمەلىيەتتە 10 پارچىنى تولۇق كۆچۈرۈپ تەييارلىسىمۇ ياخشى قىلغىنى[62]. چۈنكى، «ئۈچ بىكار» باسمىخانىسى ھامىنى غۇلايدۇ.

ليەنتيەن ئەپەندىنىڭ[63] ئېيتىشىچە، پاراخوت باشلىقى شەنبېن ياپونىيىگە قايتىپ مېڭىپتۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇنىڭ رەپىقىسى شاڭخەيگە كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، بۇمۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى

پۈشۈرىدىغان بىر ئىش.
چۇشاڭ ئەپەندى[64] «ئەدەبىيات فرونتى»[65] غا ماقالە يازغا-
نىكەن. «پرولېتارىيات ئەدەبىياتى» نىڭ 5 - سانىغا بېسىلغان
جۇڭگو سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ خېتىگە قارىسام، ئۇنى ناھايىتى
قاتتىق تەنقىد قىپتۇ.
بىز ھەممىمىز ئامان - ئېسەن. بېيجىڭغا بېرىشتىن يالتاي-
دىم. مېنىڭ ۋاقتىم ئىلگىرىكىدەكلا بىكار ئۆتۈۋاتىدۇ، تىلغا
ئالغۇدەك بىرەر نەتىجەم يوق. بۇنىڭدىن كېيىن ھېكايە ياكى جۇڭ-
گو ئەدەبىياتى تارىخى يازماقچىمەن.
شاڭخەيدە چىقىدىغان «قۇتۇپ يۇلتۇزى» ، «ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئاخباراتى» ، «جۇڭگو ئەپكار مۇنبىرى»[66] قاتارلىق ژۇرنال-
لارنى بۇگۈن نېيشەن كىتابخانىسى ئارقىلىق ئەۋەتتىم، بىراق
ئۇلاردا ھېچقانداق ياخشى ماتېرىيال يوق.
سىزگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

لۇشۈن

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى





# 320618 تەي جىڭنۇڭغا

جىڭنۇڭ ئاغا:
6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى تۈنۈگۈن تاپشۇرۇ-
ۋالدىم، بۈگۈن «مەرھۇم سادىق ۋاڭ جانابنىڭ ئەسەرلىرى»[67]
نى تاپشۇرۇۋالدىم، كۆپ رەھمەت. ئىككى ھېكايىنىڭ ھەربىرىدىن
ئىككى نۇسخىنى زاكاز بىلەن ئەۋەتىپ بېرىشنى بۈگۈن چۈشتىن
كېيىن بېيشەن كىتابخانىسىغا ھاۋالە قىلىپ قويدۇم. يېقىندا قو-
لىڭىزغا تېگىشى مۇمكىن. بۇ ئىككى كىتابنى ئۆزۈم سېلىشتۇرۇپ
كۆرۈپ، ئۆزۈم باستۇردۇم. لېكىن، كىتاب دۇكىنى يەنە بۇردى-
چىلىق قىلىپ كەتتى، ئەمگىكىمگە يارىشا نەپ تەگمىدى. ئەسلىدە
سودىگەرلەرنىڭ ھىيلىلىرىنى بىلەتتىم، لېكىن ئۇلار بىلەن تەگى-
شىپ ئولتۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. قىسقىسى، يەنىلا مەغلۇبى-
يەتكە ئۇچرىدىم.
«تۆمۈر ئېقىن» نىڭ بەزى بەتلىرى خاتا تۈپلىنىپ قاپتۇ،
لېكىن بەتلىرى كەم ئەمەس، ئۇنى ئەۋەتىشتە تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە
ئۈلگۈرەلمىدىم. تەكشۈرۈپ كۆرۈشىڭىزنى، ئەگەر خاتا تۈپلىنىپ
قالغان بولسا ئوڭلاپ ئوقۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن؛ بەتلىرى كەم بولسا
ماڭا خەۋەر قىلىپ قويۇڭ، باشقىسىنى ئەۋەتىپ بېرىمەن. ئۆزى-
ڭىزدىن ئاشقان نۇسخىلىرىنى خالىغان ئادىمىڭىزگە بېرىۋېتىڭ،
چۈنكى تۆت نۇسخا ئەۋەتسەممۇ، ئىككى نۇسخا ئەۋەتسەممۇ پوچتا
ھەققى ئانچە پەرق قىلمايدۇ.
بېيپىڭنىڭ زاكازلىرىدىن خەۋىرىم يوق. كېيىن كاڭ ئەپەندى-
نىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، كىتاب سودىگەرلىرىنىڭ شۇنداق

نەيرەڭ ئىشلەتكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىم، لېكىن ئۇنىڭمۇ كارا-
يىتى يوق.

ئۆزۈم باستۇرغان ئىككى كىتابقا 1000 دوللار كەتكەنىدى، هازىرغىچە ئاران 200 دوللىرىنى تىرىلدۈرۈۋالدىم. «ئۈچ بىكار» باسمىخانىسىنىمۇ(68) شۇنىڭ بىلەن تاقاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. كېيىنچە بىرئاز پۇل جۆندىيەلىسەم، «سېمپىنتىنىڭ رەسىملىرى»گە ئوخشاش باشقىلار كۆچۈرۈپ باسالمايدىغان تەسۋىرىي سەنئەتنى باستۇرىمەن.

هېكايە يازماقچى بولغان بولسىڭىز، ناهايىتى ياخشى بوپتۇ. مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە 10 پارچە تەسرات يازدىم، لېكىن ئۇنىڭ تولىسىنى باشقا تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلدىم. 1928 - يىلىدىن 1929 - يىلىغىچە يازغانلىرىمنى يىغىندا «ئۈچ بىكار توپلىمى» قىلىپ رەتلەپ چىققاندىم، هازىر «شىمال يېڭىلىقلىرى» باسمىخانىسى تىزىۋاتىدۇ. 1930 - يىلىدىن 1931 - يىلىغىچە يازغانلىرىمنى «ئالا كۆڭۈل توپلىمى» قىلىپ رەتلەپ چىققاندىم، ئۇلار بۇنى بېسىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى — ئۇلار بۇ ھەقتە تۈرلۈك ۋەجلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭچە، بۇنىڭغا كوراگان جاۋجىڭشېنىنى(69) تىللايدىغان سۆزلىرىمنىڭ تولىمۇ كۆپ بولغانلىقى سەۋەب بولماقتا، «قۇتۇپ يۇلتۇزى» ژۇرنىلىدىكى «چاڭگېن» ئىمزالىق ماقالىنى ئەمەلىيەتتە مەن يازغان — نەشر قىلىدىغان ئورۇننى تېخى قارارلاشتۇرمىدىم، ئەگەر نەشر ھەققىدىن كېچىدىغان بولسام، ئۇنى نەشر قىلدۇرۇش ناهايىتى ئاسان.

«28 - يانۋار» ۋەقەسى توغرىسىدىمۇ بىرئاز يېزىش كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ جەھەتتە كۆرگەنلىرىم تولىمۇ ئاز، شۇڭا يېزىش - يازماسلىقىم ناتايىن. ھەممىدىن يامان يېرى شۇكى، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ تولىسى ئىشەنچلىك ئەمەس؛ تەكشۈرۈپ كۆرۈشۈمچە، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ تولىسى يالغان بولۇپ چىقتى. ھەتتا





بەزىلەر ئۆزى ئۇستىدىن ئۆزى «ئادەم ئىزدەيمەن» دېگەن ئېلاننىمۇ چىقىرىپتۇ، ئۇلار شۇ يول بىلەن نامىنى يايماقچى. جۇڭگو ئادەملىرى جاڭ ئىش بىلەن ئويۇن - چاقچاقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ۋەهالەنكى، چەت ئەللىكلەر بولسا ئۇنداق ئىشلاردا ناهايىتى ئەستايىدىل. بۇگۈن «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىدە «زامانىۋى ۋەتەنپەرۋەر ياش» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە بېسىلىپتۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق سۆزلەر بار ئىكەن:

«مىس جاڭ دۆلەت نومۇسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، زەرگەرگە ئالاھىدە ‹ياپونغا قارشى ۋەتەن قۇتقۇزۇش› دېگەن سۆزلەر ئويۇلغان بىر دانە كۈمۈش قوتا سوقتۇرغانىدى. ئۇ رېندەننى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ھەمىشە ئايدىڭدا، گۈللۈكتە… ئۇ ھەمىشە ‹ياپونغا قارشى ۋەتەن قۇتقۇزۇش› قۇتىسىدىن بىرنەچچە تال رېندەننى ئېلىپ، ئاستا شۈمەتتى ۋە شۈمۈپ تۇرۇپ، ‹ئايال قېرىنداشلار، قولاق سېلىڭلار! 18 - سېنتەبىر بىلەن 28 - يانۋارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇڭلار!› دەيتتى.»

بۇ مۇبالىغىدىن خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن 28 - يانۋاردىن ئىلگىرى شۇنداق ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى؛ لېكىن 28 - يانۋار ۋاقتىدا قاچا - قۇچىلارغا شۇنداق سۆزلەرنى يازغان، ئويغان ئادەملەرنىڭ هايات تۇرۇشى مۇشكۇل ئىدى. «قارشى تۇرۇش»تا بوش، ئۆلتۈرۈشتە چىڭ ئىدى. بۇ ئەھۋالنى ھەتتا ھازىرمۇ بىرمۇنچە ئادەملەر تېخى پەملىيەلمەيۋاتقاندەك تۇرىدۇ. تا ھازىرغىچە جۇڭگو جەڭدە ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ، قىرىلغان ئادەملەرنىڭ سانىنى ئېلان قىلىپ باقمىدى، دېمەك، ئويۇن - چاقچاقمۇ قىلمايدىغان بولدى.

مەن جيابېيدا ئۆلتۈرگان چاغلاردا، ئۇ يەرگە كېلىپ چۈشكەن زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ ئوقلىرى ئىدى، بە-

زىلىرى بىز ئولتۇرۇشلۇق يەردىن ئۈچ مېتىر يىراقلىقلا چۈشەتتى. دېمەك، ئۇلار قارىغا ئېلىشقا ماھىر ئىدى؛ بىراق ئۇ زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ تولىسى پارتلىمايتتى. ئاڭلىشىمچە، كېيىن ئۇلار تېخىمۇ يامان زەمبىرەكلەرنى كەلتۈرۈپتۇ. لېكىن، ئۇ چاغدا مەن ئالللىقاچان ئەنگلىيە كونسېسسىيەسىگە قېچىپ كېتىۋالغانىدىم، زەمبىرەك ئوقلىرى چۈشىدىغان يەردىن خېلى يىراقتا ئىدىم؛ شۇنداق بولسىمۇ يېغلىقتىن قېچىپ ماڭغانلارنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرغانلىقىنى، قاچمىغانلارنىڭ، خۇددى قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان تەشكىللىسىز، تارقىلىپ ئوتلايدىغان قويلاردەك، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا خۇشال - خۇرام يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتىم. ھازىر مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئەتراپى بازاردەك قىزىپ كەتتى، ئېھتىمال، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھېچ نەرسىدىن ئەسەر قالماسلىقى مۇمكىن.

بېيپىڭنىڭ ئەھۋالى ماڭا ناھايىتى يوچۇن بولۇپ قالدى. ئالىم ليۇ[70] نىڭ سۆز ۋە پائالىيەتلىرىنى گاھىدا گېزىتتىن كۆرۈپ قالىمەن. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى ھەقىقەتەن غەلىتە بولۇپ كېتىپتۇ. «يېڭى ياش» قا ئىشلەپ تۇرغان چاغلىرىدا، ئۇنىڭ ھازىرقىدەك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم. مەتبۇئاتلاردىن پەقەت «ئەنياڭ قېزىلمىلىرى توغرىسىدا دوكلات»[71] دېگەندەك بىرنەچچە پارچە نەرسىنىلا كۆردۈم، ئۇلاردىمۇ قۇرۇق گەپ كۆپ. شاڭخەينىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشى ئەمەس. پالانى - پوكۇنىلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ؛ لېكىن بۇ يەردە تۇرالمىغان ئادەملەرمۇ بېيپىڭغا كېتىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشۇۋالدى. بۇمۇ غەلىتە بىر ئىش.

سىزگە ئاسايىشلىق تىلەپ:

لۇشۈن

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېچىدە





# 320815 تەي جىڭنۇڭغا

جىڭنۇڭ ئاغا:

8 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. سۇيۈەن ۋاپات بولۇپ كەتتى[72]، ۋاي ئىسىت، شىجائەتلىك ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، تەييارتاپلارنىڭ ھايات قېلىشى ئەجەب بىر ئىش ئىكەن. ئۇ ئالدىنقى يىلى ماڭا رەختتىن مۇقاۋا قىلىنغان «شېغىل» دىن بىر نۇسخا ھەدىيە قىلغانىدى، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا ئەزرائىل يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم[73]. ئۇ كىتاب ھازىر چامادانىمدا تۇرۇپتۇ، كۆزۈم چۈشۈپ قالسا كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ.

جېڭ ئەپەندى[74] ئىلىم - بىلىم ئىشىدا خۇ شىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا، كۆپ چاغلاردا كەم ئۇچرايدىغان تەۋەررۈك كىتابلارنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قورال قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدۇ، ھەۋەسكارلارنى زوقلاندۇرىدۇ. مېنىڭ ئۇسۇلۇم بىرئاز باشقىچىرەك. مېنىڭ ئوقۇغانلىرىم ئومۇملاشقان، ئاسان تېپىلىدىغان كىتابلار بولغاچقا، يازغان ئەسەرلىرىم ئىلىم ئەھلىنىڭ سىرتىدا يەككە - يېگانە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. «جۇڭگو ھېكايىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» نەسىل سۈرمەيدىغان بىر نەرسە ئەمەس ئىدى، بىراق كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە سىغمايۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ كىتابنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى بۇلتۇر نەشر قىلىنىدى، سىزگە بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بېرىشنى كىتابخانىغا تاپىلاپ قويدۇم، تاپشۇرۇۋالارسىز.

ئۇ تۈزىتىلگەن نۇسخا دېيىلسىمۇ، لېكىن تۈزىتىلگەن يەرلىرى كۆپ ئەمەس. چۈنكى، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان چەت ئەللەرنىڭ غەيرىي - غەيرىي كىتابلىرى، ئۇ يەر - بۇ يەردىكى خارابىلاردىن تېپىلغان كونا يازمىلار پات - پاتلا جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «قىسقىچە تارىخ»نى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپرەك ئۆزگەرتىشكە ھاجەتمۇ قالمىدى، شۇڭا كۆپىنچە ئەسلىي ھالىتىنى قالدۇردۇم. جېڭ ئەپەندى يازغان «جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى»نى شاڭخەيدىكىلەر نەشر قىلىپ بەرمەكچى، مەن ئۇنىڭ ھېكايە توغرىسىدىكى بىرنەچچە بابىنى «ھېكايىلەر ژۇرنىلى»دىن كۆردۇم، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ سۆزلىرى مارجاندەك تىزىلغان، لېكىن ئۇ ئەدەبىيات «تارىخى» ئەمەس، ئەدەبىياتقا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى بوپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، تارىختىن خەۋىرى بار ئادەملەر تارىخ ئورنىدا پايدىلانسىمۇ بولىدۇ.

بۇ يىل ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرغىنىمدا، ھېكايە تارىخىغا دائىر ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى بىرنەرسەممۇ يوق. تاش مەتبەئەدە بېسىلغان «ھەپىرەڭگۈلنىڭ چۈشى» ناملىق قىسسىدىن ئىككى نۇسخا ئۆتكەن ئايدا قولۇمغا چۈشۈپ قالدى، ئۇنى پىلىنلىق چېن سېن يازغانىكەن. ئۇ ئادەم «ئاشىق - مەشۇقلار دۇرنامىسى»[75] نى يازغان كىشىنىڭ ئۆزى شۇ. «جۇڭگو ھېكايىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا چېن سېن كۆچۈرگەن دەپ خاتا يازغانىكەنمەن، دەرس ئۆتكەندە تۈزىتىپ قويۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. بۇنىڭدىن باشقا، «ھەپىرەڭگۈلنىڭ چۈشى توغرىسىدا قىسسە» ناملىق ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغان بىر كىتابمۇ بار، ئۇنى جاڭ فامىلىلىك ئادەم كۆچۈرگەن ئەمەس، ئويغان.

شاڭخەيدە بۇنىڭدىن ئىلگىرى قاتتىق ئىسسىق بولغانىدى، يېقىندىن بۇيان بىرئاز سالقىنلىدى. لېكىن، يېزىقچىلىق ئىشى توغرىسىدىكى چەكلىمىلەر ئادەمنىڭ چىچىدەك كۆپ؛ مىرشەپلەر





بولسا قۇمدەك كۆپ[76]؛ ھازىرقى ئەھۋال ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالنى تولا كۆرگەچكە كۆنۈكۈپ قالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، سارايلاردىن ياكى بىرەر ئادەمنىڭ ئۆيىدىن بىرەر ياش قولغا ئېلىنىپ كەتسە، كىشىنى بىرەر توخۇنى تۇتۇپ كەتكەنچىلىكمۇ ئەجەبلەندۇرمەيدۇ. مەنمۇ بىرەر ئەسەر يازمىدىم، نان قېپى بولۇپ قالدى دېگەن گەپ ئەنە شۇ بولسا كېرەك. 24 تارىخنى ئوقۇپ چىققۇم بار ئىدى، تىجارەت باسمىخانىسىغا بىر پارچە ئەسەر يېزىپ بېرىش توغرىسىدا ۋەدىمۇ بەرگەنىدىم، بۇ يىل بۇ ۋەدەمدىكى مۆھلەتنى ئارقىغا سۈرۈش توغرا كەلدى، ياندۇرقى يىلى قىشتا پۈتتۈرۈشۈم مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن بېلىق مېيى يەپ، كېسەلدىن تۈگىشىپ، ئۆمرۈمنى ئۇزارتىشىم كېرەك.

سىزگە بەخت تىلەپ:

لۇشۈن

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېچىدە

# شياۋلىندو شىئىرىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا (تەزىيە تېلېگرامما) (77)

جۇڭگو خەلقى بىلەن ياپونىيە خەلقى قېرىنداشلاردەك يېقىن ئىدى، بۇرژۇئازىيە خەلقنى ئالداپ، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا قان بىلەن چوڭ هاڭ پەيدا قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ ئاۋانگارتلىرى بۇ چوڭ هاڭنى ئۆز قېنى بىلەن يوقىتىۋاتىدۇ. يولداش شياۋلىندو شىئىرىنىڭ ۋاپاتى بۇنىڭ روشەن دەلىلى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى بىزگە مەلۇم، بىز بۇنى ئۇنتۇمايمىز. بىز قەتئىي قولغا قول تۇتۇشۇپ، يولداش شياۋلىندو شىئىرىنىڭ قانلىق يولى بىلەن ئالغا باسماقتىمىز.





# 330504 لى ليېۋېنگە (78)

ليېۋېن ئەپەندى:

3 ـ كۈنى يازغان مۇبارەك خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. «ئەركىن پاراڭ»غا تونۇگۈن ۋە بۈگۈن ئىككى پارچە ماقالە ئەۋەتتىم. مۇشۇ خېتىمدىن ئىلگىرى يېتىپ بېرىشى مۇمكىن. بەزىلەرنىڭ خۇشامەت قىلغانلىقى ئەسلىدە كۆڭلۈمگە تايىن بىر ئىش ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ يېقىندىن بۇيان يازغان ماقالىلىرىمدە ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىشتىن ناھايىتى ساقلاندىم. بەزىدە دەرد خۇددى بوغۇزۇمغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك بولدى، ئۇنى ياندۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ ئۈچمەنلىكىدىن خالىي بولالمىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئىبارىلىرىمنى ناھايىتى ئەگىتىپ يېزىۋىدىم، ماقالەم جانسىز ـ پۇچەك بولۇپ چىقتى، شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا كاتتا جانابلارنىڭ جېنىغا تەگكەن بولۇشى مۇمكىن. جانابىڭىزنىڭ بېسىپ چىقارغىلى بولىدىغانلىرىنى تاللاپ بېسىپ چىقىرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. ئەگەر بىراۋلار باسۇرۇپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ماقالىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەن بولسا، ئەسلىي ماقالەمنى قايتۇرۇۋېتەرسىز. يەنە گەپ ـ سۆزۈم بولسا يېزىپ ئەۋەتىمەن، ماقالەمنىڭ بىرەر سەۋەب بىلەن بېسىلماي قالغانلىقى ئۈچۈن يېزىشتىن ھەرگىز توختاپ قالمايمەن.

سىزگە ئامانلىق تىلەپ:

شۈن

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە

# 330504 لى ليېۋېنگە

ليېۋېن ئەپەندى:
ئاخشام ئىككىلىك خەت يېزىپ ماڭدۇرغانىدىم، كېچىدە مانا
بۇ بىر پارچە ماقالىنى يازدىم. ئەسلىدە كۆلكە ـ چاقچاق روھىدا
يېزىشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن نەتىجە قامچىغا تۇكۇرگەن، يەڭنى
تۇرگەن بىر روھتا پۇتۇپ چىقتى. دېمەك، كۆڭۈلدە نېمە بولسا،
چىرايغا شۇ چىقىدىكەن، بۇنىڭغا نېمە چارە بولسۇن؟! باشقىلارنىڭ
دىققىتىدىن ئۆزۈمنى تارتىش ئۈچۈن تەخەللۇسۇمنى ئۆزگەرتىپ
قويدۇم، ئېھتىمال بۇنىڭ پايدىسىمۇ بولماس[79]. خەير، ھۇزۇرد-
ڭىزغا ماڭدۇردۇم، كارغا يارامدۇ، يوق، ئۆزىڭىز قاراپ كۆرەر-
سىز، ھەرگىز سۇلكەتچىلىك قىلماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.
ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ،

ھۆرمەت بىلەن: گەن

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېچىدە





# 330618 ساۋ جۇيرېنگە[80]

جۇيرېن ئەپەندى:
مۇبارەك مەكتۇپىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم. يېقىندىن بۇيانقى
ئەھۋال يامانلىقتا ئەمەلىيەتتە مىڭ دەۋرنىڭ ئاخىرىدىكىدىن قې-
لىشمايدۇ، بىراق قاتناش ـ ئالاقىنىڭ كېڭەيگەنلىكى، ئىلىم ـ
بىلىمنىڭ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، ۋاستىلىرىمۇ بىرئاز سىرلىق ۋە
لېكىن زەھەرلىك بولۇپ كەتتى. مىڭ دەۋرنىڭ ئاخىرىدا بەزى
تۆرىلەر ۋېي جۇڭشيەننى كۈڭزى ئىبادەتخانىسىغا تون ـ يوپۇقلار
بىلەن جور قىلىپ كىرگۈزمەكچى بولغانىدى[81]. ھازىر ئۇنداق
قىلىشالمىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇ شىزى جانابىنىڭ شېرىن پاراڭ
بىلەن تولىمۇ جوراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ چەم يۈزلۈ-
كىدىن بىرئاز نومۇسۇم كېلىدىغان بولدى، لېكىن بۇنداق جانابلار
ئۈچۈن قورۇنۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟!
يۈ جۈڭ[82]، تىڭلىن[83] ھەزرەتلەرگە مېنىڭچە، ھازىر يې-
تىشەلەيدىغان ئادەم يوق. ھازىر زامان ئۆزگەردى، مۇھىتمۇ باش-
قا، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغىمۇ ئىلاج يوق. جۇڭگودا ئىلىم ـ
بىلىمنىڭ يېڭىۋاشتىن رەتكە سېلىشقا توغرا كېلىدىغانلىرى ناھايە-
تى كۆپ، مەسىلەن، تارىخنى ئالسام، باشقىدىن يېزىپ چىقىش
كېرەك. قەدىمكىلەر بىزگە تاڭ دەۋرىدە ئانداق مەمۇرچىلىق بول-
غان، مىڭ دەۋرىدە مۇنداق ياخشىلىقلار بولغان، دەپ سۆزلەپ
بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن تاڭ خانىدانلىقىدا ياۋا مىجەزلىك كۈچ-
لۈك بولغان، مىڭ خانىدانلىقىدا بولسا مۇتتەھەملەر دەۋر سۈر-
گەن؛ ئۇلارنىڭ ھەشەمەتلىك تونلىرىنى سالدۇرۇپ تاشلاپ، ئەس-

لىي قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك، ياشلار سېسىق بۇس ئىچىدە قايمۇقۇپ يۈرمىسۇن. ئۇنىڭدىن باشقا، جەمئىيەت تارىخىنى، سەنئەت تارىخىنى، قىمارۋازلىق تارىخىنى، پاھىشىۋازلىق تارىخىنى، يېزىق بالاسى تارىخىنى··· يېزىشقا تۇتۇش قىلغان ئادەم يوق. ئۇلارغا قانداقمۇ تۇتۇش قىلغىلى بولسۇن؟ ھازىرقى كۈندە دەريالارنىڭ سۈيى تېشىپ سۇ بېسىپ كەتكەن، ئايروپىلانلار بومبا تاشلىغان يەرلەردىن باشقا جايلاردىمۇ بىرنەچچە يىلغا يەتكۈدەك ئاشلىق تېپىش، بىرەر ئۆي كىتاب ھازىرلاش قىيىن. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، جۇڭگو ھەرپ شەكلىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىدىن بىر دىۋان، ئەدەبىيات تارىخىدىن بىر دىۋان يېزىشنى، ئاۋۋال تولۇق رەتلەشنى نىيەت قىلغانىدىم، لېكىن تولۇق رەتلەشنىڭ ئۆزىمۇ مۇشكۈل بىر ئىش بولۇپ قالدى. كېرەكلىك ماتېرىياللارنى كېسىۋالاي دېسەم، ئۇنچە كۆپ كىتاب يوق؛ كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ كۆچۈرۈۋالاي دېسەم، شاڭخەي دېگەن يەردە كۇتۇپخانا يوق؛ بولغان تەقدىردىمۇ مەن بىر ئادەمنىڭ ئۇ قەدەر قۇۋۋىتىم ۋە ۋاقتىم يوق؛ بىرەر كاتىپ تەكلىپ قىلاي دېسەم، مائاشىنى تۆلىيەلمەي قالارمەنمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نىيىتىم ھازىرمۇ شۇ قۇرۇق گەپ ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىر ياشاش ئۈچۈن پەقەت خەلققە پايدىلىق بىرەر ئىشنى توغرا كەلگىنىچە ئىشلەشلا، ئەگەر ئۇنىڭغا مۇمكىن بولمىسا، ئۆزىگە پايدىسى تېگىدىغان، باشقىلارغا زىيىنى تەگمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشلا، بۇنىڭغىمۇ مۇمكىن بولمىسا، باشقىلارغا زىيىنى تېگىدىغان، ئۆزىگە پايدا كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشلا مۇمكىن بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. قاراقچىلارنىڭ ئوت قويغىنىغا ئوخشاش، پەقەت باشقىلارغىلا زىيىنى تېگىدىغان، ئۆزىگە پايدىسى بولمايدىغان ئىشلارنىلا قىلىشقا مەن قارشى.

ھازىر زىيالىي بولمىغانلاردىن يازغۇچى چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، گوركىي(84) زىيالىيلىقتىن كېلىپ چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ناھايىتى كۆپ كىتابلارنى ئوقۇغان؛ جۇڭگونىڭ يېزىقى مۇشۇنداق قىيىن تۇرسا، ئىشچى - دېھقانلار ئۇنى قانداقمۇ ئوقۇيالىسۇن؟! شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى ئەدەبىيات جەھەتتە ئۈمىد پەقەت ياخشى ياشلارغىلا باغلىق. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەن يولۇقتۇرغان ئەدەبىياتچى ياشلار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە غەلىتە ئادەملەر كۆپ. ئۇلاردىكى ھەممىدىن چوڭ ئومۇمىي نۇقسان شۇكى، ئۇلار: بىز بولساق ياش، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن قەدىرلىكمىز، ھەممىدىن دۇرۇس ئادەملەرمىز، دەپ ئويلايدۇ؛ باشقىلارنىڭ رەددىيىسى بىلەن تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندا بولسا: ياش بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، خاتالىقلاردىن خالىي بولماسلىقىمىز مۇمكىن، كەچۈرۈشۈڭلار كېرەك، دەيدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ قالتىس تېز، ئۇلارنىڭ ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە يۇمىلاق تاۋۇزدەك بىرنەچچە قېتىم بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا دومىلاپ كەتكەنلىرىنىڭ قانچىلىك ئېكەنلىكىنى كۆرگەنسىز.

قەدىمكى زاماندا ئۇستاز بولغان ئادەملەر ھەقىقەتەن تولىمۇ ھۆرمەتلىك بولغانىكەن، مەن بۇنىڭغا ناھايىتى رازى. مېنىڭچە، ئۇستاز بولغان ئادەم بىمەنە بولسا، ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈش كېرەك. لېكىن، ئەگەر ئۇستاز بولغان كىشىگە بىگۇناھ ئۇۋال قىلىنغان بولسا، دۈشمىنىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، شۇ يول بىلەن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش نىيىتى بىلەن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تېپىش يارىمايدۇ. تەييەن ئەپەندى ماڭا كونا يېزىق ئىلمىدىن دەرس بەرگەنىدى(85)، كېيىن جانلىق تىلنى تەشەببۇس قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يەنە دەرس ئېلىش ئۈچۈن بېرىشقا پېتىنالمىدىم؛ كېيىن ئۇ لوڭقىغا ئوق چۈشۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغاندا، كۆڭلۈمدە نارازى بولدۇم، شۇنداق بولسىمۇ گومىنداڭ ئۇنىڭ بىرنەچچە ئېغىز كونا ئۆيىنى مۇسا-

دىرە قىلماقچى بولغاندا، مەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە خۇشامەت قىلىشنى ئۆزۈمگە راۋا كۆرمىدىم، كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، يەنىلا ئىززىتىنى قىلدىم (تەييەن ئەپەندى ئۆز شاگىرتلىرىغا ھەرگىز تەكەببۇرلۇق قىلمايتتى، خۇددى بۇرادەرلىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى). مېنىڭچە، ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە شۇنداق بولسا بولار.

ھازىرقى ياشلار بىزنىڭ ياشلىق دەۋرىمىزدىكى ياشلاردىن چېچەنرەك بولسىمۇ، لېكىن كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە كۆپرەك بېرىلىپ كېتىدىغاندەك، ئازغىنا مەنپەئەتنى دەپ باشقىلارنى ئورىغا ئىتتىرىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ؛ مېنىڭ زادىلا ئويلىمىغان يېرىمدىن چىققان بىر ئىش شۇكى، مەن بىرەر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد ـ ئەلەملەرنى تارتتىم، شۇنداق بولسىمۇ، خۇددى ياۋا ھايۋانغا ئوخشاش، يارىلىنىپ قالغان چاغلىرىمدا ئارقامغا بۇرۇلۇپ جاڭگالغا كىرىپ، ئۇستىۋېشىمدىكى قانلارنى يالاپ تازىلايتتىم، ھېچبولمىغاندا بىرئاز ئاھ ئۇرۇپ قوياتتىم، خالاس. ھازىر بولسا، يېشىم بارا ـ بارا چوڭىيىپ قالغانلىقى، ماغدۇرۇمنىڭ كېتىپ قالغانلىقى، بېشىمدىن ئىسسىق ـ سوغۇق كۆپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بارا ـ بارا ئۆزۈمنى چەتكە تارتىدىغان بولدۇم.

توۋا قىلغان ئادەملەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؛ باشقا ئەللەردە جىگەرلىك ئادەملەرنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك جازالىرىنىڭ جۇڭگونىڭكىدەك ئېغىر بولمىغانلىقىدىن بولغان. ياۋروپانىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردا ناسارالارنى جەبىرلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىگە[86] دائىر خاتىرىلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنىدىم، ئۇلارنىڭ جەبىرسى ھەقىقەتەن جۇڭگونىڭكىدەك دەھشەتلىك ئەمەس ئىكەن. ھەتتا ئۆلۈم ئالدىدىمۇ تىز پۈكمىگەن ئادەملەرگە تارىختا





ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ ئالدىغا «سانكىت» (ئەۋلىيا) دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويغانىكەن. جۇڭگو ياشلىرى ئىچىدىمۇ ئۆلۈم ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغانلار ئۇچراپ قالىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نامىئەمەلىنى ئېلان قىلماي سىر تۇتۇشىدۇ. بېشىغا ئۆلۈم كەلگۈدەك جەبىر ـ زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلەر ئۆز سەپداشلىرىغا خىيانەت قىلماي قالمايدۇ. دېمەك، پاك ۋىجدانلىق قەيسەر ئادەملەر ھالاكەتتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ، يۇمىلاق تاۋۇزلار بولسا بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ ـ رەزىللىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، جۇڭگودا بىرمۇ ياخشى ئادەم قالمايدۇ، جۇڭگونىڭ ئاخىر ھالاك بولۇشىغا ئەنە شۇنداق يولنى تۇتقانلار زامىن بولىدۇ.

خەيرلىككۈنىڭىزنى تىلەپ:

لۇشۈن

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كېچىدە

# 330620 «گۈلنار» سەنئەت ئۇيۇشمىسىغا[87]

«گۈلنار» سەنئەت ئۇيۇشمىسىدىكى ئەپەندىلەرگە:

11 ـ كۈنى ئەۋەتكەن خېتىڭىزلەرنى ۋە «گۈلنار» نىڭ 1 ـ سانىنى بۈگۈن تاپشۇرۇۋالدىم.

ياغاچ ئويما ئەسەرلەرنى تېپىش قىيىن بولسا كېرەك، چۈنكى ياغاچ ئويمىلارنى پوچتىدىن ئەۋەتىش خېلى چاتاق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئاق تېررورلۇق ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى، پەقەت خەلق ھوقۇقىنى قوغداشنىلا تەشەببۇس قىلغان ياڭ شىڭفۇ[88] ئەپەندىنى ئالدىنقى كۈنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاڭلىشىمچە، يەنە 10 نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىشىۋېتىپتۇ[89]، مەنمۇ كوچىغا ئاشكارا چىقالمايدىغان بولۇپ قالدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بەزى ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشىم تەس. شۇنداق بولسىمۇ، ئەگەر فېلىيەتون يېزىپ قالسام دەرھال ئەۋەتىپ بېرىمەن.

يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەييۇەندە ھازىر تېخى ئۇندۇرمە ھالىتىدە تۇرماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەرلەرنىڭ تېيىز رەك بولغىنى ياخشى، كەسكىن بولۇپمۇ كەتمىسۇن، بۇ جەھەتتە مۇھىتقا، ۋاقىتقا قاراش توغرا كېلىدۇ. باشقا يەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيمەن، ئېھتىمال، خۇنۇك دەپ باھالاپ قويۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىق كېرەك؛ ھەرگىز قۇرۇق ئابرۇيغا بېرىلىپ كېتىپ، نەشر قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قال-





ماڭلار.

كۈرەشتە ھەممىدىن ئاۋۋال قورغاننى مەھكەم ساقلاش كېرەك، ئەگەر ئاتاكىغا ئۆتۈش بىلەنلا بولۇپ كەتسەڭلار، ئەكسىچە ھالاكەتكە ئۇچراپ قالىسىلەر.

پەمسىز باتۇر ھەقىقىي باتۇر ئەمەس.

ئامانلىقىڭلارنى تىلەپ:

لۇشۈن

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

# 330625 شەنبېن چۈجى خانىمغا

رەسىمىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، رەھمەت. «ئەتە» نىڭ 4 ـ
سانىنىمۇ تاپشۇرۇۋالدىم، ئاپتورلار سالامەت تۇرغاندەك
كۆرۈنىدۇ.
شاڭخەيدە ھاۋا ئىسسىپ كەتتى، پاشىلار كۆپىيىپ كەتتى،
ئۇلار دائىم مېنى چاقماقتا، ھازىرمۇ چېقىۋاتىدۇ. لېكىن، بەخ-
تىمگە يارىشا، سىز ماڭا ئەۋەتكەن لەيلىگۈل ھازىر غۇنچىلىدى،
بۇ ئېھتىمال مەن ئۈچۈن ئەزىيەتچىلىكتىكى خۇشاللىق بولسا كې-
رەك. يېقىندىن بۇيان جۇڭگوچە فاشىستلىق ئەۋج ئېلىشقا باشلى-
دى، بۇرادەرلىرىمنىڭ بىرى دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى، بىرى
يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى[90]؛ بۇنىڭدىن باشقا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈل-
دىغانلار يەنە خېلى كۆپ ئوخشايدۇ، لېكىن قانداقلا بولسۇن، مەن
تېخى ھايات ياشاۋاتىمەن، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، قولۇمغا قەلىمى-
نى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تاپانچىسىغا تاقابىل تۇرۇۋېرىمەن. ئەپسۇس-
كى، نېيشەن كىتابخانىسىغا پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئەركىن بارالمى-
غىنىمغا بىرئاز ھەسرەت چېكىۋاتىمەن؛ بېرىشنى بېرىۋاتىمەن،
كۈن ئارىلاپ بېرىۋاتىمەن. ئەتە ـ ئۆگۈن كېچىدىلا بارالىشىم
مۇمكىن.
بۇ ئاق تېررورلۇق كارغا كەلمەيدۇ، بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن
كېيىن توختاپ قېلىشى مۇمكىن.
كۆچكەندىن كېيىن[91]، بالىمىزنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ياخ-
شى؛ ئۇ شوخ ھەم تىمەن، رەڭگىمۇ تۈزىلىپ قالدى.





جىڭشاڭ خۇڭمى ئاغا شاڭخەيگە كەلدى، ناھايىتى كۆپ ھاراق
ئىچكەندەك كۆرۈنىدۇ.
شۇ ئەرزىمەس خېتىم بىلەن سالام يوللاپ:

ھۆرمەت بىلەن: لۇشۈن

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كېچىدە

# 330708 لى ليېۋېنگە

ليېۋېن ئەپەندى:

مۇبارەك خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، «يېڭى ئېقىم گېزىتى»نى ئادەتتە ئوقۇپ باقمايتتىم، بۈگۈن ئەتىگەندە ئىزدەپ تېپىپ قارىسام، تاڭ زىڭياڭنىڭ ئېلانى بار ئىكەن، ئۇمۇ زېڭ × گە ھۇجۇم قىپتۇ. بۇ بىرنېمىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە بىر ئەلەڭگۈلۈك بار ئوخشايدۇ، سۈي ۋەنچيۇمۇ شۇ قاتاردا ئىكەن، لېكىن بۇ سىرنى بىگانە ئادەملەر بىلمەيدۇ[92].

جۇڭگونىڭ يېڭى ئەدىبلىرى بىلەن ئالاقە قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا 10 نەچچە يىل بولدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە غەلىتە ئادەملەر كۆپ ئىكەن؛ شاڭخەيگە توپلىنىپ قالغانلىرى تېخىمۇ غەلىتە؛ ئۇلار پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلىشنى، سەپداشلىرىغا خائىنلىق قىلىشنى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىسىنى كولاشنى گويا ھەقلىق ئىش دەپ قارايدىكەن؛ ھەممىدىن يامان يېرى شۇكى، ئۇلار ھە دېگەندىلا كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىكەن. بۇنداق ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالغاندا، بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ غەزىپىنى بېسىپ، ئۇلارغا دەلمۇدەل قارشى چىقماسلىق كېرەك، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، چاندۇرماستىن ئەدىپىنى بېرىش توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بەزى مۇتتەھەملەر بىرەر ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، تېزەك سۈپۈرىدىغان سۈپۈرگىسىنى قولىغا ئالىدۇ، چۈنكى بۇنداق سۈپۈرگە باتۇرلارنىمۇ چېكىندۈرەلەيدۇ. جاڭ زىپىڭ[93] جانابىنىڭ تاكتىكىسى دەل ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ «ئەركىن پاراڭ»دا ئېلان قىلغان بىرنەچچە پارچە تەنقىدي ماقالىسىگە قارىسىڭىز، ھەممىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدۇ.





مۇشۇ خېتىم بىلەن بىللە بىر پارچە ماقالە ئەۋەتتىم، توغرا كەلسە ئىشلىتەرسىز. يېقىندا يەنە بىر پارچە يازماقچىمەن، چۈنكى جاڭ زىپىڭ جانابىنىڭ ئېلانىدىكى «مەن ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق جايدا ئىسىم - فامىلەمنى ئۆزگەرتكەن ئادەم ئەمەس، بەزىدە باشقا تەخەللۇس ئىشلەتكەن بولساممۇ، لېكىن ئېلان قىلغان سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈم جاۋابكار» دېگەن سۆزلەرنىڭ خېلى گەپ - سۆز قىلغۇچىلىكى بار[94].

سىزگە خەيرلىك تىلەپ،

ھۆرمەت بىلەن: جياگەن

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

# 330714 لى ليېۋېنگە

ليېۋېن ئەپەندى:
تۈنۈگۈن تەپسىلىي يېزىلغان مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋالغاندىن
كېيىن، ئالدىراپلا بىر پارچە خەت يازغانىدىم، تەگكەن بولسا
كېرەك. «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتى بىلەن بولغان كونا ئاداۋەتلىر-
مىزنى[95] قويۇپ تۇراي، ھەممىدىن بەك قاملاشمىغان ئىشى شۇ-
كى، مەن ماقالىلىرىمنى «ئەركىن پاراڭ» دا ئېلان قىلىشقا مۇۋەپ-
پەق بولالمىغان چاغدا، ئۇلار خۇشاللىقىدىن دوپپىسىنى ئاسمانغا
ئېتىپ مەسخىرە قىلىشتى. كېيىن بىر تەرەپتىن، ليۇسى (يەنى
ياڭ سۇگرېن[96] ) نىڭ «يېڭى ئۆلىمالارنىڭ غەيرىي رەسمىي قىس-
سىسى» نى باستى، يەنە بىر تەرەپتىن، سۈي ۋەنچيۇ ماڭا، ئەگەر
رەددىيە يازسىڭىز، ئۇنىمۇ باسىمىز، دەپ خەت يازدى[97] . ئۇلار-
نىڭ «مەشئەل» نى جانلاندۇرۇش نىيىتىنى كەچۈرۈشكە بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلار مېنى تولىمۇ تەلۋە چاغلىغان. ئۇلار بۇ نۆۋەتمۇ
شۇنداق ئۇسۇل قوللاندى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت
قىلماسلىق نىيىتىگە كېلىۋاتىمەن.
زېڭ بايۋەنچە ھەقىقەتەن تولىمۇ ۋىجدانسىز ئادەم، ئۇنىڭ
ئۇستىگە ئۇنىڭ ئېلانى تېخىمۇ كۈلكىلىك[98] . ئۇ: ئەدەبىيات
مۇنبىرى ئىپلاسلىشىپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قايتىپ
چىقتىم، دەپتۇ. بۇ خۇددى «ئىزوفنىڭ مەسەللىرى» دىكى ئۈزۈمگە
بويى يەتمىگەن تۈلكىنىڭ ئۈزۈمنى ئاچچىق ئىكەن، دېگىنىگە ئوخ-
شاش بىر ئۇسۇل. لېكىن، ئۇ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن، جۇڭگو





ئادەملىرى ئۇنتۇغاق كېلىدۇ، ئالتە ئاي — يېرىم يىل ئۆتكەندىن
كېيىن، ئۇنىڭ يەنىلا پاك ـ پاكىز ئەدەبىياتچى بولۇپ قېلىۋېرىشى
مۇمكىن. جاڭ جانابنى[99] ئالسام، ئۇنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى
ناھايىتى كۆپ، ھەرقانچە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان تەقدىردىمۇ،
ئۇ يىقىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇسۇلى كۆپ، ئۇ ئۆز مۇددىئاسىدىكىدەك
ئۆزگىرىۋېرىدۇ. يېقىنقى تۆت يىل ئىچىدە بىردەم پرولېتار بولۇ-
ۋالسا، بىردەم دېموكراتىيىچى بولۇۋالدى، يەنە بىردەمدىلا مىللەت-
پەرۋەر بولۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ رەڭۋازلىقلىرى ئېسىمىزدە تۇرۇپتۇ،
لېكىن بۇنداق يۇمىلاپ يۈرۈشتىن ئۇنىڭ ئۆزىگە بىرەر زىيان
كەلگەن بولسا كاشكى. ماقالىنى ۋاستە قىلىپ تۇتۇشقاندا ھەممە
ئادەم قەلەم ئىشلەتسە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ غالىب ياكى مەغلۇپ
بولغانلىقىنى ئايرىغىلى بولىدۇ. ئەگەر يەنە بىر تەرەپتىن، سۈيد-
قەستمۇ ئىشلىتىدىغان بولسا، يەنە كېلىپ تېزەك سۈپۈرگىسىنى
كۆتۈرۈپ قوپسا، ئۇنى تۇتۇشۇش دېگىلى بولامدۇ؟ بىراق، ئۇ
جانابقا ھازىر تۈزۈكرەك بىرەر ئامال قالمىدى، ئۇ پىستە ـ كۇ-
چۇكلۇك رولىنىمۇ ئىشقا سالمىسا، مۇتتەھەملىك قىلمىسا، مەتبۇ-
ئاتتا (ئەدەبىياتتا ئەمەس، مەتبۇئاتتا) ھايات تۇرالمايدىغان ھالغا
چۈشۈپ قالدى.
تەھرىرلىك خىزمىتى دەرد ـ ئەلەمگە ئۇچراپ تۇرىدىغان خىز-
مەت، لېكىن «دەرد ـ ئەلەمنى چىقىرىۋېلىش» ئۈچۈن ھەمدە
كىتابخانىلارغا تۆھپە يەتكۈزۈش ئۈچۈن لەۋنى چىشلەش كېرەك.
بىرئاز مۇلايىمراق بولۇشمۇ ئىشنىڭ بىر يولى، شۇنداقتىمۇ ھۇ-
جۇمدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، چۈنكى كەلگەن ھۇجۇمنىڭ
ئەمەلىيەتتە مەزمۇن بىلەن ئالاقىسى بولمايدۇ. يېڭى چىققان ئەدىب-
لەرنىڭ تولىسى «زەكىي» مىجەز بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار-
نىڭ ئاچچىقى يامان بولىدۇ، بېيجىڭدىمۇ شۇنداق، شاڭخەيدىمۇ
شۇنداق. لېكىن، شاڭخەيدىكىلەر بولسا تېخىمۇ ھىيلىگەر، ئەستا-

يىدىل تەھرىرلىك قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشى
مۇشكۇل. مەن بېيجىڭدا بىر مۇھەررىرنى ئۇچراتقانىدىم. ئۇمۇ
يېڭى چىققان ئەدىب ئىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدا ماقالىلەر دۆۋىلىنىپ
كەتسىمۇ، قاراپ قويمايدىكەن، شۇڭا تىللاپ يازغان خەتلەر دەستى-
لىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، چىۋىقىغا ئالمايدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈ-
شى بىلەن ماقالە ئەۋەتكەن كىشىلەر ھېچبىر ئامال قىلالماپتۇ،
ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ، ئۆز دەردىنى ئۆزى بىلىپ قاپتۇ. لېكىن،
كىمدۇر بىرى ئۆزىنىڭ يازغان خېتىگە ئادەمنىڭ زەكىرىنى سى-
زىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ مۇھەررىرنىڭ ئىسمىنى يېزىپ ئەۋەتىپ-
تۇ. بۇنداق كۈرەش ئۇسۇللىرى كارامەت كۆرۈنسىمۇ، لېكىن
بىزدەك ئادەملەرنىڭ دورىشىمىزغا يارىمايدۇ.
بىر پارچە ماقالە قوشۇپ ئەۋەتتىم، كېرەككە كېلەرمىكىن،
قاراپ كۆرەرسىز.
يازلىق ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ،

ھۆرمەت بىلەن: گەن

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى





# 330801 خۇ جىنشۇيگە[100]

جىنشۇي ئەپەندى:
7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى 8 - ئاينىڭ
2 - كۈنى تاپشۇرۇۋالدىم، ھازىر مېنىڭ خەت ئالاقىلىشىشىممۇ
بىرئاز تەس بولۇپ قالدى.
مېنى يېقىنقى ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيان شۇك بولۇۋالدىڭىز
ۋە ئۆزىڭىزنى پاناھقا ئېلىۋالدىڭىز، دەپ يېزىپسىز، بۇ توغرا
ئەمەس، پاكىت دەل بۇنىڭ ئەكسى بولسا كېرەك. بىراق، مۇھەر-
رىرلەر ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايدۇ، ھەتتا ماقالىلىرىمنى ئىسمىمنى
ئۆزگەرتىپ ئېلان قىلساممۇ، پىستەكلەر چېقىمچىلىق قىلىۋاتى-
دۇ. ئەگەر «ئاغرىتمايدىغان، سانجىمايدىغان» ماقالە يازسام،
سىزمۇ يارىتالىشىڭىز مۇمكىن. «ئۈچ بىكار» ناملىق توپلامدىن
كېيىن[101] «ئالا كۆڭۈل»[102] دېگەن يەنە بىر توپلامنى چىقار-
دىم، ئۇنى كۆردىڭىزمىكىنتاڭ، بۇ بىرئاز ياخشىراق بولسا كې-
رەك.
«ئۈچ بىكار توپلىمى»دا ھاقارەتلىدى دېگەنلىرىم پاكىت.
باشقا جايدىكى ئەھۋالنى بىلمەيمەن، شاڭخەيدىكىلەر ھەقىقەتەن
شۇنداق قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ تېخى بىر قىسمى. ھەتتا مېنىڭ
ئۆيۈمدە يېتىپ - قوپۇپ يۈرگەن ئوقۇغۇچىمۇ شۇ سەۋەبتىن:
سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇرسام، يار - بۇرادەرلىرىممۇ مېنى قاتارغا
ئالمايدىغان بولۇپ قالدى، دەپ مەندىن بەزدى[103]. مېنىڭ ئۆ-
زۈمنى چەتكە تارتقانلىقىم ھەرگىزمۇ ئورۇنسىز بولمىغان، ئۇنىڭ
ئورۇنسىز بولمىغانلىقىغا ھازىرمۇ ئىشەنچىم كامىل. بۇ يىل زېڭ

جىنكې بىلەن بىر كىچىككە كىرگەن بولسامۇ، ئېيتقان سۆزلىرىمگە ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن.

ياخشى ياشلار بار، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ جەبىر - زۇلۇم تارتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇلار بولمىغان بولسا، «ئۇھ دەپ ھاردۇق ئېلىش» مەن ئۈچۈن مۇمكىن بولاتتى. ھازىر قىلىۋاتقىنىم بىمەنە ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن ئادەم بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا ماھارىتى بولىدۇ، بىر قىسىم ئادەم زۆرۈرىيەتسىز دەپ قارىغان ئىشلارنى يەنە بىر قىسىم ئادەم زۆرۈر، دەپ قارايدۇ ۋە ئىككى قولى بىلەن شۇ ئىشلارنىلا ئىشلەيدۇ. ئىلمىي ماقالە يېزىش ئۈچۈن قوشۇمچە پايدىلىنىش كىتابلىرى كېرەك، ھېكايە يېزىش ئۈچۈنمۇ ئۇيەر - بۇيەرگە بېرىش، كۆزىتىش كېرەك، لېكىن مېنىڭ ھازىرقى مۇھىتىم بۇلارغا يار بەرمەيدۇ.

مەندىن كۈتكەن ئۈمىدلىرىڭىزگە كۆپ رەھمەت. قولۇمدىنلا كېلىدىكەن، ئەلۋەتتە، ئىشلەيمەن. بىراق، مۇھىتىمىز ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر - بىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلمىگەچكە، خەتتە يازغانلىرىڭىزنىڭ بەزىسىنى ھەقىقەتەن زىممەمگە ئالالمايمەن. ئۆزىڭىز تۆپىدە ھازىر بولسىڭىز، ئاندىن چۈشىنىۋالالايسىز، قەلەم بىلەن يېزىپ تولۇق ئۇقتۇرۇپ كېتىشىم ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، تولۇق ئۇقتۇرۇشىڭىزمۇ ھاجىتى يوق، مۇشۇ يەردە بەس قىلاي.

ئىلگىرىلىگەنلىكىڭىزگە ئاپىرىن ئوقۇپ:

لۇشۈن

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېچىدە





# 331007 خۇ جىنشۇيگە

جىنشۇي ئەپەندى:

2 - كۈندىكى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. «تارمار» نى ئەۋەتىپ بېرىشنى نېشەن كىتابخانىسىغا ھاۋالە قىلغانىدىم، بەلكىم تەگكەندۇر. قالغان ئىككى تۈرلۈك كىتابنىمۇ ئۆزىمىز باستۇرغان، ئۇ كىتابلارمۇ ۋېنجۇدا بولمىسا كېرەك، شۇڭا قوشۇپ ئەۋەتتىم.

«شاللاق»[104] دېگەن كىتاب ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن، (مەجمۇئەگە كىرگۈزۈش) قولۇمدىن كېلەتتى، بىراق كىرىش سۆز يېزىشقا ۋە كوپىيىسىنى كۆرۈپ چىقىشقا دەرمانىم ھەم ۋاقتىم يار بەرمىدى.

ھازىر OO[105] دا يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا يۈز بېرىشى چوقۇم. 30 يىلدىن بۇيان ئۇنداق ھادىسىلەرنى كۆپ كۆردۈم. شۇنداق بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن، بەزىلەر ئاسىيلىق قىلىۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى جانلىق كۈچلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ، دېمەك، ئالغا باسىدىغانلار يەنىلا ئالغا باسماقتا.

ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم (1) چىداملىق بولسا، (2) ئەستايىدىل بولسا، (3) داۋاملىق بەرداش بولسا بولدى. بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن پىغان قىلماسلىق كېرەك.

ھۆرمەت بىلەن ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ: لۇشۈن

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

# 331018 تاۋ كاڭدېغا[106]

كاڭدې ئەپەندى:
يولىيورۇقلىرىڭىزدىن ۋاقىپ بولۇپ، ناھايىتى تەسىرلەندىم.
ئەمەلىيەتتە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانچە توقۇنۇش يوق.
ئەگەر بىراۋ ھاقارەتلىگەنىكەن، ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىش كې-
رەك ياكى تىلىغا تىل ياندۇرۇش كېرەك.
ئەمەلىيەتتە، جۇڭگودا ھازىرقى ۋاقىتتا خاتالىق بىلەن ھاقا-
رەتنىڭ بىر - بىرىگە ئالاقىسى يوق. خاتالاشقان ئادەمنىڭ ھاقارەت-
لىنىشى ناتايىن، ھاقارەتلەنگەن ئادەمنىڭ خاتالاشقانلىقى ناتايىن.
كاللىسى كېسىلىپ سازايى قىلىنغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا «خا-
ئىن» بولمىسا كېرەك.
ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

شۈن

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېچىدە





# 331031 ساۋ جىڭخۇاغا

يادەن ئاغا:
10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يازغان خېتىڭىز تەگدى. مېنىڭ
قارىشىمچە، چوڭ قىزىڭىزنىڭ كېسىلى ساقايمايدىغاندەك تۇرىدۇ،
شۇنداق بولسىمۇ قولىڭىزدىن كېلىشىچە سەۋەب قىلىپ كۆرەر-
سىز.
مېنىڭچە، سىزنىڭ بېيپىڭدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغىنىڭىز ياخ-
شى بوپتۇ. ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈش توغرىسىدا بۇرادەرلىرى-
ڭىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ يولى بار، ئۇلار بېيجىڭدا كۆپ
تۇرغان، ئەھۋالنى خېلى ئوبدان بىلىدۇ، تەجرىبىسى بار. ياشلار
ئاددىي ئويلايدۇ، ئۇلار مۇھىتنىڭ تەشۋىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەي-
دۇ، ئۇلار ۋاقتىنچە بولسىمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلاشنى، خۇماردىن
چىققۇدەك سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا
كۆپ زىيان تارتىدۇ. مەن بۇنداق ئەھۋالنى بىرقانچە قېتىم ئۆز
بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن. دەسلەپتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ، كېيىن ئىشەن-
سىمۇ ئۇلگۈرەلمەيدۇ. ۋەھالەنكى، ناھايىتى كەسكىن ياشلارنىڭ
زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا بىر يۇمىلاپلا پايلاقچى بولۇپ كېتىدىغانلىرىمۇ
بار، مەن بۇ يەردە شۇنداقلاردىن بىرنەچچىنى تونۇپ قويدۇم، دائىم
ئۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن. سىزنىڭ قىزغىنلىقىڭىزغا بېرىلىپ
كەتمىگىنىڭىز ياخشى.
«ئاندىرون»[107] مەندە بار، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۈچ -
تۆت نۇسخا ئەۋەتىپ بېرەي، ئۆزىڭىز ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن،
باشقا ئادەملەرگە بەرسىڭىزمۇ مەيلى. «41»[108] نىڭ خاتىمىسى
«ئۇندۇرمە» گە بېسىلغان، مەندە ئەسلىدە بار ئىدى، لېكىن ئۇياق-

تىن - بۇياققا كۆچۈپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن ئىزدەپ تاپالمىدىم. «تومۇر ئېقىن»نىڭ كىرىش سۆزىنى[109] خېلى بۇرۇنلا تاپشۇرۇۋالغانىدىم، ھازىرچە بېسىپ چىقارغۇدەك ئورۇن چىقمايۋاتىدۇ.

سولچىل كىتابلارنى مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يەنە تەكشۈرۈپ پېچەتلىمەكچى بولۇشۇۋېتىپتۇ، «تەرەققىيپەرۋەرلىك» كىتابخانىسىنىڭ خاڭجۇدىكى شۆبىسىنى پېچەتلىشىۋېتىپتۇ. شاڭخەيدىكى كىتابخانىلار قورقۇنچ باسقانلىقى ئۈچۈن ھەدەپ كىتابلارنى يوشۇرۇشۇۋاتىدۇ. بۇ بىرخىل يېڭى سىياسەت[110]، مېنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە زۇلۇمغا ئۇچرىشىم مۇمكىن. بىراق، مېنىڭ تەييارلىقىم بار، ھەر ھالدا يېرىم يىلغا بەرداشلىق بېرەلەيمەن، شۇ چاغدا يەنە بىرگەپ بولار. ھازىر «ئازاد قىلىنغان دون كىخوت»[111] نى باستۇرۇش ئۈچۈن دەسمايە بەردىم، بۇنىڭدىن يەنە زىيان تارتىشىم مۇمكىن.

ياغاچ ئويمىنى[112] ئەۋەتىپ بېرىڭ، چۈنكى كەمىنىڭىز بالدۇرراق كۆرۈشنى ئارزۇ قىلماقتىمەن. بىرنەچچە تاختا ئاق قەغەز سېتىۋېلىپ، كېسىپ، ياغاچ ئويمىنى شۇ قەغەزنىڭ ئارىسىغا سېلىپ، گېزىت ۋە مۇقاۋا قىلىنىدىغان قاتتىق قەغەزلەر بىلەن بىللە تۈرمەكلەپ (قاتتىق قەغەزنى «ئاندىرون» بىلەن بىللە ئەۋەتىپ بېرىمەن، «ئىككى جايدىن مەكتۇپ» دېگەن ئەسەردىن بىر نۇسخىنىمۇ سىزگە ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتىمەن)، كىتابخانىغا زاكاز قىلىپ ئەۋەتسىڭىز ماڭا گەپ - سۆزسىز تېگىدۇ. ئاپتورى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار[113] نى ۋاقتىڭىز چىققاندا تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتەرسىز. چۈنكى، قانداقلا بولسۇن، ياغاچ ئويمىنى كۆچۈرۈپ بېسىش زۆرۈر، بۇنداق ياغاچ ئويما جۇڭگودىمۇ، ياپونىيىدىمۇ كەم ئۇچرايدۇ.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ،

رەپىقىڭىزگىمۇ سالام يوللاپ،

ھۆرمەت بىلەن: ئىنىڭىز يۈ

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كېچىدە





# 331105 ياۋ كېغا[114]

Y.K ئەپەندى:

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى تۈنۈگۈن تاپشۇرۇۋالدىم. سوئاللار ۋە «تەزكىرە»[115] توغرىسىدىكى پىكىرلىرىڭىزنى ئايرىم يېزىپ ئەۋەتتىم، كۆرۈپ باقارسىز.

«تەزكىرە»نىڭ تەرجىمىسىنى بېسىپ چىقىرىدىغان ئورۇن چىقمىسا كېرەك، ھېلىقى كىتاب توغرىسىدىكى باھامۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ، ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا بىزگە تەرجىمە قىلىپ بەرسىڭىز ناھايىتى ئالقىشلايمىز.

بۇ يەردىكى ئەمەلدارلار، نەشرىياتچىلار ۋە كىتابخانىلارنىڭ مۇھەررىرلىرى بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەتتە ئاۋۋال ئەمەلدارلار، ئەكسىيەتچىل كىتابلارنى نەشر قىلدۇرماسلىق كېرەك، دەپ تاپشۇرۇق بېرىپتۇ، ئاندىن كېيىن شى جېيسۇن[116]، ئاخباراتنى تەكشۈرۈش قائىدىسى بويىچە ئاۋۋال ژۇرنال ماقالىلىرىنىڭ كوپىيىلىرىنى تەكشۈرۈش كېرەك، دەپتۇ؛ ئاندىن كېيىن جاۋ جىڭشېن قوشۇمچە قىلىپ، ياپونىيىدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۆچۈرۈۋېتىش، ئۆزگەرتىش ياكى ئۆچۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ×× بەلگىلىرىنى قويۇپ قويۇش كېرەك، دەپتۇ. ئۇلار سولچىل مەتبۇئاتلارنى پۈتۈنلەي مەنئى قىلىۋەتسە، كىتابخانىلارنىڭ تاقىلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن سول قانات يازغۇچىلارنىڭ نەرسىلىرىنى چىقىرىۋېتىش كېرەكلىكىنى، لېكىن ئۇلاردىن پايدا تېپىشنى كۆزدە تۇتۇش لازىملىقىنى، ئۇلارنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش زۆرۈر-

لۇكىنىمۇ بىلەتتى. ئەمەلدارلارنىڭ بەزىسى كىتابخانىلارنىڭ، باسمىخانىلارنىڭ ھەسسىدارلىرىدىن بولغاچقا، ئەنە شۇنداق قاپقان قۇرغان. مېنىڭچە، ئۇلار بۇ ئۇسۇلنى يولغا قويىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى مەتبۇئاتلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەنە شۇنىڭدىن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. شى، جاۋ ئەپەندىلەر، بۇلاردىن باشقا ئاتالمىش ئۇچىنچى خىل ئادەملەر[117] بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ئەقىلنى سىر تۇتۇش ئۈچۈن، مەتبۇئاتلارنى تەكشۈرۈشكە قارشى بايانات ئېلان قىلىپ، كىتابخانىلارنىڭ كۆزىنى بويىشى مۇمكىن.

شى جېيسۇن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بولۇۋاتقان قەلەم دەۋاسى[118] ھەقىقەتەن تولىمۇ تېتىقسىز. بۇنداق مۇنازىرە «4 - ماي» ھەرىكىتى دەۋرىدىمۇ بولغانىدى[119]. ھازىر بۇنىڭ يەنە كېلىپ چىققانلىقى ئارقىغا چېكىنىش بولماي نېمە؟! مېنىڭچە، شى ئەپەندىمۇ «تاللانما»[120]نى تەتقىق قىلىپ كۆرمىگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ مەقسىتى شۇ يول بىلەن ھاكىمدارلارنى خۇش قىلىش. ئەگەر ھەقىقەتەن تەتقىق قىلغان بولسا، ياشلارنى ئۇنىڭدىن يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى تېپىشقا دەۋەت قىلمىغان بولاتتى. ئۇ جاناب سودىگەردىن كېلىپ چىققان، شۇنىڭ ئۈچۈن كونا كىتابلارنى كۆرۈپ قالسا، تېپىلماس گۆھەر دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى خۇددى لوڭگىدە كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئەربابلارچە كىبىر پەيدا قىلىشنى ياخشى كۆرگىنىگە ئوخشىشىدۇ. ئۇنىڭ ماقالىلىرىگە قاراپ باقىدىغان بولسىڭىز، «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانما»نىڭ پۇرىقىمۇ يوق.

تەرجىمىدە ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تەبىئىيكى، مۇھىم ئىش. يېڭى نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى، يېڭى ئاتالغۇلارنىمۇ جانلىق تىلدىن ئېلىش زۆرۈر. مەسىلەن، ئېلېكتر چىراغ ئورنىتىشنى تەسۋىرلەشتە، بىرمۇنچە يېڭى ئاتالغۇلارنى —





گولدارىيىف، ئۆچۈرگۈچ، ئاچقۇچ — يېڭى ئەدەبىياتچىلار بىلمەيدۇ. مەن بىر كۈنى چاچ ئالدۇرغىلى بارغىنىمدا، ساتىراشنىڭ بىرقانچە ئەسۋابىنى كۆردۇم، لېكىن ئۇلارنىڭ نېمەدەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلمىدىم. شى جاناب ساراي - ئوردىلارنى تەسۋىرلەشتە «تاللانما» لازىم بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ بىردىنلا خەن، جىن سۇلالىسى ئوردىلىرىنى تەسۋىرلەشنىڭ غېمىنى يەۋاتقانلىقى ھەقىقەتەن «ئۆزۈم ھەر جايدا مەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر» دېگەنىنىڭ ئۆزى.

ئەمەلىيەتتە، كونا كىتابلاردىن جانلىق سۆز تېپىش دېگەن گەپ ئالدامچىلىق، مەسىلەن، بىز «تاللانما»نى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنىڭ جانلىق ياكى ئۆلۈك ئىكەنلىكىگە نېمىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىمىز؟ «جانلىق» دېگەن سۆز ئۆزى بىر قاراش بىلەنلا چۈشىنىدىغان سۆز دېگەندىن باشقا سۆز ئەمەس. لېكىن، نېمىشقا بىر قاراش بىلەنلا چۈشەنگىلى بولىدۇ؟ چۈنكى، ئۇنى ئۆزى ئەسلىدە باشقا بىر ئورۇندا كۆرگەن ياكى بولمىسا ئاڭلىغان. ئىلگىرى ئاڭلىغان، كۆرگەنىكەن، ئۇنداق سۆزلەرنىڭ باشقا ئورۇندا ئاللىقاچاندىن بار ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭغا «تاللانما»نىڭ نېمە كېرىكى؟

بىز ئىلگىرىكىگە ئوخشاش تۇردۇق، «ئەركىن پاراڭ»غا ھازىرمۇ ماقالە بېرىۋاتىمەن، لېكىن تەخەللۇسنى ئۆزگەرتىپ تۇرماي بولمىدى، ئۇلار بىر توپلام قىلىپ نەشر قىلدۇرغۇدەك بولۇپ قالدى، بىراق نەشر قىلىپ بېرىدىغان ئورۇن چىقمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆچۈرۈۋېتىشى، ئۆزگەرتىۋېتىشى ئېھتىمال، ئۇنىڭغا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. شۇڭا، توپلام قىلىپ باستۇرۇشنى توختىتىپ قويدۇم. يېڭىدىن ھېكايە يازاي دېسەم، ئۇنىڭغا مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ، بۇ چولامنىڭ تەگمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئىقتىدارىمنىڭ يەتمىگەنلىكىدىن بولدى، چۈنكى كۆپ يىل-

لاردىن بۇيان جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالدىم، ئۆزۈم قايناملىنىڭ مەركىزىدە ئەمەس. ھېس - تۇيغۇلىرىم يۈزە بولۇشى مۇمكىن، يازغان نەرسەممۇ ياخشى چىقماسلىقى مۇمكىن.

ھازىر يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان يازغۇچىلارنىڭ دىققەتنى جەلپ قىلغۇدەك ئەسەرلىرىمۇ بار، ئەگەر ۋاقىت بولسا، مېنىڭچە، ھەربىر يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرەر پارچىنى تەرجىمە قىلىپ، بىرەر پارچە كىتاب قىلىپ تونۇشتۇرساق، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولاتتى.

شاڭخەيدىمۇ سوغۇق چۈشۈپ قالدى، ھاۋا پات - پات تۇتۇلۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەدەبىيات مۇنبىرىنىمۇ قارا تۈتەك قاپلاپ كەتتى، ئۇمۇ «ھاۋا»غا ئوخشاش بولۇپ قالدى.

شى ئاغا ھايات ئىكەن، ئۇنىڭ رەپىقىسى بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋاپتۇ، لېكىن خەتنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنىدىن خەۋىرىم يوق.

S ئەپەندىنى[121] ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، مەندىن سالام ئېيتارسىز.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ،

ھۆرمەت بىلەن: يۈ

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

## «تەزكىرە» توغرىسىدا پىكرىم

1 - ئابزاستا: ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئاخىرىغا «18 - سېنتەبىردىن كېيىن، جۇڭگونىڭ مۇھىم خەۋەرلىرىنى ياپونىيىگە ساتقان، دېگەن بوھتانغا ئۇچرىغان» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇش كېرەك (بۇ پىتنىنى جاڭ زىپىڭلار چىقارغان، ئۇلارنىڭ رەزىللىكىنى، زەھەرخەندىلىكىنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن).





2 - ئابزاستا: «بالا ۋاقتىدا»، ... ئاتام ئۆلگەندە مەن 16 - 17 ياشقا كىرىپ قالغان. بۇ يەردە «ئۆسمۈر ۋاقتىدا» دېيىشكە توغرا كەلسە كېرەك.

3 - ئابزاستا: «مائارىپ ۋازىرى بولغان دوستى...» بۇ ئادەم سەي يۈەنپېي ئەپەندى. ئۇ مېنىڭدىن چوڭ ئىدى، شۇڭا «دوست» دېگىلى بولمىسا كېرەك.

4 - ئابزاستا: «جۇڭگونىڭ گوركىيسى...» ئۆز ۋاقتىدا بۇنداق ئىبارە يوق ئىدى، بۇنى كېيىنكى چاغلاردا كىمدۇر بىرى پەيدا قىلغان.

5- ئابزاستا: «‹دەشت - باياۋان› ۋە ‹تىل رىشتىسى›» مەن پەقەت «دەشت - باياۋان»نىلا تەھرىرلىگەن، «تىل رىشتىسى» نى بولسا جۇ زورېن تەھرىرلىگەن، لېكىن مەن ماقالە بەرگەن.

6 - ئابزاستا: «... ئىچكى ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن تۆكۈلگەن قان» مەن شۇ سۆزلەرنى يازغان چاغدا پارتىيىنى تازىلاش ئىشى ۋە ئىختىلاپلار تۈگەپ بولغانىدى.

7 - ئابزاستا: «ئۇلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى...» دېگەن سۆز «بىر قىسىم ئەكسىيەتچى ياشلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى...» دەپ ئۆزگەرتىلسە خېلى چۈشىنىشلىك بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

10 - ئابزاستا: «... ئۇشتۇمتۇتلا راۋاج تاپقانلىقى سىياسىي جەھەتتە ئىلھام بېرىلگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى...» دېگەن سۆز «ئۇشتۇمتۇت راۋاج تاپقانلىقى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىدىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى يازغۇچىلار...» دەپ ئۆزگەرتىلسە ياخشى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

11 - ۋە 12 - ئابزاستا ئېنىق بولمىغان يەرلىرى بار ئىكەن. ئۇشتۇمتۇت راۋاج تاپقاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات يازغۇچىلىرى (كونا رەقىب ئىجادىيەت تەھرىراتى، يېڭى قۇرۇلغان «قۇياش» تەھرىراتى) نىڭ ھۇجۇم قىلىدىغىنى مەن بولدۇم، ئۇنىڭ

ئۈستىگە كونا رەقىب «يېڭى ئاي» تەھرىراتىمۇ قوشۇلۇپ قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. دېمەك، «كۆپچىلىكنىڭ ئوقىنىڭ نىشانىسى» بولۇپ قالدىم، شۇ چاغدا يازغان ماقالىلىرىمنىڭ ھەممىسى «ئۈچ بىكار توپلىمى» دا. شۇ «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچى» لار 1930 - يىلىغا كەلگەندە بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئىجادىيەت «قۇياش» تەھرىراتىدىكىلەر ئۆز ئىستراتېگىيىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى، ئۇلار مېنى ۋە ئىلگىرى ئۆزلىرى قارشى تۇرغان يازغۇچىلارنى تېپىپ، سول قاناتلار ئىتتىپاقىنى تەشكىللىدى، شۇنىڭدىن كېيىن يازغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى «ئالا كۆڭۈل توپلىمى» دا.

16 - ئابزاستىكى چېكىنىڭ تەنقىدى[122] ئەمەلىيەتتە ياپتا گەپ، ئۇ گەپ ماڭا تەنە قىلىپ ئېيتىلغان، چۈنكى شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ تەشەببۇس قىلغىنى «تالانت» ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «بىر قىسىم ئادەملەر» دېگەن سۆز «چاكىنا بىرنېمىلەر» دېگەن سۆز. ئۇلار مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى چاكىنا ئادەملەر كۆرىدىغان چاكىنا ئەسەر، دېمەكچى.

17 - ئابزاستا: Sato[123] پەقەت «يۇرتۇم» نىلا تەرجىمە قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تىلغا ئېلىنمىسىمۇ بولىدۇ. «ياۋا گىياھ» ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، تەرجىمان ئۇنى تىجارەت باسمىخانىسىغا سېتىپ بەرگەن، بۇلتۇر كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسا كېرەك. «پارچە تەسىراتلاردىن تاللانما» نى باشقا ئادەم تاللىغان، ئۇ تىلغا ئېلىنمىسىمۇ بولىدۇ.





# 331220 شۇي ماۋيۇڭغا[124]

ماۋيۇڭ ئەپەندى:

18 - كۇنى يازغان خېتىڭىز تەگدى. خەن شىخېڭ ئەپەندىنىڭ دەسلەپكى ماقالىلىرىنى كۆرمىگەنىكەنمەن، ئەمدى مېنىڭ دىققىتىم چۈشكەندە، مۇنازىرە[125] ئاياغلىشاي دەپ قالدى. مېنىڭچە، سىزنىڭ تەشەببۇسىڭىز توغرا.

ماقالىنى ئەگىتىپ يېزىش خەن شىخېڭ ئەپەندىنىڭ خۇسۇسىيىتى، «مېخانىك» دېگەنگە ئوخشاش ماتېرىيالىستلارچە سۆزلەرنى ئىشلىتىشمۇ ئۇنىڭ ماھارىتى، سىز ئۇنىڭ نىيىتىنى تېخى چۈشەنمەپسىز، ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەدەبىياتتىكى رېئالىزمنى تەۋرەتمەكچى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنى ئاقلىماقچى. ئۇ شانىنى[126] ئەمەلىيەتتە يوق دەيدۇ، روسىيىدە ھەقىقەتەن بار ئىدى، جۇڭگودىمۇ يوق ئەمەس، بىراق ئۇ شانىن دەپ ئاتالمايدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن جەمئىيەتنى چېچەنلىك بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ، ئەگەر قۇۋۋىتى يەتسە ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتكە تەسىر قىلىپ، ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئەھۋال خۇددى زىغىر يېغى ئەسلىدە زىغىردىن چىقىرىۋېلىنىپ، ئۇنىڭغا زىغىر چىلانسا زىغىرنىڭ تېخىمۇ ياغلىق بولغىنىغا ئوخشىشىدۇ. خەن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ھېكايىدىكى تىپلار ئەسلىدە يوق، ئۇنى ئاپتور جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇش ئېھتىمالىغا قاراپ، خىيالىي ئويدۇرۇپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە شۇنداق تىپتىكى ئادەملەر بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىدېئالىست دەپ ھېسابلىماسلىقى ئەنە شۇ

«مەۋجۇت بولۇش ئېھتىمالى» (بۇ سۆزنى قالتىس ئىشلەتكەن) دېگەن سۆزدىن بولغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىتىنى نەزەردە تۇتقان يېرىمىش. ئەمەلىيەتتە، بۇ چۈشىدە جۆيلۈش. چوڭ يازغۇچىلار قەلەم تەۋرەتكەندە، چوقۇم قەستەن ئادەمگە قارىماي، جەمئىيەتكىلا قارامدىكەن (ئادەمگە چاتماي تۇرۇپ، جەمئىيەتتە نېمىگە قارايدىكەن)؟ تەييار تىپلارنى تاشلاپ قويۇپ، بارلىققا كېلىش ئېھتىمالى بولغان تىپلارنى يازامدىكەن؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ يازغۇچى دەل خۇدانىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ. دىندارلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، خۇدا ياراتقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بەلگىلىك دائىرىسى بولىدۇ، ئۇمۇ مەۋجۇت بولۇش ئېھتىمالى بىلەن چەكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوت ـ چۆپ ئىچىدە بېلىق، لاي ـ پاتقاق ئىچىدە قۇشقاچ يوق. دېمەك، خەن ئەپەندى ئەمەلىيەتتە قۇرۇق گەپ ساتقان. مېنىڭچە، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىق كېرەك، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

بەدىئىي چىنلىق تارىختىكى چىنلىق ئەمەس، بىز بۇ ئىبارىنى ئاڭلىغان. چۈنكى، تارىختىكى چىنلىقتا شۇ ۋەقەنىڭ بولغان بولۇشى شەرت. ئىجادىيەتتە بولسا ئومۇملاشتۇرۇش، تەسۋىرلەش مۇمكىن، ۋەقە چىندەك بولسىلا بولىدى. شۇ ۋەقەنىڭ ئۆزىنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. لېكىن، ئاپتورنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشقا، تەسۋىرلەشكە ئاساس قىلغىنىنىڭ جەمئىيەتتىكى مەۋجۇدىيەتكە كىرمەيدىغىنى يوق، ئۇ ئەنە شۇ مەۋجۇت ئادەم، مەۋجۇت ئىشلارنى ئاساس قىلىپ، پەرەز بىلەن ئۇنى كېڭەيتىدۇ، بۇ ئەھۋال خۇددى ئالدىن قىلىنغان ھۆكۈمگە ئوخشىشىدۇ، چۈنكى كېيىن شۇ ئادەم ۋە شۇ ۋەقە ھەقىقەتەن تەسۋىرلەنگىنىدەك بولۇپ چىقىدۇ. خەن ئەپەندىنىڭ چوڭ يازغۇچىلارنىڭ ئىجاد قىلغانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇت تۇرۇش ئېھتىمالى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان ئادەملىرى ۋە ۋەقەلىك ئەنە شۇ بولسا كېرەك.





مەن نەزەرىيىنى تەتقىق قىلغۇچىلاردىن ئەمەسمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق كىتابلارنى ئوقۇش كېرەكلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. مېنىڭ شەخسىي پىكرىمچە، ئاۋۋال تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇش كېرەك، ياپون تىلىدىكى «دۇنيا تارىخى كۇرسى»[127] (جەمئىي ئالتە توم، بەش تومى نەشردىن چىققان) نى بىرئاز ئوقۇغىنىمدىن كېيىن ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ خۇددى جۇڭگودىكى ۋاڭ شياۋلەي[128] ئەسكەرلەرگە باشچىلىق قىلغاندەك دۆلەت ئىدىكەنلىكىنى ياشلىق دەۋرىمدىكىدىن ئېنىق چۈشىنىۋالغانمەن. ئۇنىڭدىن قالسا، ماتېرىيالىزمنى ئوقۇش كېرەك، بۇ ھەقتە ياپون تىلىدا يېڭى چىققان كىتابلاردىن يۈكتىيەن گۋاڭزىنىڭ «ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدىن لېكسىيىلەر» («ئاق تېرەك» نەشرىياتى نەشر قىلغان، نەرخى 1 دوللار ياكى 80 تىيىن)، تارىخىي ماتېرىيالىزم» (پەن نەشرىياتى[129] نەشر قىلغان، جەمئىي ئۈچ توم، ھەربىر تومى 1 دوللار ياكى 80 تىيىن) بار. ئەدەبىيات تارىخى توغرىسىدا ھېچ نەرسىنى ئېيتالمايمەن، شۇنداق بولسىمۇ G. Brandes[130] نىڭ «XIX ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم» دېگەن ئەسىرى ئىنسانپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئوقۇپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ، ياپونىيىنىڭ «يىلنامە دىۋانى» دە تەرجىمىسى بار، ھازىر ئالتە تومى نەشردىن چىقتى (ھەربىر تومى 80 تىيىن). ئۇنىڭ 1 ـ تومى — «كۆچمەنلەر ئەدەبىياتى»، 2 ـ تومى — «دىيتىسىنىڭ رومانتىكى»، 4 ـ تومى — ئەنگلىيە ناتۇرالىزمى»، 6 ـ تومى — «ياش دىيتىسى»، 4 ـ بىلەن 6 ـ تومى ئىككى قىسىمدىن، 3 ـ ۋە 5 ـ تومى تېخى چىقمىدى. نەزەرىيە توغرىسىدا، بۇ يىل رەتلەش ۋە تەرجىمە قىلىش يولى بىلەن «رېئالىزم توغرىسىدا» دېگەن بىر كىتاب تەييار بولدى، ناھايىتى ياخشى، ئاڭلىشىمچە، تىزىلىپ بوپتۇ، لېكىن دەرھال نەشر قىلىشالماسلىقى مۇمكىن. يېقىندا

ياپون تىلىدا چىققان «سوتسىيالىستىك رېئالىزم مەسىلىسى»[131] دېگەن بىرلا كىتابنى كۆردۈم، ئالا قالغان ھەرپلىرى تولىمۇ كۆپ ئىكەن، ئوقۇش قىيىن.

جۇڭگونىڭ ماتېرىيالىزمنى ھاقارەتلەيدىغان كىتابلىرىنى كۆرمەسلىك كېرەك، ئۆزى چۈشەنمەي تۇرۇپ قۇۋۋەتلەپ يازغانلىرىنىمۇ كۆرمەسلىك كېرەك. دېمەك، مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى، ئاۋۋال ئومۇمىي ساۋات توغرىسىدىكى كىتابلارنى بىرئاز ئوقۇش كېرەك، شۇ چاغدا مەسئۇلىيەتسىز گەپ ساتقۇچى بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

شۈن

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كېچىدە





# 340211 ياۋ كېغا

ياۋ كې ئەپەندى:

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىكى 1 ـ نومۇرلۇق خېتىڭىزنى ۋە 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم.

چىن دەۋرىدىكى قائىدە ـ تۈزۈم يادنامىلەر توغرىسىدا ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن، ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىمنى ئېيتساممۇ، مەخسۇس ئالىم بارلىقىدىن خەۋىرىم يوق. ئەگەر كىتابلاردىن تەكشۈرۈپ كۆرگۈڭىز بولسا، شياۋ زېڭيۈنىڭ «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»[132] (تىجارەت باسمىخانىسى نەشر قىلغان، باھاسى 3 دوللار) ناھايىتى ئىخچام، چۈشىنىشلىك. تۇرمۇش ئەھۋالى توغرىسىدا، مېنىڭچە، خەن دەۋرىدىكى تاش ئويمىلىرىدىن «ۋۇلياڭ مازىرىدىكى سۈرەتلەر»نى كۆرگەنگە يەتمەيدۇ. بۇ سۈرەتلەرنىڭ «مېتال ۋە تاش تەۋەررۇكلىرى توپلىمى»[133] دا ۋە «مېتال، تاش خاتىرىلىرى»[134] دا كۆچۈرۈپ ئويۇلغان نۇسخىلىرى بار، ئۇلار ئەينەن بېسىپ ئېلىنغان نۇسخىلىرىغا قارىغاندا ياخشى. خەن دەۋرىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت چىن دەۋرىدىكىدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. باشقا تەرەپلىرىنى پەرەز بىلەن ئىشلەشتىن باشقا چارە يوق، ئەگەر ھەممە تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئايدىڭلاشتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن قەلەم تەۋرىتىمەن دېيىلىدىغان بولسا، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش تەس.

بېيپىڭدىكى ئاتالمىش ئالىملارنىڭ باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن

كۆچۈرۈۋېلىشقا بېرىلىپ كېتىدىغانلىرى كۆپ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ ھالىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرمەمسىز تېخى. چۈنكى، ئۇلار ھال پەيدا قىلىپ گىدىيىۋېلىشنى ئالىم بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ بىلىدىكەن. ئەگەر تونۇشتۇرۇش توغرا كەلسە، مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسىنى زىيارەت قىلىپ بارسىڭىزمۇ بولىدۇ، شۇ چاغدا «ئىلىم»نى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، «ئالىم»نى كۆرگىلى، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ «جاھانسازلىق» قىلىشقا، ئىجاد قىلىپ يېزىشقا پايدىسى بار.

يېقىندا «ئەركىن پاراڭ»دا بىر پارچە ماقالىڭىزنى كۆردۈم، قالغان ماقالىلىرىڭىز يوقىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى لىيۋېيىنىڭ ماقالە كەلمەيۋاتىدۇ، دەپ قاقشاپ يۈرگەنلىكىنى پات - پات ئاڭلاپ قالىمەن. ئۇ تەھرىرلىك ئىشىدا ناھايىتى قىيىنىلىۋاتقان بولسا كېرەك. يېقىندا «ئايالار گۈلزارى» دېگەن بىر سەھىپىنى كۆپەيتتى، «ئەركىن پاراڭ»نى پارچىلىماقچى بولسا كېرەك. مەن بەزىدە ماقالە يېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئېيىغا ئىككى - ئۈچ پارچىدىن ئاشمايدۇ. ئۇزۇنراق ۋە مۇھىمراق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغۇدەك ئورۇن يوق. يېڭى چىققان ژۇرناللار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن كۆرگۈچىلىكى يوق، ئۇلاردىكى ئاپتورلار يەنە شۇ بىر تۈركۈم ئادەم، ئىسىم - فامىلىسىنىلا ئۆزگەرتىۋالغان، خالاس.

تەكشۈرۈش باشلاندى، «ئەدەبىيات» نىڭ 2 - سانىدىن ئاۋۋال 10 پارچە ماقالە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەنىكەن، ئۇلارنىڭ يېرىمى چىقىرىپ تاشلىنىپتۇ. دېمەك، ئۇنىڭ جانسىز، خۇنۇك بىر نەرسە بولۇپ چىقىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. 2 - جىلدنىڭ 6 - سانى چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئەجىلى يېتىپ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. «ھازىرقى زامان» [135] مۇ مىللىي ئەدەبىياتقا بېرىلىدىغاندەك ياكى مەنىسىز ماقالىلەر بىلەن تولىدىغاندەك تۇرىدۇ.





ھازىر شاڭخەيدە ئەسەرلىرىنى ھەرقانداق ئورۇندا ئېلان قىلالايدىغانلار، مەسىلىسى چىقمايدىغان ئاپتورلار. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۇندىن توققۇزى ئىلگىرى قەلەم بىلەن رىقابەتلەشكەن، ئاللىقاچان مەغلۇپ بولغان ئادەملەر ئىدى. شۇنداق ئادەملەر قورال كۈچى سايىسىدە ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىۋالغان، ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى غەلىتە ھادىسىلەرنى ئەنە شۇنىڭدىن پەملىگىلى بولىدۇ. ئۇلار چىقارغان ژۇرناللارنى كىتابخانلار ئالمىسا، باشقا ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ، ئاز - پاز ئىناۋىتى بار ژۇرناللارغا بىر ئامال قىلىپ كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئورنىنى ئۆز ھىماتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تارتىشىۋالىدۇ. بۇ يىلدىن باشلاپ ئەنە شۇنداق ئىستراتېگىيە يولغا قويۇلىدىغان دەۋر يېتىپ كەلسە كېرەك، بىراق بۇ ئۇسۇلمۇ باشقىلارنىڭ كۆزىنى ئۇزۇنغىچە بويالمايدۇ، يەنە يېرىم يىلدىن كېيىن، «ھازىرقى زامان» دەك بىرنېمىلەر نەزەردىن قېلىشى مۇمكىن.

مېنىڭ كونا ئادەتلىرىم كۆپ، جۇڭگونىڭ سالام خەت قەغەزلىرىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارنى گۈللۈك قەغەز ئورنىدا كۆرىمەن، بۇ نۆۋەت كونا ئۇسۇلدىكى ياغاچ ئويمىلارنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە «سالام خەت قەغەزلىرى ئۈلگىلىرى» دېگەن بىر توپلامنى رەتلەپ باستۇردۇم. S خانىم[136] سەنئەتنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭغا بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بەرگۈم بار، لېكىن قولۇمدىكى كىتاب چەكلىك بولغاچقا، S ئەپەندىگە ئەۋەتەلمەيمەن. مۇشۇنداق قىلىشىم قائىدە - يوسۇنغا توغرا كېلەرمۇ؟ ئەگەر چاتاق بولمىسا، مەن يېزىش توغرا كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئىنگلىزچىسىنى يېزىپ ئەۋەتسىڭىز، شۇنىڭغا قاراپ كۆچۈرۈپ پوچتىدىن ماڭدۇرۇۋەتسەم.

ئىنىڭىزگە ئۆزىنىڭ تۇرار جايىنى ماڭا خەۋەر قىلىپ قويۇشىنى تاپىلاپ قويسىڭىز، خەت - ئالاقە ئادرېسىنىمۇ ماڭا خەت بىلەن ئېيتىپ بەرسە. چۈنكى، مەن ئادرېسىنى بىلمەيمەن، شۇڭا بىرەر

ئىشتا مەسلىھەت سورىيالمايۋاتىمەن.

ھازىر شاڭخەيدە ھاۋا ئىللىپ قالدى، چاغان يېڭى يىل بايرىمىدىنمۇ قىزىق ئۆتتى.

بىز ھەممىمىز سالامەت.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ، ھۆرمەت بىلەن

ئىنىڭىز: يۇ

2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى





# 340306 ياۋ كېغا

Y ئەپەندى:

2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتكە سېلىنغان نومۇرلارنى ئەمەلىيەتتە ئۆزۈممۇ ئەسلىيەلمەي قالدىم: خەت كەلسە ئۇتتۇرلۇق جاۋاب يازىدىغان، كوپىيىسىنىمۇ قالدۇرمايدىغان بولدۇم، كوپىيە قالدۇرۇشمۇ قۇلايسىز. دېمەك، خەتكە نومۇر سېلىش ئۇسۇلىمۇ قاملاشمايدىكەن، نومۇرنى كېرەكسىز قىلىش كېرەك، مەيلى مۇسادىر قىلىپ كەتسە كەتسۇن، سۈرۈشتۈرمىسىلا بولدى.

خەن دەۋرىدىكى تاشقا ئويۇلغان سۈرەتلەرنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرىنىڭ چاپاق چىققانلىرى كۆپ ئىكەن، تۇنجى كۆچۈرمىسى بولغان بولسا ئۇچۇقراق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنى تېپىش تەس. بېيپىڭدىكى ۋاقتىمدا ئۇنىڭدىن بىر ساندۇق يىغقانىدىم، تۇرمۇش ھالەتلىرىگە دائىر قىسىملىرىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ بېسىپ چىقىرىپ، تارقىتىش نىيىتىگىمۇ كەلگەنىدىم، بىراق ۋاقىت ھەم ئىقتىساد جەھەتتە چەكلىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، تا ھازىرغىچە ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدىم، كېيىنچە پۇرسەت بولۇپ قالسا ئىشلىمەكچىمەن. خەن دەۋرى سۈرەتلىرى ئىچىدە «چۇيۇ تاش ئۆيلىرى سۈرەتلىرى» دېگەن سۈرەت بار، مېنىڭچە، ئۇ چىن دەۋرىدىن قالغان تاش ئويما سۈرەت بولسا كېرەك، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن زىياپەتنىڭ كۆرۈنۈشى ناھايىتى جانلىق بولۇپ، خەن دەۋرىدىكى تاش ئويما سۈرەتلەرگە ئوخشاشمايدۇ، بىراق بۇنداق سۈرەتنى تېپىش ناھايىتى تەس، مېنىڭدىكىسى تولۇق ئەمەس، ئەگەر ئۇچرى-

تالىسىڭىز، ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويماڭ.

جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى ئەھۋالىغا كەلسەم، داۋاملىق ماقالە ئېلان قىلىپ تۇرغانلىقىڭىز ناھايىتى ياخشى. مېنىڭچە، چەت ئەللىكلەر بۇ ئىشلارغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. ئاتالمىش «ئۇستاز»، «ئالىم» دېگەن بىرنېمىلەر ھەدەپ ئۆزىنى ئۆزى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرماقتا، ئۇلارنىڭ يازغان بىرنېمىلىرىگە ھەرگىز ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ياشلارنىڭ ئىچىدە چەت ئەل تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغانلار ئاز، ئۇلارنىڭ قورسىقىدا گەپ بار، لېكىن ئېغىز ئاچالمايدۇ، مۇھىتنى زۇلمەت قاپلاپ كەتتى. ياپونلارنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشى خېلىلا ئاسان ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىسىڭىز، قۇرۇق گەپ قىلىدىغانلىرى كۆپ. ئۇلار شاڭخەيگە كېلىپ يېرىم ئاي ئۆتمەيلا بىرەر كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ - دە، چوڭ تاۋكىلارنى، خۇسۇسىي پاھىشىخانىلارنى، ۋەھاكازالارنى تەسۋىرلەپ، جۇڭگو گويا پاھىشىۋازلارنىڭ، قىمارۋازلارنىڭ جەننىتى دېيىشىدۇ[137]. لېكىن، ھازىر ئۇلارنىڭ كۆتى ئېچىلىپ قالدى، كىتابخانىلار ئۇلارنىڭ ئىشەنگۈچىلىكى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. ئۆتكەن ئايدا ئۈچ پارچە قىسقا مۇلاھىزە يېزىپ «تەمىرات» ژۇرنىلىنىڭ شۇ ئايدىكى سانىدا ئېلان قىلىپ، جۇڭگوغا، ياپونىيىگە، مانجۇرىيىگە تەنە قىلغانىدىم، شاڭخەيدىكى ئەدەبىيات لۈكچەكلىرى شۇنى باھانە قىلىپ سۇيىقەست قىلىشقا كىرىشتى[138]. زۇلمەت دېگەن نەرسە بۈگۈنكى كۈندىمۇ چېكىگە يەتتى.

قىستۇرما رەسىم[139] ئۈچۈن رەسسام تېپىش ناھايىتى تەس بولسا كېرەك، ياغاچ ئويمىغا ئۇستىراق بولغان ئىككى - ئۈچ كىشى ھازىر ھەر ياققا كېتىپ قالدى، چۈنكى ئۇلار ئاچ قالغاندى. ئەسلىشىمچە، ھازىر ئىزدەپ كۆرسە بولغۇدەك بىرلا ئادەم[140] بار، بىراق ئۇ ياغاچ ئويمىنى بىلمەيدۇ، پەقەت قەلەم





بىلەنلا سىزالايدۇ، ئانچە ياخشى ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ياۋروپالىقلارنىڭ سىزغانلىرىغا قارىغاندا خېلى جايىدا. ئەتە ئىزدەپ بېرىپ، سۆزلىشىپ، ئاندىن ئۇچۇرىنى بېرەي.

ئۆتكەن ئايدا بۇ يەردە مېنىڭ «ئۆزۈم تاللىغان توپلام» قوشۇلۇپ 149 خىل كىتاب مەنئى قىلىندى. مېنىڭ تاللىغانلىرىم 10 يىل ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىم ئىدى، ھازىرقى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇ چاغدا ھۆكۈمەت بېشىدا ئەمەس ئىدى، شۇ چاغدىكى ئەسەرلىرىمدە ھازىرقى «ئەكسىيەتچىلىك»نىڭ بولغانلىقى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش.

شاڭخەي تېخىچىلا سوغۇق، بەلكىم بېيپىڭدىن قېلىشمىسا كېرەك. بىز ھەممىمىز سالامەت.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ،

ھۆرمەت بىلەن: ئىنىڭىز يۇ

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېچىدە

# 340506 ياك جيۇنگە[141]

جيۇن ئەپەندى:

4 - كۈندىكى مۇبارەك مەكتۇپىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم. يېقىندىن بۇيان فېلىيەتوننىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىگە ئىچىنمايمەن. ئىسلاھاتپەرۋەرلىك قىلغانلىقى ياكى چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن نامغا، ئابرۇيغا ئىگە بولغان، ھال - كۈنى باياشاتلىشىپ قالغان ئادەملەر شۇ يولغا ناھايىتى ئاسانلا كىرىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە ئىلگىرىلا مەستانە بولۇپ كەتكەن، لېكىن ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىسلاھات ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ئادەملەر مۇرادى ھاسىل بولۇش بىلەنلا كونا كېسىلى قوزغىلىپ، بارا - بارا يەنە كونا مۇقاملارغا ھەۋەس قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ، ئۇلار «لاۋزى» بىلەن «جۋاڭزى»[142] نى كۆرگەندە، ئۇنى ئەجەبمۇ چوڭقۇر يېزىلغانىكەن، دەپ ھەيران بولىدۇ؛ «تاللانما» نى كۆرگەندە، ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئەجەبلىنىدۇ؛ بۇددا كىتابىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكىگە قايىل بولىدۇ؛ سۇڭ زامانىسىدىكىلەرنىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئاددىي، لېكىن چوڭقۇرلۇقىغا قايىل بولىدۇ، ھەيران ۋە قايىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئۇلارنىڭ دەسلەپتە نام قازىنىشقا قوللانغان كونا ئۇسۇلى. بىر قىسىم ياشلار ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ئاز - پاز ئۇچرىماي قالمايدۇ، لېكىن بۇمۇ ئۇلارنىڭ مىجەزىنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن بولغانلىقىدىن بولىدۇ، بۇنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئانچە ئالاقىسى يوق، مەسىلەن، «خەلقئالەم»[143] نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن نارازى بولغانلار ھەر ھالدا كۆپ. 3 - سانىغا پارچە تەسىراتلار بېسىلدى، ئۇلاردا سىلىق گەپلەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن مۇھەررىر تەشەببۇس قىلغان «كۆڭۈل خۇشى»غا زىت. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن، لېكىن يەنىلا ۋەزىيەتتىن خالىي بىر نەرسە بولۇپ قېلىشۋەرمىگۈچە ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرەلمەيدۇ.

ماقالە يازغۇچىلارنىڭ ئىسمىلىكىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، جۇڭگودا ئاپتور ئەمەلىيەتتە كۆپ ئىكەن، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى «خەلقئالەم»گە توپلىشىۋالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىگە، ئىدىيىلىرىگە قاراپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق. 3 - سانىلا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، ئاتالمىش مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ داستىخىنى يوغان، ئەمما قۇرۇق؛ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى نامسىز شاكىچىكلەرنىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ يەتمەيدۇ. مەسىلەن، «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ شەھىرىمىزگە بېغىشلانغان قوشۇمچە سانىدىكى ياكى «مەشغۇلات سىرتىدىكى ھەپتىلىك سەھىپە» دىكى يازغۇچىلار شۇنداق، جۇ زورېننىڭ شېئىرلىرىدا[144] ھازىرقى ھالەتكە قارىتىلغان نارازىلىق بار، لېكىن تولىمۇ تۇتۇق، ئۇنى ئادەتتىكى كىتابخانلار چۈشىنەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لاپ گەپ كۆپ، ئۇنىڭغا دوست تارتقۇچىلارمۇ كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم بىزار.

مېنىڭ توپلاملارغا كىرگۈزۈلمىگەن ماقالىلىرىم ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۇنتۇلۇپ قالغان، بەزىسى قەستەن چىقىرىۋېتىلگەن، چۈنكى ئۆز نەزىرىمدە ئانچە كېرىكى يوق دەپ قارالغان. «جېجياڭ دولقۇنى» دا ئىشلەتكەن تەخەللۇسۇم يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ، پەقەت يازغان نەرسىلىرىملا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى «رادىئوم توغرىسىدا»؛ يەنە بىرى «سپارتانىڭ روھى» (؟). بۇلاردىن باشقا «زېمىن ساياھىتى»[145] بار، بۇنىمۇ مەن تەرجىمە قىلغان، نامدا تەرجىمە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز-

گەرتىپ يېزىلغان، ئىشلەتكەن تەخەللۇسۇم «سۆزى» ياكى «سۇشى». لېكىن تولۇق بولمىسا كېرەك.

بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز ئىدى. يار - بۇرادەرلىرىممۇ يوق ئىدى، شۇڭا بەزى ئىشلىرىم پەقەت ئۆزۈمگىلا ئايان. ھازىر ھەممە ئادەم «سەۋدايى خاتىرىسى»نى مېنىڭ تۇنجى ھېكايەم دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ دەسلەپ مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان نەرسەم «ھېكايىزارلىق» (؟) قا بېسىلغان، كىتابىي تىل بىلەن يېزىلغان تۇنجى ھېكايە[146]. ئۇ چاغ ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىدى، ئۇنىڭ ماۋزۇسى ۋە تەخەللۇسى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭدا كونا مەكتەپتىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنغان، ئۇنىڭ ئاخىرىدا يۈن تىيېچياۋنىڭ تەستىق سۆزىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ مۇكاپاتى ھېسابىدا ماڭا بىرنەچچە ھېكايە كىتابمۇ بېرىشكەنىدى. شۇ چاغدا «ئايغا ساياھەت» دېگەن بىر پارچە كىتابمۇ بار ئىدى، ئۇنىمۇ مەن تەھرىرلەپ، تەرجىمە قىلىپ، 30 دوللاردىن ساتقان، ئۇنىڭغا باشقا ئادەمنىڭ ئىسمىنى قويغان. يەنە دۇنيا تارىخىنىمۇ تەرجىمە قىلىپ، ھەر 1000 خېتىگە 50 تىيىندىن ھەق ئالغان، ئۇنىڭ نەشر قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىنى ھازىرمۇ بىلمەيمەن.

جاڭ زىپىڭغا ئوخشاش قەلەم بېدىكلىرى، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرىلا بار ئىدى، ئۇ ھازىر چىققان يېڭى نەيرەڭ ئەمەس. ماڭا ھۇجۇم قىلغان ياڭ سۈنرېنغا ئوخشاش ئادەملەرمۇ ئىلگىرىدىن بار ئىدى، بىراق ياڭ سۈنرېننىڭ ماقالىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەنلا كۆلى كۆككە سورۇلۇپ تۇرغاچقا، بەزىلەر، ھازىرقى كۈندىكى پىستەكلەر ئىلگىرىكىگە يېتىشەلمەيدۇ، دەيدۇ؛ لېكىن مېنىڭچە، ئۇلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

يىگجۇن ئەپەندى بىلەن تونۇشمىسام كېرەك، چۈنكى مېنىڭ ئۆز يۇرتۇمدىن چىقىپ كەتكىنىمگە 30 نەچچە يىل بولۇپ قالدى،





ئۇ 20 لەردە بولسا كېرەك. شۇڭا، بىزگە كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىغان. ئالدىنقى كۈنى ئۇ ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ، سىزدىن سورىغاندىن كېيىن يازغاندەك تۇرىدۇ. خەتتە يازغان مەسىلىلەرگە جاۋاب يازغاندىم، كېيىن يەنە خەت كەلمىدى.

«پەجمۇردە» دېگەن سۆز[147] ئاچچىقتا ئېيتىلغان سۆز. لېكىن، شۇ چاغدا باشقىلارنىڭ ماقالىلىرىنى تۈزىتىشكە، تونۇشتۇرۇشقا، سېلىشتۇرۇپ بېرىشكە ھەقىقەتەن غەيرەت قىلاتتىم، ھازىر كۆپ ھورۇنلىشىپ قالدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن جاۋاب خەت يېزىشقا چولام تېگىدىغان بولۇپ قالدى.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

لۇشۈن

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېچىدە

# 340522 ياڭ جىيۇنگە

جىيۇن ئەپەندى:

يولىيورۇقلىرىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم. لىۇ خەنيى[148] بېيجىڭغا كېتىپتۇمىش. ئۇ باستۇرغان كىتابلارنى كۆردۇم، ھەقىقەتەن «جاڭگال»، كارغا كېلىدىغانلىرى ئاز، لېكىن ئۇ كىتابلارنىڭ بەزىسىنى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەخمەق جانابلار بولمىسا باستۇرالمايدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇمۇ نەپ تەگمەيدىغان ئادەم ئەمەس.

بېسىلماي قالغان ئەسەرلىرىمنىڭ شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكى ئويلىمىغان يېرىمدىن چىقتى، لېكىن باشقا تەخەللۇس بىلەن «تىل رىشتىسى»دە، «يېڭى ياش»تا، «سەھەر گېزىتىنىڭ قوشۇمچە سەھىپىسى»دە ئېلان قىلىنغان ۋە لېكىن كېيىن توپلامدىن چىقىرىپ تاشلانغانلىرىمۇ ئاز بولمىسا كېرەك. «تىل رىشتىسى»نىڭ 1 - يىلىدىكى دەسلەپكى سانلىرىدا شۈي جىمونىڭ شېئىرىنى دوراپ، تىللاپ يازغان بىر پارچە ماقالە[149] ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇنىمۇ مەن يازغان، شۇنىڭدىن كېيىن شۈي جىمو ئاچچىقىدا ماقالە بەرمەيدىغان بولغان. بۇ ئەھۋالنىمۇ باشقىلار بىلمەيدۇ. يەنە شياڭگاڭدا سۆزلىگەن «كونا مۇقاملار ئېيتىلىپ بولدى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە نۇتقۇم بار، ئورگىنالى يوقىلىپ كەتكەنلىكتىن توپلامغا كىرگۈزۈلمىگەن، لېكىن گېزىتكە بېسىلغان.

«لۇشۈن گۇاڭدۇڭدا» دىكى نۇتۇقلىرىم ناھايىتى چاتاق خاتىرىلەنگەنىكەن. ئەسلىي مەزمۇنىغا ئانچە ئوخشاشمايدۇ، ئۆزۈممۇ تۈزىتىش بەرمىگەن، ئۇلارنى ئىشلەتمەسلىكىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

مېنىڭ تۇنجى ھېكايەم بېسىلغان ئورۇن «ھېكايىلەر مەجمۇئەسى» بولمىسا كېرەك، ئەگەر يۈەن تيېنچياۋ «ھېكايىزارلىق»نى چىقارمىغان بولسا، ئۇنى باھالىغان ئۇستاز، ئېھتىمال، باۋ تيەنشياۋ[150] دەك بىرنېمە بولسا كېرەك. شۇ تەھرىرات «پىداكار كېنىزەك» («مىڭ بىر كېچە»دىن پارچە «ئەلى بابا ۋە 40 قاراقچى») ۋە «ئالتۇن قوڭغۇز» (A. Poe[151] يازغان)نى نەشر قىلغان، بۇلارنى جۇ زورېن تەرجىمە قىلغان، شۇ چاغدا ئۇ نەنجىڭ سۇچىلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، مېنىڭ ھېلىقى ماقالەمنىمۇ جۇ زورېن پوچتىدىن ئەۋەتىپ بەرگەن، شۇ چاغ شۈەنتۇڭنىڭ 1 - يىللىرى بولسا كېرەك. ھازىر تىجارەت باسمىخانىسى باسقان كىتابلارنىڭ ئىچىدە «پىداكار كېنىزەك»نىڭ بولمىغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇنى نەشر قىلغان نەشرىيات، ھەر ھالدا، «ھېكايىزارلىق» تەھرىراتى بولسا كېرەك.

مىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى غەيرىي رەسمىي تارىخلارغا قارىغاندا، ھازىرقى قورشاپ يوقىتىش ئۇسۇلىمۇ ئانچە دەھشەتلىك ئەمەس. ئالدىنقى ئايلاردا چىققان «تەر ۋە قان» ئايلىق ژۇرنىلىغا بېسىلغان بىر پارچە ماقالىدە[152] مىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تۆرىلەرنى «تېگى پەس ئادەملەرنىڭ چىشىغا تەگدى» دەپ قاتتىق تىللاپ، ئۇلارغا دۆلەتنىڭ ھالاك بولۇشىغا زامىن بولدى، دېگەن گۇناھ ئارتىلغان. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلغان. تەبىئىيكى، شۇنداق ماقالىلەرنى توپلاپ باسقانلىقىدىنمۇ كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. لېكىن، كىتابخانىلار بۇنى پەملىمەي، بۇلار بولسا شەخسىي ئادەملەرنىڭ ئىشى، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا دىققەت قىلمايدۇ ياكى ئەكسىچە مېنى «تولىمۇ قەبىھ» دەيدۇ. مېنىڭ پارچە تەسىراتلىرىم ئىچىدە «سايىۋەن توپلىمى» دىكى ۋە ئۇنىڭ داۋامىدىكى ماقالىلەر كۆپىنچە شەخسلەرگە قارشى كۆرەشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ خۇسۇسىي ئاداۋەت

ئەمەس، ئومۇمىي ئۆچمەنلىك. بىراق، ئۇ توپىلاڭلارنىڭ خېرىدارى
ناھايىتى ئاز بولدى، بۇنىڭدىن كىتابخانىلارنىڭ ئىچىدە گۆدەكلەرچە
ھۆكۈم قىلىدىغانلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.
ھاياتىمدا قىلغان ئىشلىرىم ھەرگىز خېتىڭىزدە تەرىپلىگەنـ
دەك ئەمەس، لېكىن يۈرىكىمگە قولۇمنى سېلىپ باقىدىغان بولـ
سام، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان قوغدىغاندىن تاشقىرى، ھەر قاچان
جۇڭگونى، كېلەچەكنى ئەس ـ يادىمدىن چىقارمىدىم، كۆپچىلىك
ئۈچۈن ئازغىنە بولسىمۇ كۈچ چىقىرىش نىيىتىدە بولدۇم، بۇنىڭغا
ھۆكۈم قىلالايمەن. ئەگەر يەنە پىستەكلەر بىلەن تەڭ بولۇپ يۈرـ
گەن بولسام، يۈرەك قېنىم تېخىمۇ زايە بولۇپ كېتىدىغاندەك
تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «قورشاۋدا قالغان ئون يىل»نى بىكارچىـ
لىق كۈنلىرىدە يازماقچىمەن.
ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

شۈن

5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

يەنى، «شىمال يېڭىلىقلىرى»غا كۆز بوياپ كىرىۋالغان پىسـ
تەكلەر يوقتەك تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مادارى قالمىدى.
تىزىقلىق بەت بولسىمۇ باسمىدى، دەل شۇ پەيتتە «ئىتتىپاق
جۇڭگو»[153] مەندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگەنىكەن، شۇلارغا
ئېلىپ بەردىم، بىراق ھەممىسى تولۇق ئەمەس. نېيشەن كىتابخانىـ
سىغا بارىدىغان ۋاقتىمنىڭ قارارى يوق. ئەگەر كۆرۈشمەكچى
بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى، ئۈچ ـ تۆت كۈن بۇرۇن كۈن ھەم
سائىتىنى بەلگىلەپ ماڭا بىر پارچە خەت يېزىۋېتىڭ، شۇ ۋاقىتتا
بېرىپ سىزنى كۈتىمەن، ۋاقتى چۈشتىن كېيىن بولغىنى ياخشى.





# 340531 ياڭ جىيۈنگە

جىيۈن ئەپەندى:
30 ـ كۈنى يازغان خېتىڭىزنى ۋە «خۇ شى ئەسەرلىرىدىن
تاللانما»[154] نى تاپشۇرۇۋالدىم، كۆپ رەھمەت.
شۈي ئەپەندىدىن خەت كەلدى، ئۇ ھەرگىز ئىشلىمەيمەن دەپـ
تۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى گەپ. ئۇنداق قىلمىغان بولسا، شاڭخەيدىـ
كى ئاتالمىش يازغۇچىلارنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى كۆپ، ئۇ ھەرـ
گىزمۇ ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايدۇ، چوقۇم ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ
قالىدۇ. بىراق، «يازغۇچى»لارنىڭ بىر ئۇنداق، بىر بۇنداق ئۆزـ
گىرىپ تۇرغانلىقى، بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات مۇنبىرى ئۈچۈن
بەختسىزلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىـ
سىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ تۈلكىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ
قۇيرۇقى ئاخىر چىقىپ قالىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭىدىن يېتىشـ
كەنلەرمۇ كۆپىيىدۇ، شۇڭا پىغان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.
«تۇتىنىڭ ھېكايىسى»[155] نىڭ تەرجىمىسىنى كۆرگىنىم
يوق، ئۇنىڭ ھىندىستاننىڭ قەدىمكى ئەدەبىي ئەسىرى ئىكەنلىكىـ
نىلا، نۇرغۇن ئۇششاق ھېكايىلەرنىڭ جەمئىيسى ئىكەنلىكىنىلا
بىلىمەن. ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىمۇ گەپ بولسا
كېرەك، شۇڭا قىستۇرما رەسىملىرى ئىچىدە جۇڭگوغا دائىر بىر
پارچە رەسىم بار. بىراق، ئۇ چاغلاردا جۇڭگودا ئۆرۈمە چاچ يوق
ئىدى، ئاپتور بىزگە ئېسىپ قويۇپتۇ، كۈلكىلىك گەپ. ئۇلار
جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىن ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويىدىكەن دەپ ئويلىسا
كېرەك. مەن 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇلارغا قەدىمكى كىيىملىك

ئادەملەرنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن بىرنەچچە كىتابنى ئەۋەتىپ بەردىم، ئەگەر تېگىپ قالسا، كەلگۈسىدىكى قىستۇرما رەسىملەردىگە بىرئاز تەسىر كۆرسىتەر.

«ئەقىل چىلىلغۇچى»[156] نىڭ خاتىمىسىنىڭ بىر ۋارىقى تەتۈر بېسىلىپ قاپتۇ، ئۇنى قايتا تۈپلەشكە ئامال بولمىدى، ئىسسىت. بۇ كىتاب سېتىلىپ بولسا، گېرمانىيىلىكلەرنىڭكىدىنمۇ بىر توپلام باستۇرغۇم بار.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

شۈن

5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاخشامدا





# 340602 ساۋ جۈيرېنگە

جۈيرېن ئەپەندى:

مۇبارەك مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن رەسىم سىزىشنى بىلمەيمەن، شۇڭا سوئالىڭىزغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن؛ لېكىن قائىدە بويىچە پەرەز قىلغاندا، ھەرقانداق قەلەم بىلەن سىزسا بولار. بىراق، تۆمۈر قەلەم بىلەن سىزىدىغان بولسا، دەسلەپتە بىرئاز قىيىنچىلىق كۆپىيىدۇ — قەلەم قەغەزنى ئېلىۋالىدۇ، سىياھى تۆكەپ قالىدۇ، ۋەھاكازا. بۇ ھالدا ھەۋەسكارلار تېخىمۇ ئاۋارىچىلىك تارتىپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداش بىلەن — رەسىم سىزىشقا ئىشلىتىلىدىغان قېرىنداش قەلەم بىلەن — سىزغان ياخشى بولسا كېرەك.

ئىلگىرىكى خېتىمدە تىلغا ئېلىنغان كىتاب «ساختا ئەركىنلىكنامە» دىن كېيىنكى «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە». ئۇنى ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدىلا بىراۋ نەشر قىلىش توغرىسىدا ۋەدە قىلىپ كەتكەنىدى؛ لى ليېۋېن ئەپەندىنى تەڭلىككە سېلىپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ مەتبەئەگە بەرمىگەن بولسا كېرەك. ھازىر نەشر قىلىش توغرا كەلسە، يەنىلا شۇ ئىلگىرىكى ۋەدە بويىچە بولىدۇ. ئامما ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولدى ـ دە.

ماڭا خائىن دەپ بوھتان قىلغانلىقى[157] بۇ يىل ئىككىنچى قېتىم بولدى. ئەسلىشىمچە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 يىل ئىلگىرى ئېروشىنكو[158] جۇڭگونىڭ كەمچىلىكلىرىگە ھۇجۇم قىلسا، شاڭخەي گېزىتلىرى مېنى ئەقىل كۆرسەتتى، دېگەنىدى؛ مېنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىشىم ئايالىمنىڭ ياپون ئايال بولغانلىقىدىن

بولغانمىش[159]. بۇ يىل كەينى - كەينىدىن ئوتتۇرىغا چىققان جانابلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆچۈكلىرى جۇڭگونىڭ ۋەتەن خائىنلىرى قولىدا سېتىلىپ تۈگەش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ گۇناھنى دۆڭگەشكە باشقا ۋەتەن خائىنلىرىنى تېپىشقا بارلىق كۈچى بىلەن ئۇرۇنماقتا. «تەر ۋە قان» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ مىڭ خانىدانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولغانلىقىنى دۆڭلىنچلار[160] غا دۆڭگەپ قويۇۋاتقانلىقىنىڭ سىرى ئەنە شۇ يەردە.

لېكىن، ئۆزگىرىش ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ، زادى كىمنىڭ خائىن ئىكەنلىكى بىر - ئىككى يىلغا قالمايلا ئايدىڭلىشىدۇ.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

ھۆرمەت بىلەن: شۈن

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى





# 340603 ياڭ جىيۇنگە

جىيۇن ئەپەندى:

2 - كۈنى يازغان مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. پىستەكلەرنىڭ تۈگىمەس ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغانلىقى نەزەرىيە جەھەتتە توغرا، بۇ ئەھۋال خۇددى ھەرقانداق ئادەم ئاغزىنى ئېچىپ تاۋۇش چىقارسا، ھاۋانىڭ تىترىگەنلىكىگە، بۇ ئاۋاز بارا - بارا يىراقلىشىپ، ئاجىزلىشىپ كەتسىمۇ، ھاۋا بارلىكى يەردە ھاۋانى تىترەتكىنىگە ئوخشايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بەربىر، بارا - بارا يىراقلىشىپ، ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئادەم داشقاللىرى ئەسلىدىلا كۆپ ئىدى. يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە بەزى ياشلار پەننى ياراتماي، ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى؛ يېزىش قولىدىن كەلمەيدىغانلىرى تەسۋىرىي سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى، لېكىن رەسىم سىزىشنى مەشىق قىلىشقا خۇشياقماي، ئۇزۇن چاچ قويۇپ، يوغان گالستۇك باغلاپ، شۇنىڭ بىلەن ئىشنى تۈگىتىدىغان بولدى. بۇ نېمىدېگەن لامزەللىك. ئەگەر جۇڭگودىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدىغان بولسا، تۈگەشكىنى شۇ. لېكىن، جەمئىيەتنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىگە بىر چەتتىن تەسىر كۆرسىتىدىغان باشقا تەرەپلىرىمۇ بار، جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، جەمئىيەت زاۋالغا يۈز تۇتماقتا، پىستەكلەرمۇ زاۋالغا يۈز تۇتماقتا. ئۇلار نەدىمۇ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالىسۇن؟! ئۇلاردا ھەتتا ئىتچىلىكمۇ ساداقەتلىك يوق. بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، ئۇلار دەرھال باشقا بىر قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. لېكىن، ئۇ چاغدا ئۇلار ھازىرقى-

دىنمۇ خەۋپلىك بولىدۇ؛ ئۇلار ناھايىتى كەسكىن بولۇۋالىدۇ، لېكىن شۇ چاغدا ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىدىغانلار چىقماي قالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ تېگى - پېيى ھەممىگە ئايان. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ھەممە ئادەم ھازىر تەجرىبىلىك بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى ئەھۋال كەلگۈسى ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپلا قېلىۋەرمەيدۇ. بىرمۇنچە قۇربانلارنى بېرىشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، لېكىن تەبىئىيكى، قۇرباننى قانچىكى ئاز بەرسە شۇنچە ياخشى، مېنىڭ «ئاكوپ جېڭى»نى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە.

ئەسلىشىمچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىمۇ پىستەكلەر بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ماھارىتى ھازىرقىلارنىڭكىدەك ياخشى ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئىنقىلابچىلارنىڭ ماھارىتىمۇ ئۆستى، ئۇ چاغدىكى ئىنقىلاب گويا كىچىك بالىلارنىڭ ئويۇنى ئىدى.

«يېڭى جەمئىيەت»(161) ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالنىڭ بىرنەچچە سانىنى كۆردۇم، ئۇنىڭ كەمچىلىكى «تولىمۇ ئاددىي»لىق ئىكەن، ئۇنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن كىشىدە بىرەر تەسىرات قالمايدىكەن، كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلالماسلىقىغۇ تۇرغان گەپ. يازغان خېتىڭىزدە بايان قىلىنغان قىبلىنەما مېنىڭچە بولىدۇ، ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ. لېكىن، ئەپسۇسلىنىدىغان يېرى شۇكى، كىتابخانىلارنىڭ تۇيغۇسى، كۆپ ھاللاردا، پىستەكلەرنىڭكىدەك ئۆتكۈر ئەمەس. پىستەكلەر پەملەپ بولسا، كىتابخانىلار تېخىچە چۈشەنمەيدۇ، ھەتتا تەنە، كىنايە ۋە ياپتى گەپلەرنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ھازىرقى ياشلارنىڭ دىققەت قىلىش دائىرىسى ئومۇمەن تار، بۇ ئەھۋال كىشىنى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە پىستەكلەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ بەكرەك ئەندىشىگە سالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇلارغا پەرۋا قىلماستىن ئۆزى بەلگىلىگەن يول بويىچە ئىشلەۋېرىش كېرەك. پەشۋا يەپ





قېلىش ياكى دەم ئېلىش توغرىسىدا گەپ ئاچسام، ئۇنداق بولۇشى تەبىئىي، ھەم زۆرۈر.

رەسمىي چىقىرىشقا كىرىشكىنىڭلاردا مەن ماقالە بېرىپ تۇرىمەن، ھەر سانىغا بېرىپ تۇرۇشۇم ناتايىن. تەخەللۇسۇمنى ئۆزگەرتكىنىم ياخشى، ئۇنداق قىلمىسام، يازغان ماقالەمنىڭ مەزمۇنى قانداق بولسا بولسۇن، چوقۇم دەرھال چاتاق چىقىدۇ، ژۇرنىلىڭلارغا زىيان بولىدۇ.

«ئەقىل چىللىغۇچى»(162) خېتىڭىزدە پەرەز قىلغىنىڭىزدەك سۈرۈپ كەتمىدى، بۇنداق كىتابنى ئالىدىغانلارنىڭ تولىسى كەمبەغەل ئوقۇغۇچى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ كىتابتىن 250 نۇسخا بار، بەزىلەرگە ئۆزۈم ئەۋەتىپمۇ بەردىم. پۇلى بار ياشلار بۇنداق نەرسىگە موھتاج ئەمەس. گېرمانىيىنىڭ ئويما رەسىملەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرماقچى بولۇۋاتىمەن، ئۇ رەسىملەرنىڭ ھەجمى چوڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن باسقاندا كىتابنىڭ ھەجمىنى چوڭايتىش، سەھىپە سانىنىمۇ كۆپەيتىش توغرا كېلىدۇ، دېمەك، بىرنەچچە ھەسسە كۆپ دەسمايە سېلىش توغرا كېلىدۇ، ھازىر ئەنە شۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمەن.

نېيشەن كىتابخانىسىغا پات - پات بېرىپ قالىمەن، جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ، بىرمۇنچە ھادىسىلەرگە ھەسرەت قىلىپ قالىمەن. مەسىلەن، ياپونىيە توغرىسىدىكى بىرمۇنچە كىتابلار (ياپونلارنىڭ ئۆزلىرى يازغان) نى سېتىۋېلىپ كېتىشكەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا «ياپونىيە توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەندەك كىتابلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. يېقىندىن بۇيان ياشلار فاشىزم توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئىزدىشىپ يۈرىدۇ. سانائەت ساھەسىدىكىلەردىن كىتاب سېتىۋالغىلى كەلگەنلەر سانائەت توغرىسىدىكى ھېكمەتلەر يېزىلغان كىتابلارنى ئىزدەيدىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق نەرسە نەدىمۇ بولسۇن؟! رەسساملارچۇ، ئۇلار ماتې-

ـرىياللارغا، تەتقىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىنلا كارغا يارايدىغان ياخشى كىتابلارغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالمايدىكەن، ئۇلار پۈۋدىمەي يۇتقىلى بولىدىغان سىزما رەسىم ياكى ئىسخىما ۋە ياكى ئېلان رەسىملىرىنى ھەتتا نىمىنىڭدۇر بىرنېمىنىڭ «جەۋھىرى» دېگەن بىر كىتابنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. بىر پارچە كىتاب قانداقمۇ «جەۋھەر» بولالىسۇن، ئۇلار بۇنى ئويلىمايدۇ. ھەتتا بەزىلەر بىرەر پارچە كىتابنى ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ كىتابنى سېتىۋالماي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى رەڭلىك رەسىملەردىن بىرنەچچە ۋاراقنى يىرتىۋېلىپ كېتىپ قالىدۇ.

ھازىر جۇڭگو ياش ئاپتورلىرىنىڭ ياغاچ ئويمىلىرىنى توپلاۋاتىمەن، 20 پارچىسىنى «ياغاچ ئويمىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانى» [163] دېگەن سەرلەۋھە بىلەن بىر كىتاب قىلىپ باستۇرماقچىمەن، باستۇرۇپ قويسام، كېلەر يىلدا ئەسەرلەرنىڭ ئالغا باسقان ياكى باسمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا لازىم بولار. بۇ نۆۋەت پەقەت 100 نۇسخىلا باستۇرماقچىمەن، ھاجەتمەنلەرمۇ شۇنچىلىك چىقىشى مۇمكىن.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

ھۆرمەت بىلەن: شۈن

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كېچىدە





# 340609 ياڭ جىيۇنگە

جىيۇن ئەپەندى:

6 - كۈنى يازغان مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. ژۇرناللارنىڭ ماقالىلىرىنى ئاۋۋال تەكشۈرتۈش شەرت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ماقالە يېزىشقا قىيىن بولۇپ قالدى. ناھايىتى كۆچىگەندە، پەقەت «ئەركىن پاراڭ» دېكىگە ئوخشاش ماقالىلەرنىلا يېسىپ چىقىرىش مۇمكىن. ھۆكۈمەت گۇپپاڭچىلىرىنىڭ كاتتا ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدىغان ئادەم چىقمىغاچقا، ئۇلار باشقىلارغىمۇ زۇلۇم قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ جانسىز، پۇچەك بىر نەرسىگە ئايلاندۇرماقچى، بۇ، ئۆزى دەس تۇرالمىغاندا، باشقىلارنىڭ پۇشىگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنىمۇ يىقىتىش ئۇسۇلى. ئەگەر ساۋ جۇيرېن ئەپەندىگە تەھرىرلەتتۈرىدىغان بولساڭلار، ئۇلار تېخىمۇ دىققەت قىلىشى مۇمكىن.

يازغان خېتىڭىزدە بايان قىلىنغان ئەندىشىلەر ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ يۈز بېرىشىمۇ ناتايىن. چۈنكى، خۇددى خېتىڭىزدە يازغىنىڭىزدەك، جۇڭگونىڭ ئىشلىرى كۆپىنچە چەتنىڭ تۇپەيلىدىن روي بېرىدۇ. دېمەك، دۇنيادا چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدىكەن، جۇڭگودىمۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆزگىرىشى ناتايىن، ئۆزگىرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغاندا، جاھانگىرلار ئالدىقاچان ماغدۇرىدىن كەتكەن بولۇپ، سېتىۋالىدىغان خوجايىنىمۇ چىقماي قالىدۇ. لېكىن، بەزىبىر پىستەكلەر بىردىنلا يۈمىلاپ، ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ يېڭى ۋۇۋىسىغا ئېسىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن، ئەمەلىي ئەھۋالنى پەردىلەپ، دۇنيانىڭ كۆزىنى بويايدـ

غان ئەھۋاللارنى روي بەرمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە، شۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىشتىن باشقا چارە يوق. بۇنداق كۈرەشنى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ھازىرقى جىددىي ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى، باتۇر ۋە زېھىنلىك جەڭگىۋارلارنى يېتىشتۈرۈش. ئۆزۈم سۆزۈم ئەرزىمەس بىر پېقىر بولساممۇ، ئۇنۇمىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، بۇنىڭغا ئەزەلدىن دائىم ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىمەن.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

شۈن

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېچىدە





# 340621 جېڭ جېندوغا

شىدى ئەپەندى:

6 - ئاينىڭ 18 - كۈندىكى مەكتۇپىڭىزنى ۋە «10 تۈپ بامبۇكلۇق ئاشىيانىنىڭ سالام خەت قەغەزلىرى ئۈلگىسى»نى بۈگۈن تاپشۇرۇۋالدىم. «سالام خەت قەغەزلىرى ئۈلگىلىرى» ناھايىتى ياخشى بېسىلىپتۇ، چوڭ ۋاراقلىق تاغۇ دەريا مەنزىرىلىرى ۋە تەسۋىرىي گۈل - گىياھلار تولىمۇ سۈپەتلىك. بۇ كىتابنى، ئەڭ ياخشىسى، بۇ يىلدىن قالدۇرماي نەشردىن چىقىرىش كېرەك؛ 9 - ياكى 10 - ئايلاردا ئاۋۋال كوللوتىپ[164] نۇسخىسىنى چىقىرىش كېرەك. مېنىڭچە، سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇۋۋىتىنىمۇ نەزەردە تۇتۇش كېرەك، ئەگەر ھەر ئايدا بىر خىل نۇسخىسى چىقسا، ئالتىنچى خىلى كېلەر يىلى 6 - ئايغىچە چىقىپ بولار، ئۇنداق بولغاندا كۆپچىلىك ئادەمنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئىككى ئايدا بىر خىلىنى چىقىرىپ، ھەۋەسكارلارغا ئالدىرىماي پۇل ھازىرلاش ئىمكانىيىتىنى قالدۇرۇش كېرەك.

قەغەز توغرىسىدا مەن بىر نەرسە بىلمەيمەن، يېقىندىن بۇيان شاڭخەيدە بىر خىل «ئالاھىدە سۈت قەغەز» پەيدا بولۇپ قالدى، قىلىنىراق؛ لېكىن مېنىڭچە، ئۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، ئۇنى سىلىقلىغانىڭىزمۇ[165] پايدىسى يوق، چۈنكى ئەسلىي يىرىك. ئىككىسى بىر قىلىپ قاتلىغىنىنى ئىشلەتسە، بەزىدە ئاجراپ كېتىپ قالىدۇ. مېنىڭ شاڭخەيدە كۆرگەنلىرىم، يۇقىرىقى ئىككى خىلدىن باشقا، بىر يۈزلۈك سۈت قەغەز، ئىككى يۈزلۈك سۈت قەغەز، سىلىق

سامان قەغەزمۇ بار. خاڭجۇدا «ليۇجى» دەپ ئاتىلىدىغان نېپىز رەڭ بىرخىل قەغەزمۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇنداق قەغەزنى شاڭخەيدە كۆرمىدىم. مېنىڭچە، «بېيپىڭنىڭ سالام خەت يېزىشقا باپ قەغەز ئۈلگىلىرى» بېسىلغان قەغەزمۇ بولىدۇ. مىڭ دەۋرىدىكىدەك سىلىق سامان قەغەزنىڭ يېڭى ئىشلەنگىنىنى كۆرمىدىم.

ئىلگىرىكى خېتىڭىزدە ئېيتىلغان «تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ غەيرىي رەسمىي توپلىمى» دىكى «سۇ بويىدا» نىڭ رەسىملىرىنى لاۋلىيەن[166] ئىشلىگەن ئەمەس؛ مىڭ دەۋرىدە باشقا بىر ئادەم ئىشلىگەن نۇسخىسىنى ياپونلار كۆچۈرۈپ باسقان. لاۋلىيەن سىزغان رەسىملەردىن بىرىنىمۇ كۆرگىنىم يوق. جۇ زىجىڭنىڭ كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم، سەي ئەپەندىنىڭ[167] تۇغقانلىرىدىن بولمىغىيدى؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بار يېرىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، هازىر بارلىرىنى ئالدى بىلەن نەشر قىلىشقا بولىدۇ؛ «سۇ بويىدا» نىڭ رەسىملىرى ۋە «قەدىمكىلەرنىڭ سەھىپىلىرى»[168] نىڭ بەت سانى كۆپرەك، كەلگۈسىدە بۇلارنى هازىرلىغاندىن كېيىن ئايرىم ـ ئايرىم كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىش مۇمكىن.

ياشلارغا بېغىشلىنىدىغان ئومۇملاشتۇرۇش نۇسخىسىغا كەلسەم، مېنىڭچە، مىڭ دەۋرى نۇسخىلىرىدىكى قىستۇرما رەسىملەرنى بېسىش كۇپايە قىلمايدۇ، چۈنكى مىڭ دەۋرىدىكى ئادەملەر ئىشلىگەن رەسىملەرنىڭ مىڭ دەۋرىگە دائىرلىرىدا سەۋەنلىك يوقتۇر، لېكىن قەدىمكى كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئائىتلىرى ئىشەنچلىك ئەمەس؛ ۋۇلياڭ مازىرىدىكى سىزما رەسىملەر[169] ئىچىدە شاڭ، جۇ دەۋرىگە ئائىت هېكايە رەسىملەرمۇ شۇنداق بولسا كېرەك. بىر بولسا (1) خەن دەۋرىدىكى تاش ئويمىلار ئىچىدىكى سىزما رەسىملەرنىڭ ئوچۇقلىرىنى؛ جىن، تاڭ دەۋرىدىكى ئادەم رەسىملىرىنى (مەسىلەن، گۇكەيجىنىڭ «ئايال مىرزىنىڭ ئىنشاسىغا دا-





ئىر رەسىملەر»[170] دېگەن ئەسىرىگە ئوخشاشلارنى)؛ مىڭ دەۋرىدىكى «پادىشاھ يارلىقلىرىنىڭ ئىزاھلىق رەسىملىرى»[171] (شىئەندە باسما نۇسخىسى بار ئىكەن) نى تاللىۋېلىپ، ئىزاھات قوشقان ياخشى. (2) ئالتە خانلىق دەۋرىدىكى ۋە تاڭ دەۋرىدىكى ساپال هەيكەللەرنى[172] تاللاپ، ئۇستا رەسساملارغا بوياتتۇرۇش كېرەك (بۇنداق رەسساملار جۇڭگودا هازىر كەم تېپىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن فوتو بىلەن تارتقان ياخشى) ۋە بىر ـ بىرلەپ ئىزاھات بېرىش كېرەك. ياشلار ئېرىنچەك بولىدۇ، ئىزاھات بېرىلمىسە، كۆپ چاغلاردا ئىنچىكىلەپ قاراشنىمۇ، ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ؛ بۇنىڭ ئۈچۈن هەقىقەتەن كۈچ چىقىرىش توغرا كېلىدۇ. لېكىن، مەرتىۋىسى ئۈستۈن، ئابرۇيى چوڭ ئادەملەرنىڭ، مەسىلەن، لى يىشى پروفېسسورغا ئوخشاشلارنىڭ، «مۇناجاتلارنىڭ تەسۋىرى»[173] دېگەندەك بىرنېمىلىرىمۇ مېي لەنفاڭنى گۇاڭدۇڭدىكى كاتتا مېھمانخانىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندىن، راھىبقا سەككىز قۇرئەلىك تون[174] كىيدۈرۈپ، ئۇنى چاڭچىلىلەردىكى جۇگې لياڭغا ئوخشىتىپ قويغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ياشلار بۇنىڭغا نېمىدەپ ئەيىب قويالىسۇن؟ ياپونلارنىڭ جۇڭگو هېكايىلىرى توغرىسىدا سىزغان رەسىملىرىمۇ ئۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان ئەمەس.

«ئەدەبىيات» نىڭ 6 ـ سانى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئۇ هەقتە بىرەر تىل ـ هاقارەت ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق، لېكىن هەقىقىي رەقىبلىرىگە خىرىس قىلمايدىغان كوت ـ كوت گەپلەرنى قىلىدىغان باشقا بىرخىل قىلىق بار. بۇ ئەسلىدە كۆپ يىللىق كونا قىلىق ئىدى، هازىر تەكرارلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا بەزى ئادەملەرنىڭ قورسىقى كۆپمەكتە، بۇنىڭغىمۇ ئامال يوق، بۇنداق تەنقىدچىلەرنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشمۇ تەس. ئۇلار هېكايە يازغۇچىلارنى «كۆز ئالدىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى يېزىۋاتى-

دۇ» دەپ سۆكۈۋاتىدۇيۇ، ئۆزلىرىنىڭ «كۆز ئالدىدىكى ئۇششاق - چۈششەك تەنقىد» بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ باقمايدۇ، يىراقتىكى چوڭ دۈشمەننى كۆرمەيدۇ، تىلغا ئالمايدۇ. لېكىن (!) بۇ يەردىكى فېلىيەتون دولقۇنى[175] مۇ كىشىنى بىزار قىلماقتا، ھەممە ژۇرنال فېلىيەتونلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، فېلىيەتون بولغاچقا، ئۇنىڭدا بىرەر ئىدىيە يوق، تولىمۇ نۇرسىز، كوت - كوت گەپ كۆپ. لىن يۈتاڭنىڭ شىڭتەندەك[176] بىرنېمىلەرنى دوراپ يازغان ماقالىلىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە پۇچەكلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ پەخىرلەنمەكتە، ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشمۇ تەس.

باشقىلارنى ئىنقىلاب قىلمايۋاتىدۇ دەپ تىللايدىغانلار ئىنقىلابچى بولۇپ قېلىۋاتقان يەردە، ئۆزى ئىشلىمەي تۇرۇپ، باشقىلارنى ياخشى ئىشلىمەيۋاتىدۇ، دەپ تىللايدىغانلار، تەبىئىيكى، تېخىمۇ ئىشچان بولۇپ چىقىدىكەن[177]. مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن زوكۇنلاشقان ئادەم شۇنىڭ كاساپىتى بىلەن ئاغزىنى قۇرۇق ئۇپرىتىشى، ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماسلىقى، يەنى ئۆمرىنى قۇرۇق گەپ بىلەن ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ پايدىسى يوق. ھازىرشۇنداق بىر ئوبدان چارىنى تېپىۋالدىمكى، پىتنە - ئىغۋا چىقسا، ئۇ ھەقتە تاكاللاشمايمەن؛ بوھتان - تۆھمەت كەلسە، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ئاقلايمەن، دەپ يۈرمەيمەن، ئۆز ئىشىمنى قىلىۋېرىپ، گېزى كەلگەندە غاچچىدىلا نەشتەر سالىمەن. ئۇلار، قانداقلا بولسۇن، يوقىلىدۇ؛ شۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ نەشتەر ئۇرۇشتىن مەقسىتىم ئۇلارنى كۈتۈلمىگەن يەردە بىئارام قىلىش؛ بۇنىڭدا ئىنتىقامىمنى ئېلىۋېلىش مەقسىتىممۇ يوق ئەمەس.

«10 تۇپ بامبۇكلۇق ئاشىيانىنىڭ سالام خەت قەغەزلىرى ئۆلگىسى» نى ئويۇپ بەرگەنلىكىنىڭ ھەققىنىڭ بىر قىسمىنى ئاينىڭ





ئاخىرىدا، بىر قىسمىنى ئاينىڭ بېشىدا ئەۋەتىپ بېرىمەن.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

جۈن

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

ماۋ ئاكىغا[178] ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەردىم، بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قالۇرسىز.

# 340711 شەنبىن چۇجى خانىمغا

مۇبارەك مەكتۇپلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم. شاڭخەيدە ھاۋا ئىسسىشقا باشلىدى، ھەتتا ئۆي ئىچىدىمۇ گرادۇس 42 دىن ئېشىپ كەتتى، لېكىن بىز ھەممىمىز سالامەت. بالىمۇ ناھايىتى خۇشال ئوينىماقتا. جىڭلۇ ئەپەندىمۇ يازلىق تەتىل قىلىپ، ئۆيدە شوخلۇق قىلىپ يۈرىدىغاندۇر؟

ياپونىيىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى پات - پات كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، بىراق، ھازىر بېرىشىم تەس؛ مەن بارغان تەقدىردىمۇ مېنى ياپونىيە تەۋەسىگە يېقىن يولاتماسمىكىن. ئۆزۈممۇ ھازىر جۇڭگودىن چىقالمايدىغاندەك تۇرىمەن، ئەگەر كىشىلەر يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ كېتىدىغان بولسا، يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ نوخلىسى تېخىمۇ ئۆسۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇلار ھازىر مېنى، چىڭداۋغا قېچىپ كېتىپتۇ[179]، دېگەن ئىغۋانى تارقىتىۋاتىدۇ. لېكىن، مەن شاڭخەيدە تۇرۇۋېرىمەن، ئۇنى - بۇنى يېزىپ، ئۇلارنى تىللايمەن تېخى؛ يازغانلىرىمنى نەشر قىلدۇرىمەن تېخى؛ قېنى، زادى كىم ھالاك بولىدىكەن، بىر كۆرەي. شۇنداق بولسىمۇ ناھايىتى ھوشيار بولۇۋاتىمەن، نېيشەن كىتابخانىسىغا ئانچە بارمايدىغان بولدۇم. يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈچىلەر ئۆيۈمگە كەلمەس، خاتىرجەم بولۇڭ.

زېڭتيەن ئەپەندى[180] يازغان خەتنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى سىزغان ھويلىنىڭ، مېھمانخانىنىڭ، بالىنىڭ رەسىملىرىنى ھازىرراقتا تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ: سۆھبەت - پاراڭ بولمىسىمۇ، لېكىن كىتاب





كۆرۈپ يۈرۈۋاتىمەن، دەپ يېزىپتۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇرمۇشى ناھايىتى ئازادە بولسا كېرەك، رەسىملەردىن قارىغاندا، زېڭتيەن ئەپەندىنىڭ يۇرتىنىڭ مەنزىرىسىمۇ ناھايىتى گۈزەل ئىكەن.

لازىملىق كىتابلار توغرىسىدا ھازىر تېخى ئويلانمىدىم. لازىم بولغاندا سىزنى ئاۋارە قىلىمەن. ھازىر تۇرۇۋاتقان جايىم ناھايىتى ياخشى، قورۇيىمىزنىڭ ئالدىدا بىرئاز بوش يەر بولسا كېرەك، يامغۇر ياغقاندىن كېيىن، پاقا خۇددى يېزىدىكىدەك كۇرۇلداپ كېتىدۇ. ئىتلار قاۋاشماقتا، ھازىر يېرىم كېچە سائەت 2 بولۇپ قالدى.

ھۆرمەت بىلەن:

لۇشۈن

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

# 340729 ساۋ جۇيرېنگە

جۇيرېن ئەپەندى:
ئاممىۋى تىل مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ كۆرمەپتىكەنمەن،
شۇنىڭ ئۈچۈن سوئاللىرىڭىز توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېيەلمەيمەن.
ھازىر خەتنى[181] تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن خىيالىمغا كەلگەن پى-
كىرلىرىمنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلاي:
بىرىنچى، يېڭى باسقۇچلارغا بۆلۈپ تەشەببۇس قىلىشنىڭ زۆ-
رۈرىيىتى بار. جانلىق تىل بىلەن ئانا تىلغا ھازىرچە «ۋارىسلىق
قىلىۋەرمەستىن، تاللاش كېرەك.
ئىككىنچى، شىۋەسىي ئىسيان كۆتۈرمەن دەيدۇ، دەرىجىسى
ئۆرلەپ جۇيرېن بولۇۋالغاندىن كېيىن ئەمەلدارلار تەلەپپۇزى بىلەن
سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.
ئۈچىنچى، ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، كەڭ ئامما ھېچبولمى-
غاندا چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، بىرخىل
«ئاممىۋى تىل»نى ياساپ چىققان تەقدىردىمۇ ئۇ يەنە ئالاھىدە
سىنىپقا خاس قورال بولۇپ قالىدۇ.
تۆتىنچى، ئاۋۋال كۆپ مەنبەلىك ئاممىۋى تىلنى گۈللەندۈ-
رۈش كېرەك، ئاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ، يەنە مەركـەزلەش-
تۈرۈش يـاكى مەركەزلەشـتـۈرمەسلىك توغرىسىدا ئويلىنىش
كېرەك.
بەشىنچى، ھازىرچە جاۋاب بېرەلمەيمەن.
مېنىڭچە، بۇنىڭدا ئەھۋال مۇرەككەپ، ناھايىتى مۇشكۇل.





بىر تەرەپتىن، رىم ئېلىپبەسىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەسىلىسىنى
تەتقىق قىلىش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاممىغا تەربىيە بېرىش
كېرەك، ئۇلار ئاۋۋال چۈشىنەلەيدىغان بولسۇن؛ يەنە بىر تەرەپ-
تىن، شۇ تەشەببۇسچىلار ئاۋۋال يېزىپ باقسۇن. بارا - بارا ھەممە
ئادەم يازالايدىغان بولغاندا، بۇ ئاممىۋى تىل ئاندىن ھەقىقىي ئامم-
ۋى تىل بولالايدۇ.
لېكىن، ھازىر كالدۇر - كولدۇر گەپ كۆپ. بەزىلەر زادى
قولىدىن پوق كەلمىسىمۇ، ئاممىۋى تىلنى باھانە قىلىپ جانلىق
تىلغا زەربە بېرىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاممىۋى تىلنىڭ ھازىرچە
جانلىنىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن روشەن زىيانلىق بولۇپ تۇرغان
جانلىق تىلنى ئاۋۋال يوقىتىۋەتمەكچى[182]. ئاممىۋى تىلنى بەرپا
قىلىشقا ئۇلار ئۇنىمايدۇ.
جۇڭگو تىلىنى لاتىنچىلاشتۇرۇشتا ئاما ئىچىگە بېرىپ ئۆگى-
نىش، يەرلىك شېۋىلەرنى قوللىنىش كېرەك، ئاممىنى ئۆزى
يازالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش كېرەك، بۇنداق قىلىش يارايدۇ.
لېكىن، قىستاپ كېلىۋاتقان ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە قانداق قىلىش
كېرەك؟ مېنىڭچە، شۇنداق بىر تۈركۈم ئادەم كېرەككى، ئۇلار
دەرھال ئاددىيراق ماقالىلەرنى يېزىپ كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن،
سىناق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كەلگۈسىدىكى ئاممىۋى تىلغا
پايدىسى بار - يوقلۇقىنى كۆرۈپ باقسۇن. ياۋروپالاشتۇرۇلغان
ماقالىغىمۇ مەدەت بېرىش كېرەك، لېكىن بۇنداق ماقالىلەرنىڭ
قەستەن ئادەم كولدۇرلىتىدىغان ماقالە ئىكەنلىكىنى ياكى نەزەرىيە-
سىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق يېزىشقا مەجبۇر بولغان-
لىقىنى پەرقلەش كېرەك.
ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، دىققەت قىلىنمىسا، ئاممىۋى

تىل نەتىجىسىز بولۇپ قالىدۇ، جانلىق تىل قاتتىق پەشۋا يەپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا نەتىجىسى نېمە بولماقچى؟
بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قالۇرسىز.
ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

شۈن

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى





# 340813 ساۋ جۈيرېنگە

جۈيرېن ئەپەندى:

11 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى 13 - كۈنى تاپشۇرۇۋالدىم. تۈنۈگۈن مەن بارمىدىم، مەن «كەمىنىلىرى ئەزەلدىن غىزا يېمەيدىغان ئادەم»(183) لەردىن بولمىساممۇ، زىياپەتتىن بىرئاز قورقىمەن. كىچىك ژۇرنال چىقىرىشتا، مېنىڭچە، چوڭ ئېلان چىقارماي، بازارغا ئوبدانراق بىر نەرسىنى چىقىرىش كېرەك. مۇھەررىرنىڭ مۇستەبىتلىك قىلىشى، «راھىب بىر بولسا ئۆزى يالغۇز سۇ توشۇپ ئىچىدۇ، راھىب ئىككى بولسا تەڭ - ئورتاق توشۇپ ئىچىدۇ، راھىب ئۈچ بولسا ئىچىدىغان سۈيى قالمايدۇ» غان ئەھۋال يۈز بېرىشى جۇڭگولۇقلارنىڭ كونا كېسىلى. بۇ نۆۋەت يۇقىرىدىكىدەك ئىككى خىل كېسەل پەيدا بولدى، باسمىخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى مۇھەررىرلەرنىڭ غېمىنى يېمىسىمۇ، يولى ئوخشىمىغاچقا ئىناۋەتسىز بولۇشى تۇرغان گەپ، كەلگۈسىدە ئىش پۈتتۈرۈش ئاسان بولمىسا كېرەك. لېكىن، مەن ماقالە يازىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىكەنمەن، ئەلۋەتتە يېزىۋېرىمەن.

ئاممىۋى تىل مەسىلىسىگە كەلسەم، ئۇ ھەقتە ئىلگىرىدىن تەتقىق قىلىپ كۆرمىگەنمەن، شەخسلەر ئالدىدا ئۆز پىكرىمنى بايان قىلسام ھېچ گەپ ئەمەس، لېكىن ئامما ئالدىدا ئېلان قىلىشقىلار توغرىسىدا بىرئاز ئىككىلىنىپ قالدىم، چۈنكى ئاشكارا ئېلان قىلىش نىيىتىدە بولمىغانلىقىم ئۈچۈن توغرا كەلگىنىچىلا يازغاندىم، ھەممە تەرەپنى نەزەردە تۇتالمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسانلا چاتاق چىقىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۆزۈم ئاسانلا چاتاق

چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم، كېيىنكى كۈنلەردە بەزىلەر بۇ سەۋەب بىلەن لۇشۇننى تىللاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاممىۋى تىلنى ئۆتتۈپ كېتىشى مۇمكىن. شاڭخەيدە شۇنداق «ئىنقىلاب»چى ياشلار[184] باركى، ئۇلار شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ «ئىنقىلاب»چى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ ۋە يەنە بىر تەرەپتىن مەلۇم تەرەپنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. بۇ مېنىڭ گۇمانخورلۇقۇم ئەمەس، «بېلىق سۇنى ئىچكەندە، ئۇنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇقلۇقىنى ئۆزى بىلىدۇ»، تەنە ئوقى ئېتىلىپ كەلسە، ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ تۇرىمەن. لېكىن، جانابىڭىز چوقۇم ئېلان قىلماقچىكەنسىز، شۇ خېتىمنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئېلان قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، لېكىن «قولىدىن پوق كەلمەيدىغان»[185] دېگەن گەپلەر بار، ئەسلىسىنى ئۆتتۈپ كېتىپتىمەن، شۇ سۆزلەرنى «ئوبيېكتىپ جەھەتتە دۈشمەننىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان» دېگەن مەنىگە ئۆزگەرتىپ قويۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، ئەھمىيەتسىز جېدەلدىن خالىي بولايلى.

لىن يۈتاڭ بولسا مېنىڭ كونا بۇرادىرىم، مەن ئۇنىڭغا دوستلارچە مۇئامىلە قىلىۋاتىمەن. «خەلقئالەم» ناملىق ژۇرنال نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى، «مۇھاكىمىلەر»نىڭ پەيزى ئۆچۈپ كەتكەن بىر چاغدا، مەن ئۇنىڭغا سەمىمىيەت بىلەن بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنى بۇ بىرنېمىلەردىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلغانىدىم، ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلىمەن دەپ جېنىنى سېلىپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلماي، ئۇنى ئەنگلىيىنىڭ بەزى مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ئۈندىگەنىدىم، ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى ھازىرقى كۈندىلا ئەمەس، كەلگۈسىدىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاۋاب خېتىدە، ئۇ ئىشلار توغرىسىدا، قېرىغاندا بىر گەپ بولار، دەپتۇ. مېنىڭ پىكرىمنىڭ لىن يۈتاڭنىڭ نەزىرىدە روھىنى چۈشۈرۈش بولۇپ چىققانلىقىنى ئەنە شۇ چاغدىلا پەملىدىم. لېكىن، مەن ئۆز پىكرىم-





نىڭ ئۇنى چۇڭگو ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلىشقا، چۇڭگودا يوقلىپ كەتمەستىن مەۋجۇت تۇرۇشقا ئۈندەيدىغان ياخشى سۆز ئىكەنلىكىگە ھازىرمۇ ئىمانىم كامىل. ئۇ تېخىمۇ رادىكال بولسا ناھايىتى ياخشى بولاتتى، لېكىن مېنىڭچە، ئۇ ھەرگىز رادىكال بولالمايدۇ، مەن باشقا ئادەمنى ھەرگىز قىيىن كېچىككە سېلىپ قويمايمەن. بىراق، ئۇنىڭدىن باشقا ئېيتقۇدەك سۆزۈممۇ يوق.

يېقىندىن بۇيانقى «مۇھاكىمىلەر» دېگەنگە ئوخشاش بىرنېمىلەرگە قارىسام، لىن يۈتاڭ قىيىن كېچىككە كىرىپ قاپتۇ، ئۇ بۇنىڭدىن قورسىقى كۆپۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن يەنە تېخىمۇ بېرىلگەن ھالدا چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنى بۇ ئەرزىمەس كۈچۈم بىلەن تارتىۋالالمىغۇدەكمەن. تاۋ بىلەن شۈي بولسا لىن يۈتاڭنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان يەن بىلەن زىڭ بولۇپ قاپتۇ. دېمەك، كۆڭزى موللامنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭغىمۇ ئىلاجى يوق.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ، ھۆرمەت بىلەن:

شۈن

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

# 341013 قوشما باسمىخانىغا[186]

ھۆرمەت بىلەن مەلۇم بولسۇنكى، مۇبارەك ئالاقەڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم، قىرقىلىشتىن ئېشىپ قالغان «ئالا كۆكۈل توپلىمى»[187] نى نامىنى ئۆزگەرتىپ نەشر قىلماقچى بولغانلىقىڭلارغا نەشر ھوقۇقىنى ئاللىقاچان سېتىۋەتكەن ئاپتورنىڭ باشقىچە پىكرى يوق. لېكىن، 1 ـ بېتىگە: بۇ كىتاب مەركىزىي كىتاب تەكشۈرۈش ھەيئىتى[188] تەكشۈرۈپ قىرقىپ بېكىتكەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان قىسمى، دەپ ئىزاھلاپ قويۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. ئەگەر ئېلان چىقىرىش توغرا كەلسە، بۇ كىتابنىڭ «ئالا كۆكۈل توپلىمى» نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ قويۇشۇڭلار شەرت. ئۇنداق بولمىسا، كىتابخانىلارنىڭ كۆزىنى بويىغان جاۋابكارلىق نەشر قىلغۇچى بىلەن ئاپتورنىڭ ئۈستىگە چۈشمەي قالمايدۇ، مەنغۇ بىر ئامال قىلىپ ئۆزۈمنى ئاقلارمەن. قوشما باسمىخانىغا سالام يوللاپ:

لۇشۈن

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى





# 341101 دۇ يىنفۇغا[189]

يىنفۇ ئەپەندى:

خېتىڭىزنى ۋە «يېڭى شېئىرلار» نىڭ 3 ـ سانىنى تاپشۇرۇۋالدىم، رەھمەت. 2 ـ سانىنى ئىلگىرىلا تاپشۇرۇۋالغانىدىم.

شېئىر توغرىسىدا بىرنەرسە دېگىن، دېسىڭىز، ماڭا خۇددى ئاسترونومىيە توغرىسىدا بىر نەرسە دېگىن، دېگەندەك تەس كېلىدۇ، بۇ ھەقتە نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن. پەقەت شۇنداق بىر شەخسىي قارىشىم باركى، سەھنە ئەسەرلىرى كىتاب جوزىسى ئۈستىدە تۇرىدىغان سەھنە ئەسىرى ۋە سەھنىدە ئوينىلىدىغان سەھنە ئەسىرى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، لېكىن بۇلاردىن سەھنىدە ئوينىلىدىغىنى ياخشى. شېئىرمۇ ئوقۇپ قويۇشقىلا بولىدىغان شېئىر ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدىغان شېئىر دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، بۇلارنىڭمۇ ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدىغىنى ياخشى. ئەپسۇسكى، جۇڭگودىكى يېڭى شېئىرلار ئالدىنقى خىلغا كىرسە كېرەك. رىتىمى، قاپىيىسى بولمىغاچقا، ناخشا قىلىپ ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس؛ ئېيتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى كونا شېئىرلارنى سىقىپ چىقىرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، بىرمۇنچە ئادەملەر «ئاھ جېنىم»[190] نىمۇ ئېيتىۋاتىدۇ، لېكىن بۇنىڭغا لى جىڭخۇينىڭ[191] ئېيتىپ يۈرگەنلىكى سەۋەبچى بولماقتا. لى جىڭخۇي ئېيتقانلارنى باشقا ئادەملەرنىڭمۇ ئېيتىپ يۈرگەنلىكى يېڭى شېئىرلارنى ئېيتقانلىق ئەمەس، يېڭى شېئىرلارنىڭ تەلىيى ھازىرمۇ تەتۈر بولۇۋاتىدۇ.

مېنىڭچە، مەزمۇنىدىن ھازىرچە گەپ ئاچماي تۇرايلى، يېڭى
شېئىرنىڭ ئالدى بىلەن رىتىمى بولۇشى، قاپىيىلىرى ئاساسەن
چۈشكەن بولۇشى، ھەممە ئادەم ئاسان تۇتۇۋالىدىغان، ئېغىزغا
چۈشىدىغان، ئېيتقىلى بولىدىغان بولۇشى كېرەك. لېكىن، جاذ-
لىق تىلدا قاپىيىلىرىنى تەبىئىي يوسۇندا سىلىق چۈشۈرۈش ئانچە
ئاسان ئەمەس. راستىنى ئېيتسام، شېئىر يېزىش مېنىڭ قولۇم-
دىن كەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش بىلەنلا
چەكلەندىم.

مەن ئۆزۈمنى گادايلىشىپ كەتتىم، دەپ ئېيتالمايمەن.
لېكىن پۈلۈم بار، دەپ ئېيتساممۇ توغرا بولمايدۇ، باشقا جە-
ھەتتىن ئاز - پاز تېجەپ، ئازغىنە ئىئانە بەرسەم، ھازىرچە مەن
ئۈچۈن قىيىن ئىش ئەمەس، لېكىن مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىد-
دە مۇنداق قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس، بىرئاز سەۋر قىلىپ
تۇرۇڭ[192].

ماڭا ھاقارەت قىلىشقانلىقىنى ئاڭلىغىنىم يوق، ھېلىقى ماقا-
لىنى ئىلگىرى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭدىمۇ ماڭا ھاقارەت قىلىنغاندەك
ئەمەس. شاڭخەيدىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ خەۋەرچىلىرى
پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلىشقا ئامراق. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە
بىر - بىرلەپ دىققەت قىلىدىغان بولسام، ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ
كېتىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرىدىن پەرۋا قىلماي كېلىۋاتىمەن.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

شۈن

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېچىدە





ھەتتا، بىزنىڭ سەپداشلىرىمىزنىڭ بەزىسىنىڭ مېڭىسى تولد-
مۇ ساددا، ئۇلار دوستىنى، دۈشمىنىنى ئايرىۋالالمايدۇ. «سەلكىن
شامال تەھرىراتى»[193] مېنى «ئەدەبىيات جادۇگىرى» دەپ تىللى-
غانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ سەپداشلىرىمىز «لۇشۈن ئەدەبىيات
جادۇگىرى» دېگەن سۆزنى ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن ئېسىدە چىڭ
تۇتۇۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «ئەدەبىيات جادۇگىرى» دېگەن سۆز-
نى كۆرسىلا، لۇشۈننى تىللاۋاتىدۇ دەپ، بىر - بىرىگە مەلۇم
قىلىشىپ يۈرىدۇ. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال. لېكىن،
مەن شۇنىمۇ ئاڭقىرىش ئىقتىدارى يوق بىر ھالغا چۈشۈپ قالغىنىم
يوق، ھەرگىز ئەندىشە قىلماڭ.

# ليۇ ۋېيمىڭغا[194] 341128

ۋېيمىڭ ئەپەندى:

15 - كۈنى يازغان مۇبارەك خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم.

دىمىقلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان دەۋردە ياشىغان ئادەم قەدىمىي كىتابلارنى كۆرۈشكە ئامراق بولۇپ قالىدىكەن؛ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئوقۇپ قويسىمۇ ھېچ گەپ يوق، لېكىن چوڭقۇرلاپ چۆكۈپ كېتىپ قالسا، ئۇنىڭغا ئاسانلا بېرىلىپ كېتىپ، ھازىرقى دەۋردىن چەتنەپ قالىدۇ.

ماڭا پۇل ئەۋەتمەسلىكىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. بىرىنچىدىن، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىم كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنتۇپ كېتىشىم، ئېسىمدە تۇتالماسلىقىم مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، يېقىندىن بۇيان ئىسمىمنى ئۆزگەرتىپ ماقالە يېزىۋاتقان بولساممۇ، يازغانلىرىم كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن قارىسام، تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار ئۆچۈرۈپ - چىقىرىپ تاشلاپ، كۆرگۈچىلىكى يوق بىرنەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئەگەر ئايرىم توپلاملىرىم بېسىلىپ چىقسا، دەرھال ئەۋەتىپ بېرىمەن، ئۇ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، پۇلىنى تۆلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

«ئالا كۆڭۈل توپلىمى»نىڭ نەشر ھوقۇقىنى باسمىخانىغا سېتىپ بەرگەنىدىم؛ مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ باسمىخانا يەنە تەكشۈرتۈشكە يوللاپ بېرىپتۇ، نەتىجىدە ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىنمۇ كۆپرەكىنى چىقىرىۋېتىپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنە بېسىپ چىقارماقچى بوپتۇ، كىتابنىڭ ئىسمىنى «قالدى - قۇتتىلار توپلىمى» دەپ ئۆزگەرتمەكچى بوپتۇ، بىراق ئۇنىڭدا كۆرگۈچىلىكى بار





بىر نەرسىنىڭ بولماسلىقى چوقۇم.

ھازىر ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئىشى زۇلۇم قىلىش، بۇزۇش بولۇپلا قالدى، ئۇلار كەلگۈسىنى نەدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟! ئەدەبىيات جەھەتتە زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلار نەدىمۇ يالغۇز مەن بىرلا كىشى بولاي، ياش يازغۇچىلارنىڭ دەرد - ئەلەم تارتىۋاتقانلىرى ئاز ئەمەس، لېكىن بۇ ئەھۋالنى كىشىلەر بىلمەيدۇ. شاڭخەيدە چىقىۋاتقان كىتاب - ژۇرناللارنىڭ ئىلغارلىرىمۇ توغرالماقتا، ئۇلارنىڭ تولىسى نەشر قىلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنداق دەھشەتلىك چارە، ئەلۋەتتە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ نىيىتىدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارنىڭ خۇسۇسىي ئۆچمەنلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ، چۈنكى «ئەدەبىياتچى» بولالماي قالغان بەزى ئادەملەر ھازىر مەخپىي تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار بولۇۋالدى[195]، ئۇلار قولىدىن كەلسە ئۆز رەقىبلىرىنى بىرىنىمۇ قويماي تورغا چۈشۈرسە.

يۇلتۇز قىتئەسىمۇ[196] سۆز ئەركىنلىكى يوق بىرجاي، گېزىتلىرىنىڭ خەۋەرلىرىمۇ شاڭخەيىنىڭكىچىلىك راست بولمىسا كېرەك، پوچتىدىن ئەۋەتىش ئاۋارىچىلىك، ماڭا ئەۋەتمىگىنىڭىز ياخشى.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

لۇشۈن

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېچىدە

# 341206 شىياۋجۈن بىلەن شىياۋخۇڭغا[197]

لىۇ، يىن ئەپەندىلەرگە:

ئىككى پارچە خېتىڭىزلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. بىز دىدار كۆرۈشكەندىن كېيىن، سىزلەرنىڭ مەيۈسلىنىپ قالىدىغانلىقىڭىزلارنى بىلەتتىم. مېنىڭ ماقالىلىرىمنىلا كۆرگەندە، مېنىڭ شۇنچىلىك قېرىپ قالغانلىقىمنى ئويلىمىغان بولسىڭىزلار كېرەك. بىراق، بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنى، بۇنىڭغا ئىلاج يوق. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ سالامەتلىكىم يامان ئەمەس. 16 ـ 17 يېشىمدىلا يالغۇز بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىمچە، 30 يىل ئەپلەپ ـ سەپلەپ جان بېقىپ كەلدىم، چەككەن رىيازەتلىرىم ئاز ئەمەس، لېكىن چوڭراق كېسەلگە مۇپتىلا بولغىنىم ياكى نەچچە ئون كۈنلەپ يېتىپ قالغىنىم يوق، بىراق ئىلگىرىكىدەك ماغدۇرۇم قالمىدى، 50 ياشتىن ئاشقان ئادەم، ھەر ھالدا شۇنداق بولسا كېرەك.

جۇڭگو كونا دۆلەت، تارىخى ئۇزۇن، رەڭۋازلىقلىرىمۇ كۆپ، ئەھۋالى مۇرەككەپ، ياشىماقمۇ ناھايىتى تەس. باشقا دۆلەتلەردە ياشاش ئۇسۇلى ھەر ھالدا ئاددىي بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم ئاز ـ پاز ئىش قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالايدۇ، جۇڭگودا بولسا پەقەت جان بېقىش ئۈچۈنلا ئۆمۈرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ بوھتان ـ تۆھمەت قىلىش ئۇسۇلى كىشىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ قالىدۇ. مېنىڭ ئۈستۈمدىن چىققان بىرمۇنچە پىتنە ـ ئىغۋالارنى ئالسام، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تولىسى ئاتالمىش «ئەدەبىياتچى» لاردىن چىققان. ئاداۋىتى نېمە؟ ناھايىتى كۆپ بولسا، ماقالە ئۈستىدىكى توقۇنۇش-





تىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلارنىڭ بەزىسى بىلەن قىلچە ئالاقەممۇ يوق، ئۇلار پىتنە ـ ئىغۋا پەيدا قىلىپ ئوينايدۇ. بولتۇر ئۇلار مېنى تېخى «خائىن»، ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە ئىشپىيونلۇق قىلىدۇ دېيىشتى[198]. ئۇلارنى تىللىسام، ئۇلار تېخى مېنى قورسىقى تار، دېيىشتى.

بەزى ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن بىرمۇنچە كۈچ سەرپ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، دۈشمەن قورقۇشقا ئەرزىمەيدۇ، ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى ئۆز لاگېرىمىزدىكى مىتە، بىرمۇنچە ئىشلار ئەنە شۇلارنىڭ قولىدا بەربات بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى چاغلاردا ئىچىم تىتىلداپ قالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئىشلەۋېرىمەن، ھازىر ئىلگىرىكىدەك دەرمانىم قالمىغان، بىلىمىم چەكلىك بولۇپ، ياشلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالمايدىغان بولسامىمۇ، لېكىن قىلچىلىكمۇ چېكىنىش نىيىتىدە ئەمەسمەن.

«ئىككى جايدىن مەكتۇپلار» ئەمەلىيەتتە ئاتالمىش «ئىشقنامە» ئەمەس. بىرىنچىدىن، بىز خەت ـ ئالاقىمىزنى يېڭى باشلىغاندا، كېلەچىكىمىز توغرىسىدا بىرەر مۆلچەرنى قورسىقىمىزغا پۈككەن ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ھەر ئىككىمىز ياش ۋە مۇھىتىمىز جەھەتتىن قۇلاق تىنچلىقىنى خالاشقا مايىل ئىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر قىزغىنلىق ئىزھارلىرىمىز يوق ئىدى. جىمغۇرلۇق ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى كەمچىلىك؛ لېكىن جېدەل ـ تالاشنىڭمۇ نۇقسانلىرى بار ئىدى، بىراق بىر ـ بىرىمىزنى دەرھال كەچۈرۈپ كېتەلىگەچكە، ئۇنىڭمۇ زىيىنى بولمايتتى. ئەمدى بالا توغرىسىدا گەپ ئاچسام، بالىغا گاھ ـ گاھىدا قاراپ قويۇشمۇ پەيزى بىر ئىش ئىكەن، لېكىن بېقىش، ئەتىدىن كەچكىچە بىللە بولۇش ھەقىقەتەن ئاۋارىگەرچىلىك. سىزلەر ھازىر خىزمەتنىڭ بېشىنى تۇتالمىغاچقا، تىنىم تاپالمايۋاتىپسىزلەر. ھەرقانداق ئادەم ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ يات بىر جايغا بارغاندا، ئۇ يەردىكىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ

كېتەلمىسە يەنى ئۇ يەردە تېخى يىلتىز تارتمىسا، ئاسانلا شۇنداق بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. يازغۇچى بولغان ئادەمنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ماقالە يازالماس بولۇپ قېلىشى ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر ئەھۋال. مەن شاڭخەيگە كەلگەندىن كېيىن ھېكايە يازالمىدىم، بۇ يەرمۇ كىشىنى ئۆزىگە خۇشتار قىلالمايدىغان بىر جاي ئىكەن. مېنىڭچە، سىزلەر ھازىرقىدەك تىت - تىت بولۇپ كەتمىگىنىزلەر، ئەڭ ياخشىسى، ئۇياق - بۇياقتا چىقىپ، جەمئىيەتتىكى ئەھۋاللارنى ۋە ھەرخىل ئادەملەرنىڭ بەت - بەشىرىسىنى كۆرۈڭلار.

تۆۋەندە سوئاللارغا جاۋاب بېرەي:

بىرىنچى، مېنىڭ بالامنىڭ ئىسمى خەيىيڭ، لېكىن چوڭ بولغاندا ئىسمىنى ئۆزى ئۆزگەرتىۋالار، ئۇنىڭ دادىسى ھەتتا ئۆزىنىڭ فامىلىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئاپۇ بولسا ئۈچىنچى ئىنىمنىڭ قىزى.

ئىككىنچى، يىغىننى ئاچتۇق[199]، كۆپ كۈچ كەتتى. يىغىن توغرىسىدىكى تۈرلۈك خەۋەرلەرنى گېزىتلەر باسماي قويدى، شۇڭا جۇڭگودا بۇنى بىلىدىغان ئادەم ناھايىتى ئاز. نەتىجىسى يامان ئەمەس، ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن دوكلات بېرىپ، دۇنيانى جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن خېلى خەۋەردار قىپتۇ. مەن كىردىم.

ئۈچىنچى، «جۇنشەن»[200] مېنىڭ يېنىمدا يوق.

تۆتىنچى، «ئانا»مۇ يوق. بۇ كىتاب مەنئى قىلىنغان، شۇنداق بولسىمۇ بىرەر ئادەم ئارقىلىق ئىزدەپ كۆرەي. «زاۋاللىق»[201] نى كۆرگىنىم يوق.

بەشىنچى، «ئىككى جايدىن مەكتۇپلار» شەرقىي شىمالدا بولسا كېرەك، «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

ئالتىنچى، مەن ئەمەلىيەتتە ھاراق ئىچمەيمەن، پەقەت چار-





چاپ قالغاندا ياكى غەزىپىم ئۆرلەپ قالغاندا، ئاز - ئاز ئىچىپ قويىمەن. ھازىر مېھماندارچىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق ئىچمەيدىغان بولدۇم. مېنى، ھاراق خۇمارى، دېگەن گەپمۇ «ئەدەبىياتچى»لار تاپقان پىتنە.

يەتتىنچى، مېنىنگىت توغرىسىدىكى گەپنىڭ چىققىنىغا ئۇزۇن بولدى، بۇ توغرىدا تۈزىتىش بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك.

بىز پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن، جىنسۇن قەلەم بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۈزۈۋەتتى، ماقالىنى تۈزىتىپ بېرىڭ دېسەك، ئۇ بۇ ئىشنى مۇناسىپ كۆرمەيدۇ. ئەگەر نەشر قىلىنىش ئىمكانىيىتى چىقىپ قالسا، ئىملا خاتالىقلىرىنى ۋە مۇۋاپىق بولماي قالغان يەرلىرىنى ئۆزۈم جاۋابكار بولۇپ توغرىلاپ قويىمەن.

مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى پائالىيەتتىن توختاپ قالدى، ھۆكۈمەتسىز ھالەتتە تۇرىدۇ ••• دەپ يېزىپسىلەر. راست، شۇنداق. بۇ ھەقتە مۇھاكىمە يوق ئەمەس، لېكىن تولىسى يىك باسمايدىغان قۇرۇق گەپ. يىك باسمايدىغان قۇرۇق گەپ ئەمەلىيەتتە بيۇروكراتلىق. مەن بەزىدە تىت - تىت بولۇپ قالىمەن، لېكىن قولۇمدىن كەلگەنلىرىنى ئىشلەيمەن، بىراق بەزىدە «يېگانە جەڭ قىلىش» ھەسرىتىنى تارتىمەن. ئەپسۇسكى، بەزى بۇرادەرلىرىم مېنى ھۇرۇن، ئىشلىمەيدۇ، دەپ ئەيىبلەيدۇ، ئۇلار ھاڭۋاقتىلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، نەلەرگە تىكىۋېتىدىكىنتاڭ.

خېتىڭلاردا مەندىن ئەكەتكەن پۇلنى لازىم قىلغاندا ئىچىڭلارنىڭ ئۆرتەلگەنلىكىنى يېزىپسىلەر. ئۇنىڭ ھاجىتى يوق. مېنىڭ روسىيىنىڭ بىرەر رۇبلىسىنى، ياپونىيىنىڭ بىرەر ئالتۇن دوللىرىنى ئالغىنىم يوق، ئەلۋەتتە. لېكىن، قەلەم ھەققىنى نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى سالاھىيىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن ياش يازغۇچى-

لارغا قارىغاندا ئاسانراق تاپىمەن، دېمەك، سىلەر ئەكەتكەن پۇلنىڭ
ئىچىدە ياش يازغۇچىلارنىڭ قەلەم ھەققىدەك تەستە قولغا كەلگەن
تەر يوق، ئىشلىتىۋېرىڭىزلەر، ھېچ گەپ يوق. بۇنچىلىك كىچىك
بىر ئىشنى كۆڭۈللىرىڭىزلەردىمۇ ساقلىمىڭىزلەر، ئۇنداق قىلسى-
ڭىزلەر ئاسانلا نېرۋا ئاجىزلىقىغا گىرىپتار بولۇپ، غەمكىن ئادەم-
لەر بولۇپ قالىسىزلەر.
خېتىڭىزلەردە ئۇلارنىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىغا غە-
زەپلىنىپسىزلەر. ئۇ ھەيران قالغۇدەك بىر ئەھۋال ئەمەس، ئۇلار-
نىڭ قولىدىن شۇنىڭدىن باشقا نېمە كېلەتتى؟ مەن بەربىر دەيدىغان
گېپىمنى دەۋېرىمەن. كۆرمىدىڭلارمۇ، پۇقرا غىڭ ـ پىڭ قىلماي
ئۆزلىرىنىڭ تەر ۋە قانلىرىنى تۆھپە قىلىپ، ئۆزلىرى ئاچ ـ
يالىڭاچ قېلىۋاتسىمۇ، ئۇلار يەنە پۇقرانىڭ جېنىنى ئالىدىغۇ؟
ئامانلىقىڭلارنى تىلەپ:

شۈن

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

يەنە «شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك بۇلۇت» بىلەن «كىچىك يۇ-
ھەننا»نى بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى تەرجىمە قىلغانىدىم، ھازىر
قايتا نەشر قىلىنىدى. سىلەرگە كېرەكمۇ؟ ئۈچۈرنى بېرىشىڭلارنى
كۈتىمەن.





# 341210 شياۋجۈن بىلەن شياۋخۇڭغا

ليۇ، يىن ئەپەندىلەرگە:
8 ـ كۈنى كېچىدە يازغان خېتىڭىزلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم.
كېسىلىم ياخشى بولۇپ قالدى، ئىشتىھايىم بىرئاز ئېچىلدى،
ئاستا ـ ئاستا ئوڭلىنىپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن.
كىتابخانىغا ئىككى نۇسخا چۆچەك ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپشۇ-
رۇپ قويدۇم، ئۇنىڭغا تەرجىملەر[202] دىن ئىككى نۇسخا قوشۇپ
قويدۇم، سىلەر ئۇنىمۇ كۆرمىگەن بولساڭلار كېرەك، توغرا كې-
لىپ قالغاچقا قوشۇپ قويدۇم. «لىرا»[203] دىكى كىرىش سۆزنى
كېيىن تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار چىقىرىۋېتىپتۇ، ھازىرقىسى يې-
ڭى نەشرى، شۇڭا كىرىش سۆزى بار. كۆردۈڭلارمۇ، ئۇلار ھەتتا
شۇنداق بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى قىلىشىمىزغىمۇ رۇخسەت
قىلمىغان.
ئەگەر سىزلەر تەرەپتە ھۆكۈمەت ئىلكىدە بولمىغان گېزىت
بولسا، «مېنىنگىت» توغرىسىدىكى سۆزنى «ئەدەبىي خەۋەر» شەك-
لى بىلەن ئىزاھلاپ قويسىڭىزلارمۇ بولىدۇ. بۇ پىتنە توغرىسىدا
نەچچە ئون پارچە تۈزىتىش خېتى يازغان، ئىككى دوللاردىن كۆپ-
رەك پوچتا ھەققى چىقىم قىلغانىدىم.
جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىدىغاز-
لىقى توغرىسىدىكى مەسىلە ئاللىقاچان تۈگەپ كەتتى، ئەمەلگە
ئاشمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلغۇسى يوق ئىدى. دەس-
لەپتە بىرنەچچە قىسمىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ،
ئۇ ئىشنى ئاللىقاچان مەلۇم ئادەملەرگە يەڭ ئىچىدە كۆتۈرە قىلىپ

بەرگەن، يات ئادەملەرنىڭ نېسىۋىسى يوق. هازىر جياڭ[204] ئۆلدى. ئۇلار ئەسلىدە شۇ جياڭغا تەرجىمە قىلدۇرتماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى؛ ئۇ هايات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىشقا بەرمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭغا بەرسە، تەرجىمە قىلىنىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە چاتاق بولمامدۇ؟ شۇ چاغدا ئۇلار مەندىن ساۋ جىڭخۇانىڭ ئادرېسىنى سوراپ، ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئۇلارنىڭ رەڭۋازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ رەت قىلغانىدىم. هازىر «مەشهۇر دۇنيا ئەدەبىياتى» دېگەن گەپنى تىلغا ئالمايدىغان بولۇپ قالدى.

مەشهۇر ئادەملەر، كاتتا ئادەملەر، سودىگەرلەر··· دائىم شۇنداق رەڭۋازلىق قىلىدۇ، ئۇلار، مانا بىز جان كۆيدۈرۈۋاتىمىز، دېگەندەك قىلىپ، بىرمۇنچە كىتابنىڭ تىزىمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن ياشلار ئىشنىڭ تېگى - پېيىنى بىلمەي، دائىم ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق پەشۋاغا ئۇچراش هېچ گەپ ئەمەس، بەزىدە هەتتا جانلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەنە شۇنداق مەشهۇر خۇنخورلاردىن بىرمۇنچىسىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ماڭا مەلۇم. مەن ئۆزۈمنى جاهاننىڭ ئەلمى - تەلمىنى ئوبدان بىلىمەن، دەپ چاغلايتتىم، لېكىن يېقىندا «مۇقەددەس ئەل تەھرىراتى»نىڭ دامىغا چۈشۈپ قالدىم. ئۇلار مەن بىلەن توختام تۈزدى، مەن 12 ئادەم تېپىپ، ئۇلارنىڭ هەربىرىگە بىردىن مەشهۇر سوۋېت ئەسىرىنى تەرجىمە قىلدۇرتماقچى بولدۇم، نەتىجىدە، بىرنەچچە كىتاب تەرجىمىدىن چىققانىدى، ئۇلار ئالمىدى، توختاممۇ كارغا كەلمىدى، نائىلاج ئۇ تەرجىمانلارغا تەزىم قىلىپ، يېلىنىپ، تەرجىمىسىنى توختاتتۇرۇپ قويدۇم؛ ساۋ جىڭخۇا يىراقتا بولغاچقا، ئۇچۇر بەرگۈچە تەرجىمىنى پۈتتۈرۈپ بوپتۇ، ئۇنىڭ نەشر هەققىنى ئۆزۈم تۆلەپ، بىر ئامال بىلەن مەتبەئەگە بەردىم، «تۆمۈر ئېقىن» ئەنە شۇنداق ئوتتۇرىغا





چىقتى. لېكىن، بۇ كىتابنىڭ بېسىلىپ چىققان نۇسخىلىرىنىڭ تولىسىنى ۋە ئىستىراتىپىنى كېيىن باشقا بىر نەشرىيات كۆز بوياپ ئەكەتتى.

ئۆز ۋاقتىدىكى يىغىن[205] كېمىدە ئەمەس، قۇرۇقلۇقتا ئېچىلدى، تەخمىنەن 20 — 30 كىشى قاتناشتى، يىغىن تۈگىگەندە هەممە ئادەم ساق چىقىپ كەتكەنىدى، لېكىن بەزىلەرنى كېيىن تۇتۇپ كېتىشىپتۇ. يېقىندىن بۇيان مەخپىي تۇتۇپ كېتىدىغان، ئۆلتۈرىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ قالدى، باشقىلار بىلەلمەي قالىدۇ.

ئېروشىنكو ئۆلمەپتۇ، تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. لېكىن، بەزىلەر خەت يازغىنىكەن، ئۇچۇرى بولماپتۇ.

پىدائىيلار[206] توغرىسىدىكى خاتىرىنى كۆردۈم. ئەنە شۇنداق ئادەملەرنى جەڭچى دېسە بولىدۇ، ئۇلار مەندەك قەلەم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەمنى هەقىقەتەن خىجىل قىلىدۇ. مېنىڭچە، ئەدىبلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ئانچە ياخشى ئەمەس، چۈنكى ئەدىبلەرنىڭ بىلىمى، ئىدىيىسى مۇرەككەپرەك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا ئېغىناپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەيدانى چىڭ ئادەم كۆپ ئەمەس. ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى هازىرقى هۆكۈمەتسىزلىك ياخشى ئەمەس، ئەلۋەتتە؛ مۇشۇنىڭ بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلارمۇ چىقماي قالمىسا كېرەك، لېكىن مېنىڭچە، بۇ ئەھۋال ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ، بۆلگۈنچىلىك قىلىش قۇرۇق گەپ سېتىش، ياسىما كەسكىن بولۇۋېلىش هادىسىلىرى بۇنىڭدىن تۆت - بەش يىل ئىلگىرىمۇ يۈز بەرگەنىدى؛ سول قاناتلار ئىتتىپاقى بارلىققا كېلىپ ئۇنداق هادىسىلەرنى تۈگەتتى، لېكىن يىلتىزى تېخى قۇرۇمىدى، يېڭى ئامىللارمۇ كېلىپ چىقتى، شۇڭا هازىر كونا كېسەل يەنە قوزغىلىپ قالدى. لېكىن، قۇرۇق گەپ ئۇزۇن داۋام قىلالمايدۇ، ئۇنىڭدىن نەتىجىمۇ چىقىرالمايدۇ، ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتى پاكىت ئەيىنىكىدە ئاخىر مەلۇم بولۇپ،

سىرى ئېچىلىپ قالىدۇ. ماقالە يېزىش يولى بىلەن كۈرەش قىلىش تېخىمۇ ياخشى ئىش ئىدى، بىراق بۇنداق مەتبۇئاتلار نەشر قىلىنالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاستىلاپ پاكىت بىلەن يېڭىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن قالسا، سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلى دەسلەپتە ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ چاغدا هازىرقىدەك زۇلۇم يوق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر، سول قاناتلار ئىتتىپاقىغا كىرگەندىن كېيىن ئىلغارلاردىن بولۇپ قالىمىز، ئانچە چوڭ خەۋپكىمۇ ئۇچرىمايمىز، دەپ ئويلاشقان. ئەپسۇسكى، زۇلۇم هۆكۈم سۈرگەندە، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى بەدەر تىكىۋەتتى. بۇنىڭغىمۇ مەيلى، بەزىلەر هەتتا، ئەكسىچە، خەۋەر ساتىدىغان بولۇپ قالدى. ئادەم ئاز بولسا هېچ گەپ يوق، سۈپىتى ياخشى بولسا بولدى. لېكىن، هازىر شۇنىڭغىمۇ مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ، ياخشىلارمۇ يوق ئەمەس، بىراق بىر بولسا تەجرىبىسى ئاز، بىر بولسا سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس (چۈنكى تولىسىنىڭ تۇرمۇشى قىيىن)، بۇ ئەهۋال كۈرەشكە دەخلى يەتكۈزمەكتە. زۇلۇمغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، ئومۇمەن بۇنداق ئەهۋال بولۇپ تۇرىدۇ، مېنىڭچە، بۇنىڭدىن غەم يەپ كەتمەسلىك كېرەك.

ئىپىپتىنى سېتىش مەسىلىسىدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق. لېكىن، شۇنداق ئەهۋال بولۇشى مۇمكىن، ئاياللارغا تاقابىل تۇرۇشتا جەنۇبنىڭ ئەمەلدارلىرى شىمالنىڭ ئەمەلدارلىرىدىنمۇ رەهىمسىز بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ قان قەرزى كۆپ.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

شۈن

12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كېچىدە





# 341216 ياڭ جىيۈنگە

جىيۈن ئەپەندى:

14 ـ ۋە 15 ـ كۈنى يازغان ئىككى پارچە خېتىڭىزنى تەڭلا تاپشۇرۇۋالدىم.

بېيپىڭدا جەمئىي بەش قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەنىدىم، قولۇمدا پەقەت ئىككىسىنىڭلا خاتىرىسى بار ئىكەن، بۇلار توغرا خاتىرىلەنمىگەن، ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، بۈگۈن پوچتىدىن ماڭدۇردۇم، كۆرۈپ باقارسىز. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى نۆۋەتتىكىسىنى پويىزغا چىقىشتىن ئىلگىرى سۆزلىگەنىدىم، ئۇنىڭ بىرى «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە قورال كۈچى»: يەنە بىرىنىڭ هەتتا ماۋزۇسىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن[207]. شۇ چاغدا ئەمەلدارلار مېنى ناهايىتى يامان كۆرەتتى، گېزىتلەرمۇ نۇتۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى باسمىغان بولسا كېرەك.

گۇپپاڭچى ئەدەبىيات توغرىسىدىكى تەتقىقات هەقىقەتەن مۇهىم بىر تەتقىقات ئىدى، ئۇ چاغدا چولام تەگمىگەچكە، شاڭخەيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە بىر قۇر ئەسلەپ يېزىش خىيالىغا كەلگەنىدىم، بىراق شاڭخەيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يازمىدىم؛ هازىر ئەهۋال ئۆزگىرىپ قالغاچقا، يېزىش نىيىتىممۇ يوقىلىپ كەتتى. دېمەك، هېلىقى «بەش لېكسىيە، ئۈچ پوش ـ پوش» مەڭگۈ شۇنداق ماۋزۇ هالىتىدىلا قالىدىغان ئوخشايدۇ.

بېسىش ئۇسۇلى، قەغەز توغرىسىدا يازغان خېتىڭىزدە ئېيتقانلىرىڭىزغا قوشۇلىمەن. ماقالىلەرنىڭ يېڭى قوشۇلغانلىرىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرسىڭىز، كۆرۈپ باقاي. ئىلگىرى بىر قىسمىنى

كۆرگەندىم، ئۇلارنى ئەۋەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. ئەگەر نەشر ھەققى تېگىپ قالسا، ئۇنىڭ يېرىمىنى بەرسەڭمۇ بوپتۇ؛ ئەگەر يېرىمىنى ئالمايدىغان بولسام، سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىز ئۇنىمايدىغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا كۆپ ئەجىر قىلدىڭىز، دەپسىز، ئۇنداق ئەمەس؛ مېڭە ئانچە سەرپ بولمايدىغان ئىش كىشىنى ئانچە چارچاتمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، يېقىندا بىرنەچچە كۈن دەم ئالدىم، چۈنكى كۈنىگە 4000 — 5000 خەت يېزىۋېرىپ، ئۆزۈممۇ مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئىلگىرىكىدىن خېلى ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، يېزىغا كېتىپ، گېزىت - ژۇرنالنىمۇ كۆرمەي بىرەر - يېرىم يىل تاماشا قىلىش نىيىتىم بار ئىدى، بىراق يېقىندا «خەلقنىڭ مەجبۇرىي خىزمەت ئۆتەش نىزامنامىسى» چىقىپ قالدى، مېنى تاشيول ياساشقا تۇتۇپ كەتسە، ماقالە يېزىشتىنمۇ جەبرى بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىمەي بولمايدۇ.

ئىلگىرىكى خېتىڭىزدە «ئېروشىنكو چۆچەكلىرى توپلىمى»غا بېغىشلاپ يېزىلغان كىرىش سۆز توغرىسىدا يېزىپسىز، كېيىن ئويلاپ قارىسام، ئۇنى كىرگۈزمەسلىك كېرەك ئىكەن، چۈنكى ئۇ چۆچەكلەرنىڭمۇ ھەممىسىنى دېگۈدەك مەن تەرجىمە قىلغانىدىم.

شەرقىي شىمالدا ئەدەبىيات ساھەسى ناھايىتى مۇلايىملىق ۋە خۇشامەتگۈيلۈق ھاۋاسىغا چۆمۈپ كېتىپتۇ. ئاڭلىشىمچە، گېزىتتىكى ماقالىلەرنىڭ ئوندىن توققۇزى گەپنى «ھىدايەتلىك سىياسىي» بىلەن تۈگىتىدىكەن. ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنىڭ مۇھەررىرگە چۈشۈرگەن ئۇقتۇرۇشىنىمۇ كۆردۈم، ئۇنىڭدا: باي بىلەن گادايىنى ئايرىيدىغان، كۈرەشنى سۆزلەيدىغان ماقالىلەرنىڭ ھەرقاندىقى «ھىدايەت»كە ئۇيغۇن ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن ماقالىلەرنى تەكشۈرتۈشكە ئەۋەتمەڭلار، دېگەن گەپلەر بار ئىكەن. لېكىن، ھۆكۈمەتنىڭ پەيلى بىزنىڭ بۇ يەردىكى زالىملىق سىياسىتىدەك يامان ئەمەس ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، بىزنىڭ بۇ يەردىكى زىيالىيلار





بىر ئىشنى چۈشىنىپ يەتكەن ئوخشايدۇ، بۇ ئەھۋال كىشىنى خۇرسەن قىلىدۇ. سۆز ئەركىنلىكى - پۈز ئەركىنلىكى دېگەن ئومۇمىي تېلېگراممىلارغا خۇش شىدىن باشقا قوشۇلىدىغان ۋە قوشۇمچە قىلىدىغان ئادەم چىقمىدىغۇ؟ مانا بۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ ياخشى ئەھۋال.

سەپىرىڭىزگە ئاقيول تىلەپ،

ھۆرمەت بىلەن: شۈن

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

# 341218 ياڭ جىيۇنگە

جىيۇن ئەپەندى:

17 ـ كۈنى يازغان خېتىڭىز تەگدى. ھېلىقى ئىككى
نۇتۇقنى[208] كېرەك قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم، چۈنكى ئەمەلى-
يەتتىن تولىمۇ يىراق. خاتىرىلىگۈچى مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئانچە
چۈشەنمىگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىكىرلىرىمۇ ئەينەن
ئەمەس. دېمەك، مەن مۇھىم دەپ قارىغان مەسىلىلەرنى ئۇ خاتىرى-
لىمەي تاشلاپ قويۇپتۇ، چاقچاق دەپ قارىغان بولسا كېرەك.
«ئىنقىلابىي ئەدەبىيات…» تىكى بىرنەچچە ئېغىز سۆز مېنىڭ سۆ-
زۈمنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەكسى ئىكەن. ئۇنى تېخىمۇ ئىشلەتكى-
لى بولمايدۇ. بۇ ئىككى ماۋزۇ ھەقىقەتەن مۇھىم، مەن قايتا
يازماقچىمەن.

«قىزىل كۆلكە توغرىسىدا»[209] مېنىڭ قولۇمدا بار، بۈگۈن
پوچتىدىن ئەۋەتىپ بېرەي، قايتا كۆچۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمىسا
كېرەك، مەتبەئە نۇسخىسىنى تىزىشقا بېرىۋېرىڭ. بۇنداق تىللىشى-
دىغان ماقالىگە ۋاقىتنى زايە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ نۆۋەت
قايتا ئوقۇپ چىقتىم، خېشى ئەپەندى دېگەن تازىمۇ كۆڭلى قارا
ئادەم ئىكەن.

پىستەكلەر قورقۇشقا ئەرزىمەيدۇ، ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى
تىلى شېكەر، دىلى زەھەر «سەپداش» لار، چۈنكى ئۇلاردىن مۇداپى-
ئە كۆرگىلى بولمايدۇ. شاۋ بەيدەك بىرنېمىنى ئالسام، ئۇنىڭ
مۇددىئاسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىلمىدىم[210].





ئارقا تەرىپىمدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، دۈشمەنگە روبىرو تۇر-
ماي، يېنىچىسىغا تۇرۇشقا توغرا كەلدى، چۈنكى ھەم ئالدى تەرى-
پىمگە، ھەم ئارقا تەرىپىمگە نەزەر سالىمەن دەپ ناھايىتى جاپا
چېكىۋاتىمەن. سالامەتلىكىمنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى يېشىم بىلەن
ئالاقىدار، ئۇلار بىلەن ئالاقىسىز. بىراق، بەزىدە توغرا ئىشلارغا
سەرپ قىلسام خېلى ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتى
بولغان بىرمۇنچە قۇۋۋىتىمنىڭ زايە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىچىم
قايناپ قالىدۇ.

ھازىر جۇڭگونىڭ يېزىلىرىدا ۋە كىچىك شەھەرلىرىدە بارغۇ-
دەك يەر بولمىسا كېرەك، يەنىلا بېيجىڭنى ياخشى كۆرىمەن، ئاشۇ
بىر كۇتۇپخانىنىڭ ئۆزىلا ماڭا بىرمۇنچە ئوڭايلىقلارنى يارىتىپ
بېرەلەيتتى. بىراق، بۇمۇ بىر شېرىن خىيال، فېڭ يۈلەنگە[211]
ئوخشاش سىڭگەن نېنىمنى يەپ ياتاي دېسەم، قولغا ئېلىنىپ كېتى-
شىم مۇمكىن، باشقا ئەھۋالنى ئەنە شۇنىڭدىن پەملىۋېلىش مۇم-
كىن، شۇڭا ھازىرچە بىر ياققا يۆتكىلەلمىسەم كېرەك.

ئىلگىرىكى خېتىڭىزدە يۇرتقا قايتىشنى بىرئاز ئارقىغا سۈر-
گەنلىكىڭىزنى يازغانىكەنسىز. مۇقەددىمەمنى 24 ـ كۈنى پوچتىغا
سالماقچىمەن، ئۈلگۈرۈپ قالار.

سەپىرىڭىزگە ئاقيول تىلەپ:

شۈن

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

# 341225 جاۋ جيابىغا[212]

جيابى ئەپەندى:

ئەتىگەن بىر پارچە خەت يوللىغانىدىم، تەگكەندۇر. «ئەدەبىيات»[213] نىڭ كېلەر يىللىق 1 ـ سانىغا ئاتاپ تەخمىنەن 6000 خەتلىك بىر پارچە خاتىرە[214] يازغانىدىم، ئۇنىڭدا مىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەقەلەرنى تىلغا ئېلىپ، كونا كىتابلاردىن بەزى نەقىللەرنى كەلتۈرگەنىدىم، ئۇنىڭدا زەردىلىك سۆزلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بۈگۈن ئاخشام بىلدىمكى، تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى چىقىرىۋېتىپ، پەقەت باش تەرىپىدىن 1000 خەتتىن ئارتۇقراقىنىلا قالدۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ھەتتا ئەلمىساقتىكى چۆچەكلەرنى بايان قىلىپ بەرسەممۇ، ئۇلارنى مەمنۇن قىلالمايدىكەنمەن، مەن ئۆزۈممۇ ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان ماقالىلەرنى يازالمايمەن.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتى تىزمىسى»[215] كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭغا تاللىغان ھېكايىلەرنى تەكشۈرتۈشكە ئەۋەتكەندە، كىمنىڭ تاللىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەسىلە چىقماس؛ لېكىن مۇقەددىمىسىنى ئەۋەتكەندە مەسىلە چىقىشى مۇمكىن. «4 ـ ماي» دەۋرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە يېقىن؛ ھېچقانداق قۇسۇر چىقمايدىغان، «ھا ـ ھا ـ ھا، بۈگۈن ھاۋا...» دەيدىغان 10 مىڭ خەتلىك ماقالە يېزىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئەمەلدارلارنىڭ پىكرىگىمۇ ئوخشاش چىقىرالمايمەن، شۇنداق چاغلاردا چوقۇم چاتاق چىقىشى مۇمكىن. مەن ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلىشقا، ماقالىنى تۈزىتىشكە ياكى





باشقا بىرەر پارچە يېزىشقا ماھىر ئەمەس. ئۇ چاغدا ئەگەر باشقا بىراۋنى تەكلىپ قىلىدىغان بولساق، ھېكايە قىسمىنى مەن تاللىغاچقا، ئۇنىڭ پىكرى ھەرگىز ئوخشاش بولۇپ چىقمايدۇ، ئىلاجسىز بولۇپ قېلىشىم تۇرغان گەپ. ياكى كىتابخانا بىكار چىقىمدار بولۇپ قالىدۇ، ياكى مەن بىكار ئاۋارە بولغان بولىمەن، ئىككىمىزنىڭ بىرىگە زىيان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىشتىن قول ئۈزىمەن. دەسلەپتە ئۇلار يامان كۆرمەيدىغان بىرەر ئادەم ئىشلىسە مۇۋاپىق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار، ئاپتورى بىلەن كارىمىز يوق، مەزمۇنىغىلا قارايمىز، دەپ خىتاب قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تىلى بىلەن دىلى بىر يەردىن چىقىدىغان ئۇنداق جانابلار كۆپ ئۇچرىمىسا كېرەك، شۇنداق جانابلار بولغان تەقدىردىمۇ، تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلارنىڭ ئىچىدە بولمىسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ئاز ـ پاز چاقچاق قىلىپ قويۇشى ناھايىتى ئاسان، مەن ئۇلارنىڭ ھىيلە دامىغا چۈشمەيمەن، ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىش يولى بىلەن تاقابىل تۇرۇۋېرىمەن.

بۇ مېنىڭ ئۇجمە كۆڭۈل بولۇپ قالغانلىقىم ئەمەس، ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ بىھۇدە غەمكىنلىكمۇ ئەمەس، بۇنى چۈشىنىشىڭىزنى سورايمەن. شۇنىسىمۇ خىيالىمغا كېچىۋاتىدۇكى، بىرنەچچە مۇھەررىرمۇ بار، ئۇلار تۇرغان يەردە ھېلىقى مۇقەددىمىنىڭ تەستىقتىن ئۆتۈپ كېتىشىمۇ ناتايىن.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

شۈن

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كېچىدە

# 341226 شياۋجۈن بىلەن شياۋخۇڭغا

لىۋ، يىن ئەپەندىلەرگە:

24 ـ كۈنى يازغان خېتىڭىزلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. 20 ـ كۈنى يازغان خېتىڭىزلەرمۇ تەگدى. كېسەل بولۇپ قالغىنىم يوق، بىرنەچچە كۈن بىرئاز ئالدىراش بولغاچقا، جاۋاب خەت يازالمىدىم.

جىۇ خانىم[216] لار ئويۇشتۇرغان تىياتىر گۇرۇپپىسىنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن خەۋىرىم يوق، لېكىن مېنىڭچە، ھېچ گەپ يوق. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئەينى ئەھۋالىنى چۈشىنىش تەس بولغان ئادەملەر كۆپىيىپ قالدى، گەپ ـ سۆزدە بىرئاز ئېھتىيات قىلىشقا، ئەڭ ياخشىسى باشقىلارنى كۆپرەك سۆزلىتىپ، ئۆزىمىز ئازراق سۆزلەشكە، سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ قۇرۇق گەپنى كۆپرەك سۆزلەشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ.

«گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە» تېخى ئاشكارا سېتىلمىدى، ئەمدى ئاشكارا قىلماسمىز، ئۇنىڭ مەنئى قىلىنغان كىتابلارغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇقەررەر. شاڭخەيدىكى ئاتالمىش ئەدەبىياتچىلارمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ قالدى، ئۇلار ئازغىنە مەنپەئەتنى دەپ، باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق، قورقۇنچلۇق ئەمەسلىرى كۆپرەك. بىراق، ئۇلار كىشىنى تولىمۇ بىزار قىلماقتا، خۇددى پىت ـ بۈرگىگە ئوخشاش دائىم تويدۇرماستىن چېقىۋالىدۇ، ئۇنىڭ كارى چاغلىق بولسىمۇ، ھەر ھالدا سىزنى چېقىۋالغان يەرنى قاشلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر بىلەن تونۇشمىغان ياخشى. جەنۇبلۇق نۆۋەرلەردىن تولىمۇ بىزار بولۇپ كەتتىم، ئۇلار تولىمۇ





مىيانە، ئۇلارنىڭ ئادەم تەلەتى يوق. ھازىر ئۇلارنىڭ تولىسى تېشىغا كاستۇم كىيىدىغان بولۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش. شاڭخەينىڭ يەرلىك ئادەملىرى يامان ئەمەس، پەقەت باشقا جايلاردىكى نائەھلىلەرنىڭ تولىسى شاڭخەيگە كېلىۋالغان، شۇلار ئەسكىلىك قىلماقتا، شۇڭا شاڭخەي پەسكەش ئادەملەرنىڭ ماكانى بولۇپ قالدى.

«ئانا» ئۆزۈندىن بۇيان مەنئى قىلىنماقتا، قولىڭىزدىكىسىنى كىتابخانىدىكى بۇرادىرىم ئارقىلىق تاپقان، ئۇنىڭ قانداق تاپقانلىقى نامەلۇم. پۇل قىلىش ئۈچۈن ئالدىنقى كۈنى 7000 خەتلىك بىر پارچە ماقالە يېزىپ، «ئەدەبىيات تەھرىراتى» غا ئەۋەتكەنىدىم، تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى چىقىرىۋېتىپ، پەقەت كاللىسىنىلا قالدۇرۇپتۇ. دېمەك، پۇلغا يارىماس قىلىپ قويۇپتۇ.

يىن خانىمنىڭ ھېكايىسى ئۇنداق ئەھۋالغا قالماس، ئەگەر بىرنەچچە قىسمىنى چىقىرىۋېتىدىغان بولسا چىقىرىۋېتىۋەرسۇن، بېسىلىپ چىققىنى ئەلا.

مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ھەقىقەتەن ئىچىم تىتىلداپ قالدى. تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار ئاپتورنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقىنى، مەزمۇنىغىلا قارايدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېيتقانىدى، يەنى شەخسنى تەڭلىكتە قالدۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بەزى نەشرىياتچىلار بۇ گەپتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «ئادالەت» ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ، مېنى كونا ئىسمىم بىلەن ماقالە يېزىپ بېرىشكە دەۋەت قىلىشىۋاتىدۇ، ئۆزرە ئېيتىپمۇ ياندۇرالمايۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلار (تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار — تەرجىماندىن) سۈيىقەست ئىشلىتىۋاتىدۇ، مېنىڭ ماقالەمنى كۆرگەندە ئۆچۈرۈپ ـ قىرقىپ، ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ قويىدۇ، بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن، كىتابخانىلار

ئەھۋالنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمىگەچكە، مېنى ئالجىپ قالغان ئوخشايدۇ، دېيىشى تۇرغان گەپ. ئەگەر كاللىمۇ يېمەيدىغان، چىشمۇ چاقمايدىغان ئىبارىلەر بىلەن يازسام، تەستىقتىن ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن، بىراق ئۇنداق يازغاندىن نېمە مەنە چىقسۇن؟!

بۇ يىل يەنە خەت يازمايمەن، كۆچۈپ بولغاندىن كېيىنكى يېڭى ئادرېسىمنى كۈتۈڭلار.

ئامانلىقىڭىزلارنى سوراپ:

يۇ

12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېچىدە





## 341231 ليۇ ۋېيمىڭغا

ۋېيمىڭ ئەپەندى:

12 ـ كۈنى يازغان خېتىڭىزنى خېلى بۇرۇن تاپشۇرۇۋالدىم، «يۇلتۇزلار قىتئەسى گېزىتى» دىنمۇ بىر نۇسخا تاپشۇرۇۋالدىم، مەزمۇنىمۇ شاڭخەي گېزىتلىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن، رەھمەت.

«ئالا كۆڭۈل توپلىمى» دىن ئاخىر بىر نۇسخا تاپتىم، خاڭجۇدىكى بىر كىتابخانىدا سېتىلىپ بولغاندىن كېيىن قېپقالغانىكەن. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ يېڭى بېسىلغان قىسقا مۇلاھىزىلەر توپلىمىدىن بىرنى قوشۇپ كىتابخانا ئارقىلىق پوچتىغا زاكاز قىلىپ ماڭدۇرغانىدىم، تېگەمدىكىنتاڭ؟ بۇنداق كىتابلار ئۈچۈن ھەرگىز پۇل ئەۋەتىپ يۈرمەڭ، چۈنكى مەن كىتابخانىدىن ئاپتور سۈپىتىدە ئالدىم، ئۇنىڭغا پۇل خەجلىگىنىم يوق.

جۇڭگونىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەيدىغان بولسام، گەپ جىق. كېلەر يىلدىن باشلاپ ژۇرناللارغا ماقالە بەرمەسلىك نىيىتىگە كەلدىم، ئالدىنقى يېرىم يىلدا «ئەركىن پاراڭ» («شېنباۋ گېزىتى») گە ماقالە يېزىپ تۇرغانىدىم، كېيىن مۇھەررىرى يەڭگۈشلىنىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ماقالە بەرمەستىن، «ئۈچۈر» («جۇڭخۇا گېزىتى») گە بېرىدىغان بولدۇم. بىراق، بۇ قوشۇمچە سەھىپە كېلەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىن باشلاپ توختايدۇ. ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىكى ماقالىنى ئەمدى ئېلان قىلغىلى بولمىسا كېرەك، ھەتتا شۇ مەتبۇئاتقىمۇ كاشىلىسى تېگىشى مۇمكىن. دېمەك، گېزىتلەردە ماڭا ماقالە ئېلان قىلغۇدەك

ئورۇن قالمىدى. ژۇرناللاردىن «ئەدەبىيات»، «چولپان»، «كىتابخانلار تۇرمۇشى»، «ھەجۋىي رەسىم»[217] قاتارلىق ژۇرناللارغا ماقالە يېزىپ بېرىۋاتىمەن، بەزىدە ئەسلىي ئىسمىمنى ئىشلەتتىم، بەزىدە «گۇڭخەن» دېگەن تەخەللۇسنى قوللاندىم، لېكىن بۇ ژۇرناللار دائىم زۇلۇمغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، يەنە قانچە سان چىقالايدىغانلىقى ناتايىن. نەشردىن چىققان بىرنەچچە توپلىمىمۇ، ئومۇمەن، ئۆچۈرۈپ - قىرقىپ تاشلانغاچقا، بۆلەكچىلا بىر نەرسە بولۇپ چىقتى.

بۇ يىل قۇرۇلغان كىتاب - گېزىت تەكشۈرۈش باشقارمىسىدا[218] خېلى كۆپ «ئەدەبىياتچى» ئەمەلدارلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ماقالە يېزىشنى بىلمەيدۇيۇ، ماقالىلەرنى مەنئى قىلىشنى بىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ دەستىدىن ھېچقانداق گەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھازىر ئەسلىي ئىسمىمنى ئىشلەتسەم ھېچ گەپ يوق، ئۇلار ماقالەمنى كۆپلەپ ئۆچۈرۈپ - شىلىپ، ھەتتا ئۇستىخانلىرىنىمۇ قويمايۋاتىدۇ. كېلەر يىلى چىقىدىغان «ئەدەبىيات»قا يېقىندا تەخمىنەن 7000 — 8000 خەتلىك بىر پارچە ماقالە ئەۋەتىپ بەرگەنىدىم، ئۇلار ئۆچۈرۈپ، 1000 خەتتىن ئارتۇقراق قالدۇرۇپ، كارغا يارىماس قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىمۇ بىر قېلىپتا ئەمەس ئىكەن، ھېلىقى «قالدى - قۇتتىلار توپلىمى»نى ئالسام، ئۇ مەركەز تەكشۈرۈپ ئۆچۈرگەندىن كېيىن قالغان قىسمى ئىدى، ئۇنى ئۇلار سېتىشقا رۇخسەت قىپتۇ. لېكىن، خاڭجۇغا ئېلىپ بارغاندا مۇسادىرە قىلىشىپتۇ، بۇ ھەقتە ئۇلار: بۇ يەردە ئالاھىدە مەنئى قىلىنىدۇ، دېگەن ۋەجنى كۆرسەتكەن.

زۇلمەت چېكىگە يەتكەندە گەپنى ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، بۇنداق ئەھۋالنى ئۆمۈر بويى بىرىنچى قېتىم ئۇچرىتىشىم. شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا قارشىلىق كۆرسىتىۋېرىمەن. كېلەر يىلدىن باشلاپ بىرئاز غەيرەت قىلىپ، تولۇق كىتاب يازماق-





چىمەن. زۇلۇمدىن، مەنئى قىلىشتىن خالىي بولالماسلىقىم تۇرغان گەپ، لېكىن ئۇلارغا ھەر ھالدا ئۆچۈرتتۈرمەسمەن.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

شۈن

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كېچىدە

# 350104 شياۋجۈن بىلەن شياۋخۇڭغا

ليۇ، يىن ئەپەندىلەرگە:

2 - كۈنى يازغان خېتىڭىزلەرنى 4 - كۈنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۆيۈمنى كۆچۈرگەنلىكىمدىن خەۋەر تېپىپسىزلەر، يارايسىزلەر. بىراق، ئۇيان كۆچۈپمۇ، بۇيان كۆچۈپمۇ، خۇددى شىمالىي سىچۈەن كوچىسىدىلا ئايلىنىپ يۈرگەندەك، يەنىلا لادۇ كوچىسىدىن[219] چىقىپ كېتەلمىدىم. كۆرگۈچىلىكى بار چوڭ بىر پارچە چىملىق بار ئىكەن، شاڭخەيدە يېڭى يىل بايرىمى خېلىلا كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ئۆزۈم يېزىدا تۇغۇلغان بولساممۇ، بېيجىڭدا تۇرغان، كۆپ يەرلەرنى كۆرگەن، شۇڭا شاڭخەيگە يېڭى كەلگەندە، خۇددى توخۇ كاتىكىگە سولىنىپ قالغاندەك بولۇپ ئىككى - ئۈچ يىلدا ئاران كۆنۈككەنىدىم. ئۈچ كۈنلۈك يېڭى يىل بايرىمى ئىچىدە 6000 ھەرپلىك بىر چۆچەك[220] تەرجىمە قىلدىم. ئەسلىدە قىيىن ھەرپلەرنى ئىشلەتمەيمەن، سۆزلىرىنىمۇ ئاسان چۈشەنگۈدەك قىلىپ يازىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەپسۇسكى، قەدىمىي تىل بىلەن يازغاندىنمۇ قىيىن چۈشتى. ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئېيتىشتىم، ئۇخلىغاندىن كېيىنمۇ مالىمان چۈشلەرنى كۆردۈم، ئانامنى ئەسلەپ بېيپىڭغا بېرىشقا نەدىمۇ چولام تەگسۇن؟

ماقالىنى ئۆچۈرۈپ - ئۆزگەرتىپ تاشلىغانلىقنى ئاشكارىلىۋېتىش كېرەك ئىدى، بىراق سىنىكىغا ئېلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرى كۆپ، ئۇلاردا نومۇس دېگەن نەرسە نېمىش قىلسۇن؟! نومۇسنى بىلىدىغان بولسا، ئۇنداق قىتىغۇرلۇقلارنى قىلمىغان بولاتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىمۇ ئادەم قاتارىدا سانىمايدۇ.





يىن خانىم بەربىر خانىم - دە، ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىشى بىز ئەركەكلەردەك مۇكەممەل، ئىنچىكە ئەمەس. گەپنى ئاز قىلىش ياكى قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىش قانداقمۇ چاشقاننىڭ مۈشۈكتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۇسۇلى بولالىسۇن؟ ئەتىياز ۋاقتىنى ياكى مەلۇم بىرەر ۋاقىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۈشۈكنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە مىياڭلاپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىم يوق. مۈشۈك چاشقاندىنمۇ جىمغۇر. ئۇنىڭ ئەتىيازدىكى مىياڭلىشى باشقا گەپ، چۈنكى ئۇنىڭ ئەتىيازدا مىياڭلىشىدا باشقا مەقسىتى بار. ئادەتتە ئۇ ھەمىشە تىرىق - تىرىق قىلغان ئاۋازلارغا تىمتاس تۇرۇپ قۇلاق سېلىپ، پەيتى كەلگەندە بىردىنلا ئېتىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ يىرتقۇچلۇق ئۇسۇلى. تەبىئىيكى، ئۇ چاشقانغا ھەرگىزمۇ قۇرۇق گەپ قىلمايدۇ، لېكىن چاشقانمۇ مۈشۈككە قۇرۇق گەپ قىلمايدۇ.

سىز ئۇچراتقان ئادەملەر مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلماس، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدە ئاداۋەت ياكى ھاقارەت يوقلۇقىغىمۇ ئىشىنىمەن. بىراق، «تولىمۇ يۈز - خاتىر قىلماستىن» بەرگەن تەنقىدلىرى ئىبرەت ئېلىشقا ھەرگىز ئەرزىمەيدۇ. قەلەم جېڭى باشلانغانىكەن، يۈز - خاتىر قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى؟ يۈز - خاتىر قىلىش جۇڭگو ئەدىبلىرىنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئەيىبى. ئۇلار، قەلىمىمدە يۈز - خاتىر قىلسام، ئەتە - ئۆگۈن مەغلۇپ بولۇپ قالغىنىمدا رەقىبلىرىممۇ يۈز - خاتىر قىلار، دەپ ئويلايدۇ، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە رەقىبلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ يۈز - خاتىر قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھېچبىر تەسىرى يوق ماقالىنى يازغىدىن يازمىغان ياخشى.

ھازىرقى تەنقىدچىلەر «تىللاش» دېگەن سۆزنىمۇ ناھايىتى مۇجمەل ئىشلىتىدۇ. مېنىڭچە، ياخشى ئادەمنىڭ قىزىنى جالاپ دېسەك، مانا بۇ تىللاش بولىدۇ. جالاپنى جالاپ دېسەك تىللىغانلىق ئەمەس. مەن بەزى ئادەملەرنىڭ ئەسلىي ئەپت - بەشىرىسىنى

ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ياكى جالاپ، ياكى پىستەك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدىم. ئۇلار ھەقىقەتتە جالاپ ياكى پىستەك، شۇڭا مېنىڭ بۇنداق ئاشكارىلىغانلىقىم ھەرگىزمۇ «تىللاش» قا كىرمەيدۇ. لېكىن، مۇلاھىزىچىلەرنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قارىقويۇقلا «تىللاش» دەپ يۇرگەنلىكى ئېچىنارلىق ئىش.

تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلارغا كەلسەم، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ماھارىتى قىلچىلىكمۇ ئەجەبلىنىشكە ئەرزىمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ماھارىتىمۇ پەقەت شۇنچىلىك، ئەدەبىياتچى دەپ ئاتالغانلارنىڭ قولىدىن ماقالە يېزىش ئىشى كېلىشى لازىم ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدىن پەقەت باشقىلارنىڭ ماقالىلىرىنى مەنئى قىلىشلا كېلىدىغانلىقى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش. بىراق، ھازىرقى ۋاقىت ۋەتەن قۇتقۇزۇش يولىدا ئىشلەيدىغانلار قەھرىمان ئەمەس، ئەكسىچە ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىدىغانلار قەھرىمان بولىدىغان بىر ۋاقىت ئەمەسمۇ؟

شاڭخەيىنى كۆزىتىپ كۆرۈش ناھايىتى ياخشى ئىش، بىراق مەن بۇنىڭغا ياردەملىشىدىغان مۇناسىپ ئۇلپەتنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ كۆزەتكىنىڭلار ياخشى بولسا كېرەك. بىر - ئىككى قېتىم كېلىپ كەتسەڭلار ھېچ گەپ يوق، بىراق ئىشچىلار رايونلىرىغا بېرىش ئەپسىز، ئۇ يەردە ئىت كۆپ، غەيرىيرەك بىرەر ئادەم ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قالسا، ئىتلارنىڭ دىققىتى چۈشۈشى مۇمكىن.

يېقىندىن بۇيان يېزىقچىلىق ئۇستىدىكى زۇلۇم تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ قالدى، قىسقا ماقالىلەرنى ئېلان قىلغۇدەك ئورۇنمۇ يوق دېيەرلىك. بۇلتۇر يازغان نەرسىلىرىمنى قاراپ چىقسام، قىسقا مۇلاھىزىلىرىم بىر كىتابچە، پارچە مۇھاكىمىلىرىم بىر كىتابچە بولۇپ قاپتۇ[221]، بۇ يىل نەشر قىلدۇرىدىغاندەك تۇرىمەن، ئەمدى يېڭى ماقالە يازماسمەن، بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ھەقىقەتەن





يېتەرلىك جاپا تارتتىم. يېقىندىن بۇيان يەنە بىرەر كىتاب يېزىپ، نائەھلىلەرنىڭ يەتمىش پۇشتىدىن تارتىپ چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋېتىش ئۇچۇن، قەدىمكى كىتابلارنى كۆرۈپ چىقىش نىيىتىگە كېلىۋاتىمەن.

بىر يىل ئۆتتى، ئوغلۇممۇ يەنە بىر ياش ئاشتى، ئۆزۈممۇ بىر ياش ئاشتىم، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، مېنىڭ ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەيدىغاندەك، ئىنقىلاب بېشىمغا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، قانداق قىلسام بولاركىنتاڭ؟!

ئامانلىقىڭىزلارنى سوراپ:

گۇاڭپىڭدىنمۇ سالام

شۈن

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

# 350207 ساۋ جىڭخۇاغا

رۇجېن ئاغا:

2 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم.

ئۇ ژۇرنال ئەسلىدە بىزدە نەشر قىلىنغانىدى، ئىسمى «ئەدەبىي تۇرمۇش»[222] . ئەسلىدە ھەربىر ئادەمگە بىردىن ھەدىيە قىلىناتتى. لېكىن، بۇ نۆۋەت بېسىپ چىقارغاندىن ھەدىيە قىلدىمۇ، قىلمىدىمۇ، ماڭا نامەلۇم، كىتاب دۇكانلىرىدىمۇ ئۇچرىمىدى، مەنمۇ ئالمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن چىقارمايدىغان ئوخشايدۇ، چۈنكى كىمدۇر بىرى ئۇنىڭدىكى ھېلىقى تەنقىدكە قەغەز يۈزىدە ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ. ئەگەر داۋاملىق چىقىرىدىغان بولسا، شۇ ئېتىرازنى بېسىپ چىقىرىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئەمدى نەشر قىلماسلىق بولسا كېرەك، ھەممىلا يەردە تەدبىر كېرەك ئىكەن.

«گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە»نى كۆچۈرۈپ باسقان بولسا كېرەك، ئىملا خاتالىقلىرى ئاز بولسىلا، ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا ھەر ھالدا ياخشى. «تاغدىن - باغدىن» توپلىمىنىڭمۇ كۆچۈرۈپ باسقان نۇسخىسى بار ئىكەن، لېكىن ئۇ كىتابنى كۆرگۈم يوق، ئەۋەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بۇ يىلمۇ ئىككى پارچە فېلىيەتونلار توپلىمىنى[223] نەشر قىلدۇرماقچىمەن، ئۇلارنى بۇلتۇر يازغانىدىم، بۇ يىل ئۇنداق كۆپ يازالمىسام كېرەك. ئادەتتىكى ماقالىلىرىمنىمۇ چىقىرىۋېتىۋاتىدۇ ياكى ئۆچۈرۈپ تاشلاۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋاللاردىن قاتتىق رەنجىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەنە ئوقلىرىمۇ مېنى ناھايىتى رەنجىتىۋاتىدۇ.





«شەھەر ۋە يىل»[224] نىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدا شۇ كىتابتىكى ۋەقەلىك سۆزلەپ بېرىلسىلا بولدى، مۇشتەرىلەرنى ياغاچ ئويمىلىق قىستۇرما رەسىملەردىن تېخىمۇ ئوبدان خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ياغاچ ئويمىلارنىڭ بېشىغا بەرمەكچىمەن. ياغاچ ئويما رەسىملەرنى 4 - ياكى 5 - ئايدا بېسىشقا بېرىدىغاندەك تۇرىمەن، قىسقىچە مەزمۇننى 5 - ئايدىن بۇرۇن يېزىپ بولسىڭىز بولىدۇ.

نۆڭ ئەپەندىنىڭ ئورنى ھازىرمۇ بار بولسا، نېمىشقا شۇ ئورنىغا قايتىپ بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلمايدۇ. بۇلتۇرقى ئىش[225] ھازىر ھەر ھالدا بىر تەرىقىلىك بولۇپ قالغاندۇر. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرەر مەسىلە چىقماس (مەن تەپسىلىي ئەھۋالنى بىلمىسەممۇ) . ئەگەر باشقا بىر ئىشنى تاپىدىغان بولسا، يەنە بىر يېڭى مۇھىتقا كىرىدۇ، ئېشىغا توپا سالىدىغان يەنە بىر تۈركۈم يېڭى ئادەملەرگە دۇچ كېلىدۇ، بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ ئاۋارىچىلىككە قالامدۇ؟ قەبرە تاشلىرى يازمىلىرىنىڭ نۇسخىلىرىدىن قېپقالغانلىرىغا بەلگە ئۇرۇپ قويدۇم، جەمئىي 10 خىل ئىكەن، بۇگۈن ئەسلىي نۇسخىلىرىنى پوچتىدىن قايتۇردۇم. ياڭ جىيۇن ئاغىمۇ بىر چاغدا كۆچۈرمە نۇسخىلىرىنى ئەۋەتكەنىكەن، ئۇلاردىن «خەن دەۋرىدىكى سىزما رەسىملەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرى»دىن تۆت نۇسخا قېپقالغانىدى، باھاسى 4 دوللار، بۇ نۇسخىلار بۇ تىزىمدا يوق.

بۇ يەردە نەشرىياتچىلىق ئىشى گادىرماچ بولۇپ كەتتى، بەزى «ئەدەبىياتچى»لار تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار بولۇپ قالدى، بۇ نېمىدېگەن بىمەنىلىك؟! ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا بۇرادەرلىرىمدىن بىرى مېنىڭ كونا ماقالىلىرىمنى، بېسىلىپ چىققان توپلاملىرىمدىن قېپقالغان، چىقىرىپ تاشلانغان ماقالىلىرىمنى توپلاپ، «توپلام سىرتىدىكى توپلام» دەپ ئات قويۇپ، تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەنىكەن، نەتىجىدە 10 پارچىسىنى بېسىشقا رۇخسەت قىلماپتۇ. ھەممىدىن

قىزىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە پارچىسى بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرىكى خەتلەر ئىدى، ئۇ چاغدا ھازىرقى «مىللىي ھۆكۈمەت» يوق ئىدى، يېزىلغان نەرسىلەرمۇ سىياسەت بىلەن ئالاقىسىز ئىدى. لېكىن، ئۇلار ناھايىتى كەسكىن يېزىلغان بىر نەچچە پارچە كونا ئۇسلۇبلۇق شېئىرنى چىقىرىۋەتمەپتۇ.

ھازىر ھەتتا تەرجىمە ماقالىلەرنىمۇ چىقىرىۋېتىدىغان ياكى ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغان بولدى؛ قىستۇرما رەسىملەرنىمۇ چىقىرىۋېتىدىغان بولدى؛ ھەتتا ھازىرقى گىتلېرنىمۇ، XIX ئەسىردىكى ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنىمۇ تىللاتتۇرمايدىغان بولدى، تىللاپ يازساق، ئۆچۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، «ئۈچىنچى خىل ئادەم» دېگەن بىرنېمىلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئۇلار ئۆز خوجايىنلىرىغا يارەملىشىپ بىزگە زۇلۇم قىلىدىغان بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆز ئىچىمىزدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا مېنىڭ ئۇلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغانلىقىم زامىن بوپتۇمىش. بۇلتۇر ئەنتىيازدا بىرەيلەن[226] «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىگە ماقالە يېزىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ قىسقا مۇلاھىزىلىرىمدە دەللىلىق ئاڭ بارمىش. كېيىن ئۇقسام، ئۇ ماقالىنى ئۆز بۇرادىرىم يازغانىكەن، بىرمۇنچە ئادەم ئەيىبلەپ سورىسا، ئۇ ماڭا ئىنزاھلاپ خەت يازغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، لېكىن ئۇ خەتنى تا ھازىرغىچە تاپشۇرۇۋالغىنىم يوق. كۆزدە بىر ئادەم مېنىڭ بىر پارچە خېتىمنى «جەمئىيەت» ناملىق ئايلىق ژۇرنالدا ئېلان قىپتۇ، شۇ ژۇرنالغا ياڭ سۇنرېننىڭ ماقالىسىمۇ بېسىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر دوستۇم (يەنى تيەن خەن. ئۇنى سىزمۇ كۆرگەن) شاۋبەي دېگەن تەخەللۇس بىلەن ماقالە يېزىپ، مېنى ياڭ سۇنرېن بىلەن ھەمنەپەس بولۇۋاپتۇ، مۇرەسسەچى ئىكەن، دەپتۇ. باشقىلار سۈرۈشتۈرۈپ سورىسا، ئۇ ماقالىنى مەن يازمى-





غان، دەپتۇ. لېكىن، مەن ئاشكارا سۈرۈشتە قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ يازغانلىقىنى نائىلاج ئىقرار قىلدى. بىراق، ئۇ: ئۇ ماقالىنى سىزگە قەستەن ئۇۋال قىلىپ يازغانىدىم. ئۇنىڭدىن مەقسىتىم، سىزنى تېرىكتۈرۈپ، ياڭ سۇنرېنغا ھۇجۇم قىلدۇرۇش ئىدى، ئەپسۇسكى، سىز ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ ھۇجۇم قىلدىڭىز، بۇ ئەھۋال مېنىڭ كۈتمىگەن يېرىمدىن چىقىپ قالدى، دېدى. مەن ئۇنداق جەڭ ئۇسۇلىنى خىيالىمغىمۇ كەچۈرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئۇ ئەسلىدە ئارقامدىن ماڭا بىر قامچا ئۇرۇپ، مېنى تېرىكتۈرۈپ، باشقا ئادەمگە بىر قامچا ئۇردۇرتماقچى بولغانىكەن، مەن ئۇنىڭ قامچىسىنى تارتىۋاپتىمەن، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ «كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ» قاپتۇ.

ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ شۇنى پەملەپ قالدىمكى، بىرنەچچە ئادەم ئەكسىچە «ئۈچىنچى خىل ئادەم»لەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇۋېلىپ، مېنى يامان نىيەت بىلەن كولدۇرلاتماقتا.

مەن ئاخىر ھەيران بولدۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇلاردىن نېرىراق تۇرۇش قارارىغا كەلدىم، ھەقىقەتەن سەۋر - تاقىتىم قالمىدى. بۇنىڭدىن باشقا غەلىتە ئىشلار ئاز ئەمەس.

ھازىر باشقا ئادەملەرنىڭ ھېكايىلىرىنى توپلام قىلىپ تاللاۋاتىمەن، بۇ بىر نەشرىياتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بولدى، بۇنىڭ بىلەن قورساق مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچىمەن، 3 ـ ئايلاردا پۈتۈشى مۇمكىن. ئەدەبىيات ۋە تەسۋىر سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرىكىدەكلا داۋاملىق ئىشلەۋېرىمەن.

لېكىن، قىسقا مۇلاھىزىلەرنى يېزىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، مەن يازمىسام، باشقىلارنىڭ يېزىشىمۇ ناتايىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامىمۇ، ئەمدى يېزىشىم ناتايىن. ئەمدى مۇمكىن بولمىسا كېرەك. چۈنكى، بىرىنچىدىن، تەكشۈرۈش چىڭىپ كەتتى،

باستۇرۇش تەس؛ ئىككىنچىدىن، يوشۇرۇن پەشۋا ئۇرىدىغان ئادەملەردىن ھەقىقەتەن جاق تويدۇق، بىرئاز دەم ئېلىپ، ئۇلارنىڭ غەيرىي دەللاللارچە كۆرەشلىرىنى كۆرۈپ باقاي.

بىز ھەممىمىز سالامەت.

ئەتىيازلىق ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

ئىنىڭىز يۇ

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى





# 350209 شياۋجۈن بىلەن شياۋخۇڭغا

ليۇ جۈن، چياۋ يىن ئەپەندىلەرگە:

ئەۋەتكەن خېتىڭىزلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. ھېكايىنىڭ ئورىگىنالىنىمۇ كۆردۇم، ناھايىتى ياخشى يېزىلىپتۇ — بۇ تەكەللۇپ ئەمەس — قىزغىنلىق بىلەن تولغان؛ ئۇستىلىق ئىشلىتىدىغان ئاتالمىش «يازغۇچى»لارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پۈتۈنلەي پەرق قىلىپ تۇرۇپتۇ. چياۋ يىن خانىمنىڭ بىر پارچە ئەسىرىنى «چولپان»غا ئەۋەتىپ بەردىم. قالغان ئىككى پارچىسى توغرىسىدا بىرئاز ئويلىنىپ كۆرەي، مۇۋاپىقراق بىر جاينى تاللاي. «ئەدەبىيات» تەھرىراتىغا ھازىرچە ئەۋەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئىلگىرىكى ئىككى پارچىسىنى[227] شۇلارغا ئەۋەتكەنىدىم، تېخىچە ئۈچۇر بەرمىدى.

«مەشئەل»[228] گە ئەۋەتمەكچى بولغان بىر پارچە ئەسىرىڭىزنى، مېنىڭچە، ئەۋەتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلارنىڭ بېسىپ چىقارماسلىقى تۇرغان گەپ، ھازىرچە مېنىڭدە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئېلان قىلىش ئۈچۈن بىرەر پۇرسەت چىقىپ قالار. ئېلان قىلغان تەقدىردىمۇ، مېنىڭچە، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇنى كۆرۈشى تەس. ئارىلىقتا بىر ئۆتكەل بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋالنىڭ باشقىچە بولۇشى ناتايىن، بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ھەممە ئادەم چاغان ئويناش بىلەن بولۇپ كەتتى، گېزىتلەرمۇ توختاپ قالدى، يۈەن شىكەي زامانىسىدىن تارتىپ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىدىغانلار ئەنە شۇ ۋاقىتتا ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە، بۇ ئۇسۇل ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلىرىمىزمۇ پوجاڭزا سادالىرى ئىچىدە قولدىن كەتكەن بولسا كېرەك. بۇلتۇر ھەرقايسى گېزىت-

لەرگە «دۈشمەنمۇ ياكى دوستمۇ» سەرلەۋھىلىك ماقالە بېسىلغانلىقى ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ ئۇنى شۈي شۈجېڭنىڭ ئوغلى[229]، ھازىرقى زامان دۆلەتمەنلىرىنىڭ گۇماشتىسى يازغان، ئۇ ھەتتا ياپونىيەنىڭ دوست ياكى دۈشمەن ئىكەنلىكىدىنمۇ گۇمانلانغان، گۇمانلىنىش نەتىجىسىدە «دوست» دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان. ئەتە - ئۆگۈن يەنە بىر پارچە «دوستمۇ ياكى «خوجىمۇ؟» دېگەن ماقالە چىقىشى مۇمكىن.

بۇ يىل «28 - يانۋار» ۋە «18 - سېنتەبىر» خاتىرىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغاندەك تۇرىدۇ، گېزىتلەردە مەكتەپلەرنىڭ تەتىل ۋاقتى قىسقارتىلىدۇ، دېگەن خەۋەرلەرنىڭ چىققانلىقى ئەنە شۇنىڭدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. بىراق، ئۇلار چاندۇرماسلىق ئۈچۈن گەپنى پەردىلەپ سۆزلەيدۇ، «دوست»لىرىمىزنىڭ دۈشمىنى ئۆز دۈشمىنىمىز، ئۇنى «دوست»لىرىمىزغا ۋاكالىتەن يوقىتىشىمىز كېرەك ئىكەن. دېمەك، مېنىڭچە، بۇنىڭدىن كېيىنكى جۇڭگو گېزىتلىرى ياپونىيە توغرىسىدا بىرەر گەپ - سۆز قىلىشقا رۇخسەت قىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

جۇڭگونىڭ بۇ چاغقىچە داۋام قىلىپ كەلگەن تارىخلىرىغا قارىغاندا، بىرەر ھاكىمىيەت زاۋالغا يۈز تۇتقاندا، ھامان ئۆزى ھەرىكەت قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىلگىرىكى ياخشىراق ئادەملىرىنى، نەرسىلىرىنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يېڭى خوجىلارنىڭ كۈچ سەرپ قىلماستىن كىرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ھازىرمۇ ئەھۋال شۇنىڭدىن باشقىچە بولۇپ قالغىنى يوق، ئۆز ئىتلىرىمىز جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگە ئىتلاردىنمۇ ئېنىق بىلىدۇ، ۋاستىدىمۇ ئۇلاردىن ئۇستا.

خېتىڭىزلەردە يېقىندىن بۇيان ئىچىڭىزلەرنىڭ پۇشۇپ قالغانلىقىنى يېزىپسىزلەر. بۇنداق روھىي ھالىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى سىزلەر شاڭخەيگە تېخى يات، تېخى يىلتىز تارتىپ





كەتمىدىڭىزلەر. لېكىن، بۇنداق جەمئىيەتتە ئۇلار بىلەن بىللە چىرىكلەشمىگۈچە قانداقمۇ يىلتىز تارتقىلى بولسۇن؟! ياخشىراق دوستلار بىلەن بىللە بولاي دېسەڭ، ئۇلارمۇ ئىچى پۇشۇپ يۈرگەن، پۇت - قولى چۈشلىنىپ قالغان ئادەملەر. قەلەم ساھەسىدىكىلەرنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى ئەلەم ساھەسىدىكىلەرنىڭكىدىنمۇ پەرقلەنمەيدۇ، ئەگەر شاڭخەي بىلەن بېيجىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدانراق بىلىدىغان بولسىڭىز، بىر تۈركۈم مىتىلەرنىڭ چىرايلىق ۋىۋىسكىلارنى ئېسىۋېلىپ، ھوقۇقدارلارنىڭ ياشلارنىڭ قەلبىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشىگە قانداق ياردەم بېرىپ، جۇڭگونى ئۈن - تىنسىز يوقىتىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايسىز.

مېنىڭمۇ پات - پاتلا ئىچىم پۇشۇپ قالىدۇ، ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئالغۇ - بەرگۈمنى ئۆزگەرتىۋېتىش، ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈش ھەمدە شاڭخەيدىن كېتىش خىيالىغىمۇ كېلىپ قالىمەن. بىراق، بۇ ۋاقىتلىق ئاچچىق. شۇڭا تاكى يېزىقچىلىق ئىشى ھەقىقەتەن قولۇمدىن كەلمەس بولۇپ قالغان ۋاقىت يېتىپ كەلگۈچە ھازىرقىدەك ئىشلەۋېرىدىغاندەك تۇرىمەن.

خەيىيڭ سالامەت، بىراق ناھايىتى كەپسىز، ھازىر جەڭ بىلەنلا بولۇۋاتىدۇ، جاھان ھازىرچە تىنچىيالمايدىغان ئوخشايدۇ. مېھمان چاقىرىشقا بەل باغلىيالمايۋاتىمەن، چۈنكى چاقىرغاندىكىن داستىخاننى ئوبدان راسلاش كېرەك؛ ئۇنداق بولمىسا، چاقىرمىغان ياخشى. بۇ مېنىڭ چىيا ۋېيىن خانىم بىلەن تەشەببۇس جەھەتتە ئوخشاشمايدىغان يېرىم. لېكىن، قاچانلا كەلسىڭىزلەر مەيلى، مەرھەمەت.

ئامانلىقىڭىزلەرنى سوراپ:

يۈ

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

يەنە: ھېلىقى ئىككى پارچە ھېكايىگە قويۇلغان ئىمزانى ئۆزگەرتىۋېتەيلى، چۈنكى روسىيىدە «شياۋسەن»[230] دېگەن بىرى بار، ئۇ ئەدەبىيات جەھەتتە خېلى شاپاشلاپ يۈرىدۇ، ھازىر تەخەللۇسىڭىزدا «لاڭ» دېگەن ھەرپ ئارتۇق بولسىمۇ، ئىتلار ئۇنى «شياۋسەن» دەپ قارىماي قالمايدۇ، نېمىگە ئۆزگەرتىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە خېتىڭىزنى كۈتىمەن.





## 350423 شياۋجۈن بىلەن شياۋخۇڭغا

ليۇ جۈن، شياۋ يىن ئاكىلارغا:

16 - كۈنى يازغان خېتىڭىزلەرنى خېلى بۇرۇنلا تاپشۇرۇۋالدىم.

بۇ يىل شىمالىي سىچۈەن كوچىسىدا يۇقۇملۇق زۇكام ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى، ئۆتكەن ھەپتىدىن بۇيان، بىزنىڭ ئۆيىمىزدە پەقەت شۈي گۇاڭپىڭلا زۇكامدىن ساق تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بۇگۈن ئېيتىشىچە، ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ قاپتۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال مەن زۇكام بولدۇم، لېكىن ھەممىدىن ئاۋۋال ساقىيىپ كەتتىم، بۇگۈن ئادەتتىكىدەك ئوڭلىنىپ قالدىم.

دوستۇمنىڭ دەردىگە دەرمان بولىمەن دەپ، ئاخىر ئۆزىنى ئاۋارىچىلىككە سېلىپ قويىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ دوستىڭىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ كەتكەنلىكىگە قارىغاندا، ئۇ زىيالىي بولسا كېرەك. مېنىڭ بېشىمدىن شۇنداق تەجرىبىلەر ئۆتتىكى، بىرەر ئادەم مېنىڭ ياردىمىمگە موھتاج بولۇپ قالسا، ئۇ «ھەمكارلىشىش نەزەرىيىسى»[231] نى قوللىنىدۇ، ھاجىتىدىن چىقىۋالغاندىن كېيىن ياكى ماڭا ھۇجۇم قىلىدىغان چاغدا «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ھاياتلىق رىقابىتى تەلىماتى» نى قوللىنىدۇ؛ مېنىڭ كېيىمىنى ئەكەتكەندىن كېيىن، قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسام، ئۇ مېنى «شەخسىيەتچى»، ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدىغان پىخسىق - بېخىل، دەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدى - كەينىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز، كۈلۈۋەتكۈڭىز كېلىدۇ، لېكىن ئۇ بولسا سالاپىتىدىن چۈشمەي، قىلچىلىكمۇ

خىجىل بولماي، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىۋېرىدۇ.

جۇڭگودا شۇنداق بىرمۇنچە زىيالىيلار باركى، ئۇلار ئۆزىنىڭ قىلىقلىرىنى ھەرخىل تەلىمات ۋە نەزەرىيىلەر بىلەن پەردازلايدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆز راھىتى ۋە ئاسايىشلىقىنىلا كۆزلەيدۇ. ئۇلار ئۇچراتقانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى خۇددى كۈيگە ئوخشاش يەپ كېتىۋېرىدۇ، ئۇلاردىن قالىدىغىنى بولسا پەقەت بىر پاتمان نىجاسەت. جەمئىيەتتە بۇنداق بىرنېمىلەر كۆپىيىپ كەتسە، جەمئىيەتنى پالاكەت باسىدۇ.

مېنىڭ ماقالىلىرىم ئىچىدە «ئالا كۆڭۈل توپلىمى» ئۆتكۈرەك بولسا كېرەك، كېيىن يېڭى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغانلىقىم ئۈچۈن يېزىشقا قولۇم بارمايدىغان بولدى. دۈشمەن قورقۇشقا ئەرزىمەيدۇ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ھەممىدىن بەك غەش قىلىدىغىنى ۋە كىشىنىڭ رايىنى ھەممىدىن بەك سوۋۇتىدىغىنى دوستلار قوشۇنىدىن ئېتىلىپ چىققان، ئارقادىن كېلىپ تېگىدىغان يوشۇرۇن ئوق ۋە جاراھەتلەنگىنىڭدىن كېيىن، ئۆز سېپىڭدىكىلەرنىڭ مۇرادى ھاسىل بولغاندەك كۈلۈشلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يارىلانغاندىن كېيىن ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، قانلارنى يالاپ تازىلاپ، جاراھەتنى تېڭىۋېلىپ، ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي يۈرۈۋېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق كۈنلەر قورقۇنچلۇق بولىدۇ. لېكىن، مەن رايىمدىن قايتمايمەن. بىرئاز دېمىمنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە ئورنۇمدىن دەس تۇرىمەن؛ شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ تەسىرى بولماي قالمىسا كېرەك، بۇ تەسىر ماقالىلىرىمدە ئىپادىلىنىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۆزۈممۇ يېقىندىن بۇيان تولا چاغلاردا «سوۋۇپ» قالغانلىقىمنى ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

«جېنەستىگۇل» [232] نى تەكشۇرگۇچى جانابلار تەستىقلاپتۇمىش، ئىمزانى ئەمدى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. ئالدىنقى كۈنى «چولپان» نىڭ ئېلانىنى كۆردۇم، ئىككى پارچە ماقالىڭىز [233] نى تەڭلا بېسىپ چىقىرىپتۇ، قەلەم ھەققىڭىزنى ئالدىڭىزمىكىن؟





«تۇپلام سىرتىدىكى توپلام» تېخى نەشىردىن چىقمىغاندەك تۇرىدۇ.

بۇ خەتنى ئالدىراپلا يازدىم.

ئامان - ئېسەنلىكىڭلارنى سوراپ:

يۇ

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

يېقىندىن بۇيان شىمالىي سىچۇەن كوچىسىدىكى پوچتىخانىدا مېنىڭ قەلىمىمنى تونۇيدىغان بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قاپتۇ، مەن پوچتىغا سالغانلىكى كىتاب بولسا، ئۇلارنىڭ لېپاپىسىغا مەن خەت يازغان بولسام، ئالاھىدە ئېچىپ كۆرۈپ، ۋەيران قىلىۋېتىدىكەن، لېكىن خەتلەرنى ئۇنداق قىلمىسا كېرەك. ئەستاغپۇرۇللا، ئادەم تەلەت ئىتلار نېمانچە كۆپىيىپ كەتكەندۇر!

## 350629 لەي شاۋچىغا[234]

شاۋچى ئەپەندى:
5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يازغان خېتىڭىزنى خېلى بالدۇرلا
تاپشۇرۇۋالدىم. ماقالىڭىزنىمۇ ۋە يەتتە پارچە ياغاچ ئويمىنىمۇ
كېيىن تاپشۇرۇۋالدىم.
تولىمۇ ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق
قىلساق كېرەك، لېكىن بۇنىڭغىمۇ مەيۇسلەنمەسلىك كېرەك. ئۇ-
نىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىسەكمۇ، بىر
تەرىپىنى بولسىمۇ ئىپادىلەپ بېرەلىشىمىز مۇمكىن. كاتتا بىنا
ھەرقاچان ياغاچ ۋە تاشلاردىن بىر - بىرلەپ قوپۇرۇلىدۇ، ئەنە
شۇنداق بىرەر تال ياغاچ، بىرەر پارچە تاش بولساق نېمە بوپتۇ؟
مېنىڭ دائىم ئۇششاق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىمنىڭ
ھېكمىتى ئەنە شۇ يەردە.
«چاتما رەسىملەر» ھەقىقەتەن ئاممىغا نەپ يەتكۈزىدۇ، لېكىن
گەپ ھەممىدىن ئاۋۋال شۇ رەسىملەرنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق، يەنى
ئاۋۋال شۇ رەسىملەرنىڭ قايسى خىلدىكى ئادەملەرگە ئاتاپ سىزىلى-
دىغانلىقىغا قاراش كېرەك، رەسىمنىڭ قىياپىتىنى جايلاشتۇرۇش،
ئويۇش ئۇسۇللىرى ئەنە شۇنىڭغا قاراپ پەرقلىق ئاتالغانلىرى
كۆپ. دېمەك، «چاتما رەسىملەر» ئەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن ئىشلىنى-
دىغان بولسا، ئۇنى ئادەتتىكى ئامما چۈشىنەلمەيدۇ.
رەسىمنى كۆرۈشنىمۇ مەشىق قىلىش توغرا كېلىدۇ. XIX
ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى رەسساملىق ئېقىملىرىنى قويۇپ تۇرۇپ،
ناھايىتى ئاددىي ھايۋانات، ئۆسۈملۈك رەسىملىرىنىلا ئالايلى، مەن





ئۇلارنى ئەزەلدىن رەسىم كۆرۈپ باقمىغان يېزا ئادەملىرىگە كۆر-
سىتىپ باققانىدىم، ئۇلار بۇنىمۇ چۈشىنەلمىدى. ئۆرە نەرسە تۈز
نەرسىگە ئۆزگەرتىلسە، ئۇلار بۇنداق ئەھۋالنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چاتما رەسىملەرنى
كونىچە ئۇسۇل بىلەن سىزىشنى تەشەببۇس قىلىمەن.
ماقالىنى قانداق يېزىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن،
چۈنكى مەن ئۆزۈم ماقالىنى كۆپ ئوقۇش ۋە مەشىق قىلىش تۈپەي-
لىدىن يېزىۋاتىمەن، بۇنىڭدىن باشقا تەسىراتىم ۋەئۇسۇلۇم يوق.
ھېلىقى «تاماكىچى ئىشچى»[235] نىڭ يېزىلىشى يامان ئە-
مەس، بىراق تولىمۇ مەيۇسرەك يېزىلىپ قاپتۇ، ئەمما ئەمەلىي
ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭغىمۇ ئىلاج يوق. مۇشۇ بىرنەچچە
كۈندىن بۇيان، ئۇنى «ياخشى دوست» شىركىتىنىڭ «يېڭى ھېكا-
يىلەر» ژۇرنىلىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن، ئۇلار بېسىپ
چىقىرالارمىكىن، كۆرەرمىز. چۈنكى، يېقىندىن بۇيان شاڭخەيدى-
كى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ناھايىتى چىڭكىپ كەت-
تى. «پىراق» نىڭ بىر پارچە قىستۇرما رەسىمى بىلەن «ئاQنىڭ
رەسمىي تەرجىمىھالى»[236] نىڭ بىر پارچە قىستۇرما رەسىمىنى
«ئەدەبىيات» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بەردىم، ئەگەر تەكشۈرگۈچى ئە-
مەلدار سىياھ قۇتىسىدىكى رەسىمنىڭ مېنىڭ يۈزۈم ئىكەنلىكىنى
تونۇيالماي قالسا، بېسىلىپ چىقىشى مۇمكىن.
ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

شۈن

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

يەنە: تاڭ يىڭۋېي ئەپەندىگە يازغان بىر پارچە خېتىمنى قوشۇپ
قويدۇم، ئۇنىڭ ئادرېسىنى يوقىتىپ قويدۇم، يەتكۈزۈپ بېرىشى-
ڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

# 350824 شياۋجۈنگە

ليۇ ئەپەندى:

22 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى ۋە بىر بولاق كىتابىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. «يېڭى ھېكايىلەر» ژۇرنىلىدىن بىر نۇسخا ئەۋەتكەندىم، ئۇنىڭدا جىنرېننىڭ[237] بىر پارچە تەرجىمىسى بار، تاپشۇرۇۋالغانسىز؟ «ئەدەبىيات»قا ئەۋەتكەن ماقالە توغرىسىدا ئۇچۇر كەلدى، ئۇنى بېسىپ چىقارماقچى بوپتۇ، لېكىن 9 - ئاي سانىغا ئۈلگۈرمەيدىكەن، 10 - ئاي سانىغا قالدۇرۇپتۇ، مەيلى. «ياخشى دوست»تىنمۇ خەت كەلدى، بۈگۈنكى خېتىمگە قوشۇپ سىزگە ئەۋەتىپ بېرىمەن. چياۋيىن خانىمنىڭ ماقالىسىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ، «ئاجىزراق ئىكەن» دەپتۇ. ئۇلارنىڭ باھاسىمۇ يامان ئەمەس، ئۇنى خۇغا[238] تاپشۇرۇپ بەرمەكچىمەن، «ئاياللار تۇرمۇشى»[239] غا ئاپىرىپ باقسۇن. ئەگەر باسماي قويسا، تۇرۇپ تۇرار.

«ئۆلۈك جانلار»نىڭ ئاپتورىنىڭ ماھارىتى ھەقىقەتەن يامان ئەمەس ئىكەن؛ بىراق قانداقلا بولسۇن، كونا يازغۇچى - دە. ئۇ دائىم بىر تاغار گەپ ساتىدىكەن، ئۇنىڭ گەپلىرىنى تەرجىمە قىلىش ھەقىقەتەن قىيىن چۈشتى، قىينالغىنىمدىن ھەتتا تەرگە چۆمۈپمۇ كەتتىم. بۇ نۆۋەت نېمىسچە تەرجىمىسىگە ئاساسلاندىم، نېمىسچە بىلىمىم ناچار بولغاچقا، خاتالىقلار بولۇشى چوقۇم، شۇنداق بولسىمۇ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ قىسقارتىلىپ كەتكەنلىكىگە، ياپونچە تەرجىمىسىدە خاتالىقلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولغانلى-





قىغا قارىغاندا بىرئاز ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. «ئەر - خوتۇن ئورۇفلار» نىڭ تەرجىمانى ئەسلىدە مەشھۇر ئادەم[240] ئىدى. بىراق، ئۇ باردى - كەلدى قىلىشقا كۆپرەك بېرىلىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىسى ئانچە ياخشى ئەمەس.

مېنىڭچە، مېنى چەت ئەلنىڭ قايسىبىر ئادەملىرىگە ئوخشىتىش ناھايىتى تەس[241]. چۈنكى، ھەممىدىن ئاۋۋال، بىزنىڭ مۇھىتىمىز بىر - بىرىمىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. چېخوف بېيىش كويىدا بولغان، شۇ چاغدا روسىيىدە كاپىتالىزم راۋاجلانغانىدى. ئۇ چاغدا مەن فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ بەگزادىسى ئىدىم. پۇلنى كۆزگە ئىلماسلىقىمۇ شۇ چاغدىكى «ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ پەرزەنت»لىرىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى ئىدى. مېنىڭ چوڭ دادام مەنسەپدار بولغان، دادامنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئائىلىمىز گادايلىشىپ قالغان. دېمەك، مەن ئەمەلىيەتتە «خانىۋەيران بولغان ئائىلىنىڭ پەرزەنتى»، بىراق مەن دادامنىڭ گادايلىشىپ كەتكەنلىكىدىن (پۇل تېپىشنىڭ يولىنى بىلمىگەنلىكىدىن) مىننەتدارمەن، چۈنكى شۇ سەۋەبتىن مەن بىرمۇنچە ئىشلارنى چۈشىنىپ قالدىم. مەن ئەنە شۇنداق ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقىم، شۇنداق ئائىلىلەرنىڭ تېگى - پېيىنى ئوبدان بىلىدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن، باشقا خوراپاتلارنىڭ مۇغەمبەرلىكلىرىنى، ھارامدىن بېيىپ قالغانلارنىڭ ئۆزىنى ئېسىل چاغلاپ يورۇشلىرىنى — بۇ قىلىقلىرىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋەتسەم، ئۇلار يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كېتىدۇ، مەن بولسام «جەڭچى» بولۇپ قاپتىمىشمەن. ئۆزۈم ئېيتىدىغان بولسام، مەن ھازىرمۇ بىر خوراپاتمەن، بىراق ئىدىيەم يېڭى، بەزىدە باشقىلارنىڭ ۋە كەلگۈسىنىڭ غېمىنىمۇ يەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قەدەر تولىمۇ شەخسىيەتچى ئەمەسمەن. گوركىينى ئالسام، ئۇلۇغ ئادەم، ئۇنىڭغا تەڭلەشتۇرگۇدەك ئادەم بولمىسا كېرەك.

ئەجدادلار ئەۋلادلىرىغا قارايدىغان بولسا، ئومۇمەن، ئۈمىدسىزلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «كۈلۈپ» قويۇش بىلەنلا ئۆتكۈزۈۋېتىشى تەبىئىي. ئانام مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن بىر يەردە بولغان چاغلىرىدا، بەزى يەرلىرىمنى ئۇمۇ ياراتمايدۇ. پىكىر ئوخشاش بولمىغاندا، بۇنىڭغا باشقا ئىلاج يوق.

ھاۋا يەنە ئىسسىپ كەتتى، يېڭىۋاشتىن ئىسسىقلىق ئۆرلەپ چىقتى، لېكىن ئىلگىرىكىدەك يامان ئەمەس. باللىمىزنىڭ باللار باغچىسىدا ھەممىسى بولۇپ ئاران 10 نەچچە بالا بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، قۇلىقىم تىنچىسۇن دەپ، ئۇنى باللار باغچىسىدا كۈنىگە تۆت سائەت قالدۇرىمىز، يەنى تۆت سائەت قاماپ قويىمىز. بىراق، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. ئۇ ھازىر مېنىڭ ئىسمىمنى بىلمەيدۇ، بىلىپ قالسا ئاشكارىلاپ قويۇشى ئېھتىمال.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

يۇ

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى







# 350824 خۇفېڭغا

ئەپەندىم:

22 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. ھاممامنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى تېخى بۈگۈن بىلدىم، ھەقىقەتەن كۈتۈلمىگەن ئىش بوپتۇ.

«مەكتۇپلەر توپلىمى» سېتىلىپ بوپتۇ، يەنە كەلمەكچى، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوياي، سىزگە بىر نۇسخا ئېلىپ قويسۇن.

ھېلىقى مېھمان ئەھۋالنى ئانچە ئوبدان بىلمىسە كېرەك، ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى قىلىشىمىز قىلىمىز، ئىلاجىنى تېپىش كېرەك. خەتنى ماڭدۇرۇۋەتتىم، ئۇنى ئەكەتكەن ئادەم خېلى ئىشەنچلىك، تېگىشىدە شەك يوق ئىدى. لېكىن، ئۈچۈرىنىڭ بولمىغانلىقىنى بۇ يەردە بىلىشكە مۇمكىن بولمىدى، ئامالمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ بۇرادىرى ئۇ يەردە گۇۋاھلىق بېرىشكە ئۇنامدۇ، يوق، بۇمۇ بىر مەسىلە.

يې ئەپەندى[242] لەر ھەر ھالدا ئىشلەپتۇ، بۇ تەرىپى ياخشى. بىزنىڭ قوماندانىمىزنىڭ «پىخسىق» دېگەن سۆزىگە كەلسەم، ئۇنىڭ بۇ سۆزى بىرئاز كۈلكىلىك ئىكەن، ئۇ بۇ ۋەزىيەتنى مېنىڭ خۇسۇسىي مۈلكۈمگە ئوخشىتىپ خاتا چۈشىنىۋالغاندەك تۇرىدۇ. ئالدىنقى كۈنى شۈي ئەپەندى[243] بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، 1 - سان ئۈچۈن يەنە 10 نەچچە دوللار كەم ئىكەن... دەيدۇ. مەن: مەندە بىر تىيىنمۇ پۇل يوق، دېدىم. ئەمەلىيەتتە بۇنى ھەل قىلىش ئاسان ئىدى، بىراق مېنىڭچە، ھەممە ئادەم بىرئازدىن پۇل چىقىرىش كېرەك، يەنى ھەممىمىز ئاز - پاز جاۋابكار بولۇشىمىز

كېرەك. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئىلگىرى ھەقىقەتەن بىرئاز «ئىسراپچىلىق» قىلغانىكەنمەن؛ ئەلۋەتتە، كىرىممۇ كۆپ ئىدى. لېكىن، ھەر كۈنى بىرمۇنچە خەت يېزىشمۇ ئېغىر ئىش ـ دە.

تيەن بىلەن خۇاڭ ئەركىنلىككە چىققانلىقى[244] راست بولسا كېرەك. كىنو ژۇرنىلىدا ئۇلارنىڭ جېڭ جېڭچيۇغا[245] بېغىشلىغان مەرسىيەلىرى (مىس بەتكە چۈشۈرۈلگەن ئەينى قەلەملىرى) تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئاز سۆزلىشىنى، ياڭ سۈنرېننى دورىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يازلىق ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

يۇ

8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى





# 350912 خۇفېڭغا

ئەپەندى:

11 ـ كۈنى يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم.

سەنلاڭنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوقتەك تۇرىدۇ. ئۆز پىكرىمنى ئېيتىدىغان بولسام: ھازىر كىرمىسۇن. دەسلەپكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن، ئۇ ھەقتە سۆزلىمەي قوياي. پەقەت يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالنى ئالىدىغان بولسام، مېنىڭچە، ھامىي تەشكىلاتلار[246] دىكى ئادەملەردىن بىرنەچچە يېڭى يازغۇچى چىقتى، ئۇلار بەزى يېڭى نەتىجىلەرنى ياراتتى، لېكىن ئۇلار كىرىش بىلەنلا ئەھمىيەتسىز جېدەللەر ئىچىگە پېتىپ قېلىپ، ئۈن ـ تىنسىز بولۇپ كەتتى. ئۆزۈمنى ئالسام، ھامان بويۇنۇمغا بىر تال زەنجىر سېلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن: بىر دورغا ئارقامدىن قامچا بىلەن ئۇرىدۇ، ھەرقانچە كۈچەپ ئىشلىسەممۇ ئۇرىدۇ؛ ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئۆز خاتالىقىمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ تەكەللۇپ بىلەن قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ناھايىتى ياخشى ئىشلەۋاتىسەن، ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىمىز ناھايىتى يېقىن، بۈگۈن ھاۋا، ھا ـ ھا ـ ھا… دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن دائىم مېنى ئامالسىز قىلىپ قويىدۇ. باشقىلارغا ئۆزىمىز توغرىسىدا گەپ ـ سۆز قىلىپ بېرىشتىن ھەزەر ئەيلەيمەن؛ چەتئەللىكلەرگە بولسا ئۇ ھەقتە گەپ ـ سۆز قىلىشتىن ئۆزۈمنى تارتىمەن، ئىلاج بولمىغاندا يالغان گەپ قىلىمەن. قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن ئېغىر كۈلپەت؟!

مېنىڭ پىكىرلىرىم قوماندانىنىڭ نەزىرىدە چوقۇم جىنايەت
بولسا كېرەك (لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ماڭا ئىلگىرىكىدەكلا ياخشى-
مىش). شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىمگە ئىمانىم
كامىل. كەلگۈسىدە ئومۇمىي يۈسۈندا كۆزدىن كەچۈرگەندە، يەنە
مېنىڭ پىلانلىرىمنىڭ نەتىجىسى چوقۇم ياخشى بولۇپ چىقىدۇ.
ھازىر قوماندان بىلەن «توۋا قىلغۇچى» لارنىڭ ئالاقىسى ناھايىتى
يېقىن (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىزنىڭ ئىچىمىزدە
چوڭ تەسىر كۆرسەتمەكتە)، ھۇجۇم سېپىنى قانات يايدۇرۇشۇۋا-
تىدۇ، جاھان قاچان سۇزۇلەركىنتاڭ. ئەگەر ھامىي تەشكىلاتلار-
نىڭ كۈچى ئاجىزلاشتۇرۇلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ھەممىنىڭ
بەربات بولۇشى مۇمكىن.

گۇيجىڭنىڭ[247] ماقالىسى، مەزمۇندىن قارىغاندا، كۆپىنچە
ئۆز مەملىكىتى ئىچىدىكى كىشىلەرگە ئاتاپ يېزىلغان، ئۇنىڭدا
«دەردنى ھاراقتىن ئېلىش» تەلەپپۇزى يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە.
ئەمەلىيەتتە مېنىڭ بەزى تەشەببۇسلىرىم بىرمۇنچە ياشلارنىڭ قېنىد-
ـنىڭ بەدىلىگە كەلگەن، بۇنى ئۇ بىر قاراش بىلەنلا بايقاپتۇ، بىز-
نىڭ ئىچىمىزدە بولسا ئۇنىڭغا دىققەت قىلغان ئادەم يوقتەك تۇرد-
ـدۇ، بۇ ئەھۋال مېنى «ھەسرەت» لەندۇرمەي قويمىدى. «زەكىي»
لى ھازىر ماڭا خەت يېزىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ ئۆز خېتىدە ئۆزىنىڭ
«ئۇلارنىڭ قوۋمى» دىن ئەمەسلىكىنى، ئۇلارغا نائىلاج ماقالە بېرىد-
ۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز جاۋاب يېزىپ
قويدۇم، لېكىن تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، بىزنىڭ پۇرچىنقىمىز
پىششمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ھازىرمۇ ئەھۋال «بۈگۈن ھاۋا ھا -
ھا - ھا ...» دېگەندىن باشقا ئەمەس.

مەن ئىلگىرى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ كۆرگە-
نىدىم، لېكىن ھازىرقىدەك ئوردىنى كۆرمەپتىكەنمەن، ھازىر زىيا-
رەت قىلىش شەرىپىمۇ يوقىلىپ كەتتى، ئىست، ئىست. لې-





كىن، ئۇلارنىڭ カワソノ خېچىڭ[248] مېھمانغا چاقىرماقچى،
شۇ چاغدا پاراڭلىشارمىز. بىز ئىككىنچى، ئۈچىنچى ...
بولىدىغاندەك تۇرىمىز، قېنى بۇنىمۇ كۆرۈپ باقايلى. «قىرىند-
اق» نىڭ ھېساب - كىتابىنى قىلدۇق، ئۇنىڭدىن 16 دوللاردىن
ئارتۇقراق پۇل تەگدى، مېھمانغا بارغاندا ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇ-
رۇپ بېرىمەن. قالغان نۇسخىسىدىن ئاران ئۈچ نۇسخىلا قال-
دى، ئۇنىڭدىن 20 — 30 نۇسخا ئالغاچ كېلىڭ، سېتىشقا
بېرىپ قوياي.

بۈگۈن «ئەدەبىيات» ژۇرنىلىغا مۇھاكىمە يېزىپ بەرمەكچىد-
مەن؛ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بولالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرسام-
مۇ، يەنە غوجامنى ماختاش توغرا كەلدى، يەنە بىر تەرەپتىن،
ئۈچىنچى خىل ئادەملەرنى كۆزدە تۇتماي بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىد-
دا بوش كەلمەسلىك كېرەك. «دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى دەپ
بويۇمدا قالدى» دېگەن گەپ ئەنە شۇ؛ ئۆزۈم تاپقان دەردنى كىمگە
ئېيتاي؟!

«شاھانە» ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

يۈ

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

# 351004 شياۋجۇنگە

لىيۇ ئاغا:

1 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالغىنىمغا ئىككى كۈن بولدى. «تەرجىمىلەر»نىڭ نەشردىن توختاپ قالغانلىقىغا ناھايىتى تىت - تىت بولغان ئوخشايسىز، لېكىن مەن ئۇنداق ئەمەس. مەن ئۆز ھاياتىمدا ئۇنداق ئەھۋاللارنى كۆپ كۆرۈپ پىشىپ قاپتىمەن، بۇ تېخى كىچىككىنە بىر ئىشقۇ. لېكىن، كۈرەشنى داۋام قىلدۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ؟ ئەلۋەتتە، داۋاملاشتۇرۇۋېرىش كېرەك، ئۇنىڭغا ھەر نېمە دۇچ كەلسىمۇ مەيلى.

خۇاڭ ئەپەندىنىڭ[249] چەت ئەلگە چىقىپ كەتمىگىنى ياخشى بولاتتى، بىراق مېنىڭ شۇنداق مەسلىھەت بېرىشىم ئەپسىز، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بىلمەيمەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تېخىمۇ زور ئارزۇ - ئارمىنى بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇ بىر ئاز ئەسەبىيلىشىپ قالغان بولسا كېرەك، كەينى - كەينىدىن كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراۋەرسە كېسەل بولۇپ قالىدۇ — ئۇ يېقىندىن بۇيان بىر ئاز جۇدەپ قاپتۇ — بىرنەچچە كۈن دەپ ئېلىپ، خوتۇنى بىلەن دىدارلاشقىنىمۇ ياخشى.

مەجمۇئە بىلەن ئايلىق ژۇرنالنى[250] چىقىرىۋېرىش كېرەك، ئەلۋەتتە. مەجمۇئەنى نەشر قىلىپ بېرىدىغان ئورۇننى سۆزلىشىپ قويدۇم، ئايلىق ژۇرنالنى باشقا يەردە نەشر قىلىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىمەن، تېخى تايىن تاپقىنى يوق. ئەگەر ھەر ئىككىسىنى بىر يەردە نەشر قىلدۇرىدىغان بولساق، دەسمايىسى ئازراق كىتابخا-





نا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەرىكەت قىلالماسلىقى، بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن. گېرمانىيە پادىشاھى فرىدرىخنىڭ «مەركەزلەشتۈرۈپ ھۇجۇم قىلىش» ئۇسۇلى[251] ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنى جەڭدە غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن، لېكىن ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىش يارىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ قوللانغان تاكتىكام: ئەسكەرلەرنى جەڭگە چېچىپ كىرگۈزۈش، ئاكوپ جېڭى، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان جەڭ قىلىش. بىراق، مەن بولسام پىيادە ئەسكەر، مېنىڭ ئۇسۇلۇم سىزنىڭ توپچى ئەسكەرلەرچە ئۇسۇلىڭىز بىلەن ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن.

«ئۆلۈك جانلار»نىڭ ئون بىرىنچى بابىنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆتكەن ئاينىڭ ئاخىرىدا تاپشۇرۇپ بەردىم، بىرىنچى قىسمى تۈگىدى، بۇ كىتابنىڭ «دۇنيا ئەدەبىياتى» خەزىنىسى» دە[252] بېسىلىشىنى توختىتىپ قويغۇم يوق. چۈنكى، كىتابخانىلارغا ئەقىدە قىلىش كېرەك. لېكىن، تەبىئىيكى، يەنە بىر تەرەپتىن، بەزىلەر مېنى ئەخمەقمۇ تېپىۋاتىدۇ. بىراق؛ ھەر ئىشتا ئومۇمىي ھېساباتقا قاراش توغرا كېلىدۇ، خۇلاسە چىقىرىلىدىغان چاغدا، زادى ئۇلار مېنى ئەخمەق قىلامدۇ ياكى ئۆزلىرىنى ئەخمەق قىلامدۇ، بۇ ناتايىن. ئىككىنچى قىسمىنى «ئەسلىسىمۇ تۈگىگەن ئەمەس) يەنە شۇلارغا بېرەمدىمەن، بۇ ھەقتە تېخى بىر قارارغا كەلگىنىم يوق.

ھازىر بۇ كىتابنىڭ قوشۇمچىلىرىنى ۋە كىرىش سۆزىنى ئالدىراپ تەرجىمە قىلىۋاتىمەن، شۇڭا بويۇنلىرىممۇ ئۇيۇشۇپ قالدى. 20 - چېسلا ئەتراپىدا تامام بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي قىسمى ھازىر مەتبەئەدە تىزىلىۋاتىدۇ، كېلەر ئاينىڭ بېشىدا نەشردىن چىقىشى مۇمكىن. بۇ كىتاب ئېھتىمال مەجمۇئەنىڭ بىرىنچى كىتابى بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئىلگىرى باشقىلارنىڭ مېنى ئەخمەق تاپقانلىقىغا كەلسەم، ئۇنداق بولۇشى تەبىئىي، لېكىن بىرىنچى قېتىم بولۇۋاتقىنىمۇ

يوق، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتى تېخى ئاشكارىلانمىغانىدى، ئۇلار ئۆز ئىشىدا خۇددى جۇڭگوغا نەپ يەتكۈزۈۋاتقاندەك قىلغاچقا، مەن كۈچ چىقارغانىدىم. مەن ئەزەلدىن ھەرقانداق ئىشنى ئىشلەشتە شۇنداق نىيەتتە بولاتتىم، بۇنىڭدا ئومۇمىي ھېسابات مەسىلىسىنى ئاساس قىلاتتىم. بىرىنچى قېتىم ئالدانغان بولسام، ئىككىنچى قېتىممۇ ئالدىنىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئىشلەۋەردىم. چۈنكى، بىر قېتىم ئوغرىغا يولۇقۇش بىلەنلا دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىن ئوغرى بولسا كېرەك دەپ گۇمانلىنىش يارىمايدۇ، شۇڭا يەنە خىزمىتىنى قىلىۋەردىم. لېكىن، تەبىئىيكى، ئوغرى توغرىسىدا ھەقىقىي دەلىل - ئىسپات تېپىلغاندىن كېيىن بولسا، باشقا گەپ.

ئۇ كۈنى ئۇلار مەجلىس(253) ئېچىپتۇ، مېنىمۇ چاقىرىشتى. ئۇ مەجلىس خۇۋاڭ ئەپەندىگە قارشى مەجلىس ئىكەن، كاپىتالىستلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ گۇيپاڭچىلىرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى، ئۆكتەملىكىنى، پەس ۋە تار ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇ چاغدىلا بىلدىم، بۇ ئەھۋال مېنىڭ ئويلىمىغان يېرىمدىن چىقتى. مەن ئويلاپ قالدىمكى، بىرمۇنچە ئادەملەر مېنى گۇمانخور، تاش يۈرەك دېسىمۇ، لېكىن مەن ئادەملەرنى پەرەز قىلىشتا ياخشى دەپ پەرەز قىلىشقا تولىمۇ بېرىلىپ كەتكەنىكەنمەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئاشكارىلىغاندا، ئۇلارنىڭ قىياپىتى تېخىمۇ يامان بولۇپ چىقتى.

ئەمدى ئادەتتىكى مەسىلىلىرىڭىزگە جاۋاب بېرەي:

بالىمىز يەسلىگە بېرىشنى ھازىرمۇ ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىلى جياشىڭچە چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. جياشىڭ تىلىدا N تاۋۇشى ئاز ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن، «三» (سەن) دېگەن سۆزنى ئۇلار See دەيدۇ، «南» (نەن) دېگەن سۆزنى ئۇلار Nee دەيدۇ، مېنىڭ قۇلىقىمغا ياقمايدۇ. ئۇ يەسلىگە بىر بېرىش بىلەنلا، دائىم بارىمەن دەپ تۇرۇۋال-





دىغان بولدى؛ يەكشەنبە كۈنى دەم ئالسا، ئەتىسى مەكتەپتىن قاچقۇسى كېلىدۇ، ئۇ تىرىشمايدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بىز ھەممىمىز سالامەت. مېنىڭ بوش ۋاقتىم ناھايىتى ئاز، شۇڭا بەزىدە غۇدۇراپ سالىمەن. «تۇرمۇش» كىتابخانىسى ۋەقەسىدنى ئېيتسام، ئۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇلار تىلغا ئېلىپ ئولتۇرغۇچىلىكى يوق، بىز ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى.

تۈنۈگۈن «پارىژ» تىياتىرىغا بېرىپ، «ئالتۇن كۆل»(254) نى كۆردۈم، خېلى ياخشى ئىكەن، سىلەر كۆردۈڭلارمۇ؟ كېلەر نۆۋەت رومانتىك «زالىم پادىشاھنىڭ مەشۇقى»(255) قويۇلىدىكەن، ئۇمۇ يامان ئەمەس بولسا كېرەك. مەن بېيىشنى، توي - تۆكۈننى تەسۋىرلەيدىغان ئامېرىكىچە كىنو فىلىملىرىنى كۆرگەندىن «مىلك بىر كېچە» گە ئوخشاش غەلىتە فىلىملەرنى ياخشى كۆرىمەن.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

يۈ

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

# زىڭ تيەنشىغا 360203

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يازغان مەكتۇپىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم. بىز ھەممىمىز سالامەت. لېكىن، تېنىم تاپمايدىغان، جېدەل قىلىپ، دائىم مالىمانلاشتۇرىدىغان ئادەممۇ بار[256].

«يېڭى ئەدەبىيات تىزمىسى» توغرىسىدىكى مەسىلىنى چاغان ھارپىسىدا سۈرۈشتۈرگەنىدىم. كىتابخانىنىڭ ئېيتىشىچە، بىرىنچى قىسمىدىن توققۇزىنچى قىسمىغىچە پوچتىدىن ماڭدۇرۇۋېتىپتۇ، راستىمىكىنتاڭ؟ بۇ ھەقتە ئۇچۇر بېرىشىڭىزنى كۈتىمەن. ئەگەر راست بولمىسا، يەنە سۈرۈشتۈرۈپ كۆرىمەن. ئونىنچى قىسمى تېخى نەشردىن چىقمىدى.

يېنىڭ[257] ھېكايىلىرىنىڭ تولىسى «كۆز ئالدىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار» ئىكەن، ماڭا يارىمىدى.

«يېڭى تۈزۈلگەن كونا ھېكايىلەر» رىۋايەتلەردىن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان، ئانچە قىزىقارلىقى يوق. ئەتە خوجايىندىن ئەۋەتىپ بەرسۇن.

«د. نىڭ ئىشلىرى»[258] ئەسلىدە «ئۈچ قالپاق» نەشرىياتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېزىلغان، ئۇلار، ئېلان چىقىرىشقا كېرەك قىلىمىز، دېگەنىدى، كېيىن ئۇنى «تەمىرات» تەھرىراتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. يېزىشتىن ئىلگىرى مەن ئۇلارغا، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئۆزگەرتىڭلار، دېگەنىدىم، شۇ چاغدا ئۇلار ئوبدان جاۋاب بەرگەنىدى، ئورگىنالنى تاپشۇرۇۋېلىش بىلەنلا قىلچە ئۆزگەرتمەستىن بېسىپ چىقىرىپتۇ، بۇنداق ئەھۋال بىرقانچە قېتىم يۈز





بەردى. بۇنىڭدىن كېيىن، ئەڭ ياخشىسى، يازمايمەن، دېگەن خىيالغا كەلدىم.

مەشھۇر ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈشنى توختاتقان ياخشى. يېكۇ[259] ئەپەندى ئۆز ماقالىسىگە مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى كىرگۈزمەپتۇ، يازغان قىسمىمۇ ئېلان قىلىشنى مەقسەت قىلغاچقا، ئەسلىي پىكرىم بويىچە بولماپتۇ. چاڭيۇ ئەپەندىنىڭ[260] ماقالىسىمۇ قاملاشماپتۇ. مېنىڭچە، ياپون ئاپتورلار بىلەن جۇڭگولۇق ئاپتورلار پىكىردە ھازىرچە ئۇقۇشالمايدىكەن، چۈنكى ھەممىدىن ئاۋۋال، مۇھىتى ۋە تۇرمۇشى ئوخشاش ئەمەس.

سېنشەن[261] ئەپەندىنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇدۇم. لىن[262] ئەپەندىنىڭ ماقالىسى تېخى يېتىپ كەلمىدى. ژۇرنال بۆلۈمىگە بېرىپ ئىزدەپ كۆردۇم، سېتىلىپ بولغان ئوخشايدۇ. بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىكى تيەن خەن جاناب شۇ ئەپەندىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. تيەن خەن جاناب قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن كېپىلگە قويۇپ بېرىلدى. ئۇ ھازىر نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ (ئەلۋەتتە، شۇنىڭ بىلەن تەڭ سەنئەتنىڭمۇ) كەتمىنىنى چېپىۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ تېخى، ئادالەت بىلەن ھەقىقەت ھەرقاچان مېنىڭ ئەتراپىمدا تۇرىدۇ، دەيدۇ، مانا بۇ گېپى بىر مەسىلە بولسا كېرەك.

«10 بامبۇكلۇق ئاشىيانە سالام خەت قەغەزلىرى ئۈلگىلىرى»نى بېسىش ئىشى ناھايىتى ئاستا بولۇۋاتىدۇ، ئىككىنچى قىسمى تېخى نەشردىن چىقمىدى.

ھۆرمەت بىلەن: شۈن

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

# 360210 خۇاڭ پىڭسۇنغا[263]

پىڭسۇن ئەپەندى:

ئۈچ پارچە مۇبارەك مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ھەرنە يازمىشلىرىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم.

لېكىن، پېقىر بولسام بۇنىڭدىن ئالتە - يەتتە يىل ئىلگىرى بۇيۇك ئەركىنلىك ئىتتىپاقىغا قاتناشقانلىقىم تۈپەيلىدىن ھەممىدىن ئاۋۋال جېجياڭ پىرقە بۆلۈمىنىڭ مۇراجىئىتى بىلەن تۇتۇش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىلغان ئادەممەن. «كۆيىجى بولسا ئىنتىقامىنى ئېلىپ، نومۇسىنى يۇيىدىغان ئادەملەرنىڭ يۇرتى»[264]، مەن يۈ ۋىلايەتلىك بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ گەپنى ئۇنتۇغىنىم يوق، ئۇنداق بىر نېمىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان شارائىتتا، ئۇلارنىڭ ئاغزىدا قېلىشنى خالىمايمەن. ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، كېيىنچە بىرگەپ بولار.

بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قالۇرسىز.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ،

ھۆرمەت بىلەن:

لۇشۈن

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى





# 360221 ساۋ جۈيرېنگە

جۈيرېن ئەپەندى:

مۇبارەك مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تۈنۈگۈن بىر پارچە جاۋاب يازغانىدىم، مانا ھازىر 19 - كۈنى يازغان مەكتۇپىڭىزنىمۇ تاپشۇرۇۋېلىپ، ھەرنە يازمىشلىرىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم. مېنىڭچە، ئۇ كىچىككىنە بىر ئىش[265] بولسا كېرەك، ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تۈگەيدۇ.

مەن جانابىڭىزنى خاتا چۈشىنىپ قالمايمەن. يېشىم چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مەنمۇ ياشلىق دەۋرىنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلارنىڭ بىغەم، ئوت يۈرەك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ھېسداش بولىدىغانلىقىنى، لېكىن دەككە - دۈككىسى بارلىقىنىمۇ چۈشىنىمەن. ھازىرقى مۇلاھىزىچىلەرنىڭ بىرمۇنچىسى مېنى، تېرىككەك بولۇپ قاپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ، لېكىن مەن ھېچقاچان ئاغزىنە بىرەر ئىشنى دەپ دوستقا ياكى رەقىبكە ئايلىنىپ قالىدىغان ئادەم ئەمەسمەن. مېنىڭ نەچچە ئون يىللىق كونا دوستلىرىممۇ ئاز ئەمەس. گەپ شۇ يەردىكى، بىز ئۆزئارا ئۇششاق - چۈششەك مەسىلىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، چوڭ مەسىلىلەردە چىقىشالايمىز.

«بوران قۇشى»[266] ئەدەبىي ژۇرنال بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدا تىكەن كۆپتەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ چوڭ سەۋەبى مەزمۇنىدا ئەمەس، ئاپتورلىرىدا. مەزمۇنىدا چاتاق بولمىسا، ھېچ گەپ چىقمايدۇ دېيىش ھازىرقى جۇڭگوغا باب كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ساقچى ئىدارىسىنىڭ بۇ ژۇرنالغا ئالاھىدە دىققەت قىلى-

ۋاتقانلىقىنىڭ ناھايىتى كۈلكىلىك سەۋەبى بار.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

شۈن

2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

يەنە بىر پارچە خەتنى ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.





## 360321 ساۋ بەيگە[267]

ساۋ بەي ئەپەندى:

خېتىڭىزنى ۋە بىر پارچە ياغاچ ئويمىنى تاپشۇرۇۋالدىم[268]؛ تېخنىكا جەھەتتىن ئالغاندا تېخى خام.

لېكىن، بۇ رەسىمنى ساقلاپ قويىمەن، چۈنكى بىرىنچىدىن، بۇ رىيازەت چەككەن ياشنىڭ ئەسىرى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭدا پىرقە بېگىمنىڭ تۇياقلىرىنىڭ ئىزى بار ئىكەن؛ ئۈچىنچىدىن، بۇ ھازىرقى زۇلمەتنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشنىڭ ئازغىنە خاتىرىسى بولۇپ قالار.

ئەگەر پۇرسەت چىقىپ قالسا، بۇنى ئېلانمۇ قىلىمەن، ئۇلار كۆرۈپ قويسۇن.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

لۇشۈن

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

# 360326 ساۋ بەيگە

ساۋ بەي ئەپەندى:

23 ـ كۈنى يازغان خېتىڭىزنى ۋە بىر پارچە ياغاچ ئويمىنى تاپشۇرۇۋالدىم. جۇڭگو ياغاچ ئويما كۆرگەزمىسى[269] ئېچىلىپ بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن خۇددى ياغاچ ئويمىلارنى پەقەت كۆرگەزمە ئۈچۈنلا ئويغاندەك ئۈن ـ تىنى يوقىلىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرەر تەشكىلات قۇرۇش، ھەر ئايدا ياكى ھەر پەسىلدە ئەسەرلەرنى توپلاش، ئۇلارنى ئوبدان تاللىغاندىن كېيىن بىرەر ژۇرنال چىقىرىش كېرەك ئىدى، شۇنداق قىلغاندا ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىنىڭكىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىپ، ئالغا باسالايتتى.

مېنىڭ تۇرمۇشۇم ئانچە ئېغىر ئەمەس. ئەڭگىزىمنىڭ يامانلىقى بولسا، 20 ياش ۋاقتىمدا ئاشقازان كېسىلى بولغانلىقىمدىن بولغان، ئۇ چاغدا داۋالىتىشقا قۇربىم يەتمىگەنلىكتىن، ئۇ كېسەل سۆرەلمە خۇسۇسىيەتلىك كېسەلگە ئايلىنىپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئىلاج بولمىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئويما رەسىملىرى ھەقىقەتەن يارايدۇ، لېكىن تولۇق ئەمەس ئىكەن، بىرنەچچە ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلمەپتۇ. يېقىندا ئاڭلىشىمچە، قايسىبىر كىتابخانا نەشر قىلىشنى ئۈستىگە ئاپتۇ[270]، ئەگەر ئوبدان بېسىلسا، جۇڭگوغا پايدىسى تېگىدۇ.

سىز ئىككى كىتاب سورىغانىكەنسىز، ئاڭلىشىمچە، كىتابخانا





ئىستىراتىپلىرىنى ھۆكۈمەت بېگىمگە يوللاپ بەرگەنىكەن، كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلمايدۇ. تېپىلغان تەقدىردىمۇ باھاسى قىممەت بولسا كېرەك، ئۇ جاپا چېكىپ ئىشلەپ تاپقان پۇلغا سېتىۋېلىشقا ئەرزىمەيدۇ. مېنىڭدە بار، سىزگە بېرەي، ئۇ كىتاب كىتابخانىدا، مۇشۇ خېتىم بىلەن بىر پارچە باغاق ئەۋەتىمەن، شۇ باغاقنى كۆتۈرۈپ بارسىڭىز، ئۇلار بېرىدۇ (لېكىن يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دىن 6 گىچىلا دۇكان ئېچىلىدۇ). خالتىدا يەنە بىر پارچە ھېكايىمۇ بار، يېڭى چىققان. «ئەقىل چىلىلغۇچى» دىنمۇ بىر نۇسخا قوشۇپ قويدۇم، ئۇمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئويما رەسىملىرى، ئۇنىڭ بىرنەچچىسىمۇ بۇ قېتىم كۆرگەزمىگە قويۇلغان. بۇ كىتاب ئەسلىدە ياپونىيىدە باستۇرۇلدى، بېسىش تېخنىكىسىمۇ ياخشى. خېتىڭىزدىكى سۆزىڭىزنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، بۇنى تېخى كۆرمىگەن ئوخشايسىز (ئەگەر قولىڭىزدا بولسا، بۇنى باشقىلارغا بېرىۋېتەرسىز، ماڭا قايتۇرۇپ بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ)، 2 ـ نەشرى سېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، 3 ـ قېتىم نەشر قىلمايمىز. ھازىر باشقا بىر ياغاچ ئويما رەسىملەر توپلىمىنى چىقارماقچى بولۇۋاتىمىز، بۇمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ؛ جەمئىي 60 پارچە رەسىم، ئۇنىڭغا «چەگمە گۈللەر توپلىمى» دەپ ئىسىم قويدۇق[271].

ئىنساني ھايات ھازىر ھەقىقەتەن غۇربەتچىلىك ئىچىدە قالدى، شۇنداق بولسىمۇ يورۇقلۇققا ئېرىشىش يولىدا كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك، ئۆزىمىز ئېرىشەلمىسەكمۇ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا قالار. بىز شۇنداق ياشاپ كېتىۋېرەيلى.

لېكىن، تولىمۇ ئېچ ئاغرىتىۋاتقاندەك تۇرۇپسىز. شۇنى ئالاھىدە بىلدۈرۈپ قويايكى، ھازىر مېنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىم قىيىن ئەمەس، بىرنەچچە كىتاب ئەۋەتىپ بەرسەم، تۇرمۇشۇمغا

قىلچە تەسىر يەتمەيدۇ، مېنى چىقىمدار بولۇپ قالارمىكىن دەپ ھەرگىز ئويلىماڭ.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

شۈن

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېچىدە





# 360401 ساۋ بەيگە

ساۋ بەي ئەپەندى:

3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يازغان خېتىڭىزنى ۋە ياغاچ ئويمىنى تاپشۇرۇۋالدىم (28 ـ كۈندىكىسىنىمۇ تاپشۇرۇۋالدىم).

«5.4» ناملىق زىننەت رەسىملەر[272] ھەر ھالدا بولىدۇ. بۇ ھەقتە مېنىڭدىن توغرا باھا ئاڭلىشىڭىز قىيىن، چۈنكى مەن بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ قارىشىمچە، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ياغاچ ئويمىچىلىرى ئادەم سۈرىتىنى ئويۇشقا تولىمۇ چولتا، بۇ نۇقسانىنىڭ يىلتىزى شۇ يەردىكى، ئۇلاردا ئاساسىي ماھارەت كەم. چۈنكى، ياغاچ ئويما ئويۇش قانداقلا بولسۇن رەسساملىق قىلىش دېمەكتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال شەكلىنى سىزىشنى ياخشى بىلىش كېرەك؛ بۇنىڭدىن باشقا، يىراق ياكى يېقىن كۆرۈنۈشلەرنى جايلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ مۇھىملىقىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق؛ ئوچۇق ياكى تۇتۇق كۆرۈنۈشلەرنىمۇ جايلاشتۇرۇشمۇ مۇھىم. ياغاچ ئويما رەسىملەر پەقەت ئاق ۋە قارا دېگەن ئىككى خىل رەڭدىلا بولىدۇ، يورۇقلۇقى جايىدا بولمايلا قالسا، ھەممىسى بىكار. ھازىر مىسىرلىقلاردىن[273] ئۆگىنىدىغانلار بار؛ لېكىن قاراپ باقساق، مىسىرلىقلارنىڭ ياغاچ ئويمىلىرىنىڭ ئوچۇق ياكى تۇتۇق كۆرۈنۈشلىرى نېمىدېگەن ئېنىق.

يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەندەك بىر ئادەمنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىياتتا ۋە ياغاچ ئويمىچىلىقتا قەدەم تاشلىغانلىقىڭىز ناھايىتى ياخشى، ئەلۋەتتە. سورىغانلىرىڭىزغا بىلسەملا جاۋاب بېرىمەن، بۇنىڭدىن زېرىكمەيمەن. بىراق، شۇنى ئالدىن ئېيتىپ

قوياي: بەزىدە خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە جاۋاب خەت يازالماي قېلىشىم مۇمكىن، چۈنكى يېزىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ قويغان ماقالىلەرنى يېزىش بىلەن ئالدىراپ قېلىشىم مۇمكىن ياكى كېسەل بولۇپ، خەت يازغۇدەك ماغدۇرۇم قالماسلىقى مۇمكىن.

«ئۆلۈك جانلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى»(274) مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا نەشردىن چىقىشى مۇمكىن (بەلكىم نەشردىنمۇ چىقىپ قالغاندۇر، ماڭا ئانچە مەلۇم ئەمەس)، لېكىن ياخشىراق قەغەزگە بېسىلىدىغان يەنە بىرخىلى كېچىكىپرەك چىقىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ قەغىزى ئاق ۋە قېلىن، بۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بەتلىرىنىڭ ياسىلىشى ۋە بېسىش ئۇسۇلى تامامەن ئوخشاش. ئۇنى ئالدىراپ سېتىۋالماڭ، چۈنكى ۋاقتى كەلگەندە ماڭا نەچچە ئون نۇسخا تېگىدۇ، شۇنىڭدىن بىر نۇسخا ھەدىيە قىلىمەن. بىراق، ئۇلار تولىمۇ كونا ياغاچ ئويما، يەنى رەسساملار كوپىيىسىنى سىزىپ بەرگەن، باشقا بىر ياغاچ ئويمىچى ئەسلىي رەسىمنى شالاڭ ۋە قويۇق سىزىقلار بىلەن ئىپادىلىگەن؛ ئۇ «ئىجادىي ياغاچ ئويما» ئەمەس. ھازىر ئۇنىڭ ئۆگەنگۈچىلىك يېرى يوق.

ھوقۇقدارلار مېنى چېپىش، بوغۇزلاش يولىدا ھەقىقەتەن قالتىس تىرىكىشىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ پىستەكلىرىمۇ بار، دېمەك، ئۇلارنىڭ تەدبىرلىرى شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭكىدىنمۇ ئەتراپلىق ۋە يامان. بىراق، ئۈنۈمىمۇ ئانچە زور ئەمەس، ھازىر بىرمۇنچە پىستەكلەر ئۆزلىرىنى چاندۇرۇپ قويۇپ، شۈك بولۇپ قالدى.

بىر ئەدىبنىڭ سۈرىتى مۇناسىۋىتى بىلەن شۇنچە كۆپ ئازاب چەككەنلىكىڭىز زۇلمەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇمۇ تازا ئۆتۈپ كەتكەن كۈلكىلىك بىر ئىش، بۇ ھەقتە بىر پارچە ئوچېرك يېزىپ چەت ئەلدە ئېلان قىلماقچىمەن(275). شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنىڭ قولغا ئېلىنىشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى، يىل - ئايلىرىنى،





سوراق قىلىنىش ئەھۋالىڭىزنى، كېسىلگەن جازا مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى (ئىككى يىل تۆت ئاي؟) ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، قىسقىچە بولسىلا كۇپايە.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

شۈن

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# 360402 يەن لىمىنگە[276]

يەن لىمىن ئەپەندى:

3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خەت قولدىن ـ قولغا ئايلىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا تېز تەگدى.

مېنىڭ قارىشىمچە، دادىڭىز ياخشى ئادەم ئىكەن، بىراق بىرئاز ئېسى يوق بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزى بالا ۋاقتىدىمۇ قاراڭغۇ ئۆيگە سولىنىپ قېلىشنى ياخشى كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن كېيىنچە شۇ چاغدا تارتقان ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۆز بالىسىنى سولاپ قويغان بولسا كېرەك. لېكىن، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى سولاپ قويماس. ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماڭ. سىزنىڭ ئەسلىك بولۇشىڭىزنى، كەلگۈسىدە ياشانغاندا بالىڭىزنى بولار ـ بولماس ئۇرماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بالا دېگەننىڭ خاتالىقى بولىدۇ، ئۇبدان نەسىھەت قىلىش كېرەك.

سىزنىڭ ئالتىنچى تاغىڭىزدىن ئايلىنىپ كېتەي، بىر يىلدىن بۇيان خەت ـ خەۋىرى يوق، ناھايىتى ئەنسىرىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ مىجەزى چۇسراق ئىدى، ئۇنىڭ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى 20 ياشقا تولمىغان ياشلارغا ئوقۇتتۇرۇشى مۇۋاپىق بولمىغان؛ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى 30 ياشلارغا كىرگەنلەر ئاسان چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ. بىراق، ئوقۇتتۇرغانىكەن، مەن گەپ ـ سۆز قىلمىدىم.

سىزلەر سورىغان ئىككى كىتابنى تېپىپ قويدۇم، ئەتە كىتابخانا ئارقىلىق زاكاز پوچتا بىلەن ئەۋەتىمەن، «سائەت»[277] ۋە





يەنە بىر پارچە ژۇرنالنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىمەن. ژۇرنالنىڭ مەزمۇنىدا چۆچۈپ كەتكۈدەك بىر نەرسە يوق ئىدى، لېكىن ئەمەلدارلارنىڭ يۈرىكى تولىمۇ كىچىك، ئەمما پەيلى يامان، شۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق چىقىرىش مۇمكىن بولمىدى.

يەنە بىر نۇسخا «ئەقىل چىللىغۇچى» نىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىمەن، ئۇ ياغاچ ئويما رەسىملەر توپلىمى، ئۇنى ئۆزۈم نەشر قىلدۇرغان، كۆرۈپ باقارسىزلەر. ئەگەر ماڭا خەت يازسىڭىزلەر، شۇ كىتابنىڭ ئاخىرقى بېتىدىكى كىتابخانا ئارقىلىق تەگسۇن دېسىڭىزلەر بولىدۇ.

«ئەقىل چىللىغۇچى» نىڭ قەغەز قېپىغا بىر پارچە فوتو سۈرىتىمنى قىستۇرۇپ قويدۇم، بۇ سۈرەت «4 ـ ماي» دىن ئىلگىرى تارتىلغان بولسا كېرەك؛ يېڭىسى يوق، ئۆز چىرايىمغا قاراشنى ئانچە ياخشى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن سۈرەتكە ئانچە كۆپ چۈشمەيمەن. قاراپ بېقىڭ، ھازىرقى قىياپىتىممۇ خۇددى بالىسىغا زالىملىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ چىرايىدەك تۇرامدۇ؟ بۇنى تامغا ئاسماي، تارتمىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ.

قانداق كىتابلارنى ئوقۇشنى سورىغانلىقىڭىز مېنى بىرئاز تەڭلىك قىلىپ قويدى. ھازىر بالىلارغا ئاتاپ بېسىلغان كىتاب ناھايىتى كۆپ، لېكىن بالىلار ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىپ كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن دىققەت قىلماپتىمەن. ئۆزۈم ئوقۇپ كۆرگەنلەرگە ئاساسەن ئېيتسام، ئوقۇغاندىن كېيىن زېيىنى تەگمەيدىغىنى ياخشى، ئۇ كىتابلارنىڭ بەزىسى ھەتتا ئالجىغان ئادەمنىڭ سۆزى بىلەن تولغان. بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلماقچىمەن، ئەگەر ياخشىراقلىرىنى ئۇچرىتىپ قالسام، خەۋەر قىلىمەن. لېكىن، مېنىڭ پىكرىمچە، سىزلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىڭىزلەر، پەنگە دائىر (ئەلۋەتتە قىزىقارلىق ۋە چۈشىنىشلىك يېزىلغان) كىتابلارنى، ساياھەت خاتىرىسىگە ئوخ-

شاش كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ كۆرۈشىڭىزلەر كېرەك.

«تەرجىمىلەر» يېقىندا يەنە ئەسلىگە كەلدى، يەنى نەشر قىلىندى، ئۇنىڭدىكى ھەربىر پارچە نەرسە بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا يارىمىسىمۇ، لېكىن 1 - تومىغا ئالاھىدە بېسىلغان «يىراقتا» [278] سەرلەۋھىلىك ماقالە خېلى ياخشى، ئۇ ژۇرنالنىڭ نەرخىمۇ ئۆرە ئەمەس، يېرىم يىلدا ئالتە توم چىقىدۇ، باھاسى 1 دوللار 20 تىيىن، بۇ بېيپىڭدىمۇ ئاسان تېپىلسا كېرەك.

يەنە مۇنداق بىر كىچىككىنە ئىشنى سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي: «بىلىقنىڭ مەيۇسلۇكى» [279] نى مەن يازغان ئەمەس، مەن تەرجىمە قىلغان بولسام كېرەك، ئۇستازىڭىز بۇنى ئاڭقىرالماپتۇ. لېكىن بۇنىڭ كارايىتى يوق، مەيلى.

بېيپىڭدا يەنە ئىككى يىل تۇرماقچى بولغانلىقىڭىزلارغا ناھايىتى قوشۇلىمەن؛ مەنمۇ 17 يىل تۇرغان، بېيپىڭنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. بېيپىڭدىن كېتىپ قالغىنىمغا ھازىر 10 يىل بولدى، ئۇ يەرگە بارغۇم بار، لېكىن ئامال يوق؛ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلسىڭىزلەر كېرەك.

خەير، يەنە سۆزلىشەرمىز.

ئالغا بېسىشىڭىزلارنى تىلەپ:

لۇشۈن

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېچىدە





# 360405 ۋاڭ يېچيۇغا [280]

يېچيۇ ئاغا:

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىككى پارچە خېتىڭىزنىمۇ تاپشۇرۇۋالدىم. ئالدىراش بولغانلىقىم ئۈچۈن ۋاقتىدا جاۋاب يازالمىدىم.

بۇ يەردە بەزى قەھرىمانلار مېنى، ئىشلىمەيۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلىشىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەر كۈنى تىنماي تەرجىمە قىلىۋاتىمەن، يېزىۋاتىمەن، ئىنسانىي ھاياتنىڭ شېرىن لەززىتىنى تېتىيالمايۋاتىمەن دېسەممۇ بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بىرمۇنچە يوقىلاڭ خاپىلىقلارغا قېلىۋاتىمەن، گاھىدا غەزىپىم ئۆرلەپ، ھېچقانداق ئىشنى قىلماي، ئىشلىمىسەم ئەيىبلەشلەرمۇ يوقىلىدۇ، دېگەن خىيالغا كېلىپ قالىمەن. ھاردۇق يەتكەنلىكى ۋە سوغۇق تەگكەنلىكى ئۈچۈن، 3 - ئاينىڭ بېشىدا قاتتىق دەمسىقما بولۇپ قالدىم، ئۆلۈپ قالىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغان بولساممۇ، پەرۋا قىلمىدىم، ئاخىر دوختۇرنىڭ ئوكۇللىرى بىلەن بىرئاز ئارام تېپىپ قالدىم، بىرنەچچە كۈن تەكىيە تۇتۇپ يېتىپ، بارا - بارا ئورنۇمدىن تۇردۇم، تەرجىمە ۋە يېزىش ئىشى بىلەنمۇ بارا - بارا شۇغۇللاندىم، ھازىر تولۇق ساقىيىپ قالدىم دېسەممۇ بولىدۇ، بىراق ئازغىنا ئىشلىسەملا ھارغىنلىق يېتىدۇ. بۇ كېسەل يەنە تۇتامدۇ، يوق، بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

بىزنىڭ ××× [281] دا، مېنىڭچە، ئەمەلىي ئىشلەيدىغانلار ئاز، تەپتىشلىك قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «دورغا»لىق قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جاپا چېكىپ

ئىشلەيدىغانلار تېخىمۇ جاپا چەكمەكتە. ھازىر بۇ قانات تارقىلىپ كەتتى، باشقا بىرەر جەمئىيەت[282] تەشكىل قىلىنىپ قالسا، مەن ھەرگىز كىرمەيمەن. لېكىن، ئىلگىرىدىن قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلىرىمنى قىلىۋېرىمەن.

بىئولوگىيىنى تەتقىق قىلىدىغان ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىشى توغرىسىدا سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم، بۇ يەردە ئىلاج يوق ئىكەن. تىجارەت باسمىخانىسى قاتۇرما نۇسخىلارنى سېتىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرى باشقا يەرلەردىن سېتىپ ئەكەلگەنىكەن. قايسىبىرى ھۆددە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىردەم بىر دانە ئۆردەك كېرەك دېسە، يەنە بىردەمدىلا بىر دانە ھۇۋقۇش كېرەك، دەيدىكەن، ناھايىتى چاتاق؛ ئۇ بۇنىڭدىن پايدا تاپالمىغاچقا، ھازىر قاقشاپ ئاسماننى بېشىغا كىيمەكتە.

مۇندەرىجىلەر بىلەن خاتىمىلەرنى توپلىسىڭىز[283]، ئۇنى نەشر قىلىپ بېرىدىغان ئورۇن تېپىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسىنىڭ پەقەت مەندىلا ئورىگىنالى بار، مەسىلەن، چەت ئەل تىلىدا يېزىلغانلىرى، باشقىلارغا يېزىپ بەرگەن ۋە لېكىن شۇ كىتاب نەشر قىلىنماي قالغان چاغدا قېپقالغانلىرى، بۇلارنى سەپلەش مۇمكىن. ھېلىقى «4 ـ ئىيۇن» سەرلەۋھىلىك ماقالە «شۇزىنىڭ خېتى»گە يېزىلغان كىرىش سۆز، ئۇ كىتابنىڭ 1 ـ نەشرى سېتىلىپ بولغان. ئاڭلىشىمچە، كېيىن «ئىتتىپاق جۇڭگو» كىتابخانىسى نەشر قىپتۇ، لېكىن يېڭى نەشرىنى كۆرمىدىم، ئەگەر بۇ كىتاب قولىڭىزدا بولمىسا، مەن سەپلەپ بېرەي.

«ئەدەبىيات تىزمىسى»غا يېزىلغان مۇقەددىمىنى كۆچۈرۈپ بېسىشقا بولمايدۇ، دېگەن گەپ شۇ كىتابنى باشقىدىن بېسىشقا قارىتىلغان. ئەگەر «مۇقەددىمە ۋە خاتىمىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلسە مەسىلە چىقماس. ئۇلار مەن بىلەن توختاملاشقاندا، باشقىدىن باسماسلىق توغرىسىدا گەپ بولغانىدى، لېكىن ئۇلار قەلەم





ھەققىنى تۆلەش ۋاقتىدا توختامغا رىئايە قىلماسلىقنى ئاۋۋال ئۆزلىرى باشلاپ بەردى.

شېڭچېڭ[284] ئەپەندىمۇ فرانسۇز تىلىنى ئانچە ياخشى بىلمەسمىش.

مېنىڭ ماقالىلىرىمنى مەلۇماتى يوق ئادەملەرنىڭ چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن. جۇڭگودا ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ ئېقىم مەسىلىلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىرى كۆپ، بۇنىڭغا نېمە ئامال بولسۇن؟! يېقىندىن بۇيان چىققان ژۇرناللارغا قارايدىغان بولسىڭىز، جۆيلۈگەندەك گەپلەرنىڭ تولىلىقى بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرىكى ئەھۋالغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ كىتابخانلارنىڭ نەزىرى ھەر ھالدا ئۆسمەكتە، جۆيلۈگەندەك گەپ قىلىدىغان ژۇرناللارنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدۇ. قەھرىمانلارچە گەپلەر ھازىرمۇ ئادەم ئالدىيالايدۇ.

يېقىندا «يېڭى تۈزۈلگەن كونا ھېكايىلەر» نەشردىن چىقتى، ئۇنى تېخى كۆرمىگەن بولسىڭىز كېرەك، ئەۋەتىپ بېرىمەن.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

شۈن

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كېچىدە

# 360415 يەن لىمىنگە

يەن لىمىن ئەپەندى:

10 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى تۈنۈگۈن تاپشۇرۇۋېلىپ، ھېلىقى كىتابلارنىڭ تەگكەنلىكىدىن ۋاقىپ بولۇپ، خاتىرجەم بولدۇم. مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىلا يارىتىپ ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى يېزىپسىز، بۇ مېنىڭ دائىم ئېقىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە يازىدىغانلىقىمدىن بولغان بولسا كېرەك. بىراق، بىرلا ئادەمنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋېرىشنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمايدۇ، كۆپ تەرەپلىمە بەھرە ئېلىشتىن مەھرۇم بولۇپ قالىسىز. ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش بولۇش كېرەك، نۇرغۇن گۈل - چېچەكلەرنى شۈمىگەندە ئاندىن ھەسەل چىقارغىلى بولىدۇ، ئەگەر بىر جايغىلا قونۇۋالسا، نەتىجە ناھايىتى چەكلىك، بەرىكەتسىز بولۇپ قالىدۇ.

مەخسۇس ئەدەبىي ئەسەرلەرنىلا كۆرۈشمۇ ياخشى ئەمەس. ئىلگىرىكى ئەدەبىياتچى ياشلار ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، بىئولوگىيىلەرنى ياراتمايتتى، ئۇلارنى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى چاغلاردا ئاددىي ساۋاتلارنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلار ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە بىر نەرسىنى بىلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، ئۆزلىرى يازغان ماقالىلەرمۇ قاملاشمىغان. دېمەك، ئەدەبىياتقىلا بېرىلىپ كەتمەي، پەنگىمۇ بېرىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەسىلەن ئېيتايلى، قەدىمكى ئادەملەرنىڭ ئاينىڭ كەمتۈك بولۇپ قالغانلىقىنى، گۈل - غۇنچىلارنىڭ پەجمۇردە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە مەيۇسلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالغانلىقىنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇ





چاغلاردا تەبىئىي پەن ئانچە تەرەققىي قىلمىغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭ تەبىئىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئەگەر ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئادەملەر كۆز يېشى قىلىدىغان بولسا، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئەخمەق. مەن بالىلارنىڭ ئوقۇش كىتابلىرىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بەرمەپتىكەنمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قايسى كىتابلارنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ھازىر ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. «مەردپەت» كىتابخانىسى نەشر قىلغان ئاممىباب پەننىي كىتابلارنىڭ ئىچىدىن بىرنەچچىسى تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاندىن ئۇچۇرىنى بېرەي.

ئاندىن قالسا، دۇنياۋى ساياھەت خاتىرىلىرىنى كۆرسىڭىزلەرمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردىكى ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ماددىي مەھسۇلاتلىرى بىلەن تونۇشقىلى بولىدۇ. كىنو كۆرۈۋاتامسىزلەركىنتاڭ. مەن كۆرۈپ تۇرىمەن، لېكىن «پەرىزاتقا مۇيەسسەر بولغان»، «گۆھەر تېپىۋالغان» دېگەندەك مەزمۇنلاردىكى كىنولارنى كۆرمەيمەن، ئافرىقا قىتئەسى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي قۇتۇپ بىلەن ئالاقىدار فىلىملەرنى كۆرىمەن، چۈنكى، مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، كەلگۈسىدە ئافرىقا قىتئەسىگە ياكى جەنۇبىي، شىمالىي قۇتۇپلارغا بېرىشىم ناتايىن، كىنو فىلىملىرىدىن بولسىمۇ ئاز - پاز ساۋات ئېلىپ قوياي.

شاپتۇل چېچىكىدىن گەپ ئاچسام، مەن ئۇنى شاڭخەيدىمۇ كۆرگەنمەن. سىز شاڭخەيگە كېلىپ باققانمىدىڭىزكىنتاڭ؟ بېيجىڭدا ئۆيلەر قەۋەت - قەۋەت تىك چىقىپ كەتكەن، ھەتتا كۆك توپىنى ئۇچرىتىشمۇ تەس. بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا تۆت چى كەلگۈدەك بىر پارچە كۆك توپىلىق يەر بار ئىدى، بۇلتۇر بىر تۈپ شاپتۇلگۈل تىكىپ قويغانىدىم، بۇ يىل چېچەكلىدى. چېچەكلىرى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ھەر ھالدا كۆرگەن بولدۇم. شاپتۇلگۈلنى كۆرىمەن دېگەن ئادەم ئۇنىڭ مەشھۇر ماكانى بولغان لۇڭخۇاغا بارسا

بولىدۇ، ئۇ يەردە قۇشخانىمۇ بار، مېنىڭ بىر نەچچە ياش بۇرادىرىم شۇ يەردە ئۆلدى[285]، شۇڭا مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن.

مېنىڭ مەكتۇپىمنى ئېلان قىلىدىغان بولسىڭىز، ئېلان قىلىدىغان ئورۇن چىقسا مەيلى، مەن قوشۇلىمەن. بىز ئوتتۇرىدا ئېيتقىلى بولمىغۇدەك گەپ - سۆز قىلىشمىدۇققۇ؟ ئەگەر ئۇنداق گەپ - سۆزلىرىمىز بولۇپ قالسا، ئۇ سۆزلەرنى قىلغانىكەنمىز، ئېلان قىلىشتىن قورقماسلىق كېرەك.

ئاخىرىدا، سىزنىڭ بىخەستەلىك قىلغان بىر يېرىڭىزنى ئېيتىپ قوياي: سىز ئۆز ئىسمىڭىزنى ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتىپسىز. ئۆز ئىسمىنى خاتا يېزىپ قويىدىغان ئادەم ئاز بولىدۇ، دېمەك، بۇ ئەھۋالدىن ئۆز ئىمزايىڭىزنىڭ ياسىما ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

يەنە، سىز «ئاياللار تۇرمۇشى» دىكى «كىچىك بالا توغرىسىدا»[286] دېگەن ماقالىنى ئوقۇغان ئوخشىمامسىز؟

خەير، سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇراي.

ئامانلىقىڭىزلەرنى تىلەپ:

لۇشۈن

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېچىدە





# 360423 ساۋ جىڭخۇاغا

رۇجېن ئاغا:

قىستۇرما رەسىملىك «قىرىق بىرىنچى»[287] نى تاپشۇرۇۋالدىم. نەشر قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى چىقسىلا قىستۇرىمەن.

«سەن» ئاغىدىن بىر پارچە ئامانەت خەت كەلگەنىكەن، بۈگۈن ماڭدۇرۇۋەتتىم. جىيې ۋەتەنگە قايتىپ كەپتۇ، تونۇگۇن كۆرۈشۈپ قالدىم. لېكىن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يۇرتىغا بېرىپ كېلىشى مۇمكىن.

بۇ يەردە يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇشۇۋاتىدۇ، ئىلگىرىكى دوستلار بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر سەپكە ئۆتۈپتۇ، ئىچكى ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىدىم، ئۇلارغا ماۋ بىلەن جېڭ[288] قوماندانلىق قىلىۋاتقۇدەكمىش، ئۇلارنىڭ شاپاشلاشتىكى مۇددىئاسى «ئەدەبىيات» نى قۇتقۇزۇپ قېلىش. ئۆتمۈشتە ماڭا بەرگەن ئازارلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا كىرمەسلىك قارارىغا كېلىۋاتىمەن، لېكىن مېنىڭ كىرمەسلىكىم يەنە چوڭ گۇناھ بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر، مەيلى.

يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت يولىدا بىرمۇنچە كۈچۈمنى سەرپ قىلدىم، نەتىجىدە ئازار يېدىم. ئەستايىدىلراق ئىشلەپ، بىرئاز ئىناۋەتكە ئىگە بولۇۋىدىم، ھەممىسى ماڭا ھۇجۇم قىلىشتى. بۇلتۇر تيەن خەن ماقالە يېزىپ، مېنى مۇرەسسەچى دېگەنىدى، ماقالە يېزىپ سوئال قويسام، سىزنىڭ شۆھرىتىڭىز بار، ئورۇنسىز بىرنەرسە دەپ سالساقمۇ سىزگە زىيىنى تەگمەيدۇ، دەپ جاۋاب بەردى، كېيىن ئۇنىڭ ئۆزى شۇنداق قىلىپ يۈردى،

شۇنداق تۇرسا، بىزنىڭ «سەپداش»لىرىمىزنىڭ بىرى ئۇنى: ئۇنىڭ چوڭ پىلانى بار، ھازىر خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدۇ، دەپ ئاقلىدى. ناھايىتى ئاق ئۇستا ئادەم بولمىسا، جۇڭگودا ياشىمىقى تەس بولسا كېرەك.

بىز ھەممىمىز سالامەت. مەن پۈتۈنلەي ئوڭلىنىپ قالدىم، بىراق ئالدىراش. تۈنۈگۈن ئىككى بولاق كىتاب ئەۋەتتىم، ئۇنىڭدا «يازغۇچى»دىن بىر نۇسخا بار، يېقىندا نەشردىن چىققان.

بۇ يىل ھەممە ژۇرنال گوركىينىڭ رەسىمىنى كۆپلەپ باسىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ بۇرادىرىمىز بۇ يىل بىردىنلا بارلىق ياخشى - يامان بىرنېمىلەرنىڭ نىقاب بايرىقىغا ئايلىنىپ قالدى.

«ئەدەبىي يېتەكچى» ناھايىتى پۇچەك، لېكىن تولىمۇ چوڭ (قېلىن)، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن بويۇننى ئۇزارتىپ، خېلى جاپا تارتىش توغرا كېلىدۇ.

مەن بىر ئىلاج قىلىپ «ئۆلۈك جانلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى»نى نەشر قىلدۇردۇم؛ ئۇلارنى Agin[289] سىزغان. سىز ئەۋەتكەن 12 پارچە رەسىمنىمۇ ئاخىرىغا قوشۇپ قويدۇم، قېلىن قەغەزگە بېسىلغان يەنە بىرخىل نۇسخىسىمۇ بار، ئۇلار تېخى تۈپلىنىپ بولمىدى، پۈتكەندىن كېيىن ئەۋەتىپ بېرىمەن.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

ئىنىڭىز: يۈ

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېچىدە





# 360424 خې جياخۇەيگە[290]

جياخۇەي ئەپەندى:

خەتنى ۋە تەشەببۇسنامىنى[291] ئالدىنقى كۈنى تاپشۇرۇۋالدىم، پىكىرلەر ناھايىتى ياخشى.

مەن ئىلگىرى تەشكىلاتقا[292] قاتناشقانىدىم، ھازىر ئۇ تەشكىلاتنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن، ئاخىرقى «ئەدەبىي تۇرمۇش»نى كۆرۈشكىمۇ مۇمكىن بولمىدى، لېكىن ئۇنىڭ جامائەت ئىشىغا پايدىسى بولمىسا كېرەك. بۇ نۆۋەت دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، ئىشمۇ چوڭ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، مېنىڭ ئىقتىدارىمنىڭ يېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. قول قويۇش قىيىن ئەمەس، لېكىن قۇرۇق ئىسمىنى يېزىپ قويۇش تولىمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىرمەسلىك قارارىغا كەلدىم. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قالۇرسىز.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

(4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى)[293]

# 360502 شۈي ماۋيۇڭغا

ماۋيۇڭ ئەپەندى:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. مېنىڭ خېتىم مۇناسىۋىتى بىلەن تۇغۇلغان مەسىلە توغرىسىدا[294] تۆۋەندىكىچە جاۋاب بېرىمەن:

بىرىنچى، تەشكىلاتنىڭ تارقىتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گەپنىڭ ئايىغى چىقمىدى، ئۇقتۇرۇشمۇ يوق، سىر تۇتۇشۇۋاتقان بولسا كېرەك. بۇنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى بار. لېكىن، بۇ ئىش سەپداشلارنىڭ قارارىمۇ ياكى باشقىلارنىڭ پىكرىمۇ؟ ئەگەر ئەھۋال ئالدىنقىسىدەك بولسا، تارقىتىلغان بولىدۇ؛ كېيىنكىسىدەك بولسا، ۋەتۆۋەركى چىققىنى. بۇ كىچىك مەسىلە ئەمەس، مېنىڭ ھەقىقەتەن خەۋىرىم يوق.

ئىككىنچى، مەن ئېيتقان ژۇرنال[295] شاپىگراپتا بېسىلىپتۇ. ئاخىرقى نۇسخىسىنى باشقا بىر جايدا كۆرۈپ قالدىم، شۇنىڭدىن كېيىن چىقمىدى. بۇ ئىشقا خېلى ۋاقىت بولدى، بۇ ئىش سىز مەسئۇل بولغاندىن كېيىنكى ئىشمۇ، ئۇنى سۇرۇشتۇرگىنىم يوق.

«راست ـ يالغان»، «پىتنە ـ ئىغۋا»، «ئادەتتىكى سۆز ـ چۆچەك» لەرنىڭ تېگىنى سۇرۇشتۇرگۇم ياكى يېشىپ بەرگۇم يوق. «قەلەم بالاسى» نىڭ دەردى يېتىپ ئاشىدۇ، «تىل بالاسى» ياكى «پىتنە بالاسى» دىن ساقلانغىلىمۇ بولمايدۇ، ئۆزىنى ئاقلاپ بولغىلىمۇ بولمايدۇ. «يۇزلەشكەن» تەقدىردىمۇ ئاجىرىم قىلغىلى بولمايدۇ. «ھېلىقى بىر تۇركۇم ئادەم» دېگەن گەپكە كەلسەم، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ «قايسىبىر تۇركۇم ئادەم» لەردىن ئىكەنلىكىمنىمۇ





بىلمەيمەن.

خەيرىيەت، ھازىر كونا تەشكىلات مەۋجۇت ئەمەس؛ يېڭىسىدىچۇ، ئۇنىڭغا كىرمىدىم، ئەمدى مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن جېدەل ـ تالاش كېلىپ چىقماس. بۇ مېنىڭ ئاخىرقى خېتىم بولۇپ قالسۇن، كونا ۋەزىپىنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇم.

بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قالۇرسىز.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

لۇشۈن

5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

# 360504 ۋاڭ يېچيۇغا

يېچيۇ ئاغا:

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم.
بۇ توپلامغا[296] ئاز دېگەندە يەنە بەش - ئالتە پارچىنى قوشۇ-
دىغاندەك تۇرىمەن، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە پارچىسى مەتبۇئات يۈزىگە
چىقمىغان؛ لېكىن مېنىڭچە، «تەرجىماندىن كىرىش سۆز»نى ۋە
«ئۆركەش»نىڭ خاتىمىسىنى چىقىرىۋېتەيلى («كۆرگەزمىگە كى-
رىش سۆز»، «‹شاۋقۇن›نى تەبرىكلەيمەن»، «‹مۇھاكىمىلەر›
نىڭ بىر يىللىقى» قاتارلىقلارمۇ كېرەك ئەمەس). ئورىگىناللىرى-
نى زاكاز پوچتا بىلەن كىتابخانىغا ئەۋەتىڭ، يوقىلىپ كەتمەيدۇ؛
نەشر قىلىدىغان ئورۇننى ئۆزۈم سورۇشتۇرەي، بېسىپ بېرىدىغان
ئادەم چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ، لېكىن بىرنەچچە پارچىسىنى چىقى-
رىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ يۈرىكى
پوك - پوك.

يېقىندا چۈشكەن سۈرىتىم يوق، يېقىنقىلىرىمۇ بۇنىڭدىن
تۆت - بەش يىل ئىلگىرى تارتىلغان بىر پارچە سۈرەت، ئۇنىڭغا،
بۇنىڭغا بېسىلغىنى ئەنە شۇ. بىرئاز كىرىش سۆز يېزىش كېرەك.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى بۇرۇنلا تاپشۇرۇ-
ۋالغانىدىم، ھەر يىلى بىرئاز دەم ئالاي دەيمەن، بىراق جامائەت
ئىشى، خۇسۇسىي ئىش، يوقىلاڭ خاپىلىق ئازىيىش بۇياقتا تۇر-
سۇن، ئەكسىچە كۆپىيىپ كېتىپ، تىنىم تاپتۇرمىدى، كىتاب
كۆرۈشكىمۇ يار بەرمىدى، ھەتتا خەت يېزىشقىمۇ ئىمكان بەرمى-
دى، كېسىلىم ھەر ھالدا ياخشى بولۇپ قالدى، لېكىن ماغدۇرۇم





يوق، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا دەرمانىم يەتمەيدىغان بولۇپ
قالدى، ئېسىممۇ يامانلىشىپ كەتتى. قەھرىمانلار بولسا تىنماي
زەربە بېرىۋاتىدۇ. يېقىندىن بۇيان بۇ يەردە يازغۇچىلار جەمئىيىتى
يىغىن ئېچىپ، دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى دەپ چۇقان كۆتۈرۈشى-
ۋاتىدۇ. مەن ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۇنىڭغا كىرمىگەنى-
دىم[297]، قەھرىمانلار، دۆلەتنىڭ چوڭ پىلانلىرىنى بۇزدى، دەپ
قاراۋاتىدۇ، ھەتتا يىغىندا مېنىڭ جىنايەتلىرىمنى ئېلان قىلىشىپ-
تۇ. مەن ئەمدى ھېچ ئىش قىلمىساممۇ بولاتتى، ئىشلىمىسەم
گۇناھسىز بولۇپ قالاتتىم، لېكىن جۇڭگو ئۇلارنىڭلا جۇڭگوسى
ئەمەس، مەنمۇ ياشايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن يېقىندا قايتۇرما زەربە
بېرىپ ئىككى پارچە ماقالە[298] يازدىم. ئۇلار قۇرۇق شاكال،
ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي ئۈن - تىنى بىلەن يوقىلىشى مۇمكىن،
چۈنكى ئۇنداق ئادەملەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى خېلى كۆپ ئۇچرىغان.

سىز ئېيتقان دورا كاناي ياللۇغىغا پايدا قىلىدىكەن، مېنىڭ
دەمسىقىما بولۇپ قالغانلىقىم ياللۇغدىن ئەمەس، نېرۋا ئۇيۇشۇشتىن
بولغان. يەنە قوزغىلىپ قالامدۇ، يوق، ھازىر بىلگىلى بولمايدۇ.
دەم ئالسام ۋە جاي يەڭگۈشلىسەم كۆپ ياخشى بولۇپ كېتىشى
مۇمكىن ئىدى، بىراق كۆپ ئويلاپ باقتىم، بارغۇدەك جاي تېپىل-
مىدى.

بۇ يەردە ھاۋا خېلى سوغۇق، غەلىتە گەپ - ھە. لى جىيې
ۋەتەنگە قايتىپ كەپتۇ، كۆرۈشتۇم، لېكىن يۇرتىغا كەتكەنلىكىنى
ياكى تيەنجىنگە كەتكەنلىكىنى ھازىر بىلمەيمەن.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

شۇ

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېچىدە

# 360508 لى جىيېگە[299]

جىيې ئاغا:

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى خېتىڭىزنى ۋە پوچتىدىن ئەۋەتكەن پۇلىڭىزنى تولۇق تاپشۇرۇۋالدىم.

مەن ئۆز تەرجىمىھالىمنى يازمايمەن، باشقىلارنىڭ مېنىڭ تەرجىمىھالىمنى يېزىشىنىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن[300]. چۈنكى، مېنىڭ ھاياتىم ناھايىتى ئاددىي ئۆتۈۋاتىدۇ، مۇشۇنداق ئاددىي ھاياتىمۇ تەرجىمىھال يېزىش توغرا كېلىدىغان بولسا، جۇڭگودا بىراقلا 400 مىليون نۇسخا تەرجىمىھال بارلىققا كېلىپ، كۇتۇپخانىلارغا پاتماي قېلىشى مۇمكىن. بىرمۇنچە كىچىك ـ كىچىك خىياللىرىم ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك سۆزلىرىم بار ئىدى، شامال بىلەن ئۇتتۇرلۇق ئۇچۇپ كەتتى، بۇنىڭغا بىرئاز ئېچىنىمەن، ئەلۋەتتە، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇ چاغلىق گەپ.

يېقىندا بىر نۇسخا «ئۆلـۈك جانلارنىڭ قـىستۇرما رەسىملىرى»[301] نى باستۇرغانىدىم، كىتابخانا ئارقىلىق ئەۋەتتىم. يېقىندا تېگىپ قالار. بۇنداق كىتابنى كۆچۈرۈپ بېسىش جۇڭگو ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ئىدى، بىراق بېسىش تېخنىكىسى ياخشى بولماي قاپتۇ.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

شۈن

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى





# 360514 ساۋ جىڭخۇاغا

رۇجېن ئاغا:

بۈنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىلگىرى كىتابخانا ئارقىلىق «ئۆلۈك جانلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى» دىن بىر نۇسخا ئەۋەتكەنىدىم، يېتىپ بارغاندۇر؟ سىز ئەۋەتكەن 12 پارچە رەسىمنىمۇ ئاخىرىغا قوشۇپ قويغان. مەتبەئە تېخنىكىسى ئانچە يامانمۇ ئەمەس، بىراق ئەسلىي نۇسخىسىغا قارىغاندا كۆپ ناچار.

4 ـ ئايلىق ھېساب ـ كىتابىنى تۈگەتتۇق، «يۇلتۇز چېچەك»[302] ئۈچۈن 26 دوللار قەلەم ھەققى تەگدى، بۈگۈن مۇشۇ خەت بىلەن بىللە چەكنى ئەۋەتىمەن، تىجارەت باسمىخانىسىنىڭ شۆبىسىگە بېرىپ ئېلىۋالارسىز.

بىراۋ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى توپلاپ بېسىشنى تەكلىپ قىلىپ «يازغۇچى» تەھرىراتىغا بىر پارچە ماقالە ئەۋەتىپتۇ[303]، ئۇنىڭ جاۋابىنى سىزدىن ئېلىش مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ھەممە كىتابخانىلار ئاغزىدىن شېكەر تامدۇرۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار پايدىنى كۆزلىمەي قالمايدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىشنى ئۆزۈم سۆزلىشەي دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ھازىر بىر قارارغا كېلەلمىدىم، ئۇلارنىڭ بېسىپ بەرمەسلىكى مۇمكىن. ھېلىقى ماقالىنىمۇ باسمىدى، بۇنى ئېيتىپ قويارسىز.

يەنە بىرمۇنچە قەھرىمانلار مېنى، بىرلىك سەپنى بۇزدى، دەپ، مېنىڭ جىنايىتىمنى ئېلان قىلىشىپتۇ. كۆكسۈمگە قولۇمنى سېلىپ باقسام، بىرقانچە يىلدىن بۇيان زادىلا ھورۇنلۇق قىلماي ئىشلەپتىمەن. ھەرقاچان بىرەر چوڭراق مەسىلە[304] چىقسا، بە-

زىلەر شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىكىنتاڭ؟ ناھايىتى يامان ئادەم بولسام كېرەك. يېقىندىن بۇيان ئىشتىن قول ئۈزگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

ئىنىڭىز يۇ

5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى





## 360523 ساۋ جىڭخۇاغا

رۇجېن ئاغا:

20 ـ كۈنى يازغان خېتىڭىزنى ۋە ئورىگىناللارنى تاپشۇرۇۋالدىم. «قىستۇرما رەسىملەر» دىن قەغەز مۇقاۋىلىقى 1000 نۇسخا، تاۋار مۇقاۋىلىقى 500 نۇسخا بېسىلدى، بۇ يىل ھەممىسى سېتىلىپ بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭدىن پايدا چىقمىغان تەقدىردىمۇ، زىيان بولماس.

خېتىڭىزدە يازغان خەۋەر پۈتۈنلەي پىتنە؛ لېكىن بۇ يەرگە تارقىلىپ كەلگىنى يوق، شىمال تەرەپتىن چىققان پىتنە بولسا كېرەك، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەرگە تارقىلىپ كېلىشى تۇرغان گەپ.

يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ نامى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس، تولىسى كۈن ئۆتكۈزۈشكىلا تۇرغان، بەزىسى شۇ باھانە بىلەن ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەيدۇ ياكى ئادەم خەيلى قىلىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ پاسسىپلىشىپ قېلىشى ياكى ئۆزگىرىشى مۇمكىن. يېڭى يازغۇچىلارنىڭ ژۇرنىلى ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەنلا ئاغرىقچان بولۇپ چىقتى. مەسىلەن، «يازغۇچى» ھەممىدىن ئاۋۋال بىر سەپتە يۈرۈش قىلغانلارنى چەتكە قاقماقتا، ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم ئورۇنغا قويماقچى، بۇ ئەھۋال كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. مېنىڭچە، شۇنداق شەخسىيەتچىلىكى كۈچلۈك ياشلارنى كەلگۈسىدە بىرئاز تەرتىپكە سالغان ياخشى.

شياۋ ئاغىنى ۋاقىپ قىلىپ قويساققۇ ياخشى بولاتتى، لېكىن

مەسىلە تولىمۇ چىگىش، گەپنى نەدىن باشلاش توغرا كېلەركىن-تاڭ؟ چۈنكى بۇ مەسىلىنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭمۇ بېشىغا ئاغرىق كىرىدۇ.

شاڭخەيدىكى ئاتالمىش «ئەدەبىياتچى»لار ناھايىتى ئوساللىشىپ كەتتى، ئۇلار ئۇششاق نەيرەڭلەردىن باشقىنى بىلمەيدۇ. 50 — 60 مىڭ خەتلىك بىر پارچە ماقالە يېزىپ، قورسىقىمدىكى دەردلىرىمنى چىقىرىۋالغۇم بار، ئەمەلىيەتتە بۇ كەلگۈسى ئۈچۈن بىرئاز مىراس بولۇپمۇ قالىدۇ.

ئەگەر چېن ئەپەندىنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز ئېيتىپ قويارسىز: مەن ئۇنىڭ پەقەت بىر پارچە مەكتۇپىنىلا تاپشۇرۇۋالدىم؛ پۇل لازىم ئەمەس، خاتىرجەم بولسۇن.

بۇ نۆۋەت يەنە 10 كۈندەك يېتىپ قالدىم، ئىسسىتمام ئۆرلەپ كەتتى، دوختۇر بۇنىڭ سەۋەبىنى تېخى ئېنىقلىيالمىدى، ھەر ھالدا ئېغىر كېسەل بولمىسا كېرەك، لېكىن بۇ نۆۋەت ساقايغاندىن كېيىن تازا بىر ئوينىۋالاي:

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ،

ھۆرمەت بىلەن: ئىنىڭىز يۇ

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى





## 360525 شى دەيگە[305]

شى دەي ئەپەندى:

15 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى 25 - كۈنى، يەنى توپتوغرا 10 كۈندىن كېيىن تاپشۇرۇۋالدىم.

يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ نامى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ھەرخىل. ئۇلاردا تولىمۇ چوڭ خۇسۇسىي غەرەز بولمىسا كېرەك، بىراق بەزىسى شۇ يول بىلەن نام چىقىرىشنى ياكى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن غۇسلى قىلىشنى كۆزلەيدۇ، بەزىسى ئۇنىڭ سايىسىدە ئۆز ئابرۇيىنى ئەپلەپ - سەپلەپ ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەيدۇ. چۈنكى، بىرەيلەن تەشەببۇسچى بولغىنى دەپ يوغان ۋۇۋسكا بىلەن تەكلىپ قىلسا، ئۇ تەكلىپنى رەت قىلىۋەتسە، چوڭ بەتنامغا قالىدۇ، مانا مەن شۇنىڭ بىر مىسالى بولۇپ تۇرۇپتىمەن. شاڭخەيدە ئۆزۈن تۇرغان ئادەملەرنىڭ تولىسى چېچەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار قول قويۇۋېرىدۇ، چۈنكى ئۇلار قولنى قويۇپ قويۇپ، ھېچبىر ئىش قىلمىسىمۇ، قول قويمىغانغا ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

مېنىڭچە، سىزنىڭمۇ كىرگىنىڭىز ياخشى، چۈنكى بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن ياشلار ئۇلارنىڭ دەستىدىن ساراڭ بولۇپمۇ قالىدۇ. كىرگەندىن كېيىن بولسا، بىرەر چوڭ كۆلپەتكە قالماسلىقىڭىز مۇمكىن؛ ناھايىتى بولسا ئاتالمىش يېتەكچىنىڭ مەلۇم ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلىشىغا، مەلۇم ئادەملەرنى پۈۋلەپ كۆتۈرۈشىگە ياردەملىشىسىز ياكى جاپالىقراق ئىشنى ئىشلەيسىز، بەزى پىتنە - ئىغۋالىرىنى ئاڭلايسىز. دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى-

دىن ئەسەر يارىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئەسەرلەر، دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتىغا قارشى چىقتى، جىنايىتى چېكىدىن ئاشىدۇ، دەپ بىرەر ئادەمگە، بىرەر گۇرۇھقا ھۇجۇم قىلىدىغان ئەسەرلەردىن باشقا بىر نەرسە بولۇپ چىقمايدۇ. ئەنە شۇنداق غىژىلدىشىپ، ئاخىر ئۆزلىرىنىمۇ، كىتابخانلارنىمۇ بىزار قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۈن - تىنسىز تۈگىشىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرا يولدا بىرەر زۇلۇمغا ئۇچراپ قالسا، يېتەكچىلىك قىلغان قەھرىمانلار ھەممىدىن ئاۋۋال قويرۇقىنى ئىچىگە تىقىۋالىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن چىقتىم دەپ بايانات ئېلان قىلىدۇ، كىچىك ئەزالار بىلەن كارى بولمايدۇ.

ئەنە ئوقى شاڭخەيدىكى «يازغۇچى»[306] نىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى، مېنىڭ يېنىمدا ئۇنداق ئوقتىن بىر تۇتام تۇرۇپتۇ. ھازىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدىم، ساقايغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئاشكارا ئېلان قىلىمەن، ھەممە ئادەم كۆرۈپ باقسۇن. مەسىلەن، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن بىرى يېقىندا ئۆز تەھرىرلىكىدىكى بىر ژۇرنالدا مېنى «تېپىلماس قول» دەپتۇ؛ يەنە بىر تەشەببۇسچى بولسا مېنى جەمئىيەتكە كىرىشكە دالالەت قىپتۇ. ئۇلار مېنى ھېلىقى تەنە ئوقىنى كىمنىڭ ئاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك. كۆپچىلىك بىلەن مۇناسىۋەت قىلىسىڭىز، تېخىمۇ كۆپ ئەھۋاللارنى چۈشىنىپ قالىسىز.

ئۇلارنىڭ تەنە ئوقى ئېتىشنى ياخشى كۆرىدىغان كېسىلىنىڭ يىلتىزى شۇ يەردىكى، ئۇلار يازغۇچىنى ئۇنىڭ ئەسىرى ئارقىلىق ئەمەس، پەقەت ھىيلە - مىكىر بىلەنلا يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ دەپ خاتا ئويلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرەر چوڭراق مەسىلە پەيدا بولۇپ قالسىلا، شۇ باھانە بىلەن بەزىبىر ئادەملەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، بەزىبىر ئادەملەرگە پەشۋا بېرىپ، ئۆزىنى كۆتۈرۈش كويىغا چۈشىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدىن چوڭراق بىرەر ئۇنۇم ھاسىل قىلىشالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شاڭخەيدە ئۈچ - تۆت





يىلغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يازغۇچى ناھايىتى ئاز. «يازغۇچى» ژۇرنىلىنى ئالسام، ئۇ ئەسلىدە سودىگەرلەرنىڭ ئىلكىدىكى بىرنەرسە، ئەدەبىيات تەشكىلاتىنىڭ نەشر ئەپكارى ئەمەس، ئۇنىڭ راۋاج تېپىشى ياكى سۇنۇپ قېلىشى «دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى» بىلەن ئالاقىسىز، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ئۇنى شۇنداق قەدىرلەۋاتىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ كورلۇقىنى ۋە ئۆزىگە ئۆزى ئىشەنچ قىلالمايدىغانلىقىنى ئەنە شۇنىڭدىن بىلىۋالغىلىمۇ بولىدۇ.

«يازغۇچى» نەشر ئەپكار ئەمەس ئىكەن، «پارچىلاش» دېگەن گەپمۇ مەۋجۇت ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ مەن نارازىمەن، چۈنكى ئۇلار مەسىلىنى تىجارەت نۇقتىسىدىنلا ئويلاپ، مېنىڭ ئېتىرازلىرىمغا قۇلاق سالمايۋاتىدۇ، مېنىڭ ئەسىرىمنى بىرىنچى ماقالە سۈپىتىدە باسماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

مەن ئەمدىلا رابىتە قىلىشقا باشلىغان ياشلارنىڭ «ياخشى» - «يامان»لىقىنى ئويلاپ ئولتۇرمايمەن. ئەگەر «يامان ئادەم دەپ قارىغان» ئىكەنمەن، ئۇنىڭ بىلەن رابىتە قىلىشىمنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟

ساۋ ئەپەندى مەن مۇشۇ خەتنى يېزىۋاتقان چاغقىچە ساق - سالامەت تۇرۇپتۇ (لېكىن بەزىلەرنىڭ نېمىشقا شۇنداق پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلىشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن)، خاتىرجەم بولۇڭ.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

لۇشۈن

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

# 360706 لۇ رۇيگە[307]

مۆھتەرەم ۋالىدەمگە سالامدىن كېيىن ھۆرمەت بىلەن مەلۇم
بولغايكى، خەت يازمىغىنىمغا ئىككى ئاي بولۇپ قالدى، شۇ ئارى-
لىقتا قىسقىچە ئەھۋالىمنى كەنجى ئىنىمدىن[308] ئېيتىپ بەرگەن-
دىم، ۋاقىپ بولغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم.

كەمىنە پەرزەنتلىرى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن باشلاپ
ئۈشتۈمتۇتلا بوييۇم قىزىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېمىم سىقىلى-
دىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭدىن تارتىپ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلى-
شىپ، ئاي ئاخىرىدا قىل ئۈستىدە قالدىم. بەختىمىزگە يارىشا،
بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خېلى ساقىيىپ قالدىم،
لېكىن ئىسسىتمام يانمىدى. 7 - ئاينىڭ بېشىدا ئۆپكەمنى توك
نۇر[309] بىلەن تەكشۈرتسەم، كەمىنە پەرزەنتلىرى بالا ۋاقتىمدىلا
ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىم، بۇ كېسەل كەم
دېگەندە ئىككى قېتىم تۇتقانلىقى، بىر قېتىم قاتتىق قوۋۇرغا
پەردىسى ياللۇغى پەيدا بولغانلىقى مەلۇم بولدى. ھازىر قوۋۇرغا
پەردىلىرىم قېلىنلاپ، توك نۇر ئۆتمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۆز
ۋاقتىدا داۋالاتتۇرماپتىمەن، ئۇ كېسەل ئېغىر بولسىمۇ تېنىمنىڭ
تېگىدىن ناھايىتى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىدىن تولۇق
ساقىيىپ كەتكەنىكەن. ھازىر ياشىنىپ قالغانلىقىم، تەن قۇۋۋى-
تىمنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كونا كېسىلىم قايتا
قوزغىلىپ، ھازىرقىدەك ھالسىرىتىپ قويدى. مۇشۇ بىرنەچچە
كۈندىن بۇيان ئىسسىتمام پۈتۈنلەي دېگۈدەك يانغان، ئىشتىھايىممۇ
ئەسلىگە كەلگەن، چىرايىممۇ تۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن





ھەر كۈنى بوييۇم ئاز - پاز قىزىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما ئانچە يۇقىرى
ئەمەس. ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ شۇنداق بول-
مايدىغىنى يوق. دوختۇر ھەر كۈنى ئوكۇل قويۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىسسىتمام توخ-
تاپ قالىدىكەن، يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن دورا ئىچىشنى
توختاتساممۇ بولىدىكەن.

دېمەك، كېسىلىم ئوڭلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، ھەرگىز ئەندىشە
قىلماڭ.

خەيياڭ يەسلىنى بىرىنچى بولۇپ پۈتتۈردى، ئەمەلىيەتتە
«ئۆينىڭ ئىگىسى بولمىسا، ئۆچكە موللاخۇن بوپتۇ» دېگەن گەپ-
تىن باشقا بىر ئىش ئەمەس.

ئالتۇن تېنىڭىزگە ئامانلىق تىلەپ،

ھۆرمەت بىلەن پەرزەنتىڭىز:

شۇ

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

گۇاڭپىڭ ۋە خەيياڭدىنمۇ سالام.

# 360806 شى دەيگە

شى دەي ئەپەندى:

5 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. يېقىنقى ئۈچ ئايدىن بۇيان ھەقىقەتەن قاتتىق ئاغرىدىم، ئۆلۈپ قالغىلى تاس قالدىم، كېيىن بىرئاز تۈزىلىپ، بارا - بارا ياخشىلىنىپ قالدىم، بۇنىڭدىن ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى ئاز - پاز بىر نەرسە يېزىشقا قۇربىم يەتتى، لېكىن كۆپرەك يېزىپ قالسام، ھېلىمۇ ئىسسىتمام ئۆرلەپ كېتىدۇ.

ئالدىنقى نۆۋەت يازغان خېتىڭىزنى ئوقۇغان - ئوقۇمىغانلىقىم ئېسىمدە يوق؛ ياكى كېسەل ياتقانلىقىم ئۈچۈن ماڭا كۆرسەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ياكى ئۇ چاغدا تولىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئوقۇغان بولساممۇ ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن.

«ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ خىتابنامىسى»(310) نى پەقەت پىكرىمىزنى بايان قىلىش يۈزىسىدىنلا چىقارغان، تەشكىلات ياكى جەمئىيىتىمىز يوق؛ خىتابنامىنى چىقارغاندىن كېيىنلا ئىش تۈگىدى، ھەر كىم ئۆز مەشغۇلاتىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇ خىتابنامىنى بەزىلەر قوللاپتۇ، بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم؛ بىراق ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنى قوللانمىدۇق؛ تەسىرىمىزنى كېڭەيتىش نىيىتىمىزمۇ يوق؛ بەزىلەر قارشى چىققان بولسا ئۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق.

«يازغۇچى» ماقالە قوبۇل قىلىشتا مەشھۇر ئادەملەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى شەرت قىلامدۇ، بۇنى بىلمەيمەن؛ مەن بولسام «يازغۇچى» ئۈچۈن پەقەت ماقالە بەرگۈچى ئادەمدىنلا ئىبارەت؛ چاتاق





چىقىرىدۇ - چىقارمايدۇ دېگەن گەپنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

يېقىندا دورا ئىچىشنى توختاتسام، كىتاب كۆرۈش، خەت يېزىش ئىشىنىمۇ توختىتىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، يازغۇچىلىق توغرىسىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئىلاجىم يوق.

ئاخىردا، كەچۈرۈڭ، گەپنىڭ لوندىسىنى قىلاي: مېنىڭچە، سىزنىڭ يار - بۇرادەرلىرىڭىزدىن ۋە گېزىتلەردىن بىلگەنلىرىڭىزنىڭ تولىسى ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدىغان بىمەنە ئەھۋال؛ ئۇلار چۈشكۈن ئەدىبلەرنىڭ تېتىقسىز ئويدۇرمىلىرى. ئۇنداق ئىشلار كىشىنى چاكىنىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر شاڭخەيدە توت - بەش يىل تۇرىدىغان بولسىڭىز، مېڭىڭىز ئەنە شۇنداق خەۋەرلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ - دە، شۇلارغا ئوخشاش ئادەملەردىن بولۇپ قالىدسىز، ئۇنداق بولۇش ئەرزىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى شۇنداق تېتىقسىز خەۋەرلەرگە ئاز قۇلاق سېلىپ، تەرجىمە قىلىنغان نەزەرىيىۋى ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى كۆپرەك كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئالدىراش يازدىم.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

شۈن

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

# 360828 ياڭ جىيۇنگە

جىيۇن ئەپەندى:

24 ـ كۈنى يازغان مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ نۆۋەت
چاپلاشقىنى راست ئۆپكە كېسىلى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە
ئادەمنى قورقۇتىدىغان ئۆپكە تۇبېركۇليوزى ئىكەن. بىزنىڭ ئۆل-
پەتلىشىۋاتقىنىمىزغا 20 نەچچە يىل بولۇپ قالدى، شۇ جەرياندا
تۆت ـ بەش قېتىم قوزغالدى، لېكىن مەن كېسەل بولۇپ قالدىم
دەپ ۋايساپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرمەيمەن، ھاياتنى ئانچە ئەزىزلەپمۇ
كەتمەيمەن، بىپەرۋا بولغانلىقىم ئۈچۈن، كېسىلىمدىن ھېچكىم-
نىڭ دېگۈدەك خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمدى، ياشىنىپ قالغانلىقىم
ئۈچۈن، ئىلگىرىكىدەك ئاسان بەند قىلغىلى ۋە ئوڭلىنىپ كەتكىلى
بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوۋۇرغا پەردىسى كېسى-
لىنىڭ چاپلاشقانلىقىغا ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كەتتى، دورىنى تېخى
ئۈزەلمەيۋاتىمەن، ئۆزگىلى مۇمكىن بولۇپمۇ قالار، بەلكىم.

شۇنداق، يېزىقچىلىق ئىشى بۇ كېسەلگە تېخىمۇ مۇناسىپ
ئەمەس، تېنىمنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغانلىقى بۇ يىل ئۆزۈمگە مەلۇم
بولۇپ تۇرغاچقا، يازغانلىرىممۇ ناھايىتى ئاز. ھەممە ئىشتىن قول
بوشىتىپ، بىرقانچە ۋاقىت دەم ئېلىپ، مەخسۇس تەرجىمە قىلىش
بىلەنلا قورساق باققۇم بار ئىدى. ئەپسۇسكى، يەنە كېسىلىم قوز-
غىلىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتكە كىرمىگەنلىكىم ئۈچۈن
ئەۋلىيالار قورشاپ يوقىتىش سەپلىرىنى ھەدەپ تۈزۈۋاتىدۇ؛ شۇي
ماۋيۈڭمۇ يېقىندا كېسەل بىلەن ئۆلگۈدەك ھالغا كېلىپ قالغانلى-
قىمنى بىلىپ تۇرۇپ، ھەممىدىن ئاۋۋال گىدىيىپ ئىشىكىم ئالدى-





غا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش ئە-
مەس. ئىلگىرىكى چاغلار ئۇنىڭ قاتتىق پەشۋا يېگەن چاغلىرى
ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى «ئابرۇيى ياخشى» دەپ قارىغان. مانا
ئەمدى ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزا-
سى، «ئەدەبىيات ساھەسى»[311] نىڭ مۇھەررىرى بولۇپ قالدى،
«ئەمەلىي ھەل قىلىش» قۇۋۋىتىمۇ بار، قولىدا يېڭىنىسى تەييار،
باشقىلارنىڭ كېپەنلىرىنى تىكىپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇ-
ھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ تەبىئىتىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. ھازىر
ئۇنىڭ مېنى «يارىماس»، «كۈلكىلىك»، «ناچار خاھىشلارغا مە-
دەت بېرىپ قويدى»، «بۇنتقا ئوخشايدۇ» دېگەنلىكى ئەجەبلىنىپ
كەتكۈدەك بىر ئىش ئەمەس[312].

ئەمەلىيەتتە شۇ خەتنى ئۇ ئۆزى يالغۇز يازغان بولسىمۇ،
مەلۇم بىر توپ ئادەمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تەپسىلىي ئوقۇپ كۆرد-
ىغان بولسىڭىز، تەلەپپۇزىدىن چۈشىنىۋالالايسىز. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، ئاشكارا جاۋاب بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، دەپ ئويلايمەن.
پەقەت ئۆزئارا شەخسىي مەسىلە بولۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت بىلەن
ئالاقىسى بولمىغان بولسا، نېمىشقا مەتبۇئات يۈزىدە تىنماي كاپ-
شىيدۇ؟! بۇ ئىش «بىكار ئاۋارىچىلىك» بولۇپ قالارمىكىن دەپ
ئويلاپسىز، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. مەشئەلدىن بىرنى ئاتسى-
ڭىز، چوڭ تۇغىنىڭ دالدىسىغا كىرىۋالغان مەلئۇنلارنىڭ بەتبەشى-
رىسى مانا مەن دەپ مەلۇم بولىدۇ. كۆرگەندۇرسىز، يېقىندىن
بۇيان شاڭخەيدىكى كىچىك گېزىتلەردە بۇنداق ئۇسۇل ناھايىتى
ئايان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئاخىر كۆپچىلىك
ئالدىدا ئاشكارا بولىدۇ.

«ئويما رەسىملەر توپلىمى»[313] نى كېسەل ھالەتتە تۇرۇپ
باستۇردۇم، ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە

تىرازى ئاز بولغاچقا، ئۆز ۋۇنغا قالمايلا سېتىلىپ بولدى، كىتابخانىدىمۇ بىرەر نۇسخا قالماپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆز ۋۇرىڭىزغا ئەۋەتەلمەيمەن، بۇ ھەقتە ئۆزرە ئېيتىمەن.

بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قالارسىز.

يازلىق ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

لۇشۈن

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

يەنە: ھازىر دوختۇر مېنىڭ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈشۈمگە ۋە كۆپرەك سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلمايۋاتىدۇ. بىرئاز ياخشى بولۇپ قالسام، باشقا بىر جايغا يۆتكىلىپ، شۇ يەردە بىرنەچچە ھەپتە دەم ئالماقچىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن 10 - ئايدىن ئىلگىرى دىدارلىشالمىساق كېرەك، بۇنىڭغا ھەسرەتلىنىمەن.





# 360915 زېڭ تيەنشېغا

زېڭ تيەن ئاغا:

9 - كۈنى يازغان خېتىڭىزدىن ھۆرمەت بىلەن ۋاقىپ بولدۇم. «بۈيۈك زېمىن»[314] نى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە خۇفېڭغا[315] كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىمەن. خۇ جۈڭچېنىڭ[316] تەرجىمىسى ئانچە ئىشەنچلىك بولمىسا كېرەك. ئەگەر شۇ تەرجىمە ئاساس قىلىنىدىغان بولسا، ئەسلى ئاپتورىغا مۇناسىپ بولمايدۇ.

بويۇم ئىلگىرىكىدەكلا قىزىپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇيتېڭ[317] ئەپەندىنى ئوكۇل قويۇشقا تەكلىپ قىلىۋاتىمەن، كېسەلدە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى تېخى بىلگىلى بولمايدۇ، لېكىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىرئاز سەمرىپ قالدىم.

شۇي ماۋيۈڭلارغا قارىتىلغان ماقالىنى[318] (ماغدۇرۇم بولمىغاچقا تۆت كۈن ۋاقىت كەتتى) ئىلاجسىزلىقتىن يازدىم. شاڭخەيدە شۇنداق بىر توپ ئادەم[319] باركىن، بىرەر مەسىلە يۈز بەرسىلا ئۇلار دەرھال ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كويىغا چۈشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرئاز زەربىسىنى بېرىپ قويۇش كېرەك.

ھۆرمەت بىلەن:

لۇۋشۈن (چۈكۈن ئەدىب)

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

# 360915 ۋاڭ يېچيۇغا

يېچيۇ ئاغا:

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، ناھايىتى چىرايلىق رەسىم قارتىلىرىنىمۇ ئەۋەتكەنىكەنسىز، كۆپ رەھمەت.

بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى بولسا كېرەك، ناھايىتى قىسقىچە بىر پارچە خەت يازغانىدىم؛ خېتىڭىزگە قارىغاندا، تەگمىگەن ئوخشايدۇ.

مېنىڭ ھازىرغىچە شاڭخەيدىن يۆتكەلمەسلىكىمنىڭ سەۋەبى كېسىلىم بەزىدە ياخشى، بەزىدە يامان بولۇپ، دوختۇردىن ئايرىلالمىغانلىقىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھازىرمۇ پات - پات بويۇم قىزىپ تۇرۇۋاتىدۇ، قاچان ياخشى بولاركىنتاڭ ياكى تۈزەلمەسمەنمىكىن. شىمال تەرەپكە بېرىپ تۇرغۇم بار، بىراق ھاۋاسى قۇرغاق ھەم سوغۇق، ئۆپكەمگە خىل كەلمەسمىكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بارالمايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا لايىقراق بىرەر جاينىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرەلمىدىم، چەت ئەلگە چىقاي دېسەم، خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقىم تۇرۇۋېتىپتۇ، مەملىكەت ئىچىدە بولسا، ھەممىلا يەردە تىكەن - يانتاق.

شاڭخەينىڭ ھاۋاسى ئوساللىشىپ كېتىش بىلەنلا قالماي، ئەدەبىي ھاۋاسىمۇ قاملاشمايدۇ. ھېلىقى ماقالەمدە[320] ناھايىتى ئازغىنە بىر قىسمىنىلا بايان قىلدىم. بۇ يەردە بىرخىل ئەدەبىياتچىلار باركى[321]، ئۇلار تيەنجىنلىكلەرنىڭ قىزىل كۆز دېگەنلىرىنىڭ نەق ئۆزى. ئۇلار پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلىش، پوپوزا





قىلىش، ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، تېگى - پېيىنى ئۇقمايدىغان ئەدەبىياتچى ياشلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، شۇ يول بىلەن ئۆز ئورنىنى ئۆستۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەر دېگەن نەرسىسى يوق. ئۇلارنىڭ قولىدىن گىلىڭ - گىلىڭ قىلىشتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ. شۇي ماۋيۇڭنى ئالسام، ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە قارا يۈرەك بولۇپ كېتىپتۇ، ماڭا «ئەمەلىي ھەل قىلىش»[322] دېگەن گەپ بىلەن پوپوزا قىپتۇ. باشقا ياشلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەنە شۇنىڭدىن قىياس قىلغىلى بولىدۇ. ئۇ بىر توپ ئادەملەر ئۆزئارا ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، ئەدەبىيات ساھەسىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ئاسماننى بېشىغا كىيمەكتە[323]. كېسەلدىن بىرئاز ياخشى بولۇپ قالسام، ئۇلارنى پاش قىلىمەن، شۇنداق قىلغاندا، جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئىستىقبالىنى بىرئاز ئوڭشاپ قېلىش مۇمكىن. ئۇلار ھازىر «كىچىك گېزىت»لەردىن پايدىلىنىپ ماڭا ئازار بېرىۋاتىدۇ[324]. ئۇلارنىڭ پەسلىكىنى ئەنە شۇنىڭدىن بىلگىلى بولىدۇ.

كوللىۋىتسنىڭ رەسىملەر توپلىمىدىن پەقەت 100 نۇسخىلا بېسىلدى، كېسەل يېتىپ تۇرۇپ تۈپلىگەنىدىم، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەكېتىشىپ، سېتىپ بوپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرچە ئەۋەتىپ بېرەلمەيمەن. «مەدەنىي تۇرمۇش» نەشرىياتىدىكى فاڭ مۇ يېقىندا مىس سىنكىسىدىن قايتا ئىشلىمەكچى، مۇشۇ يىل ئىچىدە نەشردىن چىقىشى مۇمكىن، شۇ چاغدا ئەۋەتىپ بېرەي.

تەي جىڭزۇڭ يازدا شاڭخەي ئارقىلىق يۇرتىغا كەتكەنىدى، شۇنىڭدىن بۇيان خەت - خەۋىرى يوق، ئۇنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ:

شۇ

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

خانىمىڭىزغا، ئوغلىڭىزغا سالام.

# 360928 لى لىيۋېنغا

لىيۋېن ئەپەندى:

يېقىندىن بۇيان ناھايىتى ئالدىراش بولسىڭىز كېرەك. بويۇم ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قىزىپ تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن گېزىتنى ھەر ھالدا كۆرمەي تۇرالمىدىم؛ كۆرسەملا، ئۈنىڭدىكى جۆيلۈشلەر چاچلىرىمنى تىك تۇرغۇزۇۋېتىدۇ، مەسىلەن، بۇ قېتىمقى «باللارغا بېغىشلانغان سان» دىكى بىر پارچە ماقالىدە، جۈڭگولۇقلار ياپوننى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ھەسسىلەپ ئېغىر جازا بېرىش كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىپتۇ. بۇنداق تەشەببۇسنى قىلىشقا ياپونلارمۇ پېتىنالمىغانىدى. بۇنىڭ ئاپتورى ھەقىقەتەن ھايۋان ئىكەن. «خاتىرىدە تۇرۇپ تۇرسۇن» [325] دىن بىر پارچە ئەۋەتتىم، مۇمكىن بولسا ئىشلىتەرسىز.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ،

ھۆرمەت بىلەن: شۈن

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى





# 361015 تەي جىڭنۇڭغا

بوجيەن ئاغا:

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈندىكى خېتىڭىزنى خېلى بۇرۇنلا تاپشۇرۇۋالغانىدىم. ماغدۇرسىزلىق ـ ئالدىراشلىق سەۋەبى بىلەن ئۇچۇرىنى كېچىكتۈرۈپ قويدۇم.

يازدا باشقا بىر يەرگە بېرىپ دەم ئالغۇم بار ئىدى، لېكىن كېسەلدىن خالىي بولالمىغانلىقىم، ئۆزۈم دوختۇردىن ئايرىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن شاڭخەيدىن يۆتكىلەلمىدىم. مانا ئەمدى كەچ كۈز كىرىپ قالدى؛ دورىنى ئۈزۈپ قويىدىغان بولسام، ئىسسىتمام يەنە كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. ئىلگىرى ئاشقازىنىم كۈچلۈك بولغاچقا، ئۆپكە كېسىلىم تۈزۈلۈپ كەتكەنىدى، ھازىر ئاشقازىنىممۇ ئاجىزلاپ كەتتى، شۇڭا كېسەل چىرمىۋالدى، لېكىن ھاياتىمغا زىيان يەتكۈزەلىگىنى يوق. يېقىندىن بۇيان يەنە داۋالىنىۋاتىمەن. قىسقىسى، يازدىكىگە قارىغاندا ئەھۋالىم يامانىراق تۇرىدۇ.

بېشىمدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەچكە، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئازراق ئارىلىشىپ، مەخسۇسلا تەرجىمانلىق قىلىپ، شۈنىڭ بىلەن قورساق بېقىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم، شۈنىڭ ئۈچۈن بۇ يىل يازغان ماقالىلىرىممۇ كۆپ ئەمەس. ئېغىر كېسەل چىرمىۋالغاندىن كېيىن بىرنەچچە ئاي يېتىپ قالدىم، ئىلگىرىكى چاغلاردا بالا ـ قازادىن قورقۇپ قويىرۇقىنى ئىچىگە تىقىۋالغان چۈپرەندىلەر دولقۇندىن پايدىلىنىپ كەينى ـ كەينىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئېغىر ئەھۋالدا ياتقان پەيتىمدە ھە دەپ ھۇجۇم قىلغىلى تۇردى. شۈنىڭ ئۈچۈن ياستۇقتا يانپاشلاپ تۇرۇپ، بىرنەچچە قامچا ياندۇر-

دۇم.[326] ئۇ بىرنېمىلەر خەسكە ئوخشاش پەس بولسىمۇ، كىشىلەرگە مەنىۋى زىيان سالىدۇ. ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرغانسىز، شاڭخەيدە ئەدەبىيات ھاۋاسى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئادەملىك تۇسىنى يوقاتتى.

بۇ يىل بىرنەچچىمىز يىغىش قىلىپ، مەرھۇم بۇرادەرلىرىمىزنىڭ تەۋەررۇك ئەسەرلىرىنى خاتىرە تەرىقىسىدە باستۇرغاندۇق، ئۇنىڭ 1 ـ تومى پۈتۈپتۇ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كىتابخانا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرەي، تاپشۇرۇۋالارسىز. 2 ـ تومىنىڭ كوررېكتورى پۈتتى، مۇشۇ يىلنىڭ ئىچىدە تۈپلىنىپ بولىدۇ. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قالۇرسىز.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ، ھۆرمەت بىلەن:

شۈ

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كېچىدە





## ئىزاھلار:

(1) چيەن شۈەنتۇڭ (1887 — 1939) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشىن ناھىيىسىدىن، ياش ۋاقتىدا ياپونىيىدە ئوقۇغان؛ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسورلۇق قىلغان؛ «4 ـ ماي» ھەرىكىتى دەۋرىدە «يېڭى ياش» نىڭ تەھرىر بۆلۈم ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، يېزىق ئىسلاھاتىنى تەشەببۇس قىلغان.

(2) «يېڭى ياش» — «4 ـ ماي» دەۋرىدىكى مۇھىم بىر ژۇرنال بولۇپ، 1915 ـ يىل 9 ـ ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان؛ 1918 ـ يىلىدىن تارتىپ لى داجاۋ تەھرىرلىككە قاتناشقان، 1912 ـ يىل 7 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان. بۇ ژۇرنال ماركسىزمنى تەرغىب قىلاتتى.

(3) چىمېڭ يەنى جۇ زورېن، لۇشۈننىڭ ئىككىنچى ئۇكىسى. ئۇ ياش چېغىدا ياپونىيىدە ئوقۇغان، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسورلۇق قىلغان.

(4) بۇ يەردە «مېنىڭ ئەقىدە ۋە پىداكارلىق توغرىسىدىكى قارىشىم» دېگەن ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(5) «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، فېئودالىزمنى تىرىلدۈرگۈچى بەزى جاھىللار مەملىكىتىمىزنىڭ فېئوداللىق ئەخلاقىنى ۋە فېئوداللىق مەدەنىيىتىنى «مىللىي تەۋەررۇك» دەپ تەرىپلەپ، شۇنىڭ بىلەن باشقا بارلىق يېڭى شەيئىلەرنى يەكلىگەنىدى.

(6) «بىر چاغلاردا ئادەم قەلبىگە قىلتاق قويۇپ، ئادەم گۆشىنى سېتىپ يۈرگەن ئاغلاقچىنى يىگىتۋېشى قىلىشىۋاپتۇ» — بۇ يەردە ليۇ شىپېي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ چىڭ خانىدانلىقى دەۋرىدە جېجياڭ ۋە جياڭشىنىڭ ئەمرى رۇيفاڭغا پايلاقچى بولۇپ خىزمەت قىلىپ، رۇيفاڭغا، يۈەن شىكەيگە ئىنقىلابچىلارنى ئۆلتۈرۈشۈپ بەرگەن. ليۇ شىپېي ئالتە خانلىق ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغان؛ ئالتە خانلىق دەۋرىدە ياشىغان ليۇشيې «ئەدەبىياتنىڭ جەۋھىرىگە خال قويۇش» ناملىق بىر كىتاب يازغان. شۇڭا، لۇشۈن «ئادەم قەلبىگە قىلتاق قويۇش» دېگەن سۆز بىلەن ليۇ شىپېيغا دارىتقان.

يىگىتۋېشى — قەدىمكى زامانلاردا زىياپەت بولغاندا، ئابرۇيلۇق بىرەر

ئادەم مەيگە ئېغىز تېگىشنى باشلاپ بېرىشكە قويۇلاتتى، بۇنداق ئادەم «يىگىتۋېشى» دەپ ئاتىلاتتى. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، «يىگىتۋېشى» مەنسەپ ئىسمى بولۇپ قالغان.

(7) يۈەن شىكەي زامانى — بۇ يەردە يۈەن شىكەي ئۆزىنى پادىشاھ قىلىۋالغان مەزگىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(8) ئەۋلىيايىئەزەم، پىر ئۇستاز — كۇڭزىنىڭ سۇپەتلىرىدىن بىرى.

(9) فۇ سىنيەن — سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لياۋچېڭ ناھىيىسىدىن، «4 - ماي» دەۋرىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، «يېڭى دولقۇن» ژۇرنىلىنى تەھرىرلىگەن؛ كېيىن ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيىگە بېرىپ ئوقۇغان؛ 1926 - يىلى جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسورلۇق قىلغان؛ بۇ خەت 1919 - يىل 5 - ئايدا «يېڭى دولقۇن» نىڭ 1 - جىلد 5 - سانىدىكى «مەكتۇپلار» ئىستونىغا «〈يېڭى دولقۇن〉غا قىسمەن پىكرىم» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن بېسىلغان.

(10) «يېڭى دولقۇن» — ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال، 1919 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ چىققان، مەسئۇل مۇھەررىرى لو جيالۇن ۋە فۇ سېنيەن ئىدى.

(11) بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى سۆز. كەشىپ قىلىنغان خىمىيىۋى ئېلېمېنتلار ھازىر 100 خىلدىن ئاشتى.

(12) ئۈچ سۇلتان، بەش پادىشاھ — بۇ يەردە بۇرۇنقى زامان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(13) «قار كېچىسى» «يېڭى دولقۇن» نىڭ 1 - جىلد 1 - سانىغا بېسىلغان، «بۇمۇ ئادەم!» «مۇھەببەتمۇ ياكى رىيازەتمۇ؟» — بۇلار «يېڭى دولقۇن» نىڭ 1 - جىلد 3 - سانىغا بېسىلغان.

(14) «ۋىندىمىر خانىمنىڭ يەلپۈگۈچى» — سەھنە ئەسىرى، ئەنگلىيىلىك يازغۇچى ئوسكار ۋىلدى يازغان، جەنجياشۈن تەرجىمە قىلغان، «يېڭى دولقۇن» نىڭ 1 - جىلد 3 - سانىغا بېسىلغان.

(15) «شەپەق» — سەھنە ئەسىرى، گېرمانىيە يازغۇچىسى سۇدىرمان يازغان، سۇڭ چۇنفاڭ ئەدەبىي تىل بىلەن تەرجىمە قىلغان، «يېڭى دولقۇن» نىڭ 1 - جىلد 2 - سانىغا بېسىلغان.

(16) سۇڭ چۈنيى (؟ — 1942) — يەنە بىر ئىسمى جىفاڭ، جېجياڭلىق، لۇشۈننىڭ ئوقۇغۇچىسى، خاڭجۇدىكى «زۇڭۇېن» ئوتتۇرا مەكتىپىدە، خاڭجۇدىكى سەنئەت تېخنىكومىدا مۇئەللىملىك قىلغان، بۇ خەت 1941 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «مەدەنىيەت» ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 3 - سانىغا بېسىلغان.

(17) مۇدىر جياڭ — جېجياڭلىق؛ توكيودىكى ئالىي دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرگەن، جېجياڭ 1 - دارىلمۇئەللىمىنگە مۇدىر بولغان.





(18) خۇ شى (1891 — 1962) — يەنە بىر ئىسمى خۇ شىجى، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ جىشى ناھىيىسىدىن، ئامېرىكىدا ئوقۇغان، ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر پروفېسسورى، «يېڭى ياش» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئوڭ قانات ۋەكىلى ئىدى. كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان.

(19) خۇ شى «يېڭى ياش» نىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش غەرىزى بىلەن 1920 - يىل 12 - ئايدا چېن دۇشيۇغا ئۆز تەشەببۇسىنى بىلدۈرۈپ خەت يازغان. لۇشۈن قاتارلىق كىشىلەردىنمۇ پىكىر سورىغان. ئۇ ئۆز خېتىدە ئۈچ تۈرلۈك چارىنى ئوتتۇرىغا قويغان: (1) «يېڭى ياش» نىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ژۇرنالغا ئايلىنىپ قېلىشىغا يول بېرىپ، باشقا بىر پەلسەپە، ئەدەبىيات ژۇرنىلى چىقىرىش؛ (2) خىتابنامە چىقىرىپ، «يېڭى ياش» نىڭ سىياسىي مەسىلە ئۈستىدە گەپ قىلماي، پەقەت ئىلىم، ئىدىيە ۋە سەنئەت ئىسلاھاتىغىلا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش؛ (3) نەشرىدىن توختىتىپ قويۇش.

(20) ئۇنىڭ شۇ خېتىدە يەنە مۇنداق گەپلەرمۇ بار ئىدى: «ھازىر شاڭخەيدىكى ئۈلپەتلىرىمىز بۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايدىغاندەك تۇرىدۇ، جانابلىرى تېخىمۇ ئۇنىمايدىغاندەك تۇرىدىلا، چۈنكى باشقىلارغا ئۆزىمىزنى ئاجىز كۆرسىتىشنى خالىمايمىز دەپ ئويلىسىلا كېرەك. لېكىن، بېيجىڭدىكى سەپداشلىرىمىز شۇنداق خىتابنامە چىقىرىشنى لايىق كۆرمەكتە.»

(21) تەي جىڭنۇڭ — يەنە بىر ئىسمى بۇجيەن، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خاۋچيۇ ناھىيىسىدىن، «نامسىز تەھرىرات» نىڭ ئاساسىي ئەزالىرىدىن بىرى.

(22) شۋېتسىيىلىك سۋېنخېدىن ليۇ بەننۇڭ بىلەن كېلىشىپ، لۇشۈننىڭ «نوبېل مۇكاپاتى» نى قوبۇل قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ، تەي جىڭنۇڭ ئارقىلىق لۇشۈنگە خەت يازغانىدى. لۇشۈن قەتئىي رەت قىلىپ جاۋاب يازغان.

(23) نوبېل (1833 — 1896) — شۋېتسىيىلىك خىمىيە ئالىمى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نوبېل فوندى ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، بۇ ھەيئەت ھەر يىلى نوبېل ۋاپات بولغان كۈنى پەن ۋە ئەدەبىياتقا دائىر مۇكاپات تارقىتىشنى قارار قىلغان. بىرىنچى قېتىملىق نوبېل مۇكاپاتى 1901 - يىلى تارقىتىلغان.

(24) لياڭ چىچاۋ ئۆز ۋاقتىدىكى يېڭىلاش ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى، ياپونىيىگە قېچىپ بېرىپ، سۈن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك

ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشى چىققان.
(25) چېن خۇەنجاڭ — گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇەنشى ناھىيىسى-
دىن، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، كۇڭزى دىنىي ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ
رەئىس بولغان.
(26) دەي جىتاۋ (1890 — 1949) — گومىنداڭنىڭ سىياسەتۋازى،
كېيىن جياڭ جيېشىنىڭ ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلىشىغا مەدەتكار بولۇپ،
ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشىپ بەرگەن.
(27) ۋېي سۇيۇەن (1902 — 1932) — ئەنخۇيلۇق، تەرجىمان،
«نامسىز تەھرىرات» نىڭ ئەزاسى.
(28) «تەسۋىرىي سەنئەت پىكىر ئېقىمى توغرىسىدا» — يەنى «ھازىر-
قى زامان تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىي ئېقىمى توغرىسىدا»، بۇنى ياپونىيىلىك
بەنخېڭ يىڭسۇي يازغان، لۇشۈن تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمە ۋە قىستۇرما
رەسىملىرى ئاۋۋال «شىمال يېڭىلىقلىرى» ناملىق ژۇرنالدا داۋاملىق بېسىل-
غان.
(29) «تەپەككۇر، تەبىئەت مەنزىرىسى، پېرسوناژ» — ياپونىيىلىك
خېجيەن يۇفۇ يازغان، لۇشۈن تاللاپ تەرجىمە قىلغان.
(30) بۇ يەردە «ئىجادىيەت تەھرىراتى» نىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى ئەزا-
لىرى گو مورو، يۇ دافۇ، چېڭ فاڭۋۇ، لى چۇلى، فېڭ نەيچاۋ قاتارلىق
ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
(31) ۋېي سۇيۇەن بېيجىڭدىكى شىسەن تېغىغا جايلاشقان ئۆپكە كېسەل-
لىرى ساناتورىيىسىدە ئۇزۇنغىچە داۋالىنىپ ياتقانىدى.
(32) جاڭ تىڭچيەن — يەنە بىر ئىسمى ماۋچېن، تەخەللۇسى چۇەنداۋ،
جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىن ناھىيىسىدىن، ئىلگىرى «تىل رىشتىسى»
نىڭ قەلەم ئىگىلىرىدىن بىرى ئىدى.
(33) «نامسىز تەھرىرات» —لۇشۈن قۇرغان ۋە مەدەت بەرگەن ئەدە-
بىي تەشكىلات بولۇپ، 1925 ـ يىلى بېيجىڭدا قۇرۇلغان؛ «نامسىز مەجمۇ-
ئە» نى چىقارغان. «دەشت ـ باياۋان» ۋە «نامسىز» ناملىق يېرىم ئايلىق
ژۇرناللارنى چىقارغان، روسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەدەبىياتىنى تەرجىمە
قىلغان ۋە تونۇشتۇرغان.
(34) «قۇيۇن تەھرىراتى» — 1924 ـ يىلى بېيجىڭدا قۇرۇلغان
ئەدەبىي تەشكىلات بولۇپ، «قۇيۇن»، «قۇيۇن مەجمۇئەسى» قاتارلىق ئە-
سەرلەرنى نەشر قىلغان.
(35) «سەھەر غۇنچىسى تەھرىراتى» — 1920 ـ يىل 11 ـ ئايدا
لۇشۈن، رۇشى قاتارلىق بىرنەچچە ياش يازغۇچى بىلەن بىرلىكتە قۇرغان
ئەدەبىي تەشكىلات بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن «سەھەر غۇنچىسى» ناملىق





ھەپتىلىك ژۇرنال، 10 كۈنلۈك ژۇرنال ۋە «سەنئەت گۈلشىنىدىكى سەھەر
غۇنچىسى» ناملىق ژۇرنال چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياۋروپا ئەللى-
رىنىڭ ئەدەبىي ۋە تەسۋىرىي سەنئەت ئىجادىيەتلىرىنى تەرجىمە قىلغان،
تونۇشتۇرغان.
(36) خەيىڭ — لۇشۈننىڭ ئوغلى.
(37) سەي ئەپەندى، يەنى سەي يۈەنپېي (1868 — 1940) — يەنە
بىر ئىسمى سەي جۈيمىن، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىن ناھىيىسىدىن،
مائارىپچى.
(38) چياۋفېن يەنى جۇ جيەنرېن — لۇشۈننىڭ ئۈچىنچى ئۇكىسى،
بىئولوگىيە ئالىمى.
(39) باداۋان — بېيجىڭنىڭ غەربىي شەھىرىدە، لۇشۈن 1919 ـ
يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە ئولتۇرغان يەر. لۇشۈن كۆچۈپ كەتكەندىن
كېيىن جۇ زورېن داۋاملىق ئولتۇرۇۋەرگەن. شۇڭا بۇ يەردە «باداۋان»
دېگەن سۆز جۇ زورېننى بىلدۈرىدۇ.
(40) ساۋجىڭخۇا، يەنە بىر ئىسمى ليەنيا — خېنەن ئۆلكىسىنىڭ
لۇسى ناھىيىسىدىن، تەرجىمان؛ موسكۋادىكى شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈت-
تۈرگەن، موسكۋادىكى جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا، لېنىنگرادتىكى شەرق
ئىنستىتۇتىدا ۋە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان؛
1933 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بېيپىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى-
نىڭ قىزلار ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەن ئىنستىتۇتىدا، جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا لېكتور بولغان.
بۇ خەتنىڭ ئەسلىي كوپىيىسىنىڭ باش تەرىپى يوقالغان.
(41) «چۇشكۇن ئەدىب» — گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ لۇشۈنگە قىل-
غان ھاقارىتى. لۇشۈن 1930 ـ يىل 2 ـ ئايدا «جۇڭگو بۈيۈك ئەركىنلىك
ھەرىكىتى ئىتتىپاقى» نىڭ تەشەببۇسچىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەندىن كې-
يىن، گومىنداڭ جېجياڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى قورچاق مەركەزدىن
«چۇشكۇن ئەدىب لۇشۈن» نى تۇتۇش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىد-
رىشنى تەلەپ قىلغان؛ قورچاق مەركەز بۇ تەلەپنى تەستىقلاپ، تۇتۇش
توغرىسىدا ئومۇمىي مەخپىي بۇيرۇق تارقاتقان. شۇ چاغدا لۇشۈن ئۆز ئۆيى-
دىن باشقا يەرگە كېتىپ، ئۆزىنى ۋاقتىنچە دالدىغا ئالغان.
(42) «ئىجادىيەت تەھرىراتى» بىلەن «قۇياش تەھرىراتى» نىڭ قىسمەن
ئەزالىرى 1928 ـ يىلى چۇي چيۇبەينىڭ تەسىرى بىلەن «ئىنقىلابىي ئەدەبى-
يات» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.
(43) گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1930 ـ يىلى لۇشۈننى تۇتۇش توغرىسىدا
ئومۇمىي مەخپىي بۇيرۇق تارقىتىش بىلەن تەڭ، گېزىتلەردە پىتنە ـ ئىغۋا

پەيدا قىلىپ، لۇشۈنگە «ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان رۇبلىغا سېتىلغان» دەپ بوھتان قىلغان. ئۇنىڭ كەينىدىنلا لياڭ شىچيۇمۇ «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 9 - سانىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، سول قانات يازغۇچىلارغا «... لار پارتىيىسىدىن رۇبلى ئالدى» دەپ تۆھمەت قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنقىلابىي يازغۇچىلارغا زۇلۇم قىلىشىغا شۇ يول بىلەن باھانە تېپىپ بەرمەكچى بولغان.

(44) شاڭخەيدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بەزى ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر 1930 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدىكى «فرانسىيە كونسېسسىيىسى» دىكى بىر گوللاندىيە رېستورانىدا لۇشۈنگە ئاتاپ خاتىرە يىغىنى ئۆتكۈزگەن.

(45) ئىنىم — لۇشۈننىڭ ئۈچىنچى ئۇكىسى جۇ جيەنرېن.

سول قانات يازغۇچىلاردىن رۇ شى، يىڭ فۇ ۋە باشقىلار 1931 - يىل 1 - ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغاندا، لۇشۈن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىدىن ۋاقتىنچە چىقىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا «لۇشۈنمۇ قولغا ئېلىنىپتۇ» دېگەن ئىغۋا تارقالغان.

(46) گاۋ چاڭخۇڭ «نەشرىياتچىلار ساھەسىگە بارغىنىمدا» سەرلەۋھەلىك ماقالىسىدە لۇشۈنگە: «ئۆزىنىڭ تارىخىي كۈچىگە تايىنىپ، ياشلارنىڭ ئايىغى ئالدىدا يېتىۋېلىپ پۇتلىكاشاڭ بولۇش، يەنى دەۋرنىڭ چاقىنى ئارقىغا قايتۇرۇش نەيرەڭلىرىنى ئىشلەتمەكتە» دەپ ھۇجۇم قىلغان.

(47) Gladkov يەنى گلادكوف — سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى. ئۇنىڭ نامايەندە ھېكايىسى «Zement» (سېمېنت) نى دۇڭ شاۋمىڭ قاتارلىق كىشىلەر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان.

«سېمېنت» نىڭ قىستۇرما رەسىملىرى — بۇ يەردە گېرمانىيىلىك «مانفېرىدنىڭ سېمېنت ئۈچۈن تەييارلىغان ياغاچ ئويما رەسىملىرى» دېگەن كىتاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ كىتابنى لۇشۈن باسمىغا تەييارلاپ، 1931 - يىلى «ئۈچ بىكار» باسمىخانىسى نامىدىن ئۆز پۇلى بىلەن نەشر قىلغان.

(48) Fadejev يەنى فادېيېف — سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى. ئۇنىڭ نامايەندە ئەسىرى «تارمار» 1927 - يىلى نەشر قىلىنغان. لۇشۈن ئۇنى تەرجىمە قىلىپ، 1931 - يىلى «ئۈچ بىكار» باسمىخانىسى نامىدىن ئۆز پۇلى بىلەن نەشر قىلغان.

(49) لى بىڭجۇڭ — سىچۈەنلىك، ئەسلىي بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، كېيىن خۋاڭپۇ ھەربىي ئەمەلدارلار مەكتىپىگە كىرگەن، 1926 - يىلى س س س ر غا ئەۋەتىلگەن، ئۇ يەردە موسكۋادىكى سۇنياتسېن (جۇڭشەن) ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن، ئىككىنچى يىلى ياپونىيىگە بېرىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە جەھەتتە بىلىم ئالغان، 1932 - يىلى





ۋەتەنگە قايتىپ، گومىنداڭنىڭ نەنجىڭدىكى ھەربىي ئورگىنىدا تەربىيىچى بولغان.

(50) لۇ - خۇاڭنىڭ ئىشقىي سەۋداسى — ئۆز ۋاقتىدا خوجايىن لۇ گېنرۇڭ بىلەن خىزمەتكار خۇاڭ خۇيرۇنىڭ شاڭخەيگە پۈر كەتكەن مۇھەببەت ۋەقەسى.

(51) ماجىڭخۇانىڭ ئۆلۈشى — ما جىڭخۇا ئۆز ۋاقتىدا ئالدىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلگەن.

(52) شياۋ خانىم (شياۋ شىڭيەن) — ئەسلىي نەنجىڭدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى، كېيىن تەكلىپكە بىنائەن جەنۇبىي ئوكيانىيىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ماڭغاندا، گوللاندىيە پاراخوتىنىڭ ئىككى خادىمى باسقۇنچىلىق قىلغان.

(53) بۇ «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر تەدبىرى» ناملىق كىتابتىكى ھېكايە: بىر ەيلەن زېڭسېڭنىڭ ئانىسىغا «زېڭسېڭ ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇمىش» دېگەن بىر خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ، ئانىسى دەسلەپكى ئىككى قېتىمدا ئىشەنمەپتۇ، ئۈچىنچى قېتىمدا راست ئوخشايدۇ، دەپ ئىشىنىپ، قولىدىكى رەخت توقۇۋاتقان موكىسىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. لۇشۈن بۇ يەردە پىتنە - ئىغۋانىڭ يامانلىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

(54) بۇ سۆز ئەسلىي «خەن سۇلالىسى تارىخى. ۋاڭ جيانىڭ تەزكىرىسى» دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، غەيۋەتنىڭ يامانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(55) بۇ يەردە گەپ ئۆز ۋاقتىدا ياپونىيىدە تۇرغان لى بىڭجۇڭنىڭ لۇشۈننى ياپونىيىگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇشقا ئۈندەپ خەت يازغانلىقى ئۈستىدە بارىدۇ.

(56) زېڭتيەنشې — ياپونىيىنىڭ مەشھۇر جۇڭگو ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، ئۇ 1931 - يىل 3 - ئايدا شاڭخەيگە كېلىپ، بېيشەن ۋەنزاۋ ئارقىلىق لۇشۈن بىلەن تونۇشقان. شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن تارتىپ 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە لۇشۈن ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈچ سائەتچە ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆز ئەسىرى «جۇڭگو ھېكايىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى ۋە باشقا مەسىلىلەرنى زېڭتيەنشېغا ئۆز ئاغزى بىلەن ياپونچە سۆزلەپ بېرىشىپ بەرگەن؛ زېڭتيەنشې ياپونىيىگە قايتقاندىن كېيىن «جۇڭگو ھېكايىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن، گۇمانلىق مەسىلىلەر ئۇچرىغاندا، ئۇتتۇرلۇق خەت يېزىپ لۇشۈندىن سورىغان، لۇشۈن قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب يازغان.

(57) شەنبېن خانىم يەنى شەنبېن چۈجى — ياپونىيىلىك ناخشىچى، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ھەۋەسكارى. ئۇ 1931 - يىلى يازدا شاڭخەيگە كەلگەندە لۇشۈن بىلەن تونۇشقان، مەملىكىتىگە قايتقاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىغا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا لۇشۈندىن ياردەم سوراپ

خەت يېزىپ تۇرغان.

(58) جىيشەن ئەپەندى يەنى يەنگۈۋېن — ياپونىيىلىك خەنزۇ ئەدەبىياتشۇناس، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى، ئۇنىڭ «جۇڭگو ئەدەبىياتى توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار، ئۇ زېڭتيەنشىنىڭ ئۇستازى.

(59) مانجۇرىيە دۆلىتى — ياپونلار 1931 - يىلى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن پەيدا قىلغان قورچاق ھاكىمىيەت بولۇپ، 1932 - يىل 3 - ئايدا چاڭچۈندە قۇرۇلغان، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئورنىدىن قالدۇرۇلغان پادىشاھى فۇيىنى «ھاكىم» قىلىپ تىكلەپ، 1932 - يىل 3 - ئايدا «مانجۇرىيە پادىشاھلىقى» دەپ ئاتالغان؛ «ھاكىم» «پادىشاھ» قا ئۆزگەرتىلگەن، «كاڭدې» دەپ رۇزنامە بېرىلگەن.

(60) راھىب مەنشۇ، ئەسلىي ئىسمى سۇ شۈەنيىڭ (1884 — 1918) — شائىر، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇڭشەن ناھىيىسىدىن، ياپونىيىنىڭ خېڭبىن شەھىرىدە تۇغۇلغان، ياش ۋاقتىدا گاھىدا جۇڭگودا، گاھىدا ياپونىيىدە تۇرغان، «سۇمەنشۇ ئەسەرلىرى» توپلىمى بار.

(61) «گۇدۇڭ دوۋەن» — ياپون تىلىدا چىقىدىغان ژۇرنال، مەنىسى — شېرىن پاراڭ. بۇ ژۇرنال زوتېڭ چۈنفۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە چىققان.

(62) بۇ يەردە «گۇدۇڭ دوۋەن» نىڭ لۇشۈننىڭ «ئۈچ بىكار» باسمىخانىسى نامىدا ئۆز پۇلى بىلەن نەشر قىلغان، كارل مىفىرت ياغاچقا ئويغان «سېمېنتنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى» نى كۆچۈرۈپ باسقانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(63) ليەنتيەن ئەپەندى يەنى ليەنتيەن چىڭيى — شاڭخەيدىكى بېيشەن كىتابخانىسىنىڭ خادىمى.

(64) چۇشاڭ ئەپەندى — ئەسلىي ياپونىيىدە چىقىدىغان «كۈندىلىك شاڭخەي خەۋەرلىرى» نىڭ مۇخبىرى.

(65) «ئەدەبىيات فرونتى» ۋە تېكىستتىكى «پرولېتارىيات ئەدەبىياتى» — بۇلار ياپونىيىنىڭ سول قانات ئەدەبىي ژۇرنىلى.

(66) «ئەدەبىيات - سەنئەت ئاخباراتى» — سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ ھامىي ژۇرنىلى، ھەپتىلىك ژۇرنال، 1931 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، جەمئىي 60 سان چىققان.

«جۇڭگو ئەپكار مۇنبىرى» (China Forum) — 1933 - يىللىرى شاڭخەيدە چىققان ئىنگلىزچە ژۇرنال (كېيىن خەنزۇچە ھەم ئىنگلىزچە قوشما سان بولۇپ چىققان). ئۇنىڭ ئاساسچىسى ۋە مۇھەررىرى — ئامېرىكىلىق يەھۇدىي ئىساق.





(67) «مەرھۇم سادىق ۋاڭ جانابىنىڭ ئەسەرلىرى» — ۋاڭ گوۋېي ئەسەرلىرىنىڭ توپلىمى، جەمئىي تۆت توم، 1927 — 1928 - يىللىرى نەشر قىلىنغان.

(68) لۇشۈن ئۆز ۋاقتىدا ئۆزى پۇل جايلاپ، «ئۈچ بىكار» باسمىخانىسى دېگەن نام بىلەن كىتاب (مەسىلەن، «تۆمۈر ئېقىن»، «تارمار» ۋە «سېمېنتنىڭ رەسىملىرى» ناملىق ئويما رەسىملەر توپلىمى ۋە باشقىلار) نەشر قىلغان.

(69) كوراگان — پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى.

جاۋ جىڭشېن ئۆز ۋاقتىدا «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى ھەم شۇ نەشرىياتنىڭ دىرېكتورى، لى شياۋفېڭنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈن بۇ يەردە «كوراگان» دەپ كىنايە قىلغان. جاۋ جىڭشېن: چەت ئەل ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا «دۇرۇس بولۇپ راۋان بولمىغىنىدىن كۆرە، راۋان بولۇپ دۇرۇس بولمىغىنى تۈزۈك» دەپ قارىغان. لۇشۈن بۇنىڭغا «بىرنەچچە ‹راۋان› تەرجىمە»، «ئات - كالا قاچىرىقلىرى»، «تەرجىمە توغرىسىدا خەت» دېگەن ماقالىلىرىدە رەددىيە بەرگەن.

(70) ئالىم ليۇ — ليۇ بەننۇڭ. ئۇ فرانسىيىگە ئوقۇشقا بېرىپ، مەخسۇسلا تىل ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋەتەنگە «ئالىم» دېگەن ئۇنۋان بىلەن قايتقان.

(71) «ئەنياڭ قېزىلمىلىرى توغرىسىدا دوكلات» — ئەنياڭدىكى (يىڭ سۇلالىسى خارابىلىرىدىكى) ئاسارەتىقىلەرنى قېزىش ئىشىغا دائىر ماتېرىياللار بېسىلغان قەرەلسىز ژۇرنال؛ 1929 - يىل 12 - ئايدىن 1933 - يىل 6 - ئايغىچە جەمئىي تۆت سان چىققان.

(72) ۋېي سۇيۈەن 1932 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

(73) «شىنېل» — گوگول يازغان، ۋېي سۇيۈەن تەرجىمە قىلغان ئەسەر. «شىنېل» نى يەنى ھەربىي پەلتونى ھەدىيە قىلغانلىقى توغرىسىدا لۇشۈن «كونس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى، ۋېي سۇيۈەن ئەپەندىنى ئەسلەيمەن» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا بىر پارچە كىتاب تاپشۇرۇۋالدىم، ۋېي سۇيۈەن تەرجىمە قىلغان رەخت مۇقاۋىلىق ‹شىنېل›، ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپلا ئەھۋالنى چۈشەندىم - دە، تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى: بۇ ئۇنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن تەۋەررۈكىغۇ، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ۋاقتى - قەرەلى توشۇپ قالغانلىقىنى پەملىگەن ئوخشىمامدۇ؟»

(74) جېڭ ئەپەندى يەنى جېڭ جېندو (1898 — 1958) — تەخەللۇسى شىدى، يازغۇچى، ئەدەبىيات تارىخچىسى، «ھېكايىلەر ژۇرنى-

لى»، «ئەدەبىيات» ناملىق ژۇرناللارنى چىقارغان؛ «قىستۇرما رەسىملىك جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى»، «جۇڭگو ئېتنوگرافىيە تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(75) «ئاشىق - مەشۇقلار دۇرنامىسى» — رومان، مەزمۇنى ئەيش - ئىشرەت بىلەن تولغان، جەمئىي 60 باب، چىڭ دەۋرىدىكى چېن سېن يازغان.

(76) مىرشەپ — بۇ يەردە ئادەم تۇتىدىغان ساقچى، دېگەن مەنىدە.

(77) شياۋلىندو شىئېر (1903 — 1933) — ياپونىيىنىڭ ئىنقىلابىي يازغۇچىسى، كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان؛ 1931 - يىلى ياپونىيە كومپارتىيىسىگە كىرگەن؛ ياپونىيە «پرولېتارىيات يازغۇچىلىرى ئىتتىپاقى»نىڭ مەركىزىي ھەيئەت ئەزاسى ھەم سېكرېتارى بولغان؛ «سەرەتانچىلار كېمىسى» ناملىق رومانلارنى يازغان. ئۇ 1933 - يىل 2 - ئايدا ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن. لۇشۈن جاھانگىرلىككە قارشى خەلقئارا كۈرەشكە مەدەت بېرىپ، ياپون فاشىستلىرىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شياۋلىندو شىئېرنىڭ بالا - چاقىلىرىغا ئاتالغان بۇ تەسەللى تېلېگراممىسىنى يازغان. ياپونىيىدىكى جۇمو نەشرىياتى 1955 - يىل 4 - ئايدا «شياۋلىندو شىئېر» ناملىق كىتابنى نەشر قىلغاندا بۇ تېلېگراممىنى سېنىكىغا ئېلىپ باسقان.

(78) لى ليېۋېن — خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭتەن ناھىيىسىدىن. ئۆز ۋاقتىدا «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» سەھىپىسىنىڭ ۋە «ئوتتۇرا ئېقىن» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى ئىدى.

(79) لۇشۈن 1933 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ»غا ماقالە بېرىشكە باشلىغاندىن تارتىپ، كۆپىنچە «خې جياگەن» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغانىدى.

«تەخەللۇسۇمنى ئۆزگەرتىپ قويدۇم» دېگەن سۆزى «ئەركىن پاراڭ»دا «دىڭمىڭ» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلغان «دەردلىك ئاي» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىگە قارىتىلغان. 1933 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «ئەركىن پاراڭ»نىڭ مۇھەررىرى نائىلاج «مەملىكەت ئىچىدىكى مەشھۇر ئەدىبلەرگە مۇراجىئەت قىلىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىن گۈلشەن توغرىسىدا كۆپرەك يېزىڭلار» دەپ ئېلان چىقارغاندىن كېيىن، لۇشۈن تۈرلۈك تەخەللۇس بىلەن داۋاملىق ھالدا جەڭگىۋار فېلىيەتونلىرىنى ئېلان قىلىپ، دۈشمەنلەرگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان.

(80) ساۋ جۈيرېن — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇجياڭ ناھىيىسىدىن، ئۆز ۋاقتىدا جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋە «شاۋقۇن» ناملىق ھەپتىلىك ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئىدى.





(81) ۋېي جۇڭشيەن (1568 — 1627) — خېبېيلىك، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنچى يىللىرىدا ناھايىتى كۆرەڭلەپ كەتكەن ئاغۋات (ھەرەمبېگى) بولۇپ، ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىدىن پايدىلىنىپ قىرغىنچىلىق قىلغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 305 - جىلدىدىكى «ۋېي جۇڭشيەننىڭ تەزكىرىسى»گە قارىغاندا: «كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى خۇشامەت قىلىپ»، «جۇڭشيەنگە ئەل بولغان»، «پادىشاھلىق مەدرىسىنىڭ تالىپى ۋەنلىن ھەتتا جۇڭشيەننى كۇڭزىغا جور قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان».

(82) يۆ جۇڭ يەنى جېڭ جياۋ (1103 — 1162) — سۇڭ دەۋرىدىكى فۇجيەنلىك تارىخچى: «ئومۇمىي تارىخ»، «جياجىلىق مولىنىڭ تەۋەررۈك قولىيازمىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(83) تىڭلىن يەنى گۇ يەنۋۇ (1613 — 1682) — يەنە بىر ئىسمى نىڭرېن؛ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ كۇنشەن دېگەن يېرىدىن؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئالىم ھەم مۇتەپەككۇر؛ «كۈندىلىك بىلىم»، «ئالەمدىكى بەگلىك ۋە دۆلەتلەرنىڭ ياخشىلىقلىرى، نۇقسانلىرى توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(84) گوركىي (1868 — 1936) — س س س ر يازغۇچىسى.

(85) تەييەن يەنى جاڭ تەييەن (1869 — 1936) — ئەسلىي ئىسمى جاڭ يىڭلىن، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يۈجاڭ ناھىيىسىدىن؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىنقىلابچى، ئالىم، نۇرغۇن ئەسەر يازغان.

(86) ناسارالارنى جەبىرلەپ ئۆلتۈرگەن — مىلادىيىنىڭ 29 - يىللىرىدا ياۋروپادا بىر قىسىم ناسارا (ئەيسا دىنىدىكىلەر) جەبىر - زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن: بەزىسى دارغا مىخلانغان، بەزىسى كۆيدۈرۈلگەن، ھەتتا بەزىسى مەشىق مەيدانلىرىدىكى شىرلارغا يەم قىلىپ تاشلاپ بېرىلگەن.

(87) «گۈلنار» سەنئەت ئۇيۇشمىسى — ئۆز ۋاقتىدا سەنشى ئۆلكىسىنىڭ تەييۈەن شەھىرىدە قۇرۇلغان، ياغاچ ئويما سەنئىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيىتى.

(88) (89) ياڭ شىڭفۇ (1893 — 1933) — جياڭشىلىق؛ ئامېرىكىدا ئوقۇپ قايتقاندىن كېيىن شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتى سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھەم مەركىزىي تەتقىقات يۇرتىنىڭ مەسئۇل خادىمى ئىدى، 1932 - يىلى سۇڭ چىڭلىڭ، لۇشۈن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو خەلق ھوقۇقىنى قوغداش ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان ۋە ئىتتىپاقنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم مەسئۇل خادىمى بولغان، 1933 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شاڭخەيدە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ چاغلاردا ئەكسىيەتچىلەر، قارا ئىسىملىكتە يەنە 10 نەچچە ئادەم بار ئىكەن، شۇ قاتاردا لۇشۈنمۇ بار ئىكەن، دېگەن گەپنى

تارقىتىپ، جامائەت پىكرى پەيدا قىلغان.

(90) بۇ يەردە دىڭ لىڭنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى، ياڭ شىڭفۇنىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(91) لۇشۈن 1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شىمالىي سىچۈەن كوچىسىدىكى ھۆكۈمەت ياتاقخانىسىدىن سىگوتا كوچىسى (ھازىرقى سەنيىڭ كوچىسى) دىكى يېڭى قىتئە مەھەللىسى 9 ـ قورۇغا كۆچۈپ بارغان.

(92) زېڭ — × زېڭ جىنكې، جياڭشىلىق ئەدىب.

بۇ ماقالىدىكى «ئەلەڭگۈلۈك» نىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق: زېڭ جىنكې 1933 ـ يىل 2 ـ ئايدا «ئىككى يۇلتۇز» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمىنى چىقاردى، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆز ئەسىرىنى ماختاپ يېزىلغان، سۈي ۋەنچيۇ ئىمزاسى قويۇلغان «كىرىش سۆز» كىرگۈزۈلگەن. سۈي ۋەنچيۇ 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ «مەشئەل» ناملىق قوشۇمچە بېتىدە (ئىككىنچى كۈنى) ۋە «شېنباۋ» گېزىتىدە (ئۈچىنچى كۈنى) ھېلىقى «كىرىش سۆز» نى ئۆزىنىڭ يازغانلىقىنى رەت قىلىپ ئېلان چىقاردى. زېڭ جىنكېمۇ «شېنباۋ» گېزىتىدە (تۆتىنچى كۈنى) ئېلان چىقىرىپ، كىرىش سۆز «سۈي ئەپەندىنىڭ يازغان خېتىدىن ئۆزۈۋېلىش» نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان، دېگەن.

(93) جاڭ زىپىڭ جانابىنىڭ ئېلانى 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «يېڭى ئېقىم گېزىتى» گە بېسىلغان. بۇ ھەقتە «ساختا ئەركىنلىكنامە. خاتىمە» گە قارالسۇن.

(94) لۇشۈننىڭ بۇ ماقالىسى كېيىن 1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىگە بېسىلغان «يوغان گەپنىڭ كەم سۇندۇرۇلۇشى» دېگەن ماقالىدىن ئىبارەت.

(95) «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتى — 1932 ـ يىل 2 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان كەچكى گېزىت بولۇپ، دەسلەپتە تەتقىقاتچىلار تەركىبىدىكى گېزىت ئىدى، كېيىن كۇڭ شياڭشىغا سېتىلغان، 1949 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نەشردىن توختىغان.

(96) ياڭ سۇڭرېن (1901 — 1955) — گۇاڭدۇڭلۇق، ئۇ 1928 ـ يىلى «قۇياش تەھرىراتى» غا قاتناشقان.

(97) سۈي ۋەنچيۇ — سەندۇڭلۇق، ئۆز ۋاقتىدىكى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتى قوشۇمچە سەھىپىسىنىڭ مۇھەررىرى.

(98) زېڭ بايۋەيچە (1901 — 1971) — ئەسلىي ئىسمى زېڭ جىنكې. ئۇ «يېڭى دەۋر» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئىدى.

زېڭ جىنكې 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «يېڭى ئېقىم گېزىتى» دە «زېڭ جىنكېنىڭ ئېلانى» نى چىقىرىپ، «پېقىر يېقىندا شاڭخەي-





دىن ساياھەتكە يۇرمەكچىمەن ۋە يازغۇچىلىق ئىشىدىن قول ئۈزمەكچىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ ماڭا قىلغان بوھتان ۋە تۆھمەتلىرىگە پىسەنت قىلمايمەن» دەپ بايانات ئېلان قىلغان.

(99) جاڭ جاناب يەنى جاڭ زىپىڭ (1893 — 1959) — گۇاڭدۇڭلۇق. ئۇ دەسلەپتە «ئىجادىيەت تەھرىراتى» غا قاتناشقان.

(100) خۇ جىنشۈي — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ ناھىيىسىدىن، ئۆز ۋاقتىدا جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ شەھىرىدە گېزىت مۇھەررىرى ئىدى.

(101) «ئۈچ بىكار» توپلىمى — لۇشۈن فېليەتونلىرىنىڭ توپلىمى، بۇنىڭغا 1927 ـ يىلدىن 1929 ـ يىلغىچە يېزىلغان 34 پارچە فېليەتون كىرگۈزۈلگەن، 1932 ـ يىل 9 ـ ئايدا شاڭخەي «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(102) «ئالا كۆڭۈل» توپلىمى — لۇشۈن فېليەتونلىرىنىڭ توپلىمى، بۇنىڭغا 1930 ـ يىلدىن 1931 ـ يىلغىچە يېزىلغان 34 پارچە فېليەتون كىرگۈزۈلگەن، 1932 ـ يىل 10 ـ ئايدا شاڭخەيدىكى «قوشما» باسمىخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(103) لۇشۈن «ئۈچ بىكار» توپلىمىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق يازغان: «بالايىئاپەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قېچىپ كەلدىم دەپ گۇاڭدۇڭدىن كېلىپ، مېنىڭ ئۆيۈمگە چۈشكەن لياۋ ئەپەندىمۇ ئاخىر ماڭا زەردە بىلەن: ‹مېنىڭ دوستلىرىم، شۇنداق ئادەم بىلەن بىر يەردە تۇرىدىكەنسەن دەپ، مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئارىغا ئالمايدىغان بولۇپ قالدى› دېگەنىدى.» لياۋ ئەسلىدە لۇشۈننىڭ شيامېندىكى ئوقۇغۇچىسى لياۋ لىئاۋ ئىدى.

(104) «شاللاق» — ھولولوپ، شاللاق دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە فادېيېفنىڭ «تارمار» ناملىق رومانىنىڭ خەنزۇچە ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىسمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(105) OO — بۇ يەردە «سول قاناتلار ئىتتىپاقى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(106) تاۋ كاڭدې — ئۆز ۋاقتىدا «مۇھاكىمە» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالدا تەھرىرلىك قىلغان؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە خائىن بولۇپ كەتكەن.

(107) «ئاندىرون» يەنى «توغرا يولدا ماڭمايدىغان ئاندىرون» — سوۋېت ئىتتىپاقىلىق نېۋىروفنىڭ پوۋېستى، ساۋ جىڭخۇا تەرجىمە قىلغان، 1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا شاڭخەيدە «ياۋا گىياھ» باسمىخانىسى نەشر قىلغان.

(108) «41» يەنى «41نچى» — سوۋېت ئىتتىپاقىلىق لاۋرېنېف يازغان، ساۋ جىڭخۇا تەرجىمە قىلغان، كېيىن «نامسىز تەھرىرات» نەشر قىلغان.

(109) «تۆمۈر ئېقىن» — سوۋېت يازغۇچىسى سىرافىموۋىچ (1863 — 1949) نىڭ رومانى، ئۇنىڭدا گراژدانلار ئۇرۇشى دەۋرىدە بىر تۈركۈم پارتىزانلارنىڭ كۈرەشتە ئۆسكەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. ساۋ جىڭخۇانىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى ئەسلىدە لۇشۈن «ئۈچ بىكار» باسمىخانىسى نامىدا ئۆز پۇلى بىلەن نەشر قىلدۇرغان، كېيىن «نۇرلۇق جۇڭگو» باسمىخانىسى قايتا نەشر قىلغان. بۇ يەردىكى «تۆمۈر ئېقىن» نىڭ كىرىش سۆزى دېگەن سۆزدە ئەسلىي ئاپتورنىڭ 1933 - يىل 4 - ئايدا خەنزۇچە تەرجىمىسى ئۈچۈن قوشۇمچە يازغان كىرىش سۆزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، 1 - نەشرىدە بۇ كىرىش سۆز مەتبەئەگە ئۈلگۈرمىگەن.

(110) بۇ يەردە گومىنداڭ ھەربىي كومىتېتىنىڭ ئىلغار كىتاب - ژۇرناللارنى مەنئى قىلىش تەدبىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1933 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 4841 - نومۇرلۇق مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنى پۈتۈنلەي مەنئى قىلغان.

(111) «ئازاد قىلىنغان دون،كىخوت» — سوۋېت ئىتتىپاقىلىق لۇناچارسكىينىڭ سەھنە ئەسىرى، 1934 - يىل 4 - ئايدا شاڭخەي «ئىتتىپاق جۇڭگو» باسمىخانىسى نەشر قىلغان.

(112) ياغاچ ئويما — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياغاچ ئويمىچىلىرى ئىشلىگەن 56 پارچە ئويما رەسىم.

(113) بۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ياغاچ ئويمىچىلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(114) ياۋ كې، يەنە بىر ئىسمى شىڭنۇڭ — جېجياڭلىق، تەرجىمان، دراماتورگ، ئىلگىرى ئىنگلىزچە «جاھان» ژۇرنىلىنى چىقارغان ھەمدە «چولپان» كىنو فىلىم شىركىتى سېنارىيە ھەيئىتىنىڭ ياردەمچى مۇدىرى بولغان، ئېدگار سنوغا ياردەملىشىپ، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

(115) بۇ يەردە ئېدگار سنو يازغان «لۇشۈن تەزكىرىسى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئېدگار سنو (Edgar Snow) — ئامېرىكىلىق مەشھۇر مۇخبىر ۋە يازغۇچى، 1905 - يىلى مىسسۇرى شتاتىنىڭ كانزاس شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1927 - يىلى ئاخباراتچىلىق خىزمىتىگە كىرىشكەن، 1928 - يىلى جۇڭگوغا كېلىپ، شاڭخەيدە «مىللىر ئەپكارى» گېزىتىدە ياردەمچى مۇھەررىر بولغان، 1930 - يىلى بىرلەشكەن گېزىتچىلىك جەمئىيىتىنىڭ مۇخبىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا مۇخبىرلىق قىلىپ بارغان، جۇڭگو خەلقىگە دوستانە ھېسسىياتتا بولغان. «جۇڭگو ئاسمىنىدىكى قىزىل يۇلتۇز» (Red Star Orer China) يەنى «غەرب ساياھىتى خاتىر-





سى») ناملىق كىتابنى يېزىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە تونۇشتۇرغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگوغا ئۈچ قېتىم زىيارەتكە كەلگەن، 1972 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شۋېتسارىيىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

(116) شى جېيسۇن — جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇڭجياڭ ناھىيىسىدىن، ئەدىب، «ھازىرقى زامان» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان.

(117) «ئۈچىنچى خىل ئادەم» — 1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان، ئۆزىگە «سولمۇ ئەمەس، ئوڭمۇ ئەمەس» «ئۈچىنچى خىل ئادەم»، «ئەركىن ئادەم» دەپ تەمەننا قىلغان ئەدىبلەر. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسەتتىن خالىي تۇرىدۇ، دەيدىغان سەپسەتىنى تەرغىب قىلىپ، سول قانات ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىگە ھۇجۇم قىلغان. سۇۋېن (دۇخېڭ) قاتارلىق ئادەملەر ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى.

(118) بۇ يەردە لۇشۈن بىلەن شى جېيسۇن ئوتتۇرىسىدا بولغان «‹جۇاڭزى› ۋە ‹تاللانما›» توغرىسىدا بولغان مۇنازىرە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شى جېيسۇن «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانما» «ياشلارنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتە تەلىم ئېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ» دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. لۇشۈن «3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى ئەسلىمىلەر»، «‹ئەسلىمە› دىن كېيىن (1)»، «‹ئەسلىمە› دىن كېيىن (2)»، «بىكار بولۇپ چىقتى»، «‹قوشۇمچە ئىشارەت› كە جاۋاب» (بۇلار كېيىن «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە» گە كىرگۈزۈلگەن) دېگەن فېليەتونلارنى يېزىپ مۇنازىرىلەشكەن.

(119) جۇاڭزى — فامىلىسى جۇاڭ، ئىسمى جۇ، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە سۇڭ دۆلىتىنىڭ مېڭ دېگەن يېرىدە (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭچيۇ ناھىيىسىدە) تۇغۇلغان، پەيلاسوپ.

«جۇاڭزى» — 33 پارىلىق كىتاب. ئۇنىڭ «ئىچكى پارە» سەرلەۋھىلىك يەتتە پارىسىنى جۇاڭ جۇنىڭ ئۆزى يازغان دەپ قارىلىپ كەلمەكتە؛ «تاشقى پارە» سەرلەۋھىلىك 15 پارىسىنى، «تۈرلۈك پارە» سەرلەۋھىلىك 11 پارىسىنى كېيىنكى چاغلاردا تەرەققەتچىلەر توقۇغان دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

(120) «تاللانما» — لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پادىشاھ جاۋمىڭنىڭ شاھزادىسى شياۋتۇڭ رەتلىگەن، جەمئىي 60 جىلد؛ ئۇنىڭغا چىن، خەن ۋە چى، لياڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى شېئىر، غەزەللەر كىرگۈزۈلگەن.

(121) S ئەپەندى — ئېدگار سنو.

(122) چېڭنىڭ تەنقىدى — بۇ يەردە چېڭ فاڭۋۇنىڭ لۇشۈننىڭ «چۇقان» ناملىق توپلىمىنى «ھېچقانچە قىممىتى يوق» دەپ تەنقىدلىگەنلىكى

كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(123) Sato— زوتېڭ چۇنفۇ (1892 — 1964)، ياپونىيىلىك شائىر، رومان يازغۇچى.

(124) شۈي ماۋيۇڭ (1910 — 1977) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاڭيۇ ناھىيىسىدىن، يازغۇچى، «يېڭى ئىبارىلەر» قاتارلىق ژۇرناللارنى تەھرىرلىگەن.

(125) بۇ يەردە شۈي ماۋيۇڭ بىلەن خەن شىخېڭنىڭ «رېئاللىقنى چۈشىنىش» ۋە «بەدىئىي ئىپادىلەش» توغرىسىدىكى مۇنازىرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(126) شانىن — روسىيىلىك يازغۇچى ئارسىپاشېفنىڭ «شانىن» ناملىق ھېكايىسىدىكى باش قەھرىمان.

(127) «دۇنيا تارىخى كۇرسى» — روسىيىلىك ي. م. بوچاروف ۋە باشقىلار يازغان.

(128) ۋاڭ شياۋلەي — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چېڭشيەن ناھىيىسىدىن. ئۇ شاڭخەي باش سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان، ئۆز ۋاقتىدا لۈكچەكلەر باشلىقى ئىدى.

(129) ياپونىيىدىكى Hayk (يەنى پەن) نەشرىياتى.

(130) براندېس — دانىيىلىك ئەدەبىي تەنقىدچى ۋە ئەدەبىيات تارىخچىسى. ئۇنىڭ نامايەندە ئەسىرى «XIX ئەسىر ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى» بولۇپ، جەمئىي ئالتە توم، 1872 - يىلىدىن 1890 - يىلىغىچە نەشردىن چىققان.

(131) يەنى «سوتسىيالىستىك رېئالىزم مەسىلىسى».

(132) شياۋ زېڭيۇ (1865 — 1924) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭيەن ناھىيىسىدىن، گۇاڭشۈي يىللىرىدىكى ئۆلىما، ئۇ مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تەن ستۇڭ، لياڭ چىچاۋ قاتارلىق ئادەملەر بىلەن بىللە يېڭىلىق ھەرىكىتىنى تەرغىب قىلغان. «جۇڭگو تارىخىدىن دەرسلىك» دېگەن ئەسەرنى يازغان، ئۇنىڭدا قەدىمكى زاماندىن تارتىپ سۈي سۇلالىسىغىچە يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ نامى كېيىن «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

(133) «مېتال ۋە تاش تەۋەررۇكلىرى توپلىمى» — چىڭ دەۋرىدىكى ۋاڭ شۈي رەتلىگەن 160 جىلدلىق كىتاب بولۇپ، ئۈچ خانىدانلىق دەۋرىدىن تارتىپ سۇڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە خەت ئويۇلغان 1500 پارچىدىن ئارتۇق مېتال ۋە تاش يازمىلار رەتلەپ كىرگۈزۈلگەن.

(134) «مېتال، تاش خاتىرىلىرى» — چىڭ دەۋرىدىكى فېڭ يۈنپېڭ، جېڭ يۈنيۈەن رەتلىگەن. ئۇنىڭدا تارىختا بارلىققا كەلگەن قوڭغۇراق، داڭـ





قان، ئىسرىقدان ۋە قەبرە تېشى ھەم خىشلاردىكى رەسىم - گۈللەر تەتقىق قىلىنغان.

(135) «ھازىرقى زامان» — «ئۈچىنچى خىل ئادەم» لەردىن بولغان شى جيېسۇن، دۇخېڭ (سۇۋېن) تەھرىرلىگەن ئەدەبىي ژۇرنال، 1932 - يىل 5 - ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان.

(136) S خانىم — ھايرون فوستىر، تەخەللۇسى نىم ۋېرىس. ئۇ 1932 - يىلى ئېدگار. سنو بىلەن تۇرمۇش قۇرغان، «غەرب ساياھىتى خاتىرىسىنىڭ داۋامى» نىڭ ئاپتورى.

(137) چوڭ تاۋكا — زور كۆلەملىك قىمار. ياپونىيە يازغۇچىسى گۇ چىرۇڭ يىلاڭ شاڭخەيگە ساياھەتكە كەلگەندە، قىمارخانا ۋە پاھىشىخانىلارغا بېرىپ تاماشا قىلغان، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن جۇڭگونى پاھىشىۋازلار، قىمارۋازلار دۆلىتى دەپ تەسۋىرلىگەن. شۇڭا لۇشۈن بۇ يەردە ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگەن.

(138) 1934 - يىل 2 - ئايدا لۇشۈن ياپونىيىدە چىقىدىغان «تەمىرات» ژۇرنىلىدا «تۇرمە توغرىسىدا»، «ھىدايەت»، «ئوت» دېگەن ئۈچ پارچە قىسقا ماقالىسىنى (يەنى كېيىن «كونس. بوتكىسى فېلىيەتونلىرى» غا كىرگۈزۈلگەن «جۇڭگودىكى بەزى ئىشلار توغرىسىدا» نى) ئېلان قىلدى. 3 - ئايدا ئەدىب جاڭ كېبياۋ «تۇرمە توغرىسىدا» نى تەرجىمە قىلىپ، شاۋ شۇنمېي، جاڭ كېبياۋ تەھرىرلىكىدىكى «ئادەم سۆزى» نىڭ 1 - جىلد 3 - سانىدا ئېلان قىلدى، ئۇلار ئاۋۋال تەرجىماننىڭ ئىلاۋىسىدە، كېيىن تەھرىر ئىلاۋىسىدە: «لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى يېقىندىن بۇيان مەنئىي قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ماقالە ياپونچىدىن تەرجىمە قىلىنغاچقا، ھەربىي سوئال - سوراقتىن خالىي بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، بىزنىڭ بۇ ماقالىنى بېسىشتىن مەقسىتىمىز، بۇ ماقالىنىڭ گۈزەل يېزىلغانلىقى ياكى مۇھاكىمىلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئەمەس، بەلكى ئۆز مەملىكىتىدە تەقىب قىلىنغانلىقتىن چەت ئەللىك نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ باشپاناھلىقىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ مىسالىنى كۆرسىتىپ بېرىش» دەپ بوھتان ۋە زىيانكەشلىك قىلغان.

(139) بۇ يەردە سنو تەرجىمە قىلغان «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» نىڭ قىستۇرما رەسىملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(140) بىرلا ئادەم — ۋېي مېڭكې.

(141) ياڭ جىيۇن — جياڭسۇلۇق، ئۆز ۋاقتىدا فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان؛ 1934 - يىلى لۇشۈننىڭ باشقا توپلاملارغا كىرمەي قالغان ئەسەرلىرىنى توپلاپ، «توپلام سىرتىدىكى توپلام» قىلىپ نەشر قىلغان.

(142) «لاۋزى»، «جۇاڭزى» — چۇنچيۇ دەۋرىدە يېزىلغان ئەقىدە
كىتاب ـ نامەلىرى.
(143) «خەلقىئالەم» — لىن يۇتاڭ، تاۋ كاڭدې، شۈيۇلەر تەھرىرلىـ
كىدە 1934 — 1935 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان ئەدەبىي ژۇرنال.
(144) بۇ يەردە جۇ زورېننىڭ 50 ياشتا يازغان «50 ياشقا كىرىشىم
مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز بايانىم» دېگەن شېئىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
(145) «رادئوم توغرىسىدا»، «سپارتانىڭ روھى» نى «توپلام سىرتىـ
دىكى توپلام» دىن كۆرۈڭ. «زېمىن ساياھىتى» ۋە «ئايغا ساياھەت» ئەسلى
فرانسىيىلىك ۋېرنا يازغان ئىلمىي فانتازىيە ھېكايىلىرى.
(146) بۇ يەردە «كونىنى سېغىنىش» سەرلەۋھىلىك ماقالە كۆزدە
تـۇتۇلىدۇ. ئۇ ئەسـلىدە 1911 ـ يىلى قـىـشتا يـېزىلىپ، 1913 ـ يىل
4 ـ ئايدا نەشرىدىن چىققان «ھېكايىلەر مەجمۇئەسى» نىڭ 4 ـ جىلد 1 ـ
سانىغا بىرىنچى قېتىم جۇجاۋ دېگەن تەخەللۇس بىلەن بېسىلغان. بېسىش
ۋاقتىدا شۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى يۈن شۇيۇي (يۈن تيېچياۋ) ئىلاۋە
بەرگەن.
(147) لۇشۈن 1926 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شۈي گۇاڭپىڭغا
يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ھاياتىم باشقىلارنىڭ ماقالىسىنى
تۈزىتىش، كۆرۈپ بېرىش، تەھرىرلەش، سېلىشتۇرۇش بىلەن پەجمۇردە
بولۇپ كەتتى؛ شۇ ئىشلاردا ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغانلار ئاز ئەمەس،
لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خوجايىنلىق قىلىۋاتىدۇ،
كۆڭلىگە سەل ـ پەل ياقماي قالسا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەيىبلەيدۇ.»
(148) ليۇ خەنيى يەنى ليۇ جىڭگەن — چىڭ دەۋرىدىن قالغان مويسىـ
پىت. ئۇ «خەيرىيەتخانا مەجمۇئەسى»، «مەغپىرەتخانا مەجمۇئەسى» قاتارلىق
كىتابلارنى باستۇرغان، بۇ كىتابلارنىڭ بەزىسى چىڭ خانىدانلىقى مەنئى
قىلغان كىتابلار.
(149) بۇ يەردە كېيىن «توپلام سىرتىدىكى توپلام» غا كىرگۈزۈلگەن
«‹مۇزىكا›» سەرلەۋھىلىك ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۈي جىمو — «يېڭى
ئايچى» شائىر.
(150) باۋ تيەنشياۋ (1876 — 1973) — «قوشماق ئۆردەك ۋە جۇپ
كېپىنەك» چى ئاساسىي يازغۇچىلارنىڭ بىرى.
(151) ئارون پوئې (1809 — 1849) — ئامېرىكىلىق شائىر،
ھېكايىچى، ئۇنىڭ «قارا مۈشۈك» قاتارلىق ھېكايىلىرى بار.
(152) بۇ يەردە «تەر ۋە قان» ناملىق ئايلىق ژۇرنالنىڭ 2 ـ جىلد
3 ـ سانىدا (1933 ـ يىل 12 ـ ئايدا) بېنجۈن ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان
«مىڭ دەۋرىدىكى تۆرىلەرنىڭ تېگى پەسلەرنىڭ چىشىغا تەگكەنلىكى ۋە دۆلەتـ





نىڭ ھالاك بولۇشىغا زامىن بولغان جىنايىتى» سەۋلەۋھىلىك ماقالە كۆزدە
تۇتۇلىدۇ. بۇ ژۇرنال پەن گۇڭجەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىققانىدى.
(153) «ئىتتىپاق جۇڭگو» — بۇ باسمىخانا لۇشۈننىڭ «گۈلشەن
پاراڭلىرىغا ئىستىئارە»، «تاغدىن ـ باغدىن» قاتارلىق توپلاملىرىنى نەشر
قىلغان.
(154) «خۇ شى ئەسەرلىرىدىن تاللانما» — خۇ شىنىڭ ئۆز تاللانمىـ
سى، 1933 ـ يىلى شەرقىي ئاسىيا باسمىخانىسى نەشر قىلغان.
(155) «تۈتىنىڭ ھىكايىسى» — س س س ر دا نەشر قىلىنغان ھىندى
ھېكايىلىرى.
(156) لـۇشۈن 1931 ـ يىلىدىن 1933 ـ يىلىغىچە ئۆز ۋاقتىدا س
س س ر دا ئولتۇرۇشلۇق ساۋ جىڭخۇانىڭ ۋاستىسى بىلەن س س س ر
ياغاچ ئويمىچىلىرىنىڭ 100 پـارچىدىـن ئـارتۇق ئـويما رەسىملىرىنى
تـوپلىغان. 1934 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇلاردىن 60 پارچىنى تاللاپ، «ئەقىل
چىللىغۇچى» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن ئۆزى چىقىم قىلىپ، «ئۈچ بىكار»
باسمىخانىسى نامىدىن نەشر قىلغان. بۇ كىتابنى نەشر قىلىشنىڭ مەقسىتى
توغرىسىدا لۇشۈن «‹ئەقىل چىللىغۇچى› غا خاتىمە» دە مۇنداق يازغان:
«دائىم شۇنداق ئويلايمەنكى، مۇشۇنداق ئەسلىي نۇسخىدىكى ياغاچ ئويما
رەسىملىرىدىن 100 پارچىدەك توپلىغانلار جۇڭگودا پەقەت مەنلا بولسام
كېرەك، بۇلارنى ساندۇقۇمدا ساقلاپ كەلگەنلىكىم ئاپتورلىرىنىڭ ياخشى
نىيىتىنى يەردە قالدۇرغانلىق بولماسمۇ؟ بۇلارنىڭ بىر قىسمى يوقىلىپ
كەتتى، بىر قىسمى ئۇرۇش ئاپىتىگە يولۇقتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ھايات
ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئەتىلىكىگە كۆز يەتكۈزەلمەيۋاتىدۇ، بۇ رەسىملەر ئۆزۈم
بىلەن بىللە يوقىلىپ كەتسە، ماڭا گويا جېنىمدىن ئايرىلغاندىنمۇ قاتتىق
ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە، ئارىسالدىلىق ئىچىدە يېڭى يىلمۇ
ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ياش سەنئەت ھەۋەسكارلىرىغا ۋە ياغاچ ئويما
ھەۋەسكارلىرىغا يادىكار بولۇپ قالسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن 60 پارچىسىنى
تاللاپ كۆچۈرۈپ بېسىش قارارىغا كەلدىم.»
(157) بۇ ھەقتە 139 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.
(158) ئېروشىنكو (1889 — 1952) — روسىيىلىك ئەما شائىر،
دۇنيا تىلىدا ۋە ياپون تىلىدا بىرقانچە چۆچەك يازغان؛ 1921 ـ يىلى
ياپونىيىدىن جۇڭگوغا كېلىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دۇنيا تىلى ئوقۇتقۇـ
چىسى بولغان، شۇ چاغدا لۇشۈن بىلەن تونۇشقان، لۇشۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىـ
نى تەرجىمە قىلغان.
(159) لۇشۈن «قەبرە، بۇرۇت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە ئۆز
ۋاقتىدىكى ئەكسىيەتچى ئەدىبلەرنىڭ بوھتانلىرىغا پەشۋا بېرىپ: ئۇلار «ماڭا

ياپون قىزىنى ئەمرىگە ئالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ياپونلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، جۇڭگونى ھاقارەتلەپ، جۇڭگونىڭ يامان تەرەپلىرىنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ، دېيىشمىگەنمىدى؟ مەن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ بىرنەچچە كەمچىلىكىنىلا كۆرسەتكەنىدىم، شۇنىڭ كاساپىتى بىلەن مېنىڭ ‹خوتۇنۇم› نىڭ دۆلەت تەۋەسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىشتى، ھازىرچۇ، ھازىرقىسى ياپونىيە بىلەن ئالاقىدار مەسىلىغۇ؟» دەپ يازغانىدى.

(160) بۇ ھەقتە 153 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

(161) «يېڭى جەمئىيەت» — يېرىم ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال، يـۇ سۇڭخۇا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەھرىرلىكىدە 1931 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ چىققان.

(162) «ئەقىل چىلىلىغۇچى» — بۇ ھەقتە 156 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

(163) «ياغاچ ئويمىچىلىقنىڭ تەرەققىيات جەريانى» — لۇشۈن يېڭىدىن ئەۋج ئېلىۋاتقان ياغاچ ئويمىچىلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ياش ئاپتورلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن ئۆزى تالالاپ رەتلىگەن ياغاچ ئويمىلار توپلىمى بولۇپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن بېسىپ تارقاتقان.

(164) كوللوتىپ، ئىنگلىزچە Collotype— فوتولۇق مەتبەئەنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا قېلىن قوتۇر ئەينەك بەت ماتېرىيالى قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، «ئەينەك بەت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(165) بۇ يەردە قەغەزنى تاش بىلەن سۈرۈپ سىلىقلاش دېگەن مەنىدە.

(166) لاۋلىيەن — مىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى رەسسام چېن خۇڭشۇي (1598 — 1652) نىڭ تەخەللۇسى. ئۇنىڭ «سۇ بويىدا» ناملىق جەڭنامىگە ئاتاپ سىزغان رەسىملىرى لياڭشەن كېچىكىدىكى 40 نەپەر قەھرىماننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(167) سەي ئەپەندى — سەي يۈەنپېي.

(168) «قەدىمكىلەرنىڭ سەھىپىلىرى» — چېن خۇڭشۇي ئاخىرقى ئۆمرىدە سىزغان تارىخىي ئادەملەرنىڭ رەسىم سەھىپىلىرى، جەمئىي قىرىق سەككىز ئادەمنىڭ رەسىمى سىزىلغان.

(169) ۋۇلياڭ مازىرىدىكى سىزما رەسىملەر — شەرقىي خەن دەۋرىدىكى رەسىم سىزىلغان تاش.

(170) گۇ كەيجى (344 — 405) — شەرقىي جىن دەۋرىدىكى رەسسام.

«ئايال مىرزىنىڭ ئىنشاسىغا دائىر رەسىملەر» — گۇ كەيجى جىن دەۋرىدىكى جاڭ خۇانىڭ «ئايال مىرزىنىڭ ئىنشاسى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىگە ئاساسەن سىزغان رەسىم.

(171) «پادىشاھ يارلىقلىرىنىڭ ئىزاھلىق رەسىملىرى» — چىڭ





دەۋرىنىڭ كاڭشى 20 ـ يىلى لياڭ يەننيەن رەتلىگەن؛ ئۇ كاڭشىنىڭ 9 ـ يىلى (1670 ـ يىلى) ئېلان قىلىنغان «ۋاپادارلاردىن بولۇشقا دەۋەت قىلىش، نەسلى ـ نەسەپكە ئەقىدە باغلاش...» دېگەن مەزمۇندا ئېلان قىلىنغان 16 پارچە «پادىشاھ يارلىقى» غا ئاساسەن رەسىم ۋە ئىزاھات كىرگۈزۈپ ئىشلىگەن، جەمئىي 20 جىلد. لۇشۈن بۇ يەردە مىڭ دەۋرى دەپ سەۋەن يازغان.

(172) ھەيكەل — قەدىمكى زاماندا ئۆلگەنلەرگە ئىسقات قىلىپ بىللە دەپنە قىلىدىغان ھەيكەل؛ ئادەتتە ياغاچ ياكى ساپالدىن ياسىلىدۇ؛ بۇنداق ھەيكەللەر خەن، تاڭ دەۋرىدىن قالغان قەبرىلەردە ناھايىتى كۆپ.

(173) «مۇناجاتلارنىڭ تەسۋىرى» — كېنىزەك ياڭ گۈيفېينىڭ ھېكايىسى توغرىسىدا لى يىشى ئىجاد قىلغان رەسىملىك توپلام.

(174) سەككىز قۇرئەلىك تون — پالنامىدىكى باگۇانىڭ شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن تون چاپان.

(175) بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم پومېشچىك ـ دەللاللار سىنىپىنىڭ ئەدىبلىرى تەرغىب قىلغان مۇنازىرە فېلىيەتون توغرىسىدا قوزغالغان بەس قىلغان مۇنازىرە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(176) شىگتەن، يەنى جىن شىگتەن (تەخمىنەن 1608—1661) — ئەسلىي ئىسمى رېنرۈي، ۋۇشيەن ناھىيىسىدىن، مىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئەدىب.

(177) بۇ يەردە بەزىبىر كەززاپ ئەدىبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن «سول» قىياپەتتە تۇرۇپ، لۇشۈنگە بوھتان ۋە ھۇجۇم قىلغان. لۇشۈننىڭ بۇ سۆزى ئەنە شۇنداق بىرنېمىلەرگە بېرىلگەن قايتۇرما پەشۋا.

(178) ماۋ ئاكا — ماۋدۇن.

(179) «ئىجتىمائىي ئاخبارات» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ جىلد 1 ـ سانىدا «داۋ» ئىمزالىق بىر پارچە ماقالە بېسىلغان، ئۇنىڭدا: سول قانات يازغۇچىلار «توخۇ يۈرەك بولسىمۇ، ئايىغى ناھايىتى تېزلىشىپ كەتتى. ئۇلار يازلىق سەيلىگە بارىمەن، دېگەن باھانە بىلەن شاڭخەيدىن كېتىشتى» ۋەھاكازا دېيىلگەن. لۇشۈن «ساختا ئەركىنلىكنامە. خاتىمە» سىدە بۇ غەلىتە پىتنىگە كەسكىن رەددىيە بېرىپ مۇنداق يازغان: «چىڭداۋمۇ ياخشى جاي ئىمىش، لېكىن ئۇيەر پروفېسسور لياڭ شىچيۇ مۇدەررىسلىك قىلغان مۇقەددەس جاي، ماڭا ئۇ جايغا يىراقتىن كۆز تاشلاشمۇ نېسىپ بولغان ئەمەس. ‹داۋ› ئەپەندىنىڭ كارامىتى بار ئىكەن، ئۇنىڭ مېنىڭ غېمىمنى يەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ۋەھىمىلىرى ئەمەلىيەتتە يوق گەپ. ئەگەر بولىدىغان بولسا، بىر تۈركۈم لۈكچەكلەر بىرنەچچە تاپانچا بىلەنلا ئالەمنى سورىغان بولاتتى.»

(180) زېڭتيەن ئەپەندى — ياپونىيىلىك دوست زېڭتيەنشې.

(181) ۋاڭ ماۋزۇ 1934 ـ يىل 5 ـ ئايدا نەنجىڭدا چىقىدىغان «دەۋر ئەپكار ئاممىسى» ژۇرنىلىنىڭ 110 ـ سانىدا «كىتابىي تىلنى ئۆگىنىشنى مەنئى قىلىپ، كىتاب ـ ناملەرنى زورلۇق بىلەن ئوقۇتايلى» سەرلەۋھىلىك بىرنېمىنى ئېلان قىلىپ، كىتابىي تىلنى ئوقۇشنى، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «ئۇلۇغ ئىلىم»، «مۇرەسسە ـ مادارا» نى ئوقۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت ساھەسىدە كەسكىن مۇنازىرە باشلانغانىدى. 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ ۋە 19 ـ كۈنى «ئەركىن پاراڭ» دا چېن ۋاڭداۋ قاتارلىق ئادەملەرنىڭ تىل ئىسلاھاتىغا ئائىت ئاممىۋى تىل مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماقالىلىرى بېسىلىپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن گېزىتتە مۇزاكىرە باشلىنىپ كەتتى. شۇ چاغدا «ئىجتىمائىيەت» ناملىق ئايلىق ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى ساۋجۇيرېن 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاممىۋى تىل توغرىسىدا پىكىر سوراش خېتىنى تارقىتىپ، مۇنداق بەش مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، ئاممىۋى تىل ھەرىكىتى، ئەلۋەتتە، جانلىق تىل ھەرىكىتىگە ۋە ئانا تىل ھەرىكىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان، ھازىر ئاممىۋى تىلنى يېڭى باسقۇچلارغا بۆلۈپ تەشەببۇس قىلىشنىڭ زادى زۆرۈرىيىتى بارمۇ، يوقمۇ؟ ئىككىنچى، جانلىق تىل ھەرىكىتى نېمىشقا توختاپ قالدۇ؟ نېمىشقا يېڭى ئەدىبلەر («4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ئەدىبلەر) دە كونىلىقنى ئىرىلدۇرىدىغان غۇۋا خاھىش بولىدۇ؟ ئۈچىنچى، جانلىق تىل ئالاھىدە سىنىپ (زىيالىيلار) غا خاس قورال بولۇپ قېلىپ، ئادەتتىكى ئاممىا بىلەن ئالاقىسىز بولۇۋاتىدۇ، جانلىق تىلنى زادى قانداق قىلغاندا كەڭ ئاممىنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ تۆتىنچى، ئاممىۋى تىلنى گۈللەندۈرۈشتە ئاۋۋال قېلىپلاشتۇرۇلغان بىر مەنبەلىك ئانا تىلنى قارارلاشتۇرۇپ، بارا ـ بارا ئومۇملاشتۇرۇپ، يەرلىك شېۋىنى بارا ـ بارا يوقىتىش كېرەكمۇ ياكى ئاۋۋال ھەرقايسى چوڭ رايونلارنىڭ شېۋىلىرى ئاساسىدا كۆپ مەنبەلىك ئاممىۋى تىلنى گۈللەندۈرۈپ، ئاستا ـ ئاستا مەركەزلەشتۈرۈپ، شۇ يول بىلەن بىر مەنبەلىك ئانا تىلنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش كېرەكمۇ؟ بەشىنچى، ئاممىۋى تىلدىكى ئەسەرلەرنى قايسى ئۇسۇل بىلەن يېزىش كېرەك؟ ئاممىا ئادەتلىنىپ قالغان ئۇسۇلنى قانداق ئىلغاش كېرەك؟

لۇشۇننىڭ بۇ خېتى دەل ئەنە شۇ بەش نۇقتا ئۈستىدە يېزىلغان.

(182) بۇ يەردە «ئاممىۋى تىل» مۇزاكىرىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ماقالىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «شېنباۋ. كىتابخانىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب» دېگەن سەھىپىدىكى «ئاممىۋى ئەدەبىياتنى قانداق گۈللەندۈرۈش كېرەك» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە ھەممىدىن ئاۋۋال «ھازىرقى ئاممىۋى تىل ھەرىكىتى قەدىمكى تىلغا قارشى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە بيۇروك-





رات ـ دەللاللارنىڭ جانلىق تىلغىمۇ قارشى» دېگەن سۆز ئوتتۇرىغا چىققاندى. «شېنباۋ. شەھىرىمىز» گە بېغىشلانغان قوشۇمچە سەھىپە. تىل توغرىسىدا» دا 26 ـ، 28 ـ ۋە 30 ـ كۈنى گۇفو، جياۋىي ۋە بەيشىنىڭ جانلىق تىلغا «ھۇجۇم» قىلىشنى، «جانلىق تىلنى تارىخىي ئاجايىپخانىغا تىزىپ قويۇش» نى تەرغىب قىلىدىغان ماقالىلىرىمۇ بېسىلغان.

(183) بۇ شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئىچكى ئىشلار باش ۋازىرى چۇي ياڭگۇاڭنىڭ سۆزى. لۇشۇن كېيىنكى چاغلاردا بۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭغا «كەمىنىلىرى ئەزەلدىن غىزا يېمەيدۇ» غان ئادەم دەپ تەنە قىلغان.

(184) بۇ يەردە بەزىلەرنىڭ ماقالە ئېلان قىلىپ، لۇشۇنگە بوھتان قىلغان ھەمدە «ئاممىۋى تىل» نى تەشەببۇس قىلىش باھانىسى بىلەن «4 ـ ماي» دىن بۇيانقى جانلىق تىل ئەدەبىياتى ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلىپ، لۇشۇننىڭ «ئاممىۋى تىل» توغرىسىدىكى توغرا تەشەببۇسىغا قارشى تۇرغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(185) لۇشۇن 1934 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ساۋ جۇيرېنگە يازغان خېتىدە «ئاممىۋى تىل» مەسىلىسىدە قۇرۇق گەپ ساتقان ياكى «ئاممىۋى تىلنى باھانە قىلىپ جانلىق تىلغا زەربە بەرگەن» ئادەملەرنى «قولىدىن پوق كەلمەيدىغان» دەپ ئاتىغان.

(186) قوشما باسمىخانا — 1932 ـ يىلى شاڭخەيدە فاڭ جيالۇڭ قۇرغان.

(187) «ئالا كۆڭۈل توپلىمى» 1932 ـ يىل 10 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان. مۇھىم ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى قىرقىپ تاشلانغان. نەشر قىلغۇچى قوشما باسمىخانا ئېشىپ قالغان 16 پارچە ماقالىنى «قالدى ـ قاتتىلار توپلىمى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

(188) مەركىزىي كىتاب تەكشۈرۈش ھەيئىتى — گومىنداڭ مەركىزىي تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ كىتاب ـ ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى، يەنى ئىلغار كىتاب ـ ژۇرناللارنى مەنئى قىلىش، مەدەنىيەتنى نوختىلاش ئورگىنى. شاڭخەيدىكى تەكشۈرۈش ھەيئىتى 1934 ـ يىل 5 ـ ئايلاردا قۇرۇلغان. بۇ ئورگان قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلغار كىتاب ـ ژۇرناللارغا تۈرلۈك بەتناملارنى چاپلاپ، ئۇلارنى قىرقىپ ـ ئۆزگەرتىپ تاشلىغان ۋە مەنئى قىلغان.

(189) دۇ يىنفۇ، ئەسلىي ئىسمى دۇتەن — خېنەنلىك، «سول قاناتلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزاسى، 1934 ـ يىلى «يېڭى شېئىرلار» ژۇرنىلىنى تەھرىرلىگەن.

(190) «ئاھ جېنىم» — بۇ يەردە بىرخىل بىمەنە ئاھاڭدىكى ناخشا

كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن چاكىنا ناخشا ئىدى، كېيىن لى جىڭخۇينىڭ قايتا ئىشلىشى بىلەن 1928 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئومۇملىشىپ كەتكەن.

(191) لى جىڭخۇي (1891 — 1967) — خۇنەنلىك، مۇزىكانت.

(192) بۇ يەردە گەپ «يېڭى شېئىرلار» ژۇرنىلىغا ئىئانە توپلاش ئۈستىدە بارىدۇ.

(193) «سەلكىن شامال تەھرىراتى» — گومىنداڭنىڭ شاڭخەي شەھەرلىك پىرقە بۆلۈمى 1934 ـ يىلى قۇرغان ئەكسىيەتچى ئەدەبىي تەشكىلاتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قارارىدا لۇشۇننى «ئەدەبىيات جادۇگىرى» دەپ ھاقارەتلىگەن ۋە ئۇنى «قاتتىق جازالاش»نى تەشەببۇس قىلغانىدى.

(194) ليۇ ۋېيمىڭ — گۇاڭدۇڭلۇق، ئۆز ۋاقتىدا سىنگاپوردا مۇھاجىرەتتە ئىدى، لۇشۇن ئەسەرلىرىنىڭ كىتابخانى ئىدى.

(195) بۇ يەردە بەزى ئىككى يۈزلىمە ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(196) يۇلتۇز قىتئەسى — ئۆز ۋاقتىدا سىنگاپور شۇنداق ئەرپلىنەتتى.

(197) شياۋجۇن — يەنە بىر ئىسمى ليۇجۇن، تيەن جۇن، ئۇنىڭ «8 ـ ئايدىكى يېزا»ناملىق رومانى بار.

شياۋخۇڭ (1911 — 1942) — ئايال، ئەسلىي ئىسمى جياڭ چيەنباۋ، يەنە بىر ئىسمى چياۋيىن، ئۇنىڭ «ھايات ـ مامات مەيدانى» قاتارلىق پوۋېستلىرى بار، ئۆز ۋاقتىدا شياۋجۇننىڭ خوتۇنى ئىدى.

(198) 1934 ـ يىل 5 ـ ئايدا، شاڭخەيدىكى «ئىجتىمائىي ئاخبارات» ناملىق ژۇرنال «س» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ماقالە ئېلان قىلىپ، لۇشۇنگە، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتنى سۆكۈپ يازغان ماقالىلىرىنى توپلاپ، كونا دوستى نىشەن ئارقىلىق ياپونىيە ئاخبارات ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ نەچچە ئون مىڭ دوللار ھەق ئالدى، خائىن بولدى، دەپ بوھتان قىلغان.

(199) بۇ يەردە 1933 ـ يىل 9 ـ ئايدا لۇشۇننىڭ جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى دۇنياۋى ھەيئەتنىڭ يىراق شەرق يىغىنىغا قاتناشقانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لۇشۇن شۇ يىغىندا يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ پەخرىي رەئىسلىرىدىن بىرى بولۇپ سايلانغان.

(200) «جۇنشەن» — ۋېي سۇڭۇنىڭ شېئىرلار توپلىمى. ئۇ لۇشۇن رەتلىگەن «نامسىز يېڭى توپلام» مەجمۇئەسىگە كىرگۈزۈلگەن، 1927 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «نامسىز تەھرىرات» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(201) «ئانا»، «زاۋاللىق» — گوركىينىڭ رومانلىرى.

(202) تەرجىمىلەر — بۇ يەردە «لىرا» (قەدىمكى يەتتە تارلىق چالغۇ) ۋە بىر «كۆنلۈك خىزمەت» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.





(203) «لىرا» — لۇشۇن تەرجىمە قىلغان (ئۇنىڭ ئىككى پارچىسىنى رۇ شى تەرجىمە قىلغان، بىر پارچىسىنى ساۋ جىڭخۇا تەرجىمە قىلغان، قالغانلىرىنى يۈتۇنلەي لۇشۇن تەرجىمە قىلغان) ۋە تەھرىرلىگەن سوۋېت ھېكايىلىرى توپلىمى، جەمئىي 10 پارچە. ئۇنىڭ «‹لىرا›غا كىرىش سۆز» دېگەن مۇقەددىمىسى كېيىن «تاغدىن ـ باغدىن» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

(204) جياڭ يەنى جياڭ گۇاڭشى (1901 — 1931) — ئەسلىي ئىسمى جياڭ گۇاڭچى، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ ليۇئەن ناھىيىسىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، ھازىرقى زامان يازغۇچىسى؛ «كالتە ئىشتانلار»، «دالا شامىلى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(205) بۇ يەردە جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى دۇنياۋى ھەيئەتنىڭ يىغىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(206) پىدائىيلار — شەرقىي شىمالدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنى.

(207) لۇشۇن 1932 ـ يىلى بېيجىڭغا بارغىنىدا، بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن بەش قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەنىدى. شۇ نۇتۇقلىرىنىڭ ماۋزۇلىرى مۇنداق: «ياردەم ئەدەبىياتى ۋە گۇپپاڭچى ئەدەبىيات»، «بۇ يىل ئەتىيازدىكى ئىككى خىل تەسىراتىم»، «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ۋە پەرمانبەردار ئەدەبىيات»، «يەنە ‹ئۈچىنچى خىل ئادەم› توغرىسىدا»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە قورال كۈچى».

(208) بۇ يەردە «ياردەم ئەدەبىياتى ۋە گۇپپاڭچىلىق ئەدەبىياتى» بىلەن «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ۋە پەرمانبەردار ئەدەبىيات» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(209) «قىزىل كۆلكە توغرىسىدا»نى ئەسلىدە خېشى يازغان، خېشى بۇنىڭدا: مېيچۇەن تەرجىمە قىلغان «قىزىل كۆلكە» ئەسلىدە مېنىڭ تەرجىمە نۇسخامدىن كۆچۈرۈلگەن، دەپ ئەيىبلىگەنىدى.

(210) بۇ يەردە تيەن خەننىڭ شاۋبەي دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلغان «مۇرەسسە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابتىكى 350207 ـ خەتكە قاراڭ.

(211) فېڭ يۈلەن — يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە پەلسەپە پروفېسسورى بولغان. 1938 ـ يىل 11 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ساياھەتكە بارغانلىقى ئۈچۈن، بېيپىڭدا گومىنداڭ تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىپ، ئىككىنچى كۈنى قويۇپ بېرىلگەن.

(212) جاۋ جيابى — جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇڭجياڭ ناھىيىسىدىن، ئۆز ۋاقتىدا شاڭخەيدىكى «ياخشى دوست» كىتاب شىركىتىنىڭ مۇھەررىرى ئىدى.

(213) «ئەدەبىيات» — 1933 — 1937 ـ يىلىغىچە شاڭخەيدە چىققان

ئەدەبىي ژۇرنال.

(214) بۇ يەردە كېيىنكى چاغلاردا «كونىس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى»غا كىرگۈزۈلگەن «كېسەل بولغاندىن كېيىنكى پاراڭ» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ماقالە ئەسلىي تۆت قىسىمدىن ئىبارەت ئىدى، «ئەدەبىيات»نىڭ 4 - جىلد 2 - سانىغا بېسىلغاندا پەقەت 1 - قىسىملا قالغان.

(215) بۇ يەردە «جۇڭگو يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ تىزمىسى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ 1917 - يىلدىن 1926 - يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ تاللانمىسى بولۇپ، جاۋ جيابى رەتلىگەن، «ياخشى دوست» كىتاب شىركىتى نەشر قىلغان. بۇنىڭ «ھېكايىلەر» دېگەن 2 - توپلىمىنى لۇشۈن تاللاپ رەتلىگەن.

(216) لۇشۈن ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ يازغان خەتلىرىدە «سول قاناتلار ئىتتىپاقى» دېگەن سۆز ئورنىغا دائىم «جۇليەن» دېگەن سۆزنى يازاتتى. بۇ يەردىكى «جۇ خانىم» دېگەن سۆزمۇ «سول قاناتلار ئىتتىپاقى»نى بىلدۈرىدۇ.

(217) «چولپان» — ئاساسەن فېلىيەتونلارنى باسىدىغان يېرىم ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال، مەسئۇل مۇھەررىرى چېن ۋاڭداۋ، 1934 - يىل 9 - ئايدىن 1935 - يىل 9 - ئايغىچە چىققان.

«كىتابخانىلار تۇرمۇشى» — مەسئۇل مۇھەررىرى لى گۇڭپۇ، 1934 - يىل 11 - ئايدىن تارتىپ چىقىشقا باشلىغان.

«ھەجۋىي رەسىم» — مۇھەررىرى ۋۇلاڭشى، خۇاڭ سىيىڭ، 1934 - يىل 9 - ئايدىن تارتىپ چىقىشقا باشلىغان ھەجۋىي رەسىم، فېلىيەتون ژۇرنىلى.

(218) گومىنداڭنىڭ كىتاب - ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى.

(219) لادۇ كوچىسى — كونا شاڭخەي رەستىلىرىنىڭ بىرى، ھازىر جەنۇبىي شياڭياڭ كوچىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

(220) بۇ يەردە سوۋېت يازغۇچىسى ل. پانتېلېيېفنىڭ «سائەت» ناملىق پوۋېستى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(221) بۇ يەردە 1934 - يىلى يازغان «چىلتەكلىك ئەدەبىيات» ۋە «كونىس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(222) «ئەدەبىي تۇرمۇش» — «سول قاناتلار ئىتتىپاقى»نىڭ كاتىباتباشقارمىسى چىقارغان يېرىم ئايلىق ئىچكى ژۇرنال، 1934 - يىل 1 - ئايدا بىر سان چىقىپلا توختىغان.

(223) بۇ يەردە «كونىس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى» بىلەن «چىلتەكلىك ئەدەبىيات» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.





(224) «شەھەر ۋە يىل» — سوۋېت يازغۇچىسى فېدىنىنىڭ رومانى.

(225) بۇ يەردە نۇڭ (تەي جىڭنۇڭ) نىڭ قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(226) بىرەيلەن — لياۋ موسا، خۇنەنلىك، يازغۇچى. ئۇ «لىنمۇ» دېگەن تەخەللۇس بىلەن يازغان ماقالىسىدە: لۇشۈننىڭ «ئوبزورلىرىدا دەللاللىق ئاڭ بار» دېگەن.

(227) ئىككى پارچە — شياۋ جۈننىڭ «كەسىپ» ۋە «جېنەستىگۈل» ناملىق ئەسەرلىرى.

(228) «مەشئەل» — شاڭخەيدە چىققان «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ قوشۇمچە سەھىپىسى. سۈي ۋەنچيۇ مەسئۇللۇقىدىكى بۇ سەھىپىدە لۇشۈنگە ھۇجۇم قىلىدىغان ماقالىلەر بېسىلغانىدى.

(229) بۇ يەردە شىمالىي مىلىتارىست شۈي شۇجېڭنىڭ ئوغلى شۈي داۋلىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي پالاتا سىياسىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. شۈي داۋلىن يازغان ماقالىنىڭ تولۇق ماۋزۇسى: «دۈشمەنمۇ ياكى دوستمۇ؟ — جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە».

(230) شياۋجۈن «سەنلاڭ» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغانىدى. لۇشۈن 1935 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شياۋجۈنگە يازغان خېتىدە: «ھازىرقى سەنلاڭ دېگەن تەخەللۇسنى ھەرقانچە ياخشى كۆرسىڭىزمۇ، مېنىڭچە، باشقا بىر تەخەللۇسقا ئۆزگەرتكىنىڭىز ياخشى» دېگەن.

(231) «ھەمكارلىشىش نەزەرىيىسى» — روسىيە ئانارخىستى كروپوتكىن (П. A. KPOПOTKNH 1842 — 1921) ئۆزىنىڭ «ھەمكارلىق توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە جانلىقلار، ئىنسانلار ئۆز تەرەققىياتىدا زىددىيەتلەرنى ھەمكارلىشىش يولى بىلەن ھەل قىلىشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلغان.

(232) «جېنەستىگۈل» — شياۋجۈن يازغان ھېكايە.

(233) ئىككى پارچە ماقالە — شياۋجۈن يازغان «ياشاش ئۈچۈن» ۋە «بىر قوزا».

(234) لەي شاۋچى — گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خەيفېڭ ناھىيىسىدىن، ياغاچ ئويمىچى، ئۆز ۋاقتىدا گۇاڭجۇدا ياغاچ ئويمىچىلىق، ھەجۋىي رەسىم ۋە يېڭى شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

(235) «تاماكىچى ئىشچى» — لەي شاۋچى يازغان ھېكايە.

(236) لەي شاۋچى ئىشلىگەن بۇ ئىككى پارچە ياغاچ ئويما، كېيىن «ئەدەبىيات» ژۇرنىلىنىڭ 1935 - يىل 7 - ئايدىكى سانىغا بېسىلغان. ئالدىنقىسى لۇشۈننىڭ 1924 - يىلى جانلىق تىل بىلەن يازغان «مېنىڭ

پىراقىم» سەرلەۋھىلىك شېئىرىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن؛ كېيىنكىسىدە بىر جوزا، جوزا ئۈستىدە بىر سىياھ قۇتىسى سىزىلغان، قۇتىغا لۇشۈننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

(237) جىنرېن (1910 — 1971) — ئەسلىي ئىسمى جاڭ جۈندى، خېبېيلىك، تەرجىمان، ئۇ سوۋېت يازغۇچىسى زوچىنكونىڭ «كۈلكىلىك ھېكايە» ناملىق ھېكايىسىنى تەرجىمە قىلغان.

(238) خۇ — خۇ يۈجى، ئۆز ۋاقتىدىكى ژۇرنالىست.

(239) «ئاياللار تۇرمۇشى» — 1935 - يىل 7 - ئايدا شاڭخەيدە چىقىشقا باشلىغان ئايلىق ژۇرنال، باش مۇھەررىرى شېن زىجيۇ.

(240) «مەشھۇر ئادەم» — جۇ جيەن. ئۇ تەرجىمە قىلغان گوركىينىڭ پوۋېستى «ئەر - خوتۇن ئوروفلار» دەسلەپ جېڭ جېندونىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىكى «دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسى» (1935 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ تارقىتىلغان) گە جۇجيەن دېگەن ئىمزا بىلەن بېسىلغان.

(241) ئۆز ۋاقتىدا بەزىلەر لۇشۈننى «جۇڭگونىڭ چېخوفى»، «جۇڭگونىڭ گوركىيسى» دەپ ماختىغانىدى.

(242) يې ئەپەندى — يې زى.

(243) شۈي ئەپەندى — شۈي ماۋيۈڭ.

(244) «تيەن بىلەن خۋا» — تيەنخەن، خۋاخەن (يەنى ياڭ خەنشېڭ)، ئۇلار 1935 - يىل 2 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەڭلا قولغا ئېلىنىپ، 7 - ئايدا تۈرمىدىن چىققان.

(245) جېڭ جېڭچيۇ (1888 — 1935) — گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋياڭ ناھىيىسىدىن، ئۆز ۋاقتىدىكى كىنو رېژىسسورى.

(246) ھامىلىي تەشكىلاتلار — «سول قاناتلار ئىتتىپاقى» نىڭ ھىمايىچى تەشكىلاتلىرى.

(247) گۈيجىڭ — گۈيجىڭ شېڭيىلاڭ، ياپونىيىلىك ئاسارئەتىقىشۇناس.

(248) خېچىڭ — خۋاڭ يۈەن.

(249) بۇ يەردە «تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى خۋاڭ يۈەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(250) بۇ يەردە «تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» ۋە «تەرجىمىلەر» ئايلىق ژۇرنىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(251) گېرمانىيە پادىشاھى فرىدرىخ — پروسىيە پادىشاھى فرىدرىخ II (1712 — 1786). ئۇ بىرمۇنچە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى قوزغىغان. بۇ يەردىكى «مەركەزلەشتۈرۈپ ھۇجۇم قىلىش» دېگەن سۆزدە ئۇ قوللانغان لىنىيىچە تاكتىكا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى قوشۇن تۈزلەڭلىكتە





جەڭ قىلغاندا، ئۈچ لىنىيە بولۇپ تىزىلىدۇ، ھەربىر لىنىيىدە ئۈچتىن ئالتە قاتارغىچە ئەسكەر تۇرىدۇ، ئېتىشىش ۋاقتىدا ئەسكەرلەر دەس تۇرۇپ ئاتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاتاكىغا ئۆتىدۇ.

(252) «دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسى» — جېڭ جېندونىڭ تەھرىرلىكىدە 1935 - يىلىدىن تارتىپ چىقىشقا باشلىغان، ئايدا بىر توپلام چىقىرىلاتتى، ئۇ مەزمۇن جەھەتتە جۇڭگونىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسى دېگەن ئىككى قىسمىغا بۆلۈنگەن. لۇشۈن تەرجىمە قىلغان «ئۆلۈك جانلار» نىڭ بىرىنچى قىسمى شۇ ژۇرنالنىڭ 1 - يىللىق توپلاملىرىغا داۋاملىق بېسىلغان.

(253) مەجلىس — «تۇرمۇش» كىتابخانىسى 1935 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «يېڭى ئاسىيا» رېستورانىدا لۇشۈن باشلىق بىرنەچچە كىشىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، «تەرجىمىلەر» نىڭ مۇھەررىرى خۋاڭ يۈەننى يۆتكىۋېتىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشمەكچى بولغان، لېكىن لۇشۈن بۇنى رەت قىلغان.

(254) «ئالتۇن كۆل» — سوۋېت كىنو فىلىمى.

(255) «زالىم پادىشاھنىڭ مەشۇقى» — فرانسىيە كىنو فىلىمى.

(256) بۇ يەردە لۇشۈننىڭ ئوغلى خەيىڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(257) يې — يې شېڭتاۋ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى.

(258) «د. نىڭ ئىشلىرى» — بۇ يەردە لۇشۈن يازغان «دوستويېۋسكىينىڭ ئىشلىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ماقالە دەسلەپ ياپونىيىنىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت» ژۇرنىلىنىڭ 1936 - يىل 2 - سانىغا بېسىلغان؛ خەنزۇچە تەرجىمىسى 1936 - يىل 2 - ئايدا «ياشلار» نىڭ 9 - جىلد 2 - سانىغا ۋە «بوران قۇشى» ناملىق ئايلىق ژۇرنالنىڭ 2 - سانىغا بېسىلغان؛ كېيىن لۇشۈن تەرىپىدىن «كونس بوتكىسى فېلىيەتونلىرىنىڭ 2 - توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن. لۇشۈن شۇ كىتابىنىڭ «خاتىمە» سىدە مۇنداق يازىدۇ: «‹دوستويېۋسكىينىڭ ئىشلىرى› نى ‹ئۈچ قالپاق› نەشرىياتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يازغانىدىم، ئۇ مۇشتەرىلەرگە ئاتالغان تونۇشتۇرغۇچى ماقالە ئىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭدا: مەزلۇملار زالىملارنىڭ نەزىرىدە ياكى قۇل ۋە ياكى دۈشمەن؛ ئۇلار ھەرگىز دوست بولالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەخلاقلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، دېگەنىدىم.»

(259) يېكو — ياپونىيىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى شائىرى يېكو مىسلاڭ. ئۇ 1935 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ھىندىستانغا زىيارەتكە كېتىۋېتىپ شاڭخەيگە چۈشكىنىدە، لۇشۈن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان؛ كېيىن

ياپونىيە «ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر» گېزىتى شاڭخەي شۆبىسىنىڭ باشلىقى مۇشىيا ۋە نېيشەن ۋەنزاۋنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىسىدا، «3 - ئىيۇن» رېستورانىدا لۇشۈن بىلەن كۆرۈشكەن. زىياپەت ئۈستىدە يېكۇ ئىنغۋاگەرچىلىك قىلىپ، جۇڭگو ئۆزىنىڭ ھەربىي، سىياسىي مەسىلىلىرىنى باشقۇرۇشقا ياپونىيىدىن ياردەم سورىشى كېرەك، دېگەنىدى، لۇشۈن دەرھال ئۇنىڭغا قاتتىق رەددىيە بەرگەن. يېكۇ ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئۆز ماقالىسىدە لۇشۈننىڭ پىكرىنى قەستەن بۇرمىلىغان.

(260) چاڭيۇ يەنى چاڭيۇشەنلاڭ — ياپونىيە يازغۇچىسى، دراماتورگى، 1888 - يىلى دۆڭجىڭدا تۇغۇلغان؛ ئۇنىڭ «شياڭ يۇ ۋە ليۇباڭ»، «پادىشاھى ئەزىم كاڭشى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. كېيىن ياپونىيە سەنئەت يۇرتىغا ئەزا بولغان. لۇشۈن 1935 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى زېڭتيەنشىغا يازغان خېتىدە: چاڭيۇ يازغان لۇشۈن سۆزلىرى «ئەمەلىيەتتە مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. مېنىڭ شۇ چاغدا جۇڭگوغا ئالاقىدار بولغان بىرمۇنچە ناھايىتى ياخشى ماتېرىياللار توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئاياغ ئاستى قىلىۋېتىپتۇ» دېگەن.

(261) سېنشەن يەنى سېنشەنچى (ئەسلىي ئىسمى سېنسۇڭ چىڭجى) — ياپونىيە يازغۇچىسى، 1904 - يىل شىنشى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «ياپونىيە پرولېتارىيات مەدەنىيەت ئىتتىپاقى»غا قاتناشقان، ئۇنىڭ «ئارال»، «يىراقتىكى ئادەم» دېگەن ئەسەرلىرى، «دولقۇن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «ئەدەبىي مۇلاھىزە» ناملىق مۇلاھىزىلەر توپلىمى بار.

(262) لىن يەنى ياپونىيە يازغۇچىسى لىن فاڭشيۇڭ (ئەسلىي ئىسمى خۇتىڭ شۇفۇ) — 1903 - يىلى دافېن شەھرىدە تۇغۇلغان، 20 - يىللاردا «ياپونىيە پرولېتارىيات سەنئەت ئىتتىپاقى»غا، «پۈتۈن ياپونىيە پرولېتار سەنئەت ئىتتىپاقى»غا قاتناشقان. 1930 - يىل 2 - ئايدا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن خائىنلىق قىلىپ، «بۇرۇلۇش» ياسىغانلىقىنى ئېلان قىلدىپ، 1932 - يىلى 4 - ئايدا تۈرمىدىن چىققان ۋە «تۈرمە خاتىرىلىرى»نى ئېلان قىلغان، مىللىتارىزمنى ۋە پادىشاھ تۈزۈمىنى ھىمايە قىلغان.

(263) خۇاڭ پىڭسۇن ئەسلىي جېجياڭلىق، گومىنداڭ ئەدىبى، «يۇ بورانلىرى» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى.

(264) بۇ ئەسلىدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ۋىجدانى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەدىب ۋاڭ سىرېننىڭ سۆزى. مەنچىڭ لەشكەرلىرى 1645 - يىلى نەنجىڭنى قولغا چۈشۈرگەندە، مىڭ خاندانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى ما شىيىڭ جېجياڭغا قېچىپ بارغان، شۇ چاغدا ۋاڭ سىرېن ئۇنىڭغا: «باسمىچىلار بېسىپ كەلگەندە خۇدۇڭنى يوقاتتىڭ، كۈچلۈك دۈشمەن دەۋ-





رەپ كەلگەندە قۇيرۇقۇڭنى ئىچىڭگە تىقىپ ھەممىدىن ئاۋۋال بەدەر قاچتىڭ ... بىزنىڭ يۈي ۋىلايىتىگە قېچىپ كەلمەكچى بوپسەن، يۈي ۋىلايىتى ئىنتىقام ئېلىپ، ئۆز نومۇسىنى يۇيغۇچىلارنىڭ ماكانى، پاسىق تېجىمەللەرگە پاناھ بولىدىغان يەر ئەمەس» دەپ تىللاپ خەت يازغان.

كۈيجى — جېجياڭ ئۆلكىسى شاۋشىن ناھىيىسىنىڭ كونا ئىسمى.

يۈي ۋىلايىتى — جېجياڭ دائىرىسىنىڭ قەدىمكى ئىسمى.

(265) «بوران قۇشى»نىڭ تۈنجى سانىغا مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ ئىسمى يېزىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى چاتاق سالغان. كېيىن ساۋ جۈيرېننىڭ نامى بىلەن چىقىرىلغاندا، ساۋ جۈيرېن جاۋابكارلىقتىن قورقۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالغان. بۇ يەردە ئەنە شۇ «ئىش» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(266) «بوران قۇشى» — لۇشۈننىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن چىقىرىلغان ئەدەبىي ئايلىق ژۇرنال. شى چىڭۋېن تەھرىرلىگەن. 1936 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى 2 - سانى چىققان، 2 - سانى چىققاندىن كېيىن مەجبۇرىي توختىتىلغان.

(267) ساۋ بەي — ئەسلىي ئىسمى ليۇپىڭرو، سەنشىلىك؛ 1933 - يىلى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭجۇ شەھىرىدىكى دۆلەتلىك سەنئەت تېخنىكومىدا ئوقۇغان، ئۆز ۋاقتىدا ياغاچ ئويما رەسسامچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغان؛ 1935 - يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

(268) ساۋ بەينىڭ «مەڭگۈلۈك خاتىرىدە يازدىم» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە يېزىلىشىچە، ئۇ 1935 - يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، «لۇشۈننىڭ سۈرىتى» ۋە «لۇشۈننىڭ شياڭلىن ھەدىنى ئۇچرىتىشى» دېگەن ئىككى پارچە ياغاچ ئويما رەسىمنى ئىشلەپ، شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن ياغاچ ئويمىلارنىڭ مەملىكەتلىك بىرلەشمە كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرغان؛ لېكىن «لۇشۈننىڭ سۈرىتى»نى ئۆز ۋاقتىدىكى گومىنداڭ شاڭخەي شەھەرلىك پىرقە بۆلۈمىدىكى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار چىقىرىپ تاشلىغان؛ ياندۇرۇقى يىلى 3 - ئايدا ساۋ بەي شۇ ياغاچ ئويمىنى لۇشۈنگە ئەۋەتىپ بەرگەن. لۇشۈن شۇ ياغاچ ئويمىغا مۇنداق سۆزلەرنى يېزىپ قويغان: «ساۋ بەي ئويغان. 1935 - يىلى يازدا شاڭخەيدە مەملىكەتلىك ياغاچ ئويما كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئەسەرلەرنى ئاۋۋال شەھەرلىك پىرقە بۆلۈمى تەكشۈرگەن؛ ‹بېگىم› بۇ ياغاچ ئويمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ‹بۇ، بولمايدۇ!› دەپ، چىقىرىپ تاشلىغان.»

(269) بۇ يەردە «ياغاچ ئويمىلارنىڭ مەملىكەتلىك بىرلەشمە كۆرگەزمىسى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ كۆرگەزمىنى ياغاچ ئويمىچى تاڭ خې قاتارلىق كىشىلەر بېيپىڭ، تيەنجىن ياغاچ ئويمىچىلىق تەتقىقات جەمئىيەتلىرى نامى-

دىن ئاچقان، 1935 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ سەييارە ئۆتكۈزۈلۈپ، بېيجىڭ، جىنەن، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا كۆرگەزمە قىلىنغان.

(270) كېيىن شاڭخەيدىكى «ياخشى دوست» ناملىق كىتاب شىركىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭغا «سوۋېت ئىتتىپاقى ئويما رەسىملىرى توپلىمى» دەپ نام بېرىلگەن، كىرىش سۆزىنى لۇشۈن يازغان.

(271) بۇ توپلام كېيىن نەشر قىلىنمىغان.

(272) بۇ يەردە ساۋ بەيىنىڭ «4 - ماي» ھەرىكىتىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشلىگەن ياغاچ ئويما بېزەك رەسىملىرى كۆزدە تۇتۇلدۇ، رەسىمدە «تۆت. بەش» (4 - ماي) دېگەن ئىككى ھەرپ بار ئىدى.

(273) مىسرىل — بېلگىيىنىڭ يېقىنقى زامان ياغاچ ئويمىچىسى. لۇشۈن ئۇنىڭ «بىر ئادەمنىڭ چەككەن رىيازەتلىرى» ناملىق ياغاچ ئويما توپلىمىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇرغان ۋە كىرىش سۆز يېزىپ، 1933 - يىلى شاڭخەيدىكى «ياخشى دوست» كىتاب شىركىتىدە نەشر قىلدۇرغان.

(274) «ئۆلۈك جانلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى» — XIX ئەسىردە ياشىغان روسىيىلىك ئاگىن سىزغان، ۋېرنالدىسكى ئويغان؛ گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» ناملىق رومانىدىكى بۇ قىستۇرما رەسىملەر 1936 - يىلى «ئۈچ بىكار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(275) لۇشۈن ساۋ بەيىنىڭ گۇناھسىز ھالدا تۈرمىگە تاشلىنىپ ئازاب چەككەنلىكىگە ئاساسەن، «يېرىم كېچىدە يېزىلدى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە يېزىپ، ئىنگلىزچە «جۇڭگونىڭ ساداسى» ناملىق ژۇرنالغا باستۇرغان؛ ئۇنىڭ خەنزۇچىسى دەسلەپ 1936 - يىل 5 - ئايدا «بۇلبۇل» ناملىق ئايلىق ژۇرنالنىڭ 1 - جىلد 3 - سانىغا بېسىلغان.

(276) يەن لىمىن (1913 - 1947) — ئەسلىي سىچۇەندىن، 1934 - يىلى بېيپىڭدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. ياندۇرقى يىلى «گومانلىق كوممۇنىست» دېگەن بەتنام بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئىسىم - فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، باللارچە تەلەپپۇز بىلەن لۇشۈنگە خەت يازغان. لۇشۈن 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇنىڭغا يازغان بىر پارچە خېتىدە: «ئۆز ئىسمىڭىزنى ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتىۋېتىپسىز؛ ئۆز ئىسمىنى خاتا يېزىپ قويىدىغان ئادەم ناھايىتى ئاز بولىدۇ، دېمەك، بۇ ئەھۋالدىن ئۆز ئىمزايىڭىزنىڭ ياسىما ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ،» دېگەن.

(277) «سائەت» — سوۋېت يازغۇچىسى ل. پانتېلېيېفنىڭ ئەسىرى، لۇشۈن 1936 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان.

(278) «يىراقتا» — «دوستلىرىم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىكى ئۈچ ھېكايىنىڭ بىرى، سوۋېت يازغۇچىسى گايدار يازغان؛ فېيچىيۇ بىلەن جىڭخۇا تەرجىمە قىلغان؛ 1936 - يىلى «تەرجىمىلەر»نىڭ 1 - جىلد





1 - سانىغا بېسىلغان.

(279) «بېلىقنىڭ مەيۈسلۈكى» — روسىيىلىك ئەما شائىر ئېروشىنكو يازغان چۆچەك؛ 1921 - يىلى لۇشۈن تەرجىمە قىلغان، ياندۇرقى يىلى «ئاياللار» ژۇرنىلىغا 1 - قېتىم بېسىلغان.

(280) ۋاڭ يېچيۇ — ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خاۋچيۇ ناھىيىسىدىن، مائارىپچى، يادنامىلەر خادىمى، ئۇنىڭ «شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى لۇشۈن ئەپەندى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

(281) «بىزنىڭ ×××» — بۇ ئەسلىي «قانات» دېگەن سۆز بولۇپ، «سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى» غا قارىتىلغان.

(282) بۇ يەردە 1936 - يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلغان «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى» كۆزدە تۇتۇلدۇ.

(283) بۇ يەردە ۋاڭ يېچيۇ ئۆز ۋاقتىدا رەتلەۋاتقان «لۇشۈن مۇقەددىمە ۋە خاتىمىلىرىنىڭ توپلىمى» دېگەن كىتاب كۆزدە تۇتۇلدۇ. بۇ كىتاب كېيىن نەشرىياتنىڭ ئورىگىناللارنى يوقىتىپ قويدۇق دەپ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن نەشر قىلىنماي قالغان.

(284) شېڭچېڭ — جياڭسۇلۇق، فرانسىيىدە ئوقۇغان. ئۇنىڭ فرانسۇز تىلىدا يازغان «ئانام» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

(285) گومىنداڭنىڭ 1931 - يىل 1 - ئايدا رۇشى، خۇيپىڭ، يىنفۇ قاتارلىق بەش نەپەر سول قانات ياش يازغۇچىنى قولغا ئېلىپ، شاڭخەي لۇڭخۇا جىڭبېي سىلىڭبۇسى تۈرمىسىدە مەخپىي ئۆلتۈرگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

(286) «كىچىك بالا توغرىسىدا» — نەسر، گوركىي يازغان.

(287) «قىرىق بىرىنچى» — س س س ر يازغۇچىسى لاۋرېنېفنىڭ پوۋېستى «قىرىق بىرىنچى».

(288) ماۋ — ماۋدۇن؛ جېڭ — جېڭ جېندو.

(289) ئاگىن — روسىيە رەسسامى، «ئۆلۈك جانلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى» نىڭ ئاپتورى.

(290) خې جياخۇەي — ئۆز ۋاقتىدىكى «سول قاناتلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزاسى.

(291) «خەت» — خې جياخۇەينىڭ لۇشۈننى «يازغۇچىلار جەمئىيىتى»نىڭ قۇرغۇچى تەشەببۇسكارلىرىدىن بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ يازغان خېتى.

«تەشەببۇسنامە» — «يازغۇچىلار جەمئىيىتى» نى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنامە.

(292) «تەشكىلات» — «سول قاناتلار ئىتتىپاقى».

(293) بۇ خەت 1936 ـ يىل 11 ـ ئايدا «نۇر» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالنىڭ 10 ـ سانىغا بېسىلغان مىس سىنكىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىندى. لۇشۈننىڭ ئىمزاسى توغرىسىدا، خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچى: «قاچان يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن» دەيمەن.

(294) لۇشۈن 1936 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خې جياخۇەيگە جاۋاب خەت يېزىپ، «يازغۇچىلار جەمئىيىتى» گە قاتنىشىشنى كەسكىن رەت قىلغان.

(295) بۇ يەردە «سول قاناتلار ئىتتىپاقى» دا شاپىگراپ بىلەن مەخپىي هالدا «ئەدەبىي تۇرمۇش» نى باسقانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(296) بۇ يەردە «لۇشۈننىڭ مۇقەددىمە ۋە خاتىمىلىرى توپلىمى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(297) بۇ يەردە لۇشۈننىڭ «يازغۇچىلار جەمئىيىتى» گە كىرىشنى رەت قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(298) بۇ يەردە لۇشۈننىڭ 1936 ـ يىل 4 ـ ئايدا يازغان «مارت ئېيىدىكى كونسېسسىيىدە»، «‹ئېغىزدىن چىقىش، تىكى ‹ئېغىز› » دېگەن ئىككى پارچە ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ ماقالىلەر كېيىن «كونس بوتكىسى فېليەتونلىرىنىڭ ئاخىرقى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن.

(299) لى جىيې — ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خاۋچيۇ ناهىيىسىدىن، يازغۇچى، «نامسىز تەھرىرات» نىڭ ئاساسىي ئەزالىرىدىن بىرى.

(300) خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا لۇشۈنگە ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىش ياكى شۈي گۇاڭپىڭنىڭ «لۇشۈن تەرجىمىھالى» نى يېزىشىغا ياردەم بېرىشنى تەكلىپ قىلغانىكەن.

(301) «ئۆلۈك جانلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى» — لۇشۈن 1936 ـ يىلى ئۆز پۇلى بىلەن نەشر قىلدۇرغان قىستۇرما رەسىملەر توپلىمى.

(302) «يۇلتۇز چېچەك» — لاۋرېنېفنىڭ ساۋ جىڭخۇا تەرجىمە قىلغان ھېكايىسى؛ كېيىن «لىرا» غا كىرگۈزۈلگەن.

(303) لى خېلىن ئۆز ۋاقتىدا «يازغۇچى» تەھرىراتىغا خەت يېزىپ، لۇشۈننىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنىڭ 30 يىللىقىنى (1907 — 1936) خاتىرىلەش ئۈچۈن، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى بېسىپ تارقىتىشنى تەكلىپ قىلغان.

(304) «چوڭراق مەسىلە» — بۇ يەردە سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىدىيە سەپلىرىدىكى زور ۋەقەلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، ئۆز ۋاقتىدىكى «ئىككى شوئار» نىڭ تالاش ـ تارتىشى «چوڭراق مەسىلە» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.





(305) شى دەي — ئۆز ۋاقتىدىكى ياش يازغۇچى.

(306) «يازغۇچى» — مېڭ شىخۇەن تەھرىرلىكىدىكى ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. 1936 ـ يىل 4 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1936 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشردىن توختىغان، جەمئىي سەككىز سان چىققان. لۇشۈن بۇ ژۇرنالدا «تۇنجى ئۇستازىم»، «يازنىڭ يېرىمىدىكى ئۇششاق خاتىرىلەر» قاتارلىق فېليەتونلىرىنى ئېلان قىلغان.

(307) لۇ رۇي (1927 — 1843) — لۇشۈننىڭ ئانىسى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىن ناهىيىسىدىن، ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى.

(308) بۇ يەردە لۇشۈننىڭ كەنجى ئىنىسى جۇ جيەنرېن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(309) بۇ يەردە رېنتگىن (χ نۇرى) نى دېمەكچى.

(310) ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىگە كىرمىگەن بەزى يازغۇچىلار ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ تەشكىلاتىنى قۇرماقچى بولغان، كېيىن «جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلغانىدى. بۇ خىتابنامە لۇشۈن قاتارلىق 63 كىشىنىڭ بىرلەشمە ئىمزاسى بىلەن 1936 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان. بۇ خىتابنامىدە جۇ ياڭ قاتارلىق بىرنېمىلەرنىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى» نىڭ خاتا تەشەببۇسىغا قارشى، ئەسلىي مەيداننى ۋە لۇشيەننى ساقلاپ قېلىش، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغىنىمىزدىن بۇيان مىللىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا باشلانغان خىزمەتلىرىمىزنى جىددىي ئىشلەۋېرىش» تەكىتلەنگەن.

(311) «ئەدەبىيات ساھەسى» — شۈ جۈيۈەن تەھرىرلىكىدىكى ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال، 1936 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە نەشر قىلىنغان.

(312) بۇ يەردە شۈي ماۋيۈڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تۆۋەندىكى «ئەمەلىي ھەل قىلىش»، «يارىماس»، «كۈلكىلىك»، «ناچار خاھىشلارغا مەدەت بەردى»، «بۇنتقا ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزلەر شۈي ماۋيۈڭنىڭ 1936 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى لۇشۈنگە يازغان خېتىدىكى سۆز.

(313) بۇ يەردە «كەيس كوللىۋىتسىنىڭ ياغاچ ئويما رەسىملىرى توپلىمى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنى لۇشۈن 1936 ـ يىل 5 ـ ئايدا «ئۈچ بىكار» باسمىخانىسى نامىدا بېسىپ تارقاتقان.

(314) «بۈيۈك زېمىن» — ئامېرىكىلىق ئايال يازغۇچى سەي جىڭجۇ (پېئارل. س. بوسىن) نىڭ جۇڭگو خەلقىنى ھاقارەتلەپ يازغان ئەكسىيەتچىل ھېكايىسى.

(315) خۇ فېڭ ئۆز ۋاقتىدا «سول قاناتلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزاسى، ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى. ئۇ «بۈيۈك زېمىن» نى باھالاپ ماقالە يازغان.

(316) خۇ جۇڭچى — «بۈيۈك زېمىن» نىڭ تەرجىمانى.

(317) شۈيتېڭ يەنى شۈيتېڭ ۋۇبەيسەن — ھەربىي سەپتىن قايتقان ياپون دوختۇر، ئۆز ۋاقتىدا شاڭخەيدە دوختۇرلۇق قىلىپ، لۇشۈننىڭ كېسەلىنى كۆرگەن. ئازادلىقتىن كېيىن يولداش جۇ جەنرېننىڭ يازغان ماقالىسىگە قارىغاندا، لۇشۈننىڭ كېسىلىنى شۈيتېڭ چاتاقلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن («خەلق» گېزىتىنىڭ 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ).

(318) بۇ يەردە «شۈي ماۋيۈڭغا جاۋاب ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ توغرىسىدا» غا قاراڭ.

(319) بۇ يەردە بىر قىسىم ئاغمىچى ئەدىبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(320) بۇ يەردە «شۈي ماۋيۈڭغا جاۋاب ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ توغرىسىدا» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(321) بۇ يەردە بىر قىسىم ئاغمىچى ئەدىبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(322) «ئەمەلىي ھەل قىلىش» — بۇ شۈي ماۋيۈڭنىڭ 1936 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لۇشۈنگە يازغان خېتىدە لۇشۈنگە تەھدىت سالغان سۆزى.

(323) ئۆز ۋاقتىدا بەزى پۈرسەتپەرەسلەر كۆز بوياپ قولغا كىرگۈزۈۋالغان ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپنى بۇزۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنى مالىماتاڭ قىلىۋەتكەن. بۇنىڭغا قارشى، لۇشۈن 1936 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى خېتىدە: «مېنىڭچە، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى خارابىلىقنى سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك» دەپ يازغان.

(324) بۇ يەردە بەزى پۈرسەتپەرەس بىرنېمىلەرنىڭ ئۆز ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، كىچىك گېزىتلەردە لۇشۈنگە ھۇجۇم قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لۇشۈن 1936 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ساۋ جىڭخۇاغا يازغان خېتىدە: «ھازىر ئۇلار ئاشكارا قەلەم كۈرىشى قىلماي، كىچىك گېزىتلەردە رەڭۋازلىق قىلىدىغان — كونا ھۈنىرىنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالدى» دەپ يازغان.

(325) «خاتىرىدە تۇرۇپ تۇرسۇن» — بۇ يەردە «بۇ يەردە خاتىرە بولۇپ تۇرۇپ تۇرسۇن (7)» دېگەن ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لۇشۈن بۇ ماقالىسىدە مىڭسۇنىڭ «بالىلارغا بېغىشلانغان سان» دىكى «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك چۈشەنچە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى كۆچۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى جۇڭگولۇقلار ياپونلارنى ئۆلتۈرۈپ قويسا «بىر





ھەسسە ئېغىر جازا بېرىش» دېگەن، «چوڭ مىللەتنىڭ پەزىلىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ» دېگەن خائىنانە سەپسەتىنى پاش قىلىپ، مۇنداق جىددىي كۆرسەتكەن: «ئۆزىمىز جۇڭگولۇقلار مەيدانىدا تۇرىدىكەنمىز، ئۆزىمىزدىمۇ شۇنداق ‹چوڭ مىللەتنىڭ پەزىلىتى›، بولۇشىنى ‹ئارزۇ› قىلىدىكەنمىز، ئۆز خەلقىمىزنىڭ ھاياتىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ يېرىمىچىلىك قىلىپ قويماسلىقىمىز، ھەتتا ‹بىر ھەسسە ئېغىر جازا بەرمەسلىكىمىز كېرەك.»

(326) 1936 - يىل 6 - ئايدىن كېيىن لۇشۈننىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتكەندى، پۈرسەتپەرەس بىرنېمىلەر شۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ لۇشۈنگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلغان. بۇ خەتتىكى «بىرنەچچە قامچا ياندۇردۇم» دېگەن سۆزى لۇشۈننىڭ كېسەل يېتىپ تۇرۇپ يازغان «تروتسكىچىلارنىڭ خېتىگە جاۋاب»، «ھازىرقى ئەدەبىيات ھەرىكىتىمىز توغرىسىدا»، «يازنىڭ يېرىمىدىكى پارچە خاتىرىلەر»، «شۈي ماۋيۈڭغا جاۋاب ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ توغرىسىدا»، «‹بۇمۇ تۇرمۇش›، ...» قاتارلىق ماقالىلىرىگە قارىتىلغان.

# تەرجىماندىن

تالانت (ئەقىل) قەيەردە؟ باشقىلار ۋاقىتنى قەنت چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشقا سەرپ قىلسا، مەن ئىشقا سەرپ قىلدىم.

— لۇشۈن

تۇرمۇشتا ئارتۇقچە راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ كەتسەڭ، تۇرمۇشۇڭ ئىشىڭغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قالىدۇ.

— لۇشۈن

ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە، ئەدەبىيات زېمىنىمىزدا بەد بوي سېسىق ئەمەللەر ئۆسۈپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېغىزلىق، مەنىلىك گەپ قىلىدىغان لۇشۈننى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك، لۇشۈننى قايتا ئوقۇپ، ئۆزىمىزنى دەڭسەپ كۆرۈشىمىز كېرەك. بىزگە غەپلەتتىن ئويغانغان ھوشيار ئادەملەر كېرەك؛ غەپلەتتىن ئويغانغاندىلا شەخسمۇ، جەمئىيەتمۇ، زامانمۇ مەنىۋى تۇمان ئىچىدە قالماي، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلەيدىغان يولىنى ئېنىق تېپىپ، قايماي ماڭالايدۇ.

— ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ «ئېنتېرنېتچى ئىستۇدېنت» سۆزىدىن

«لۇشۈن» دېگەندە، ھەممىدىن ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇنىڭ قەيسەرلىك روھى، جەڭگىۋارلىقى، ئۆتكۈر زېھنى، پاراستى، شۇنىڭدەك چۇچۇك ھەم شېرىن سۆزلىرى كېلىدۇ؛





ئۇنىڭ قەلبىڭىزدە تۇتقان ئورنى سىزنى ھەرقاچان چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

يېقىندا ئىنتېرنېت تورىدىن بىر مەلۇماتنى كۆرۈپ قالدىم. ئىنتېرنېت تورىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، خەنزۇ تىلىدىكى «يېڭى دولقۇن» ژۇرنىلى «مەدەنىيەت قانىلى» دا پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، 2003 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 20 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئادەملەرنى باھالاش» پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن. شۇ پائالىيەتتە «ئۇلۇغ ئادەم» لەرگە نامزات قىلىپ كۆرسىتىلگەن 10 ئادەم جەمئىيەتتە ناھايىتى قىزغىن زوق قوزغاپ، جەمئىي 140 مىڭدىن ئارتۇق سايلىغۇچى توردا ئاۋاز بەرگەن. نەتىجىدە باجىن، لاۋ شې، مېي لەنفاڭ، لېي فېڭ قاتارلىق 10 نامزات قاتارىدىكى لۇشۈن تۆردىن «بىرىنچى» بولۇپ ئورۇن ئالغان. بۇ نەتىجە ئېلان قىلىنغاندا «يېڭى دولقۇن» ژۇرنىلى لۇشۈنگە مۇنداق باھا بەرگەن:

«لۇشۈن — يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى، يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىسى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ‹مىللىي مىجەزىمىزدىكى ئىللەتلەر› نى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ، ‹ئىسسىق قېنىمنى ئېلىمگە ئاتاپ قويدۇم› دېگەن ئەقىدىسىدىن زادىلا تەۋرەنمىدى. ھايات ۋاقتىدا مۇستەبىتلەرنىڭ تەقىبلىرىدىن، ئۇلارنىڭ چوماقچىلىرىنىڭ، گۇپپاڭچى ئەدىبلىرىنىڭ زۇلۇم - سىتەملىرىدىن خالىي بولالمىدى؛ سولقانات تەنتەك - رادىكاللارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىدىنمۇ چەتتە قالمىدى. شۇنداق ھالەتلەردىمۇ، ‹غەزەپ بىلەن ھومىيىمەن قەبىھ زالىملارغا، قۇل بولۇپ ئىشلەيمەن نارەسىدە بالىلارغا›، ‹رەقىبلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىنى كەچۈرمەيمەن›

دېگەن ئىرادە بىلەن ھەقىقەت ۋە ئادالەت بايرىقىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ، ئاخىرغىچە كۈرەش قىلدى. ئۇ ۋاپات بولغان
چاغدا، يەرلىكىگە ئۇزاتقۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى، ئۇزىتىش
مۇراسىمىنىڭ كۆلىمىنىڭ ھەيۋەت زور بولغانلىقى،
مۇردىسىنىڭ ئۈستىگە ‹مىللەتنىڭ غۇرۇرى› دېگەن يو-
پۇقنىڭ يېپىلغانلىقى جەھەتتە ئۇنىڭ ماتەمى بايروننىڭ
ماتەملىرىدىن قېلىشمايدۇ. (باھا: ئۇ تۆردىن ئورۇن
ئېلىشقا ھەقلىق. مەيلى ئۇنى يامان كۆرىدىغان ‹ئالىي-
جاناب› لار ئۇنى ھەرقانچە قارىلىسۇن، بۇرمىلىسۇن،
خۇنۇكلەشتۈرسۇن، ئۇ ھامان يېڭى زامان جۇڭگو ئادەم-
لىرىنىڭ مەڭگۈ سۇنماس مەنىۋى تۈۋرۈكى.)»

(«شاڭخەيدە چىقىدىغان لۇشۈن تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ
2005 - يىل 16 - سانىدىكى گېتاۋ ئىمزالىق «لۇشۈن ئىنتېر-
نېتتا» سەرلەۋھىلىك ماقالىگە قاراڭ).

«لۇشۈن» بىز ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈنمۇ ئىلھامبەخش مەنىۋى
ئوزۇق.

لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى شىنجاڭدا ئۆت-
كەن ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىلا تارقىلىشقا باشلىغان. ئىشەنچ-
لىك تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 1930 - يىللاردا سابىق
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، ئۆزبېك
تىللىرىدىكى ئوقۇش قوراللىرى، سىياسىي - نەزەرىيىۋى كى-
تابلار، ئەدەبىي ئەسەرلەر قاتارىدا «لۇشۈن. ھېكايىلەر» دېگەندەك
ناملاردىكى ئەسەرلەرمۇ كىرگەن. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى-
غا بېرىپ ئوقۇپ قايتقان بىر تۈركۈم زىيالىيلىرىمىزمۇ «لۇشۈن»
نى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىگە ئېلىپ كەلگەن. مەرھۇم ئەخمەتجان
قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەنۋەر خانبابا، ئابدۇشۈكۈر يالقۇن،





نۇر بوساقۇپ ۋە باشقىلار ئەنە شۇنداق مەدەنىيەت ئەلچىلىرىدۇر؛
مەرھۇم لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مەننان قەييۇم، ئابدۇقادىر زۇنۇن
قاتارلىق پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىز ۋە ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى، بەي
دافاڭ، جاۋدەن قاتارلىق خەنزۇ ئالىملار شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى،
گىمنازىيە، كۇرسلاردا لېكسىيە سۆزلەش، سۆھبەت بايان قىلىش،
ھەتتا دەرس بېرىش، مەتبۇئاتلاردا ماقالە ئېلان قىلىش، خاتىرە
يىغىنلاردا دوكلات بېرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن «لۇشۈن» نى تەشۋىق
قىلغان. لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى — ئەسەرلەردە ئەكس ئەتكەن پاك
ۋىجدانى، ئۆتكۈر نۇقتىئىنەزەرلىرى، جەڭگىۋار ھاياتى، گۈزەل
ۋە چوڭقۇر مەنىلىك تىلى خەنزۇ خەلقى بىلەن ئوخشاش سەرگۈ-
زەشتىلىك ئۇيغۇر خەلقىدە، بولۇپمۇ ئىلىم - بىلىم ئەھلى بولغان
زىيالىيلاردا ئورتاق ئۈمىد پەيدا قىلىشقا باشلىغان.
شۇ چاغلاردا ئۇ ئەسەرلەرنىڭ تارقىلىش مىقدارى، كۆلىمى ۋە
دائىرىسى تولىمۇ چەكلىك بولسىمۇ، كىتابخانلار ئۇلارنى گويا
گۆھەردەك قەدىرلەپ، قولدىن - قولغا ئېلىپ ئوقۇغان؛ بەزىلەر
ھەتتا ئوقۇش تەسىراتلىرىنى قىزىقارلىق يېڭى خەۋەر، يېڭى بىلىم
سۈپىتىدە پىكىرلىشىدىغان ئەھۋاللار خېلىلا ئومۇملاشقان؛ ل.
مۇتەللىپنىڭ ماكسىم گوركىينى پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ «پى-
رى»، لۇشۈننى «جۇڭگونىڭ گوركىيسى»، «لۇشۈن بىزنىڭ
گوركىيمىز» دەيدىغان مەشھۇر تەرىپلىرى بىر چاغلاردا بىلىم ئەھ-
لىلىرىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان مۇلاھىزە تېمىسىغا ئايلىنىپ
قالغان. ل. مۇتەللىپنىڭ 1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى
ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «ئەدەبىي ئەسەردىكى
تىپ يەنى قەھرىمان» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە: «پۇشكىننىڭ
ئېۋگېنى ئونېگىنى، گوركىينىڭ پاۋېل ۋىلاسوۋى، لۇشۈننىڭ
Qئا سى، ماۋدۇننىڭ ۋۇسۇنفۇسى، شولوخوفنىڭ داۋىدوۋى ئەدە-
بىي ئەسەردە تىپ يارىتىشنىڭ يارقىن ئۈلگىسى...» دەپ، لۇشۈن-

نىڭ ئەدەبىي ماھارىتىگە ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە بەرگەن توغرا ھەم يۇقىرى باھاسى ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. «لۇشۈن» ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ، كەڭ كىتابخانلار ئاممىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىغانلىقىنى مۇنداق بىر پاكىت بىلەنلا ئىسپاتلاش مۇمكىن:

«لۇشۈن ئەسەرلىرى. ‹ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى› نىڭ رۇس تىلىدىكى نەشرىگە كىرىش سۆز ۋە ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» دېگەن كىتابچە 1976 - يىلى سىنتەبىردە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىمدىلا 30 مىڭ تىراژدا بېسىپ تارقىتىلغان.

«لۇشۈن ئەسەرلىرى. كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى» دېگەن كىتابچە 1977 - يىلى ئاۋغۇستتا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا «لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە - تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى» تەرجىمە قىلدى دېگەن نامدا يېڭى يېزىقتا 5000 تىراژدا، كونا يېزىقتا 5000 تىراژدا بېسىپ تارقىتىلغان.

ئادەتتە كىتابلارنىڭ تىراژى ئىنتايىن ئاز بىر شارائىتتا، لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ تىراژدا بېسىپ تارقىتىلىشى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە «لۇشۈن» ئىخلاسمەنلىرىنىڭ كۆپلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىزدە «دەرد يۇتماق — تاغ يۇتماق» دەيدىغان ماقال بار. تاغنى يۇتۇش ئۈچۈن تاغدەك جاسارەت كېرەك، تاغنى يۇلۇۋالغۇدەك قۇۋۋەت كېرەك. لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى باشتىن - ئاخىر قىيىن شارائىتتا ئىشلەندى دېسەم مۇبالىغە بولماس. 1940 - يىللاردا «لۇشۈن» بىلەن بىرىنچى قېتىم تونۇشقاندىن تارتىپ تاكى 1980 - يىللارغىچە ئۇنى ئوقۇش - ئۆگىنىش، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىم پەلەك چەرخىنىڭ تەتۈر چۆرگىلىشى سەۋەبىدىن ئوڭۇشسىز ھالەتتە ئۆتتى. يەنى بىگۇناھ تۈرمىگە





تاشلانغان، ناھەق بەدنام — «قالپاق»لار ئاستىغا كۆمتۇلگەن، ئەمگەك بىلەن «ئۆزگەرتىش» مەيدانلىرىغا ھەيدەلگەن، ئاممىدىن ئايرىپ يېتىم قالدۇرۇلۇپ، «نازارەت» رېجىمى بىلەن «بەند» قىلىنغان شارائىتلاردا، جىسمانىي ۋە مەنىۋى بېسىم كەينى - كەينىدىن ئۇلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، «لۇشۈن» نى ئۆگىنىش، تەرجىمە قىلىش ئىخلاسىم شۇنىڭغا لايىق كۈچەيگەن ھالدا داۋام قىلدى. لۇشۈننىڭ: «خەۋپ كىشىنى ئاسقىتۇرىدۇ، لېكىن شۇ خەۋپلەر كىشىنى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ قەدرىگە يەتكۈزىدۇ. خەۋپ ئىچىدە سەيلە قىلىش تولىمۇ راھەتتۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى شۇ بولسا كېرەك. ھەركىم ئۆزى ئىخلاس قويغان نەرسىدىن شۇنداق راھەتلەنسە، شۇ راھەتنى ئەل بىلەن ئورتاق كۆرسە تولىمۇ راھەت ئەمەسمۇ؟!

«تاما - تاما كۆل بولار» دېگەندەك، دەردكە دەرمان، رەنجىگە شىپا ئۆگىنىش، تەرجىمەقىلىش مەشغۇلاتلىرىم قىيىن شارائىتتا ئاز - ئاز ئىشلەنسىمۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆپەيدى. لۇشۈننىڭ ھېكايە، پوۋېست، شېئىر - نەزمە، نەسرلىرىنى، فېلىيەتون - ئوبزورلىرىنى، ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر مۇھاكىمىلىرىنى، ئىلمىي مۇلاھىزىلىرىنى، ئەسلىمىلىرىنى ۋە باردى - كەلدى مەكتۇپ - سالام خەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەركىزىي خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1956 - يىلى نەشر قىلىنغان تولۇق 10 قىسىملىق توپلىمىنىڭ سەككىز تومى ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىپ بولغانىدى، 8 - 9 مىڭ ۋاراق تەرجىمە ئورگىنالى، چوڭ - كىچىك بەش جان ئادەمنىڭ روزىغارى بولغان 14 كۋادرات مېتىرلىق بىر ئېغىز ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا دەستە - دەستە بولۇپ ئاسرىلىپ ساقلانماقتا ئىدى. دەۋرنىڭ جەبىر - زۇلۇملىرى بىلەن پەرىشان بولغان كۆڭلۈم ئەنە شۇ بىباھا مەنىۋى بايلىق بىلەن توق ئىدى.

ئەپسۇس، بۇ بايلىقنىڭ كۆپ قىسمى بىۋاپا پەلەكنىڭ «تۆت كونىنى يوقىتىش» ھەرىكىتى بىلەن «ئۆيىنى تىنتىش» جۇدۇنىدا «مۇسادىرە» قىلىنىپ كەتتى؛ بىر قىسمى ئانا تىلىنىڭ يېزىقىنى تونۇمايدىغان 6 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (پەرزەنتىم) نىڭ قولىدا ئۇچاققا تۇتۇرۇق بولۇپ يوقالدى؛ بىر قىسمى نەشرىيات بىناسىنى رېمونت قىلىش سەۋەبى بىلەن ئىشخانا ۋاقىتىنچە باشقا ئورۇنغا كۆچۈرۈلگەندە يوقالدى؛ يەنە بىر قىسمى ئىشخانىنىڭ پار تۇرۇبىسىدىن جىرغىپ چىققان پار سۈيىدە نابۇت بولدى. دېمەك، كۆپ يىل جاپا چېكىپ تەييارلىغان تەرجىمە ئەسەرلىرىمنىڭ بىر قىسمى ئوت ئاپىتى، سۇ ئاپىتى دېگەندەك تاسادىپىي تەبىئىي بالا - قازادا ئەمەس، بەلكى «سولچىل» لىق چېكىدىن ئاشقان سۈنئىي پاراكەندىچىلىكتە زايە بولدى.

خەيرىيەت، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىۋاتقانلىقىم ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەرجىمە ئورىگىناللىرىمنىڭ بەزى «مەدەنىيەت كورلىرى» نىڭ زىيانداشلىقىغا ئۇچرىغاندا قىلغان پىغانلىرىم، قانداق سەۋەب بىلەندۇر، ئۆز ۋاقتىدىكى شىنجاڭنىڭ ئالىي رەھبىرى مەرھۇم سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. «بۇ تەرجىمىلىرىمگە كەلگەن زىياننىڭ ئورنىغا بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بالا - قازا يەتكەن بولسىمۇ، مۇشۇ تاپتىكىدەك كۆڭۈل ئازابىنى تارتمىغان بولاتتىم!» تۇتۇنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ دېگەندەك، دەرد تارتقان بۇ ئاھىم سەيپىدىن ئەزىزنى تەئەججۈپكە قالدۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «پەرزەنتىدىنمۇ قەدىرلىك تەرجىمە ئورىگىناللىرى زادى نېمىدۇ؟» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، دەرھال لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە ئورىگىناللىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، تۆت - بەش ئاي ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ سابىق باشلىقى پەيزۇللاغا رەتلەپ نەشر قىلىش توغرىسىدا يازما يوليورۇق بېرىپتۇ. (شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبە-





رىنىڭ ئەينى زاماندا ‹ئالتە خىل قارا ئۇنسۇر› نىڭ بىرى بولۇپ تۇرغان بىر تەرجىماننى بىباھا مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىلىمپەرۋەرلىك غەيرىتى بىلەن قوللاش روھى مەڭگۈ ياشىسۇن!)

شۇنداق قىلىپ، ئېغىر كۈنلەردە، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا، ئومۇمەن يوشۇرۇن ھالەتتە، ھەم سىجىل، ھەم ئارىلاپ تەرجىمە قىلىنغان لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى رەسمىي يورۇقلۇققا چىقىشقا باشلىدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە ئورىگىناللىرىنى تامامەن تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە «لۇشۈن ئەسەرلىرى گۇرۇپپىسى» قۇرۇپ، مېنى شۇ چاغدا ئىشلەپ تۇرغان شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدىن، ھەسەن ماموت ئەپەندىنى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدىن ۋاقىتلىق يۆتكەپ كەلدى. مەشھۇر تەرجىمان - تەھرىر ئەخمەت پاسار ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى بۇ گۇرۇپپا لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە ئورىگىناللىرىنى رەتلەپ كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن ئايرىم كىتابچە، توپلام، تاللانما شەكلىدە نەشرگە تەييارلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلگىرى - كېيىن يوقىلىپ چالا قالغان قىسىملىرىنى قايتا تەرجىمە قىلىپ تولۇقلاش پىلانىنى تۈزۈپ، جەمئىيەتتىن ياردەم سورىدى. ھەرقايسى ئىدارە، مەكتەپ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى لايىق تېپىلغان مەشھۇر، پىشقان تەرجىمانلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەلەپنى ئورۇنداپ، «لۇشۈن ئەسەرلىرى» نىڭ ھەرخىل نۇسخىدا — پارچە كىتاب، توپلاملار بويىچە ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىلىشىغا ئۈنۈملۈك ھەسسىلىرىنى قوشتى. كونىلارنىڭ: «خەيرلىك ئىش ھەرقاچان، ھەر جايدا، ھەر تەرەپلىمە ياردەمگە مۇيەسسەر بولالايدۇ» دېگەن ئاقىلانە سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. «مەيخانىدا» سەرلەۋھەلىك ئەسەرنى مەرھۇم قاسىم ئارىشى تەرجىمە قىلدى؛ مىنگونىڭ «14 - يىلى ‹كالامىنامىلەرنى ئوقۇش› نىڭ تەشەببۇس قىلىنى-

شى» نى مەرھۇم پروفېسسور ئابلەت ئۆمەر تەرجىمە قىلدى؛ «ئىسسىق شامال» ناملىق توپلامنىڭ ئىزاھاتلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى مەرھۇم ئەبەيدۇللا باستىنىڭ قولىدىن چىقتى؛ مەشھۇر تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئۆمەر توختى، جۇيىڭۋۇ، ھەسەن مامۇت، ئەخمەت پاسار، كې پېيلىن، پروفېسسور رەززاق، ياڭ چۇنفۇ، ماجۇنمىن، ئەخمەت يارى، جامالىدىن گاجىت ئەپەندىلەر جىددىي زۆرۈر بولۇپ تۇرغان پارچە ئەسەرلەرنى ۋاقتىدا تەرجىمە قىلىپ قىممەتلىك ھەمكارلىقىنى ئىپادىلىدى. «قەبرە»، «ئىسسىق شامال»، «چۇقان»، «سايىۋەن»، «ئۈچ ‹بىكار›»، «ئالا كۆڭۈل»، «چىلتەكلىك ئەدەبىيات»، «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە»، «لۇشۇن فېلىيەتونلىرى (تاللانما)»، «لۇشۇننىڭ ھېكايە، شېئىر ۋە نەسىرلىرى»، «لۇشۇن مۇھاكىمىلىرىدىن تاللانما» (1 ـ 4)»، «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى»، «خالاس» ۋە «لۇشۇن مەكتۇپلىرى» ناملىق ۋە باشقا ئەسەرلەر بەزىسى يېڭى يېزىقتا، بەزىسى كونا يېزىقتا ۋە بەزىسى كونا يېزىق بىلەن يېڭى يېزىقتا نەشر قىلىندى. مانا ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ئىدارىسىنىڭ ماقۇللىشى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ پىلانلىشى، بولۇپمۇ ھۆرمەتلىك مۇھەررىر ئەخمەت ئىمىن ئەپەندىنىڭ سەئيى — ئىجتىھاتى بىلەن قايتا رەتلىنىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇنۇلغان بۇ سەككىز توملۇق ئەسەر ئەنە شۇ ئىلگىرىكى بۆلەك ـ بۆلەك ئايرىم كىتابچىلار، تاللانمىلارنى قايتا رەتلەپ ـ تەھرىرلەپ چىقىش ئاساسىدا تەييارلاندى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇ مەدەتكار كەسپداش يولداشلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەي تۇرالمايمەن. ھەقىقەتنى ئىزلەپ ھەق يولدا مېڭىپ، ھەق ئىش قىلغان ئادەمگە ھەرقاچان، ھەر يەردە ياردەم قولىنى سۇنغانلارنىڭ تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

لۇشۇن ئەسەرلىرى مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، پىكىرلىرىنىڭ





چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ ئۆتكۈر ھەم نازۇكلۇقى ۋە يېزىش ـ بايان قىلىش ئۇسۇلىنىڭ غەيرىيلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بۆلەكچە ئەسەر. كەمىنە تەرجىمانىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ چەكلىك بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىلىمىزدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئىلمىي ئاساستىكى ئۆلگىلىك قېلىپى بىر ئوڭغا، بىر سولغا قىڭغىيىپ تۇرغان تارىخىي شارائىتتا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ چوڭ قۇرۇلمىنىڭ ھازىرقى ۋۇجۇدى بەزى كەمچىلىكلەردىن خالىي بولالماسلىقى مۇمكىن. تۈرلۈك دەۋرلەرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقان بۇ قەدىرلىك ئەسەرنىڭ كېيىنكى نەشرلىرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىگە ياردەم ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىگە ئىنتىزارمىز.

2006 ـ يىل 10 ـ مارت

借书还期表

| 证　　号 | 还　　期 |
| --- | --- |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |

21500009806

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1981 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى. (ئىزاھاتلاردا خەلق نەشرىياتىنىڭ 2005 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان «لۇشۈن فېلىيەتونلىرىدىن تاللانما» دىن پايدىلىنىلدى)

本书根据人民文学出版社 1981 年第 1 版,第 1 次印刷本翻译出版。(注文参照《鲁迅杂文选读》:人民出版社 2005 年 3 月第一版)

مەسئۇل مۇھەررىرى:　ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل كوررېكتورى:　ئابلىز ئابباس

ياسىن زايىدوف، ۋەلى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:　مەمەت نەۋبەت

# لۇشۈن ئەسەرلىرى (8)

ئاپتورى:　لۇشۈن

تەرجىمە قىلغۇچى:　توختى باقى ئارتىشى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى:　880×1230 مىللىمېتىر، 1/32

باسما تاۋىقى:　15.375 قىستۇرما ۋارىقى:　2

2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى:　1—3000

ISBN 7—228—09897—8

باھاسى:　28.00 يۈەن